

1996

# 1-2

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION



مەشھۇر ئالىم، ئەدىب ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر (1923 ـ 1995.10.5)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى — قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
45 ـ يىل نەشرى — 1996 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ سان (ئومۇمىي 218 ـ، 219 ـ سان)

## بۇ سانىدا

### نەۋرۇز تەتقىقاتى

تەبىئەت بايرىمى نەۋرۇز ........ ئابدۇكېرىم راھمان 2

### ئەدەبىيات گۈلزارى

ھېكايىلەر ........ زوردۇن سابىر 10
دانۇر ئاغا ........ (پوۋېست) ........ جالالىددىن بەھرام 25

### مۇھاكىمە

گۈلۈم ئېگىز ۋە مەدەنىيەت يېتىشكىنىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى ........ ئەسئەت سۇلايمان 52
تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ........ ئابدۇقادىر جالالىددىن 79

### خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى

دولان مەشرەپ ـ مۇقامى ........ مۇتەللىپ سىيىت 86

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋان ........ (ئۇيغۇر خەلق داستانى) ... قەلەمگە ئالغۇچى: مامۇت قاسىم 106

### ئاممىۋى مەدەنىيەت

ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش يېزا ئىقتىسا-
دىنى تېز يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق........ غەيرەت ئۆمەر، ئۆمەر ھامۇت 126

### ئەينەك

كۆزىمىزگە بىر نەزەر ........ نىزامىددىن ھۈسەيىن 128
ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى، ئوسمان قاۋۇل، مۇھەممەد سالىھ مەتروزى، ئىبراھىم ئەمەت، قەدىردان قەييۇم

مۇقاۋىدا: قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئىنسىكلوپېدىك ئالىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ـ قەشقەر ئوپالغا تىكلەنگەن ھەيكىلى. رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز، ئابدۇشۈكۈر كېرىم (تەكلىپ قىلىنغان)؛ پەرھات ئىبراھىم (مەخسۇس). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت (مەخسۇس)

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت



# تەبىئەت بايرىمى ـ نەۋرۇز



**ئابدۇكېرىم راھمان**

ئۆتكەن يىلى 21 ـ مارتتىن 25 ـ مارتقىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە «ئاتا تۈرك كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى» (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نامى) نىڭ باشقۇرۇشىدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا نەۋرۇز سىمپوزىيۇمى (ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى) ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىلمىي پائالىيەتكە ئۆزبېكىستان، ئەزەربەيجان، روسىيە، ئۇكرائىنا، ۋېنگرىيە، گېرمانىيە، بولغارىيە، تۈركىيە، سىپرۇس قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە قارا قالپاق، ياقۇتىستان، تاتارىستان، قاراچاي قاتارلىق ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردىن 60دىن ئارتۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودىن مەن «ئۇيغۇرلاردا نەۋرۇز» ناملىق ئىلمىي ماقالەم بىلەن بۇ ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ خەلقئارا ئىلمىي پائالىيەتنىڭ 2 ـ كۈنى كەچتە ئەنقەرەدىكى دۆلەتلىك تەنتەربىيە سارىيىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىنلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھەيۋەتلىك «نەۋرۇز پېستىۋالى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پېستىۋالدا ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئەزەربەيجان، قارا قالپاق، تۈركىيە، سىپرۇس قاتارلىق تۈركىي ئەللەردىن كەلگەن فولكلور سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۆز رايونلىرىدىكى نەۋرۇز

**نەۋرۇز تەتقىقاتى**

بايرىمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىياتىرلاشقان قويۇق مىللىي سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. پېشتۇالغا كونا يىلغا سىمۋول قىلىنغان «قىش بوۋاي» بىلەن مۇسن - جامالىدىن باھار قىياپىتى چاقناپ تۇرىدىغان «باي چېچەك» سىياقىدىكى «باھار قىز» رىياسەتچىلىك قىلدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشباقانى (باش مىنىستىرى - زۇڭلىسى) تانسۇي چىللەر خانىم ساھىبخان دۆلەتكە ۋەكالىتەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ تەبرىك سۆزىدە، «نەۋرۇز بايرىمى» ئۇزاق قەدىمدىن تارتىپ پۈتۈن خەلقنىڭ دۇنياۋى بايرىمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، «نەۋرۇز» - تەبىئەت بايرىمى، ئەمگەك بايرىمى ئىكەنلىكىنى، «نەۋرۇز بايرىمى» ئىنسانلارغا ياخشى تىلەك، گۈزەل ئارزۇ بېغىشلايدىغان، تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان بايرام ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقنىڭ تىمسالى بولغان بۇ بايرامنى دۇنياۋى كالېندارلىق بايراملار قاتارىدا قۇتلۇقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىمقى «نەۋرۇز سىمفوزىيومى» ۋە «نەۋرۇز پېشتۇالى»دىكى ئەھمىيەتلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە پېشتۇالغا بېغىشلاپ «نەۋرۇز» ناملىق مەخسۇس بىر كالېندار ئىشلەنگەن. بۇ كالېندارنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا مۇقەددىمە ئورنىدا ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ «نەۋرۇزنامە»لىرىدىن تۆۋەندىكى پارچىلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن؛ مەركىزىي قىسمىغا:

كەلدى نەۋرۇز كەلدى بۈگۈن ئەرشى بىنا ئەتكىلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى شادۇ - خۇرام ئەتكىلى.
ھەر كىشى موللاسىدىن ئالسۇن دۇئا كۆڭلۈكى،
مەرپەتكە تولدۇرۇپ گۈلى - گۈلزار ئەتكىلى.
(ئۇيغۇر)

ئوڭ تەرىپىگە:

ئاشىق بولغان جانلار بۈگۈن كېلۇرلەر،
سۇلتان نەۋرۇز كۈنى بىرلىك بولۇرلەر،
تەبىئەت جاھاندىن زىبا ئالۇرلەر،
ھىممىتى ئۆزگىچە نورۇز سۇلتانىن.
(تۈركىيە. فىرسۇلتان ئابدۇل)

كەلسە نەۋرۇز ئالەمگە، رەڭ قىلار جاھان پەيدا،
ئېبىرلەر ئاۋاز ئۇرۇپ، تاغ قىلار تۇمان پەيدا،
بىجانلار جانغا كېلىپ، ئاچانلار زىبان پەيدا،
كۆكۈرمىگەن گىياھلار كۆكۈرۈپ زۇۋان پەيدا.
(تۈركمەنىستان. مەختۇمقۇلى)

سول تەرىپىگە:

نەۋرۇز، نەۋرۇز باھارە،
گۈللەر، گۈللەر ناھارە.

نەۋرۇز كېلۇر، ياز كېلۇر،
نەغمە كېلۇر، ساز كېلۇر.

باغچىمىزدا گۈل ئولسۇن،
گۈل ئولسۇن، بۇلبۇل ئولسۇن.
باغچىمىزدا گۈل ئولسۇن،
گۈل ئۈستە بۇلبۇل ئولسۇن.
(ئەزەربەيجان)

نەۋرۇز - كېچە ئىلە كۈندۈز ئەشت ئولان كۈن،
تۇپراق ئانا تومۇرىغا قان بېرىپ چېچەكلەر ئاچاركۈن.
يىل باشى تۇرنا قۇشلار قاتار ئۇچۇپ كېلۇر كۈن،
قۇربانلىق كېسىلىپ، قىمىز، شوبات ئىچىلەر كۈن.
(قازاقىستان)

دېگەن بېيىتلار چۈشۈرۈلۈپ، كالېندارنىڭ ئوتتۇرىسىغا «نەۋرۇز بايرىمى»نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياش رەسسامى ئابدۇشۈكۈر كېرىمنىڭ قۇمۇل خەلقلىرى ئارىسىدىكى نەۋرۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «قۇمۇل كۆك مەشرىپى» (بۇ رەسىم ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 - يىل 1 - سان مۇقاۋىسىنىڭ 4 - بېتىدە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغانىدى - مۇھەررىردىن) ناملىق ماي بوياق رەسىمنى تاللاپ باسقان ھەمدە رەسىمنىڭ ئاخىرىغا «قېرىنداش ئۇيغۇر رەسىم سەنئىتىدە نەۋرۇز» دەپ يازغان. بۇ رەسىم يەنە شۇ قېتىملىق خەلقئارا نەۋرۇز ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە چوڭايتىلىپ، يىغىن زالىنىڭ سەھنىسىگە ئېسىپ قويۇلغان، يىغىنغا بېغىشلاپ ئىشلەنگەن «NEVRUZ—YENi GUN» (نەۋرۇز - يېڭى كۈن) ناملىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغىمۇ مۇشۇ رەسىم رەڭلىك بېسىلغان. «ئاتا تۈرك كۈلتۈر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قورۇمى»نىڭ باشقانى، پروفېسسور، دوكتور رېشات گەنچ ئەپەندى ماڭا بۇ يىغىن بەلگىسىنى تاللاش جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ: «بىز يىغىن تەييارلىقى جەريانىدا تارىخىي ۋە بۈگۈنكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نەۋرۇز بايرىمى پائالىيىتىنى ئەڭ جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن مۇشۇ بىر پارچە رەسىمنى تاللاپ ئالدۇق ھەمدە ئۇنى يىغىن بەلگىسى قىلىپ بېكىتتۇق. سىلەر ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن سەنئەتكار خەلق! » دېدى. بۇ كىچىككىنە ئىلتىپات، نەۋرۇزنى باھار بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە خاتىرىلەپ كېلىۋاتقان دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلار نەۋرۇزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆدۈملىرىگە گەۋدىلىك ھالدا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

دەرۋەقە شۇنداق. «نەۋرۇز بايرىمى» ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا، بالقان يېرىم

ئارىلى، ئوتتۇرا شەرق، ئىدىل - ئورال بويلىرى، قىرىم ۋادىلىرى، سىبىرىيە داللىرى قاتارلىق كەڭ زېمىنلاردىكى بارلىق تۈركىي خەلقلىرى ۋە پارس خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەمگەك بايرىمى، تەبىئەت بايرىمى، ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق بايرىمى، ھۆرلۈك - ئەركىنلىك بايرىمى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئۇ، دىنىي بايراملاردىن پەرقلىق ھالدا خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىجابىي رول ئوينىغان. ئەسىرلەر بويى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ، كامال تېپىپ بىباھا مىراسقا ئايلانغان. تارىخنىڭ ھەر قانداق «سوغۇق شاماللىرى»مۇ ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى توسۇپ قالالمىغان. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن، ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت ئاساسىدا راۋاج تاپقان، چوڭ قارىمۇ قارشىلىقلار ۋە توساقلارنى يېڭىپ «ئەرگىنە قون روھى» بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ خاسىيەتلىك مىللىي بايرام ئۇزاق ۋە باي تارىخقا ئىگە بولغان.

«نەۋرۇز» - تۈركىيچە، ئاينىڭ ئېتىدۇر. قەدىمدىن باشلاپ تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى بارلىق خەلقلەر يىل بېشىنىڭ يېڭى كۈنى ئۈچۈن «نەۋرۇز» نامىنى قوبۇل قىلغان.

«نەۋرۇز» ئەسلىدە پارسچە «نەۋ» - (يېڭى) ، «رۇز» - (كۈن) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «يېڭى كۈن» ، «يىل بېشى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ نام قەدىمكى سوغدى تىلى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئۆزلەشكەن.

قەدىمكى تۈركىي تەقۋىم (كالېندار) ھېسابى بويىچە نەۋرۇز يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش كۈنى، يەنى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلەشكەن كۈنى بولۇپ، ئۇ كونا روم كالېندار ھېسابى بويىچە* 9 - مارتقا، گروگورىئان كالېندارلىق ھېسابى** بويىچە 21 - ، 22 - مارت كۈنىگە تەڭ. بۇ كۈن دەل قۇياشنىڭ ھەمەل (قوزا - نەۋرۇز) بۇرجىغا كىرىشى بىلەن كېچە ۋە كۈندۈز ۋاقىت جەھەتتىن باراۋەر بولغان كۈن بولۇپ، ئۇنى كۆپلىگەن ئاسترونومىيىلىك پاكىتلار دەلىللەپ چىققان. كونا تەقۋىم (شەمسىيە كالېندارى، قەمەرىيە كالېندارى، روم كالېندارى، قەدىمكى تۈركىي كالېندارى، مۆچەللىك كالېندار. . .) ۋە يېڭى تەقۋىم (گروگورىئان تەقۋىمى - مىلادىيە ۋە ھىجرىيە كالېندارلىرى) ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئېتنوگراف. H. لوباچېۋانىڭ تەكشۈرۈشىچە، قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا يىل بېشى ھەمەل بۇرجى (نەۋرۇز)غا توغرا كەلگەن. ساسانىيلار سۇلالىسى (III ئەسىر) دەۋرىدە بىر مەزگىل يىل بېشى ساراتان بۇرجىغا، يەنى قۇياشنىڭ يازدىكى تىكلەشكەن كۈنى - ھازىرقى 21 - ، 22 - ئىيۇنغا كۆچۈرۈلگەن. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئاي (قەمەرىيە) كالېندارى روياپقا چىققاندىن كېيىن يىلنىڭ 1 - ئېيى يەنە نەۋرۇز كۈنىگە، يەنى كېچە ۋە كۈندۈز باراۋەرلىشىدىغان 21 - ، 22 - مارتقا يۆتكەلگەن. چۈنكى بۇ مەزگىل خۇددى ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ئېيتقاندەك: دەل تەبىئەت «قىش ئۇيقۇسى»دىن ئويغىنىپ قايتىدىن جانلانغان دەۋرى؛ باھار يامغۇرىنىڭ بىرىنچى تامچىسى چۈشۈشى بىلەن يەر - زېمىننىڭ ئويغانغان دەۋرى؛ دەل - دەرەخلەر گۈللەشتىن مېۋىلەشكە، ھايۋاناتلار تۆللەش (شەھۋەت پەيتى)تىن نەسىل ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان دەۋرى. شۇنىڭ ئۈچۈن «نەۋرۇز» ئالەمنىڭ باشلىنىشى ۋە تەبىئەتنىڭ يېڭىلىنىشىغا دەلىل قىلىنغان*** بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كونا تەقۋىملەرنىڭ ھەممىسىدە «نەۋرۇز»نىڭ يىل بېشى - يېڭى كۈنگە تەقلىد قىلىنىشى قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت ئوربىتىسىنى ئېتىنىك مەنبە قىلغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونومىيىسىنىڭ يادروسى بولغان «قۇياش مەركەزلىك» نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغان (بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئاپتورنىڭ «نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ) .

نەۋرۇز ۋە «نەۋرۇز بايرىمى»نىڭ ئېتنولوگىيىسى ھەققىدە ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، مەھمۇد قەشقەرى، ئۆمەر ھەييام، ئەبۇلغازى باھادىرخان، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق بۈيۈك شەرق ئەللامىلىرى كۆپلىگەن مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. نەۋرۇز ھەققىدە ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان رىۋايەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، نەۋرۇزنى يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە تەنتەنىلىك تەبرىكلەش ئاخمانىيلار دەۋرى (مىلادىدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىر) بىلەن باغلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، «نەۋرۇز بايرىمى» 2500 يىلدىن بۇيان ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. قىسقىسى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بايرام خۇددى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئېيتقاندەك «بايراملارنىڭ شاھى»دۇر. يېڭى مېھنەت مەۋسۇمى باشلىنىشتىن دېرەك بەرگۈچى بۇ بايرام خۇددى خەنزۇلارنىڭ «باھار بايرىمى» (چۈنجې - 春节) ، ياپونلارنىڭ «رىسان» ، سىلاۋيانلارنىڭ «ماسانتا» ،

---

* كونا روم كالېندارى (تەقۋىم رومى) - مىلادى 46 - يىل روم پادىشاھى ز. سەۋزار (تۈركىي ماتېرىياللاردا يولىيوس دېيىلگەن) ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلىنىپ يېڭى بىر كالېندار تۈزۈپ چىققان. بۇ كالېندار «روم كالېندارى» دەپ ئاتالغان. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ** گروگورىئان كالېندارى - مىلادى 1582 - يىلى رىم پاپاسى گروگورى XIII (گرىگورىئۇس) تەرىپىدىن بېكىتىلگەن كالېندار بولۇپ، ئۇ ھازىر ئىشلىتىۋاتقان مىلادىيە كالېندارىدۇر. بۇ كالېندار دۇنيادا «گروگورىئان تەقۋىمى» دەپ ئاتالغان. *** ئەبۇ رەيھان بىرۇنى: «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ، تاشكەنت پەن نەشرىياتى، 1965 - يىل I توم 253 - بەت.

يۇنانلارنىڭ «پاترىخ»، ھېرمالىقلارنىڭ «سۇ سېپىش» بايراملىرىغا ئوخشاش تەبىئەتنى جانلاندۇرىدىغان، ئىنسان تەبىئەتنى ئويغىتىدىغان سەلتەنەت بايرىمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختىن بۇيان بۇ بايرام تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا «ئەرگىنە قون» (ERGENEKO)، «بوز قۇرت» (BOZKURT)، «ئۇلى كۈن» (UliKUN)، «ناۋرىس» (NavRiS)، «يىل بېشى» (YilBASi)، «مەۋرىس» (MEVRiS)، «چاغان» (QAGAN)، «ئۇلۇسۇن ئۇلۇغۇنۇ» (ULUSUNULUGUNU)، «مارت توققۇزى» (MART DUKUZU)، «سۇلتانى نەۋرۇز» (SULTANI—NEVRUZ)، «كۆركلۇ مارتا» (KURKLU MARTA)، «بابۇ مارتا» (BABU MARTA)، «يېڭى كۈن» (YENGi—GUN)، «يېڭى يىل» (YENi—YIL)، «مەيرام» (MEYARA)، «مەرىكە» (MERKE)، «نەۋرۇز» (NEV RUZ)، «نورۇز» (NORUZ) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۈركىيە، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك كالېندارلىرىنى ئىشلىگەن، بۇ كالېندارلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا 3 - ئاينىڭ نامىنى «نەۋرۇز» دەپ ئالغان. دېمەك، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسىدە نەۋرۇز ھەم ئاينىڭ نامى، ھەم يېڭى يىل باشلىنىدىغان 1 - كۈننىڭ نامى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەنئەنىۋى «نەۋرۇز بايرىمى» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. «نەۋرۇز بايرىمى» نى قۇتلۇقلاش ئادەتلىرى بۇ بايرامنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ماس ھالدا ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئوخشىماسلىقى، مەدەنىي ھايات باسقۇچلىرى ۋە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ نەۋرۇز ئادەتلىرىدە گەرچە بەزى پەرقلەر ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئىپتىدائىي نەۋرۇز ئادەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئورتاقلىقىنى ساقلاپ كەلدى.

ئۇنداق بولسا، بىز تۆۋەندە «نەۋرۇز بايرىمى» پائالىيەتلىرىدىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك تىپىك ئۇدۇملارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

## 1. ئوت (ئاتەش) قا تېۋىنىش

«نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ بايرامنىڭ زاروئاستىر (زەردۇشت) دىنىغا بىۋاسىتە باغلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. زەردۇشتلۇق تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى V - VII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ راۋاجلانغان. زەردۇشتچىلارنىڭ قارىشىچە، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئاساسىنى ئىككى قارىمۇ قارشى كۈچ - ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەشكىل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ئاجايىپ ھادىسىلەرنى ياخشىلىق خۇداسى ئاھرومازدا (ھورمۇز) نىڭ، ھەممە سەلبىي ھادىسىلەرنى يامانلىق خۇداسى ئەنگرامەيىۇ (ئاھرومان دىۋە) نىڭ ئىرادىسىگە باغلىق دەپ تونۇغان. مۇشۇ چۈشەنچە ئاساسىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل مۇراسىملىرىدا كائىناتنىڭ تۆت ئۇنسۇر (تادۇ) ى - قۇياش (ئوت)، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋانى دۇنيانىڭ نېگىزى، ئەڭ مۇقەددەس نەرسە دەپ ئۇلۇغلىغان. بولۇپمۇ ئۇلار ئوت قۇياشنىڭ يەردىكى شەكلى (زەررىچىسى)، ئۇ بارچە گۇناھتىن تازىلىغۇچى مۇقەددەس سېھىرلىك كۈچ؛ ئوت - تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلغان سوۋغىسى، ياخشىلىق خۇداسى ئاھرومازدانىڭ روھى دەپ قاراپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن سەجدە قىلغان. بۇنداق ئېتىقاد تۈپەيلى مەخسۇس ئاتەشخانىلار (ئوتدان) قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۈرلۈك بايرام ۋە مۇراسىملارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسىرىدە: «... باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى (نەۋرۇز كۈنى) ياخشىلىق خۇداسى ئاھرومازدا يامانلىق خۇداسى ئەنگرامەيىۇ ئۈستىدىن غالىب چىققان مۇقەددەس سانا (كۈن) بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈننى خاتىرىلەپ بايرام قىلىشنى يولغا قويغان» دەپ يازىدۇ. بۇ گەرچە ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم نۇقتىدىن «نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ زاروئاسترىزمنىڭ يادروسى بولغان ئوت ئېتىقادى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «نەۋرۇز بايرىمى» نى تەبرىكلەشنىڭ قەدىمكى شەكىللىرى ئىچىدە ئوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، قىرغىز، قارا قالپاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرىدا قەدىمكى دەۋرلەردە مەخسۇس قۇرۇلغان چوڭ ئاتەشخانىلار كۆپ بولۇپ، تۈن بىلەن كۈن دەلمۇدەل باراۋەرلىشىدىغان مەزگىل (22 - مارت تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ ئەتراپىدا) دە بۇ ئاتەشخانىلارغا ئوت يېقىلغان. كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالدى بىلەن بايرامنى تەبرىكلەشنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بۇ ئاتەشخانا ئەتراپىنى ئايلىنىپ، خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىشقان. ئاندىن ئۆزلىرى تەييارلاپ بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئارتۇچ دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ياسالغان نوكچىغا ئوتداندىن ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ دەرۋازىسىغا قاداپ قويۇش ئادەتلىرى بولغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «نوكچا قويۇش» ئادىتى ئەنە شۇ قەدىمكى نەۋرۇز ئۇدۇملىرىنىڭ داۋامى بولۇشى ئېھتىمال. نەۋرۇزدا يېقىلىدىغان بۇنداق ئىرىملىك ئاتەش تۈركمەنلەردە «شامۇت» (شامان ئوت)، سىبىرىيەتاتارلىرىدا «ئالاس»،

قازان تاتارلىرىدا «ئېلىشە» دەپ ئاتالغان. شۇ سەۋەبتىن تاتارلار ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا «ئالاس - ئالاس، بالا - قازادىن خالاس» دېگەن تەمسىل پەيدا بولغان.

دېمەك، قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئەقىدىسىدە ئوت (ئاتەش) - قۇياشنىڭ نۇرى، ئاللانىڭ نۇر چىرىغى، يورۇقلۇقنىڭ تىمسالى. ئاتەش - ئاي، كۈن، ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق، ياخشىلىق، خۇشاللىق دېمەكتۇر.

## 2. سۇنى ئۇلۇغلاش ئويۇنلىرى

سۇ - ئالەمنىڭ نېگىزى ھېسابلانغان تۆت تادونىڭ بىرى سۈپىتىدە قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىقاد قىلغان ۋە مۇقەددەس پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئەبۇ رەيھان بىرونى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىدە سۇغا بېغىشلانغان ئادەتلەر ۋە ئۇنىڭ مۇراسىملىرى ھەققىدە كۆپ توختالغان. سۇ ئېتىقادىغا ئائىت ھەر خىل ئادەتلەر مەركەزلىك ھالدا «نەۋرۇز بايرىمى» دا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇ سەۋەبتىن نەۋرۇزنىڭ 1 - كۈنى تاڭ سەھەردە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيىدە ياكى دەريا بويلىرىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ ئۆزىنى پاكىزلىغان، ھويلا - ئارام، مەھەللە - كوچىلارغا سۇ سېپىپ تازىلىغان ھەمدە «بۇ يىل سۇلۇق، مول ھوسۇللۇق يىل بولسۇن» دېگەن تىلەكلىرىنى بىر - بىرلىرىگە سۇ سېپىش ئارقىلىق ئىپادىلەشكەن. بىرونى نەۋرۇزنىڭ بۇ قەدىمكى ئادىتى ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ: «ئادەملەر شۇ كۈنى (نەۋرۇز كۈنى) تاڭ پەيتىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قانال ۋە ھاۋزىلارغا بارىدىلەر. ئېقىپ تۇرغان سۇلارغا روبىرو تۇرۇپ، بەرىكەتلىك بولۇش ۋە ئاپەتلەرنى يوقىتىش تىلىكىدە ئۈستىلىرىدىن سۇ قۇيىدىلەر»* بۇنداق ئادەتلەر ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. سۇ كەمچىل - قۇرغاق رايونلاردا قەدىمكى دەۋرلەردە سۇغا تەشنالىقتىن پەيدا بولغان ئەقىدە تۈپەيلى مەخسۇس «سۇ خاتۇن» ناملىق مۇراسىممۇ شەكىللەنگەندى. خۋارىزم ئۆزبېكلىرى ئارىسىدا بۇ مۇراسىم كۈنى يېزا - قىشلاق ئاياللىرى چوڭ قورچاق ياسىشىپ ئۇنىڭغا ياشانغان مومايلارنىڭ قارا كۆڭلىكىنى كىيگۈزگەن. بۇ قورچاقنىڭ نامى «سۇخاتۇن» دەپ ئاتالغان. كىشىلەر بۇ «سۇ خاتۇن»نى كۆتۈرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بېغىشلانغان مەخسۇس قوشاقلارنى ئېيتىشىپ، ئۆيمۇ ئۆي، مەھەللىمۇ مەھەللە ئايلانغان. ئۆي ئىگىلىرى «سۇ خاتۇن»نى خۇرسەنلىك بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۇ سېپىشكەن ھەمدە «سۇ خاتۇن»نى كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىلەرگە ئۆز ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە سوۋغا - سالام ئېھسان قىلىشقان.

«سۇ خاتۇن» قوشاقلىرىدا خەلقنىڭ يېڭى يىلغا بولغان ياخشى تىلەك - ئۈمىدلىرى ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن:

يامغۇر ياغدۇرغىن، سۇ خاتۇن،
بۇغدايىنى بولدۇرغىن، سۇ خاتۇن.
ئەلنى تويدۇرغىن، سۇ خاتۇن،
سۇ خاتۇن، سۇلتان خاتۇن.

ھوسۇللار مول بولسۇن، سۇ خاتۇن،
دېھقانىنىڭ ئۆيى تولسۇن، سۇ خاتۇن.
كاززاپىنىڭ ئۆيى قۇرىسۇن، سۇ خاتۇن،
سۇ خاتۇن، سۇلتان خاتۇن.

مەرىكە ئەلچىسى، سۇ خاتۇن،
نەۋرۇزنىڭ جارچىسى، سۇ خاتۇن.
شاد - خۇرام بارچىسى، سۇ خاتۇن،
سۇ خاتۇن، سۇلتان خاتۇن.

«سۇ خاتۇن» ئوبرازى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە زارۇئاستىر دىنىدىكى ياخشىلىق خۇداسى ئاھۇرامازدانىڭ يارىدەمچى ئىلاھەلىرىدىن گۈزەل قىز سىماسىدىكى ئۇنۇمدارلىق، ھاسىلدارلىق، پاراۋانلىق تەڭرىسى ناخىت (ئاناختا) غا سىمۋول قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يادا تاش ئەپسۇنى» (شامان ئېتىقادى دەۋرىدە كەڭ يېيىلغان) ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىپادىسى بولغان «سۇ تىلەش» (زاراخەتمە) مۇراسىملىرى بولغاندىن تاشقىرى، سۆگەت تاللىرىغا سۇ يۈگۈرۈپ بىخلانغان ئاشۇ نەۋرۇز ئايلىرىدا مەكتەپ بالىلىرى، تالىپلار كوللېكتىپ ھالدا دەريا ھاۋزىلىرىغا بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلىش، سۆگەت تاللىرىدىن ئىسقىرت (پى پى) ياساپ نەي ئورنىدا چېلىش، تاللاردىن پۆپۈك چىقىرىپ، قىز - چوكانلار گۈل ئورنىدا چاچلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇش (پۆپۈك سىلىش دېيىلىدۇ)، ئۆزئارا سۇ سېپىپ ئويناش قاتارلىق مۇراسىم ئادەتلىرى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ئادەت قازاقلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت. «نەۋرۇز بايرىمى» كۈنلىرى قازاق ئوغۇل - قىزلىرى چىرايلىق ياسىنىشىپ، دەريا - كۆل بويلىرىغا جەملىشىپ بايرام تەنتەنىسى قىلىشىدۇ. ئۇ يەردە «نەۋرۇز كۆجەسى» تەييارلاپ ئىچىشىدۇ ۋە ئاقىنلار نەۋرۇزگە ئاتىغان ئۆلەڭلىرىنى ئېيتىشىدۇ. يېڭى يىلنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە سۇ بويلىرىغا كۆچەت تىكىشىدۇ. «ئاتاڭدىن مال قالغۇچە تال قالسۇن»، «بىر تال كەسسەڭ 10 تال تىك» دېگەن ماقال - تەمسىللەرگە ئەمەل قىلىشىدۇ. ناۋادا نەۋرۇز كۈنى يامغۇر يېغىپ قالسا «نۇر ياغدى»، «مەرىكىمىز بەرىكەت تۇغدى» دەپ ئالاھىدە سۆيۈنىدۇ. نەۋرۇز ئايلىرىدا ياغىدىغان «سېرىق قار»نى «ئاق قار» دەپ ئالاھىدە سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى قازاقلارنىڭ ئېتىقادىدا «ئاق» ھەممىدىن ئۇلۇغ، مۇقەددەس نەرسە ھېسابلىنىدۇ. «نەۋرۇز بايرىمى» پائالىيەتلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئادەتلىرى مەزمۇن - ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا سۇ ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

• ئەبۇرەيھان بىرونى: «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار»، تاشكەنت پەن نەشرىياتى. 1965 - يىل 1 - توم، 257 - بەت.

## 3. ئىرىملىك «نەۋرۇز ئېشى» تەييارلاش ئادىتى

«نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ مەزمۇن ماھىيىتىگە ماس ھالدا نەۋرۇزغا ئاتاپ مەخسۇس جامائەت يېمىكى تەييارلاش ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بايرام ئادەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قۇياشقا تېۋىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى قۇياشنىڭ ھەرىكىتى بىلەن «نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر - بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن ھەمدە مۇشۇ ئەقىدە بويىچە نەۋرۇز كۈنىگە ئاتاپ «قۇياش» (ئىران تىلىدا شەمسىيە) سۆزىنىڭ بىرىنچى ھەرپى - «ش» بىلەن باشلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك (شۇ دەۋرلەردە بايقالغان يەتتە سەييارىگە تەقلىد قىلىنغان) نازۇ - نېمەتنى داستىخانغا ھازىرلاپ نەۋرۇزنى قۇتلۇقلاش ئادىتى بولغان. ئۇلار: شاراب (ئۈزۈم قىيامى)، شىر (سۈتلۈك يېمەكلىكلەر)، شىرنى (تاتلىق يېمەكلىكلەر)، شېكەر، شەربەت (مېۋە سۇلىرى)، شام (خوش بۇي موم، قارىغاي سېغىزى)، شانە (غورا غۇنچىسى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە شاراب - تىرىلىشكە، شىر - پاكىزلىك - ساپلىققا، شىرنى - ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىققا، شېكەر - خۇشاللىق، مەمنۇنىيەتكە، شەربەت - ئەدلى - ئىمانغا، شام - گۈزەللىككە، شانە - ئۇزۇن ئۆمۈرگە سىمۋول قىلىنغان. يەنە بەزى رايونلار (خارەزم ئەترابلىرى) دا يۇقىرىقى ئىرىملىك ئادەتكە تەقلىد قىلىپ «س» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان يەتتە خىل كۆك ئۆسۈملۈك سەبىئالما (ياۋا ئالما)، سەۋزە، سامساق، سىركە، ساتار (تاشگۈل)، سىياھدان (قارادانىق)، سىنجىد (ياۋزەيتۇن) قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلار بىلەن داستىخان بېزىتىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە نەۋرۇز داستىخىنىغا قورۇتۇلغان مېۋىلەردىن قىلىنغان مۇراببا، بويالغان تۇخۇملارنى تىزىپ، ئوتتۇرىغا شام يېقىپ قويۇش ئادىتى بولغان.

ئەڭ قەدىمكى نەۋرۇز يېمەكلىكلىرىنى تەييارلاش ئادەتلىرىنىڭ XI ئەسىرگىچە يېتىپ كەلگەن شەكىللىرى توغرىسىدا ئەرەب ئالىمى ئەل خىسراۋ دەھلىۋى تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «... نەۋرۇزدا، 25 كۈن ئالدىن ساراي ئىچىدە 12 بۆلەك سۇپا ئېتىز ياسىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرىگە بۇغداي تېرىلىدۇ. باشقىلىرىغا رەت بويىچە ئارپا، گۈرۈچ، ماش، قوناق، لويلا، نوقۇت، كۈنجۈت... تېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشتا ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىنىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. دان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئېتىز - مەيدانلارغا چېچىۋېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇرۇق قىلار ئۇنسە، بۇ يىلقى ئېكىنلارنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۆكلەر پال ئېچىش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ»*

نەۋرۇز يېمەكلىكلىرىنى تەييارلاشنىڭ بۇنداق قەدىمكى شەكىللىرى كېيىنچە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس ھالدا بىر قەدەر مۇقىملاشقان ئادەتلەرنى پەيدا قىلدى. نەۋرۇز ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ئىرىملىك يېمەكلىكلەردىن گەۋدىلىك بولغىنى ئۆزبېكلەرنىڭ «سۇمبەلەك ئېشى»، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ «نەۋرۇز كۆجەسى»، ئۇيغۇرلارنىڭ «نەۋرۇز ئېشى» ۋە تۈركمەنلەرنىڭ «ئۆسكۈ» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراسىم تامىقى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ خىل نەۋرۇز ئاشلىرىنى تەييارلاش ئۆزىگە خاس مۇراسىم شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. بۇنداق «نەۋرۇز ئېشى» كۆپىنچە بۇغداي، ئارپا، قوناق، نوقۇت، ماش، گۈرۈچ، تېرىق قاتارلىق يەتتە خىل دان يارمىسى ياكى ئۇندۇرمىسى ھەمدە قاق، جىگدە، چامغۇر، سەۋزە، پىياز، سامساق، لويلا، بېدە كۆكى، ئۆكۈز ياكى قوينىڭ گۆشى ۋە كاللا - پاقالچىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرغان كۆجە ياكى ئوماچ بولۇپ، ھەر بىر ئائىلە ئۆز ھالىغا يارىشا «نەۋرۇز ئېشى» تەييارلاپ مۇراسىم مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىك دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بۇ ئىرىملىك تاماقنى ئېغىز تەگكۈزۈشىدۇ. غېرىب - غۇرۋا پېقىرلەرگە خەير - ئېھسان قىلىشىدۇ. بەزى جايلاردا «نەۋرۇز ئېشى» يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە جامائەت سورۇنلىرىدا چوڭ داش قازان ئېسىپ مەخسۇس تەييارلىنىدۇ. قازاقلاردا «نەۋرۇز كۆجەسى» دىن باشقا يەنە «خىزىر كېچىسى» دەپ ئاتالغان «نەۋرۇز كېچىسى» گە ئاتاپ، كۆكلۈك يېمەكلىك - ئىرىسكا (دانلىق يېمەكلىكلەر ۋە كۆكتاتلار)، «ئاق يېمەكلىكلەر» (سۈت، ئايران، قۇرت، ئىرىمچىك، شۇبات (تۆگە قىمىزى) قاتارلىقلار ۋە «قىزىل يېمەكلىك» (گۆشلۈك يېمەكلىكلەر) .تەييارلىنىدۇ. قازاقلار ئارىسىدا نەۋرۇزنى تەبرىكلەشنىڭ ئەڭ كونا، كەڭ تارقالغان سىمۋوللۇق شەكىللىرىدىن بىرى ئۆكۈز ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەكلىك تەييارلاش ئادىتىدۇر. يۇقىرىقى نەۋرۇز يېمەكلىكلىرىنى تەييارلاش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ يېڭى يىلدىن باياشادلىق، شاد - خۇراملىق ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيدىغان ئارزۇ - تىلەكلىرىنى، خەلقنىڭ «نەۋرۇز بايرىمى» غا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4. نەۋرۇزنىڭ سەنئەت ئادەتلىرى

«نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭدا كەڭ جارى قىلدۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئادەتلىرىدىن ئىبارەت. «نەۋرۇز بايرىمى» مۇ خۇددى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىگە ئوخشاش ھاۋالىق ۋە مەنزىرىلىك جايلارغا، دەريا ھاۋزىلىرىغا، چىمەنلىك مەيدانلارغا، مۇقەددەس ئىبادەت ئورۇنلىرىغا، مەشھۇر سەيلىگاھلارغا يۇرت - جامائەت جەم بولۇپ كوللېكتىپ تەبرىكلىنىپ

* «ئۆزبېك تىياتىرى»، تاشكەنت، 1973 - يىل، 59 - بەت. ** «سوۋېت ئۆزبېكىستانى» 1986 - يىل 31 - مارت، 76 - سان.

كەلگەن. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» سىدە بۇ ھالەتنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

جاھانغا زىبا - نۇر چاچار پادىشاھ،
بۇ نەۋرۇز كۈنى بولدى تەخت ئۈزرەجا.
يىغىلدى ئۇلۇغلار بارى شادۇ - خۇش،
مەيۇ، ئۇسسۇل، چالغۇ تېپىپ كۆپ خورۇش.**

دەرۋەقە، نەۋرۇز كۈنى ئەر - ئايال، قېرى - ياش، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ سەپ - سەپ بولۇپ، «نەۋرۇز بايرىمى» شەرىپىگە بېغىشلانغان تۈرلۈك شېئىر - قوشاق («نەۋرۇزنامە») لار يېزىلغان تاختىلارنى كۆتۈرۈشۈپ بەلگىلەنگەن مەيدانغا توپلىنىدۇ. ئۇ يەردە يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە قوشاقچىلار شېئىر - قوشاق توقۇشىدۇ. ناخشىچى - ئەلنەغمىچىلەر نەغمە - ناۋا قىلىشىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. ۋايىزلار (مەدداھلار) داستان - قىسسەلەرنى سۆزلىشىدۇ. قىزىقچىلار لەتىپە - يۇمۇر ئېيتىشىپ جامائەت قەلبىنى ئېچىپ شادلاندۇرىدۇ. كۈچتۈڭگۈرلەر چېلىشىپ پالۋانلىق بابىدا ئۆزلىرىنى سىنايدۇ. چەۋەندازلار ئۇچقۇر ئاتلىرىغا مىنىپ بەيگىگە چۈشىدۇ. ئوغلاقچىلار ئوغلاق تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئات ئۈستىدىكى ماھارىتىنى نامايەن قىلىشىدۇ. چاقپىلەك (سارغايدى) ئۈستىدىكى قىز - يىگىتلەر «جەمشىد شاھنىڭ ھاۋا بىلەن ئاسماندا ئۇچۇشى»* غا تەقلىد قىلىپ بولۇت ئۈستىدە قاڭقىيدۇ. ئېگىز دار ئۈستىدە يۈكسەك ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان دارۋازلار باتۇرلۇق ۋە چەبدەسلىكى بىلەن پۈتۈن تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. سېركچىلەر كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن سېھرىي ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ... قىسقىسى، ھەر بىر كىشى ئۆزىگە خاس سەنئەت ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەكسىز شاد - خۇراملىق ئىچىدە بايرام تەنتەنىسى قىلىدۇ.

نەۋرۇز بايراملىرىدا ئېيتىلىدىغان ناخشا - مۇزىكىلار ئاستا - ئاستا قېلىپلىشىپ، مەخسۇس مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىمۇ مەلۇم. بۇنى ئەلشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «چاردىۋان» ئەسىرىدە تىلغا ئالغان «نەۋرۇز مۇقامى» ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى بولغان «نەۋرۇز بوزرۇك»، «نەۋرۇز ھۇسەيىن»، «نەۋرۇز كۈجەك»، «نەۋرۇز بوسىبلا»، «نەۋرۇز راست»، «نەۋرۇز سۇلتانى» قاتارلىق مۇقام ناملىرى ئىسپاتلايدۇ**.

نەۋرۇز بايراملىرىنىڭ سەنئەت ئادەتلىرى ئىچىدە تىياتىرلاشقان نىقابلىق ئويۇنلار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇنداق ئويۇنلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «نەۋرۇز بايرىمى» غا مۇناسىۋەتلىك سەنئەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن تالڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خۇي لىنىڭ «مۇزىكا تەزكىرىسى» ۋە شاگىدانىڭ «تالڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «نەۋرۇز بايرىمى» دا ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ئىچىدە تىياتىرلاشقان نىقابلىق ئويۇنلارنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، مۇشۇنداق نىقابلىق ئويۇنلار ئارقىلىق كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدىغانلىقى، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، خەلققە ئاسايىشلىق تىلەش مەزمۇنلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئادەت تاغلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە قاغىلىقنىڭ چەت - تاغلىق رايونلىرىدا ئوينىلىدىغان «شىر ئويۇنى»، «ئات ئويۇنى»، «يولۋاس ئويۇنى»، «غاز ئويۇنى»، «نەۋرۇز بوۋاي» قاتارلىق نىقابلىق ئويۇنلار ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھايۋان نىقابىدىكى بۇنداق تىياتىرلاشقان ئويۇنلار ئۆزبېكلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. ئۆزبېكلەر ئارىسىدا يەنە «باھارخانىم» نامىدىكى نىقابلىق تىياتىر ئويۇنى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن خەلقنىڭ نەۋرۇز خۇشاللىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 5. نەۋرۇز - ئىلىم - پەن ۋە مەرىپەتكە ئۈندەش بايرىمى

«نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، نەۋرۇز كىشىلەرنى ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھىدا تەربىيىلەشتىن تاشقىرى ئۇ يەنە كىشىلەرنى ئىلىم - پەنگە ئۈندەيدىغان مەرىپەت بايرىمىدۇر. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، نەۋرۇز مۇراسىملىرىغا ئۇستازلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كوللېكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ. بايرام ھارپىسىدا ئۇستازلىرى ئوقۇغۇچىلارغا «نەۋرۇزلۇق» يازدۇرىدۇ. ئانا تەبىئەت ھەققىدە ھەر خىل ساۋاتلارنى بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ «نەۋرۇزلۇق» لىرىنى گۈللۈك تاختىلارغا ھۆسن خەت قىلىپ يېزىپ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشىدۇ. خىلمۇ خىل مەزمۇندىكى بۇ «نەۋرۇزنامە» لارنىڭ مەزمۇنى ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشقا، ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

كېلىپتۇر خۇش مۇبارەك ئۇشبۇ كۈن، يارەنلەر - يارەنلەر،
ئەجەب مۇزلۇق دەرەخلەرنى يارار كۈن - كۈندە بورانلار.
تەرەددۇت بىرلە مەكتەپتە ئوقۇپ ئوغلانلار - ئوغلانلار،
بولۇر بىر كۈنى ئالەمدە زور ئىنسانلار، ئوغلانلار.

دېمەك، «نەۋرۇز بايرىمى» تۈركىي تىلدا

---

• ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 254 - بېتىدە: «... جەمشىد شاھ مۇشۇ كۈنى (نەۋرۇز كۈنى) ئۆزى ياسىغان ھارۋىسىغا چىقتى، جىنلار ۋە شەيتانلار ئۇنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، بىر كۈندە داماۋەنە تېغىدىن بابىلغىچە ئېلىپ باردىلەر. ئادەملەر بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى كۆرگەچ، شۇ كۈننى بايرام قىلدىلەر ۋە جەمشىدنىڭ ‹ھاۋادا ئۇچۇشى› غا تەقلىد قىلىپ، ئارغامچىدا ئۇچتىلەر» دېگەن رىۋايەتلىك خاتىرە بار. ** ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە». بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 22 - بەت.

سۆزلەشكۈچى بارلىق مىللەتلەر جۈملىدىن ئىران خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەبىئەت بايرىمى بولۇپ، ئۇنى خۇددى دولان مەشرىپىگە ئوخشاش خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى، ئىلىم - مەرىپەت مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ.

* * *

بايراملار ئىنسانلار بىلەن بىرگە پەيدا بولغان ۋە بىرگە راۋاجلانغان، شۇڭلاشقا، بايرامسىز ئىنسان ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، بايراملارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئېتنىك مەنبەسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى بايراملارنى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرى، تەبىئەت ئالىمىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان تەبىئەت بايراملىرى. بۇنداق بايراملار ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى نىشانلايدۇ، تەبىئەتنى جانلاندۇرىدۇ، ئىنسان روھىنى ئويغىتىدۇ. يەنە بىرى، دىنىي بايراملار بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن دىنىي ئىدېئولوگىيە ئاساسىدا پەيدا بولغان. شۇڭا، ئۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىدە بەزى دىنىي تەركىبلەر ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق بايراملارمۇ خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ دىنىي پوستىدىن ئايرىلىدۇ ۋە يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا شەرھىيلىگەن «نەۋرۇز بايرىمى» دىنىي تەركىبتىن خالىي تەبىئەت بايرىمى بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقنىڭ ياخشى ئىزگۈ - نىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇنداقلا ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئەمگەك بايرىمى، ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق - بىرلىك بايرىمى، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، ئازادلىق بايرىمى، سەنئەت بايرىمى بولۇپ، خەلقنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كۆزنىكىدۇر. شۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ بۇ بايرىمى بەزى تارىخىي شارائىتلاردا خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە توساقلىرىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنى تارىختىن ئۆچۈرۈۋېتەلمىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ بايرام تېخىمۇ يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ يىللىق كالېندارلىق بايراملىرى قاتارىغا كىردى. 1980 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق قېرىنداش خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىنى ئۆزىگە خاس ئادەتلەر بىلەن داغدۇغىلىق تەبرىكلەپ كەلمەكتە. ئىشىنىمىزكى، يېقىن ئارىدا خەلقنىڭ بۇ بايرىمى ئېلىمىزنىڭ كالېندارلىق بايراملىرى قاتارىغا كىرگۈسى.

**(M1)**

1996 - يىل، 15 - يانۋار

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى

## كونا ۋە يېڭى تەقۋىم (كالېندار) ھېسابىدىكى ئاي ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| گرىگورىيان مىلادى كالېندارىدىكى ئايلار: ئەسلى نامى | گرىگورىيان مىلادى كالېندارىدىكى ئايلار: ھازىرقى نامى | ھىجرىيە ئايلىرى: ئەرەبچە نامى | ھىجرىيە ئايلىرى: ئۇيغۇرچە نامى | كونا تۈركىي تەقۋىم (شەمسىيە كالېندارى): ئەرەبچە نامى | كونا تۈركىي تەقۋىم (شەمسىيە كالېندارى): ئۇيغۇرچە نامى | قەمەرىيە كالېندارىدىكى ئاي تەرتىپى | بۇرجلارنىڭ مىلادىيە ئايلىرى بىلەن سېلىشتۇرمىسى | مۈچەل يىللىرى بىلەن سېلىشتۇرمىسى | ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كالېندارىدىكى ئايلار نامى | قازاق كالېندارىدىكى ئايلار نامى | تۈركىيە كالېندارىدىكى ئايلار نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەنۋارى | يانۋار | مۇھەررەم | ھوشۇرئاي | ھەمەل | قوزا | 1 - ئاي | مارت (3 - ئاي) | چاشقان | قەھرىتان | قاڭتار | ئوجاق |
| فېبرورى | فېۋرال | سەپەر | سەپەرئاي | سەۋر | ئۇي | 2 - ئاي | ئاپرېل (4 - ئاي) | ئۇي | دەۋت | ئاقپان | سوبات |
| مارچ | مارت | رەبىيئۇلئەۋۋەل | سەپەر خوشنىسى | جەۋزا | قوشكېزەك | 3 - ئاي | ماي (5 - ئاي) | يولۋاس | نەۋرۇز | ئېرەدەلئاي(ناۋرىز) | مارت |
| ئافرىل | ئاپرېل | رەبىيئەلئاخىر | جامادىيەلئەۋۋەل | سەرەتان | تىمساھ | 4 - ئاي | ئىيۇن (6 - ئاي) | توشقان | ئۇموت | كۆكەك | نىسان |
| مېي | ماي | جامادىيەلئەۋۋەل | جامادىيەلئاخىر | ئەسەد | يولۋاس | 5 - ئاي | ئىيول (7 - ئاي) | بېلىق | باھار | مامىر | مايىس |
| جۇن | ئىيۇن | جامادىيەلئاخىر | تالاشئاي | سۇنبۇلە | بۇغداي بېشى | 6 - ئاي | ئاۋغۇست (8 - ئاي) | يىلان | سەپەر | ماۋسۇم | ھازىران |
| جولاي | ئىيول | رەجەب | دۇئائاي | مىزان | تارازا | 7 - ئاي | سېنتەبىر (9 - ئاي) | ئات | چىللە | شىلدە | تەممۇز |
| ئاۋگۇست | ئاۋغۇست | شەئبان | بارات ئاي | ئەقرەپ | چايان | 8 - ئاي | ئۆكتەبىر (10 - ئاي) | قوي | تومۇز | تامىز | ئاگوستوس |
| سېپتەمبر | سېنتەبىر | رامىزان | روزا ئاي | قەۋس | ياچاق | 9 - ئاي | نويابىر (11 - ئاي) | مايمۇن | مىزان | قىركۇيەك | ئەيلول |
| ئۆكتەۋبىر | ئۆكتەبىر | شەۋۋال | ھېيت ئاي | جەدىي | ئوغلاق | 10 - ئاي | دېكابىر (12 - ئاي) | توخۇ | ئوغۇز | قازان | ئەكىم |
| نوۋەمبىر | نويابىر | زۇلقەئدە | ئارا ئاي | دەلۋە | سوغا | 11 - ئاي | يانۋار (1 - ئاي) | ئىت | ئوغلاق | قاراشا | كاسىم |
| دوسەمبىر | دېكابىر | زۇلھەججە | ھېيت قۇربان | ھۇت | بېلىق | 12 - ئاي | فېۋرال (2 - ئاي) | توڭگۇز | كۆنەك | جەلتوقسان | ئارالىق |





# ھېكايىلەر

زوردۇن سابىر

## راھەت

«. . . كوچا ئاپتوبۇسىدا ئۆرە تۇرۇشمۇ راھەت، لېكىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىش بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۈچۈن مودىغا ئايلانغان راھەت. ھەتتا بەدىنى تەلەپ قىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى بۇ راھەتكە ئىنتىلىدۇ. . . »

پسىخولوگىيە ئالىمى باش بېكەتتە بايىلا ئېرىشكەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئاشۇنداق ئويلاۋاتقاندا ئاپتوبۇسقا قىستىلىپ چىقىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن نارەسىدەنىڭ يىغىسى، ياش ئانىنىڭ جىمىلىشى، دادىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا، مانا، ئولتۇرۇڭ، — ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ بالىلىق چوكانغا ئورنىنى كۆرسەتتى.

— رەھمەت، رەھمەت. . . سىلى. . .

چوكان ئالىمنىڭ قېلىن كۆزەينەكلىك چىرايىغا، ئاقارغان بۇرۇتلىرىغا خىجىل بولۇپ قارىدى.

— ئولتۇرمامسەن، قوچىقىڭدا بالا بولغاندىكىن. . . رەھمەت ئاكا، رەھمەت.

دادىنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى ئاۋازى تەبىئىي قۇدرىتى بىلەن ھەممىنى ھەل قىلدى: ئانا كۈلۈپ ئولتۇردى، ياشقا تولمىغان بوۋاق ئوماق كۈلۈپ، ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن بوۋاينىڭ كۆزەينەكلىك، بۇرۇتلۇق يۈزىگە

قىزىقىپ قارىدى. دادا شادلاندى.

- رەھمەت بوۋا دە، ئوغلۇم. بوۋاڭ ياخشىكەن - ھە؟ قارىسىلا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا ياشلار، بىرەرسىمۇ ئورۇن بەرمەي، دېمىدى.

- ھەممە ئادەم راھەتكە ئىنتىلىدۇ، ئوكام.

- سىلى راھەتتىن كېچەلمىدىلىغۇ؟

- ياق، مەن راھەتكە ئىنتىلدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېرىشتىم.

- دېمىسىمۇ، ئۆرە تۇرۇش راھەت. شاماللىق - ھە؟

- شامالنىڭ ئىشى چاغلىق، روھىڭىز قانائەت تاپىدۇ.

- مانداق دەڭ، بۇ گەپنى مەن بىر كىتابتىن ئوقۇغان. روھىي قانائەت...

- ئادەمنىڭ روھى بىلەن جىسمى بىر - بىرىگە ھەم دوست، ھەم دۈشمەن، ئۇلار مەڭگۈ بىللە، بىردەم سوقۇشىدۇ، بىردەمدىلا يارىشىدۇ، گەر-خوتۇنلاردەك...

ئالىمغا قىزىققۇچىلار كۆپەيدى.

- جاپاغا ئىنتىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولامدۇ؟

- بولىدۇ، ئوكام. شۇنداق ئادەملەرنىڭ شان - شەرىپى كۆپ بولىدۇ.

- راھەتنى دەپ جاپا تارتىدىغاندۇ ئۇلارمۇ؟

- ياق، ياق، روھىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن. روھىنىڭ جىسمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى تىلەيدىغان ئادەملەر مەۋجۇت. بىر مىللەتتە شۇلارنىڭ سانى قانچىلىك كۆپەيسە، ئۇ مىللەت شۇنچە روناق تاپىدۇ. راھەتكە ئىنتىلىدىغانلار قانچە كۆپەيسە، ئۇ مىللەت شۇنچە تېز ھالاك بولىدۇ. بۇ دېگەن ئۆلمەس قانۇنىيەت!

- رەھمەت سىزگە. كېلىڭ، ئولتۇرۇۋېلىڭ!

بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسى چۈشمەكچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئورۇندۇقنى كۆكرەكلىرى بىلەن توسۇپ، بوۋاينى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. لېكىن ئاپتوبۇستا قەيسەرلەر كۆپكەن، ئورۇندۇققا ئىنتىلگەن بىر نەچچە قىز - يىگىت ئىچىدىن قۇياشتىن مۇداپىئەلىنىش ئەينىكى تاقىغان، بۇدۇر چاچ، مودا كىيىملىرىمۇ غەلىتىرەك بىر قىز ھەممىدىن غالىب كەلدى. ئۇ پەرداز بىلەن پەيدا قىلغان بەدەن گۈزەللىكىگە زادىلا ياراشمىغان قوپاللىق بىلەن باشقىلارنى ئىتتىرىپ، جەينەكدەپ، تۇنجى قېتىم ئارقان سىلىنغان شاش ئاتتەك يۇلقۇنۇپ ئورۇندۇققا ئېرىشتى.

- ماۋۇ كىشىنىڭ ئورنى بۇ ھوي قىز، بالىلىق ئايالغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

- سېتىۋاپتىكەنمۇ؟

- بولدى، بولدى، بىر بېكەتتىن كېيىن مەنمۇ چۈشىمەن، - دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئىنتىلگەن «دادا» نىڭ ئالدىنى توسۇپ، - ئولتۇرۇۋالسۇن، ياشلار ئەمەسمۇ، راھەتكە ئىنتىلگەك كېلىدۇ.

قارا كۆزەينەكلىك قىز بوۋايغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ (كۆزى كۆرۈنمىسىمۇ؟) قارىدى:

- قېرىلارچۇ؟ بۇرنىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويامدىكەن؟ راھەت قېرىلاردىن ئاشمىغاچقا ياشلار ئاچكۆز.

كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

«راھەتكە ئىنتىلىش مودىغا ئايلانغان ئوخشايدۇ، بىزنى ھالاك قىلسا جاپا - مۇشەققەت ئەمەس، مۇشۇ راھەتكە ئىنتىلىش ھالاك قىلىدۇ...»

ئاپتوبۇستا جېدەل كۆپ، ھەممىنىڭ يىلتىزى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، راھەت.

## كارامەت

- يەتتە يىل بەر تاتىلاپ، بىر ئۆمۈر يىغقان - تۈگكىنىمنى سەرپ قىلىپ ساي سۈيىدىن ياندىما ئېرىق ئالدىم. ھەر يىلى قانچىلىك كۈچ، قانچىلىق پۇل كەتكىنى نامەلۇم، لېكىن ھەر يىلى نەچچە يۈز مېتر ياندىما ئېرىق پۈتۈپ تۇردى.

- مانا، ئىككى يىل بولدى، ئاخىر ئېرىق چېپىشتىن توختىدىم. قاراڭ، مۇشۇ قاپتالدىكى 250 مو يەر مېنىڭ. ماۋۇ باغ، ئاۋۇ نەچچە مىڭ تۈپ تېرەكنى كۆردىڭىزمۇ؟ شاپتۇل، ئالما، نەشپۈتلىرىممۇ مېۋىگە كىردى، خەبەردار دېگەننىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ: ماشىنا، تراكتور، ھارۋىلاردا كېلىشىدۇ - دە، ئۆزلىرى ئۈزۈپ، ئۆزلىرى قاچىلاپ كېتىشىدۇ. مەن پۇل ئېلىشنىلا بىلىمەن، بۇ بىر كارامەت!

- ھېرىپ قالدىڭىز - ھە، مۇخبىر ئوكام؟ ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنداق بىدىلىك، چۆپلۈك ئارىسىدا ئەمەس، سېمونت يولدا ماڭىسىز. باغنى ئايلاندۇرۇپ سېمونت يول قىلىمەن. سىزدەك ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئۈستى ئوچۇق «تويوتا» دىن بىرنى ئېلىپمۇ قويالايمەن... قاراڭ، ئاۋۇ ياش كۆچەتلەرگە: 7200 تۈپ، ھەر خىل سورتلۇق ئالما... ھەقىقىي غۇلجا ئالمىسىنىڭ يېڭى سورتلىرى... يەپ كۆرۈڭ، تىلنى يارىدۇ، بۇ بىر كارامەت!

- ئېلىڭ ئوكام، داستىخىنىمىز ئاددىي بولۇپ قالدى. مېۋىلەرنىڭ تەمى ياخشىكەن دەمسىزا؟ شۇنداق تەملىك، قۇرت چۈشمىگەن، سېپىسىدىغان ئىشىمۇ يوق. قارىڭا، بىجىرىم، يېڭىلا رەسىدە بولغان قىزنىڭ يۈزىدەك... بۇ بىر كارامەت...

- پىلانىم چوڭ، ئوكام. ئىگىسى يەتكۈزسە، ئاۋۇ يەرگە ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانا سالىمەن، بىنانىڭ چۆرىسى مېۋىلىك دەرەخ، ئالدى ئۈزۈم بارىڭى بولىدۇ. ساي سۈيىنى تۇرۇبا بىلەن ئەپچىقىپ كۆلگە قويىمەن، كۆلنىڭ چۆرىسىنى مەجنۇنتاللىق قىلىپ ئوتتۇرىسىغا فونتان ئورنىتىمەن. بېلىقلار سەكرىشىدۇ، قۇشلار سايرىشىدۇ، سالقىن شامال ئېسىل پۇراقلار بىلەن مېھمانلارنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ، بۇ بىر كارامەت!

- توغرا، توغرا ئېيتىسىز ئوكام، مەن ئاتمىشتىن ئاشتىم، ئارام ئالىدىغان، راھەت كۆرىدىغان چېغىم مۇشۇ. ئەمما لېكىن مەن ئارام ئالالمايمەن، ھوزۇرلىنىشنى بىلمەيمەن. راست دەيسىز، ھازىرغىچە سارجا، يىپەك دېگەننى كىيىپ باقمىدىم. كىيىشىم چۇقاي، يېتىشىم ئاۋۇداق سۇپا، ئىچىشىم ئىككى ۋاق ئەتكەنچاي، يېيىشىم بىر ۋاق غىزا. ھەر كۈنى كۈن چىققاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەيمەن: ئېرىق چاپىمەن، سۇ تۇتىمەن،

قوراي ئورۇيمەن، دەرەخ پۈتايمەن، يول ياسايمەن، يەر تۈزلەيمەن. . . ۋاي - ۋۇي، ئىش دېگەن چاچتىن تولا، بۇ بىر كارامەت! . . .

- نېمانچە قىلىسىز دەمسىز؟ قىلماي قانداق قىلاي، بىكار يېتىشقا كۆنمىگەن - دە، بىز. ئازاب نېمە؟ بىكارچىلىق، ئۇكام. دۇنيادا بىكارچىلىقتىن يامان ئازاب يوق. كەتمەن، ئورغاق، زەمبىل تۇتمىسام قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىيدۇ، ھەر خىل كېسەللەر ماڭا يامىشىدۇ. قولۇمغا كەتمەن ياكى ئورغاق چىقسىلا تەنلىرىم يايراپ، جانلىرىم ئويناپ كېتىدۇ، راھەتلىنىمەن، كۆلۈپ كېتىمەن، ناخشا ئېيتىمەن. . . بۇ بىر كارامەت.

- باللارنى دەمسىز؟ ئالتە ئوغۇل، ئۈچ قىز - توققۇز بالام، ئون بىر نەۋرەم بار. تۆت ئوغلۇمنىڭ ئۆيى ئايرىم، ئىككى قىزىم تالالىق بولغان. ئۆيدە ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بار. ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭى، بايا موتو بىلەن كېلىپ پۇل ئېلىپ كەتكىنى شۇ. بىر قىز، بىر ئوغلۇم ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى بىلگەنسىز. مەن يالغۇز ئىشلەيمەن. موتو مىنگەننى دەمسىز؟ نېمىسىنى يوشۇراي، ئۇ بالام مۇشۇ باغنىڭ خوجايىنى، تولۇقسىزنىمۇ تۈگىتەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھالى بەك چوڭ، نېمىلا دېسەم: «سەن بىلمەيسەن!» دېيىشنىلا بىلىدۇ. راست، بىلمەيمەن، رېستوران، كالا ئۇك، دىسكو، تانسا، ئولتۇرۇش - پولتۇرۇش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغىنىم راست. ئۇ، كۆنگە ئىككى قېتىم ناھىيە بازىرىغا ياكى شەھەرگە موتو بىلەن كىرىپ چىقىدۇ. مەندىن بىسوراق مېۋە ساتىدۇ، خەقتىن پۇل ئالىدۇ، كىيىدۇ، يەيدۇ، ئوينايدۇ. ھاي دېسەڭلا قاچىدۇ، ئايلاپ - يىللاپ يوقاپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. ئانىسىنىڭ يىغىسىنى دېمەم بۇ ئوغلۇمنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، ئۇكام. بالامنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ نېمە قىلاي، بۇ بالا، بىر كارامەت!

- ئايالىمنى دەمسىز؟ ئۇ بىر ئالتۇن. دۇنيانىڭ نېمە راھىتىنى كۆردى، دەيسىز؟ غەمدىن باشقىنى بىلمەيدۇ. پۇل دېگەن بار، ئۇكام. مال - ۋارانمۇ يېتەرلىك، لېكىن بۇ بىچارە بۇلارنىڭ راھىتىنى كۆرمەيلا مۈكچىيىپ كەتتى. توققۇز بالىنى زاكىسىدىن ئاجرىتىپ قاتارغا قوشماق ئاسانمۇ؟ مەن دېگەن ئېتىز ئادىمى، قازان بېشىغا قولۇمنى ئەگرى قىلىپمۇ قويمايمەن. نوغۇشىمۇ، سۇپۇرىمۇ، چۆمۈچىمۇ، كۆسەيمۇ شۇ بىچارە. تورغاي بىلەن تەڭ تۇرىدۇ، يېرىم كېچىدە كاڭدا تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇ مېنىڭ قاياشىم، ھەمراھىم، قول - قانىتىم. ئىككىمىز باللار ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۇق، كۆلدە پىشتۇق، كۆرمىگەننى كۆردۇق. ئاتا - ئانا بولماق قانچە تەس بولسىمۇ غىڭ قىلمىدۇق. بىر - بىرىمىزگە ھال ئېيتىشتۇق، لېكىن ئەلگە «داد» دەپ چاۋىمىزنى چىتقا يايمىدۇق. بۇ بىر كارامەت!

- شۇنداق، ئۇكام. باللار ئۈچۈن جاپا تارتىمىز، قورۇلىمىز، مۈكچىيىمىز، ھەممىدىن ئايرىلىمىز. بىز ئانا دۆگە ئوخشايمىز، ئۇكام. دۆ دېگەن نېمە دەمسىز؟ ئۆمۈچۈككە ئوخشايدىغان ھاشارات، چاقسا جاننى ئالىدۇ دەڭا. ئۇ بىچارە تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇمىنى دۈمبىسىدىكى كاۋاكقا سېلىپ شۇ يەردە بالا چىقىرىدۇ. بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپلا ئانىسىنىڭ دۈمبىسىنى غاجايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقى ئانىسىنىڭ دۈمبە گۆشى. ئانا بىچارە غاجاشقا چىدىماي تىنىمسىز يۇگۇرەيدۇ، تىپىرلايدۇ، بالىلىرى چوڭايغانسېرى غاجىلاش كۈچىيىدۇ - دە، ئاخىر بىچارە ئانا يىقىلىدۇ. بالىلىرى ئانىنى يەپ چوڭ بولۇۋېلىپ مۇستەقىل ياشايدۇ. ئانا ئۆز بەدىنىنى بالىلىرىغا ئوزۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. بىزمۇ بىر دۆ، ئۇكام. بۇمۇ بىر كارامەت!

مەن يىراقلارغا قارىدىم: تاغلار ئۆز بالىلىرى - دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئۈچۈن ئېرىمەكتە، ئۇنىڭ بەدىنىدىن دەريالار ئاقماقتا. يەر شارى ئىنسانلار ئۈچۈن دۆگە ئوخشاش ئۆز بەدىنىنى تۇتۇپ بەرمەكتە، بىز ئۇنى تىنماستىن يېمەكتىمىز، ئانىسىنى يېمەيدىغان ھېچنەرسە بولمىسا كېرەك.

بۇ بىر قانۇنىيەت - ھەقىقىي كارامەت!

## مۇھەببەت

ھاياتنىڭ لەززەتلىك چاغلىرىنى ئەسلىگۈچىلەر «بۇ — مۇھەببەت» ئېمىسىدىن ھەرگىزمۇ چەتنەپ ئۆتەلمەيدۇ. ئۇنتۇلغۇسىز ھېسسىيات دولقۇنلىرى، مۇسىبەت، دەرد - ئەلەم كەلكۈنلىرى مانا شۇ ئېمىنىڭ كۆككە تاقاشقان چوققىلىرىدىن باشلىنىدۇ - دە، بىر ئادەم تارىخىنىڭ ھەممە بەتلىرىگە تارقىلىدۇ.

قانچىلىغان مەردلەر قانچىلىغان قۇربانلارنى بەردى، قانچىلاپ داستانلار، رىۋايەتلەر توقۇلدى، بۇلارنى ھېسابلاپ كۆرگەن ئادەم يوق. چۈنكى مۇھەببەت دۇنيانى قاپلىغان بىر ئېقىن، ھەممە ئادەم بۇ ئېقىندىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. . .

قۇربان بەرگىنىمگە ئېچىنمايمەن، بەلكى مەغرۇرلىنىمەن. مەن خىزمەتسىز - يالاڭتۆش بىر خىيالپەرەس. تورۇپلا يازغۇچى بولغۇم كېلىدۇ، تورۇپلا چامباشچى بولغۇم كېلىدۇ، تورۇپلا چاپاننى مۈرەمگە سېلىپ جاھان كەزگۈم كېلىدۇ. لېكىن بۇ شەھەردىن ھېچنەگە كېتەلمەيمەن. چۈنكى ئۇ مۇشۇ شەھەردە. . .

مېنى يىپسىز باغلاپ تۇرغانمۇ شۇ، مېنى تاغدىن - باغدىن سۆزلەيدىغان قىلىپ قويغانمۇ شۇ، مېنى ھەممىدىن ئايرىغان، پۈتۈن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتكەنمۇ شۇ، ئاخىرىدا مېنى بىر كۆرۈۋېلىشقا تەقەززا قىلىپ سەرگەردان قىلىپ قويغانمۇ شۇ. . .

- مەن كىم؟

- مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ ھاياتىم!

بۇ گەپنى ھېسسىيات دەرياسىغا چۆمۈلگەن قايسىبىر چاغدا دېيىشىمدۇق؟

- بىز مەڭگۈ بىللە!

- خۇدا قوشقان، خۇدا ئايرىيدۇ.

- مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

- مەڭگۈ كۆكىرەپ تۇرىدىغان قارىغاي. . .

ـ مەڭگۈ توختىماي ئاقىدىغان سۆزلۈك بۇلاق...

«مەڭگۈ» بىزنىڭ ئانا تىلىمىزغا ئايلانغانىدى. بىز ئۇ چاغدا ئالىي مەكتەپنىڭ ئەركىن پىكىرلىك، ھېسسىياتنى ھەممىگە ئۆلچەم قىلىدىغان ئۈمىدۋار ئوقۇغۇچىلىرى ئىدۇق. بىز مۇھەببەتنى قانات قىلىپ ئىمتىھانلاردىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، يۇرتىمىزدىن 6000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇشۇ شەھەرگە ئوقۇشقا كەلدۇق. بىر جۈپ قىز ـ يىگىت بۇ مەشھۇر شەھەرنىڭ داڭلىق كوچا، باغلىرىنى قويماي ئايلاندۇق. كۆنلەر كۆڭۈللۈك، ھايات گۈزەل، ياشىماق ئۆزى بىر يېقىملىق گۈزەل سىمفونىيە ئىدى.

بۇ سىمفونىيە تېخى ئەۋجىگە چىقماي تورۇپلا كۆڭۈل باھارىمىزغا ئۈششۈك چۈشتى. شۇنداق ئۈشتۈمتۇت، شۇنداق قورقۇنچلۇق.

گۈلشەننىڭ ئىنىسى بىزنى يوقلىغاچ ئويناپ كەلدى. بىز ئۇنى ئويناتتۇق. ئۇ ئانچە ـ مۇنچە تىجارەتمۇ قىلىدىكەن. شۇڭا تىجارەتچى دوستلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە بىر مېھمانخانىدا زىياپەت بەردى. بىز ئۇ يەردە قونۇپ قالدۇق.

ئەتىگەنلىكى تۇيۇقسىزلا: «پالانچى تىجارەتچىنىڭ 30 مىڭ يۈەن پۇلى يوقىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. گۇمان بىزنىڭ ئىنىمىزغا مەركەزلەشكەن ئوخشايدۇ. گۈلشەن قېرىندىشى ئۈچۈن بىردەمدىلا سەۋدايىغا ئوخشاپ قالدى. ئىنىمىزنى «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قاماپ قويدى. گۈلشەن ئىككى كۈنگىچە تاماق يېمەي ساماندەك سارغىيىپ قورۇپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئازابلىرىغا شېرىك، ئېسى ـ يادىم ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب ئوچۇقىدا قورۇق شاختەك گۆركىرەپ كۆيدۈم.

«گۈلشەننى قۇتقۇزۇش كېرەك!» بۇ مېنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىمنىڭ چوققىسى ئىدى. گويا گۈلشەن ئازابتىن قۇتۇلسىلا قەلب ئاسمىنىمدا قۇياش پارلايتتى، كۆڭۈل باھارىم قايتا ياشىراتتى، ھاياتىم مەنا تېپىپ مەن قايتىدىن بەختلىك ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن تاپاتتىم. كېچىدە خىيال قىلىپ ئامال ـ چارە ئىزدىدىم. ئەتىگەنلىكى بىر قارارغا كەلدىم ـ دە، ئىنىمىز سولانغان ج خ ئىدارىسىگە باردىم:

ـ پۇلنى مەن ئالغانتىم، ـ دېدىم يەرگە قاراپ.

ـ پۇل نەدە؟

ـ مېھمانخانىدا بىر يەرگە تىقىپ قويدۇم.

مېنى ھەيدەپ مېھمانخانىغا ئاپاردى. مەن دېگەن يەردىن پۇل تېپىلمىدى.

ـ نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن؟

ـ يالغان ئەمەس، تىقىپ قويغان يېرىمدىن بىرسى ئوغرىلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ـ راستىنلا سەن ئوغرىلىغانمۇ؟ باشقىلار سېنى ئۇنداق قىلمايدۇ، ياخشى يىگىت، دېيىشىدىغۇ؟

ـ ياق، ئۇلار مېنى چۈشەنمەيدۇ، ماڭا پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ ئوغرىلىق قىلغانتىم.

بۇ توغرىلىق كۆپ سورالدىم، لېكىن كېيىمدىن يانمىدىم، ئاخىر مەن كېسىلدىم.

گۈلشەن مېنى چۈشەندى، ئۇ ئاخىرقى قېتىم مېنى جازا ئورنىغا يوقلاپ بېرىپ شۇنچىلىك سەمىمىي ـ ساپ مۇھەببەت بىلەن يىغلىدىكى، مەن قۇربان بەرگىنىمگە قىلچە پۇشايمان قىلمىدىم ۋە ئۆزۈمدىن ئىنتايىن رازى بولدۇم:

«ھەقىقىي يىگىت!» دېدىم ئۆزۈمنى. گۈلشەن ماڭا: «ئون يىل، يىگىرمە يىل بولسىمۇ كۈتىمەن، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي!» دېدى مەن ئۈچۈن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ.

يىللار ـ سىناق، ۋاقىت ـ تارازا. ۋەدە، كۆز يېشى ئاشۇ سىناق ـ تارازىلاردىن ئۆتەلىسىلا ۋىجداننىڭ بەلگىسىگە ئايلىنالايدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن گۈلشەن مېنى يوقلىماس بولدى، ناھايىتى پۇلدار بولۇپ كەتكەن ئىنىسىمۇ ماڭا بىر تەڭگە سۇنالمىدى.

تۆت يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا قويۇپ بېرىلدىم. ئوقسام، 30 مىڭ يۈەننىڭ ئوغرىسى شەرقىي شىمالدىن چىقىپتۇ. ئىنىمىزمۇ، ئۇنى قۇتقۇزغۇچى پىداكار مەنمۇ بىگۇناھ ئىكەنمىز.

لېكىن ئۇلار ئۈچۈن كومېدىيە، مەن ئۈچۈن تراگېدىيە بولغان بۇ ۋەقە مېنى مانا مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

مەن «مەڭگۈلۈك يېشىل قارىغاي» غا قارىدىم: ئۇ ھازىر باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىۋالغان، بىر بالىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ مېنى ئۇنتۇغانمۇ ياكى مەندىن بىزارمۇ؟ ماڭا بەرىبىر. مەن ئۇنى نەچچە رەت ئىزدەپ كەلدىم، لېكىن ئۇ كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى. مەن ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىزار، لېكىن ئۇ مەندىن بىزار.

مەن مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغايغا قارىدىم، تۈنجى قار ئۇنى چۈمكىگەن. ئۇ، مۇھەببەتتەك گۈزەل، لېكىن ئۇ مۇھەببەت ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يېنىدىكى دەرەخلەردىن سېرىق يوپۇرماقلار تۆكۈلمەكتە. مانا بۇلار مۇھەببەت؛ ئۇ دەرەخلەر بىخ سۈرىدۇ، ياپيېشىل بولۇپ كامال تاپىدۇ، سارغىيىپ غازاڭ بولىدۇ. «مۇھەببەت مەڭگۈلۈك» دېگەن سۆزنى ئەۋلىيا چىقارغان بولسىمۇ ئىشەنمەيمەن. ئۇ قىش ـ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي ئەمەس، پەيدا بولۇپ چۈشۈپ تۇرىدىغان يوپۇرماق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىچارىنى مۇھەببەت نابۇت قىلدى. مۇھەببەت دەرەخ ئەمەس (دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ)، ئۇ بىر يوپۇرماق... ئۇ بىردە كۆكتە، مېنىڭ بېشىمدا، بىردە بولسا مېنىڭ ئايىغىمدا، تاپىنىمنىڭ ئاستىدا...

## ھۆرمەت

(خاتىرە دەپتىرىمدىن كۆچۈرمە)

ئايروپىلاندىن چۈشتۇم ـ دە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك تىك تۇرۇشقان يىگىتلەرنى تونۇدۇم. ئۇلار مېنى ئالغىلى 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىسىدىن لاتا پىكاپ بىلەن كەلگەن ياش قەلەمداشلىرىم. ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم بىللە بولغانمەن. ئۇلار چالا مەست بولغان چاغلىرىدا رومكىلىرىنى ئۆيىنىتىپ: «سىز بىزنىڭ پەخرىمىز،

غۇرۇرىمىز، مىڭ ياشقا كىرىڭ ئىلاھىم» دەپ ۋارقىرىشىدىغان ئاق كۆڭۈل - قىزغىن يىگىتلەر.

- ھېيتگاھدا تاماق يەيمىز، كېچىلەپ مېڭىپ يېتىپ بارىمىز، - دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرسى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، - كۆپچىلىك سىلىنى كۈتۈپ كېچىچە ئولتۇرۇش قىلماقچى. ئوتتۇرلا داستىخاننىڭ ئۈستىگە بارىمىز.

ناھىيىلەردە ئېچىلىدىغان ئىجادىيەت يىغىنلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. چوڭ گەپلەر ئاز بولىدۇ. كۆپچىلىك بىرلىشىپ ئەسەرلەرنى كۆرۈشىدۇ. ئەسەرلەردىن ئەمەلىي گەپلەر چىقىدۇ. مەن يەرلىك پۇراق قويۇق، توقۇلمىلىرى ئاز بولغان بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. گەرچە بۇ يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەندىزىچىلىك، دورامچىلىق ئومۇملاشقان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرلەر ماڭا يېڭى تۇيۇلىدۇ. مەن بۇ ئاپتورلارغا ئامراق.

مەن پىكاپتا كېتىپ بېرىپ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئاشۇ ئاپتورلارنى بىرمۇ بىر ئويلاپ چىقتىم. ئۇلار شۇ تاپتا ئىچىشمەكتە، كۈلۈشمەكتە، ۋارقىراشماقتا، ھەدەپ مېنى ماختىشىپ گەپ تالاشماقتا...

كېچىدە پىكاپ بىلەن تەكلىماكان گىرۋىكىدە سەپەر قىلىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك! غۇۋا ئايدىڭدا قۇم بارخانلىرى سىزگە سالام بېرىۋاتقاندەك، بارخانلار چوققىسىدا مەغرۇر تۇرۇشقان يانتاقلارمۇ سالام بېرىپ سىزنى كۈتۈۋاتقاندەك، چەكسىز قۇملۇق شېرىن چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئوغلىغا بۇ زېمىننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆز باغرىدىكى ئاياغ ئىزلىرىنىڭ ئىزاھاتلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ... بىز شۇ يەرنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى، بىزنىڭ ئىزلىرىمىزنىمۇ بۇ ئەزىز ئانىمىز كەلگۈسىدىكى يېڭى ئىجادكارلارغا سۆزلەپ بەرسۇن، بىزنىڭ يېرىمىز ئىجادكارغا تولىمۇ موھتاج، تولىمۇ تەشنا. گويا قۇملۇق يامغۇرغا، زۇلمەت قۇياشقا تەشنا بولغاندەك...

پىكاپ شۇنداق بىر يولغا كىردىكى، قەدىمكى كارۋان يوللىرىدا ئېشەكچىلەر ماڭغاندا پەيدا بولىدىغان قويۇق توپا - چاڭ كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىز ئىلى دەريا بويىدا تۇغۇلغان باللار كارۋان يولىدا مۇشۇنداق چاڭ - توزان پەيدا بولغاندا ھۇزۇرلىنىپ يېڭى ئويۇنلارنى باشلايتتۇق. لېكىن ئۇ دېگەن يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار. بۈگۈن بۇ چاڭ - توزاندىن نېمىگە ھۇزۇرلىنىمەن، سەھرالىق بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى يازغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى ۋۇجۇدۇمدا ئۆزگىچە نەرسىلەر بارمۇ؟

پىكاپىمىز بىردىنلا توختاپ قالدى، بىز سىلكىنىپ «ئۇھ» تارتىشتۇق. شوپۇر ئىشىكنى تەستە ئاچتى، پىكاپ توپىغا تامامەن دېگۈدەك كۆمۈلۈپ بولغانىدى. بىز تىزغىچە يۇمشاق توپا كېچىپ يول چېتىگە چىقىۋالدۇق.

- پالاكەت، - دېدى شائىر يىگىت شوپۇرغا خاپا بولۇپ، - ئۇلار ئۇ يەردە تەقەززا، بىز مانا توپا ئىچىدە. ئەجەبمۇ پۈتمىدى بۇ يول. يول ياساشقا دۆۋىلەنگەن توپا ئىچىگە ھەيدىگەندىكىن سەنمۇ بىر سولاش، شوپۇرمۇ سەندەك بولامدىغان.

مەن قاتتىق قاقاقلاپ كۈلدۈم:

- مانا، كۆڭۈللۈك سەپەر، يۇمشاق توپىدا، تەكلىماكان قوينىدا بىر كېچە ئۇخلىۋالىدىغان بولدۇق.

مېنىڭ ھۇرمىتىم ئۈچۈنلا ئۇلارمۇ كۈلۈشتى. مەن چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتا، نېرىدىكى يوڭ دەرەخلىك مەھەللىگە ھۇزۇرلىنىپ قارىدىم:

- شائىر ئۇكام:

ھەرگىياھ، ھەر تۇپرىقىڭ تۇتىيا يۇرتۇم ماڭا،
سەن ئۈچۈن جاندىن كېچىپ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا!

دېگەن مىسرالىرىڭىزنى يادلىۋالغانمەن. يۇرتىڭىزنىڭ چاقچىقىدىن نېمىشقا خۇشال بولمايسىز. تەبىئەتنىڭ چاقچىقى بۇ، ئۇكام.

ئۇلار يەنە تەستە كۈلۈشتى. شۇ ئارىلىقتا شوپۇر يىگىت يوقاپ كەتتى. بىر شائىر بىلەن بىر يازغۇچى يىگىت مېنىڭ «ھېكمەتلىك» گەپلىرىمگە قىزىقىپ سوئال سوراشقا باشلىدى:

- تەبىئەتنى جانلاندۇرۇشقا بەك ئۇستىكەنسىز، - دېدى يازغۇچى يىگىت، - «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «تەكلىماكان چۈش كۆردى»، «تارىم ناخشىسىنى مەڭگۈ ئېيتىدۇ»... قالتىس گەپلەر، تەبىئەتنىڭ چاقچىقى، يەرنىڭ كۈلكىسى...

غۇۋا كۆرۈنگەن مەھەللە تەرەپتىن كۈلكە - چاقچاق، ۋاڭ - چۇڭ بىر توپ ئادەم كەلمەكتە ئىدى. ئاي يورۇقىدا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى كەتمەن - گۈرجەكلىرى يالت - يۇلت قىلاتتى.

- مانا، قۇتقۇزۇش ئەترىتى! - دېدى شائىر بايىلا تىللىغان شوپۇرنى ماختاپ، - بىزنىڭ شوپۇر يارايدۇ، ئۇ ئوبدانلا شېئىر يازىدۇ.

ئۇلار بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، يىرىك، قاداق قوللار ئىككى قوللاپ قوللىرىمنى قىستى، سىيلىدى، بىرلىرى تېخى قوللىرىنى يۈزۈمگە تەگكۈزۈپمۇ ئالدى:

- خۇدايىم سىلىنى كۆرسەتتى.
- گەپلىرىنى تولا قىلىمىز.
- ئۆزلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق...
- ئەسەرلىرىنى خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.
- بىزنىلا يازىدىكەنلا ئەمەسمۇ...

ئۇلار شۇنداق ئىشلىدىكى، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى تاشلاپ قوللىرى بىلەن يۇمشاق توپىلارنى تارتىپ پىكاپنى بىر دەمدىلا توپا دۆۋىسىدىن ئېچىپ چىقاردى.

- ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولسىمۇ خەلق يېرىم كېچىدە ئۇيقۇسىدىن كېچىپ، بۇنچىۋالا جانۋازلىق قىلمايتتى، - دېدى بىر دېھقان يېنىدىكىسىگە پىچىرلاپ، - بۇ يازغۇچىنىڭ ھۆرمىتى چوڭكەن.

- دېھقاننى يازغاچقا! - دېدى يەنە بىرسى جاۋاب بېرىپ، - دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېگەچكە..

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم

ھەجىل بولدۇم. ئايغىم ئاستىدىكى يۇمشاق توپا ماڭا بىردىنلا ھېكمەتلىك، قەدىرلىك ۋە سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى تۇپىغا كۆمۈلمىگەن بولساق بۇ خىل مەدىنىيە بىلەن ئۇچرىشالمىغان بولاتتۇق.

نەدىندۇر قېتىق، تۇغاچ ۋە پىششىق تۇخۇملار پەيدا بولدى. دېھقان يىگىتلەر مېنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، مەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكتىمەن. ئۇلار ئاجايىپ سوئاللارنى سوراشتى. مەن گويا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك: دۇنيادىكى مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرى، ئۆزىمىزدىكى ئېسىل ئەسەرلەر توغرىسىدا جاۋاب بەرمەكتىمەن. ئويلىدىم: بۇلار دېھقان ئەمەس، ئەدىبلەر، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قاداقلار گويا كەتمەندىن ئەمەس، قەلەمدىن پەيدا بولغان. بۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، بىزنىڭ سۆيۈپتىمىز. قەلبىمدە خۇددى ئانا تۇپراققا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتكە ئوخشاش بىر خىل گۈزەل تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ تۇيغۇ خەلقىمگە بولغان مۇھەببەت - ھۆرمەتتىن تۇغۇلغان تۇيغۇ ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى يازغان ھېكايە، شېئىرلىرىنى ماڭا تەقدىم قىلىشتى. چىرايى، ئىسمى ۋە يۇرتى ناتونۇش يىگىتلەر بىلەن بۇ كېچىدە تەكلىماكان قوينىدا ھاراق ئىچىپ شىر كەيپ بولۇشتۇق. خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ گۈزەل نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدۇ، كۆرمەيدۇ. ئەرزىمەس ئەيىبلىرىمىزنى كۆرىدىغانلار ۋە ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدىغانلار خېلى كۆپ. مەن نېمىنى ئىزدەيمەن؟ گۈزەل نەرسىلەرنىمۇ ياكى ئەيىب - نۇقسانلىرىمىزنىمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنىمۇ؟ ئۇلار ھەتتا زوھۇرىدىن بابۇر، ئەلىشىر نەۋائىيدەك ئالەمشۇمۇل شائىرلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتالاپتۇ، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئەيىبىنى ئېيتالمايمەن. بىلدىم، ھۆرمىتىم خام. خەلقىمگە بولغان ھۆرمىتىم ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىدىن نېمىشقا ئېشىپ چۈشەلمىدى؟ بەسلەشسەم بولمىدىغان ئوخشايدۇ. باشقىلار مېنى ھۆرمەتلىگەنسېرى، مەن ئۇلارنى ئاشۇرۇپ ھۆرمەتلىسەم بولغۇدەك.

مەن خىيالىمدا ئۆزۈم بىلەن سۆزلەشمەكتىمەن. ئىسسىق قۇم، يىللىق شامال، ئۈستىمىزدىكى خۇش خۇي يۇلتۇزلار ماڭا ئانا تۇپراق، خەلق مېھرى توغرىسىدا سۆزلىمەكتە. مەن شىر كەيپ بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم، بىردىنلا يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

- ھەدېسىلا ناخشا - ئۇسسۇل! - دېدى بىرسى تېرىكىپ، - ئادەمنى سۆزلىگىلى قويماي!

تۆت - بەش يىگىت قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىم: ئۇلار بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزنى بىرمۇ بىر غەلۋىر - ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزۈپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى: «ئومۇ چاغلىق!» دەپ تاماملىماقتا. ئۇلار ئۆلگەن، ياشاۋاتقانلار بىلەن بەسلەشمەكتە. ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى ئۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ شۇ يەردە بارلىرىنى ئۇلۇغلاپ، يوقلىرىنى چۈكۈرمەكتە. ئۇلار يەنە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىشىپ ئۆزلىرىنى بىلىملىك، قالتىس قىلىپ كۆرسىتىشمەكتە. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى، دەۋرىنىڭ يۇلتۇزلىرى...

مەن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم:

- قالتىس ئادەم جۇما! - دېدى بىرسى مېنى ئىشارە قىلىپ، - يۇلتۇز، يورۇق يۇلتۇز!

- ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما لېكىن...

مەن ئاشۇ «ئەمما لېكىن» دىن كېيىنكى سۆزلەرگە تەشنا ئىدىم، لېكىن ئېيتىلمىدى. مەن بۇ يەردە بولمىغان بولسام ئەلۋەتتە ئېيتىلاتتى - دە. ئاسمانغا قارىدىم، يۇلتۇزلار كۈلمەكتە، سالقىن شامال يۈزۈمنى سىيپاپ مېنى پەپىلىمەكتە: كىچىككىنە بىر يېزىنىڭ ھەۋەسكارلىرى ئۆزلىرىنى يۇلتۇز ھېسابلايدۇ. بىزنىڭ يۇلتۇزلىرىمىز ناھايىتىمۇ تولا، لېكىن ئۇلار ئاسماندا ئەمەس، يەردە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ، كۆرۈنۈشكە تەشنا بولغاچقا ئۇلار ھېچكىمنى ياراتمايدۇ...

مەن ئاخىر ھۆرمەت شارابلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئويلىيالماس بولۇپ قالدىم.

مېنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىم مەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكلىرىنى بىلگۈم بار ئىدى، لېكىن بىلەلمىدىم.

ھۆرمەت شارابلىرى ئاخىر مېنى پاك، گاچا ۋە ھەرىكەتسىز قىلىپ قويدى...

## شىكايەت

ئوتتۇز يىل شىكايەت ئاڭلاپتىمەن، ئەمدى شىكايەت قىلىمەن. مەن قانچىلىك ئىشلىدىم، قانچىلىك تۆھپەم بار، مانا ئەمدى نېمىگە ئېرىشتىم، قانچىلىك ھوقۇق، قانچىلىك بايلىقىم بار، بۇنىڭ ھېسابى بولار، ئاداش. بۇ ھېسابقا چوت كەتمەيدۇ، ئاددىيلا: بانكىدا بىر پۇڭچەن پۇلۇم يوق، ھوقۇققا كەلسەك، گېپىمنى بالىلىرىم بىلەن ئايالىممۇ ئاڭلىمايدۇ. بىر يەرگە بارسام ئاپتوبۇس، جۇڭبا (مىنىبۇس) غا يامىشىمەن، بىرەرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بېرەيمۇ دېمەيدۇ، دېگىنە. فۇتىڭجاڭ (مۇئاۋىن نازىر) دېگەن شۇنچىلىكلا گەپكەن. مەندەك زىيان تارتقان ئادەم نەدە باركىن. يەتتە يىل ماڭا تەرجىمانلىق قىلىپ، مېنىڭ ئالقىنىمدا ئۆسۈپ مۇئاۋىن نازىر بولغان رەپىقەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى دېمەمسەن، ئەسلىدە ئۇ ئالدىمغا چاي دەملەپ ئەكىرىدىغان، شىبلىتىمنى سۇرتۇپ، مايلاپ كىيگۈزۈپ قويىدىغان كەسپىي غالچا ئىدى دېگىنە. پېنسىيىگە چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن ماشىنا سوراپ ئالدىغا ئىشەنچلىك كىرىۋىدىم، بېشىنى كۆتۈردىيۇ، ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. مېنىڭ ئون نەچچە يىل ئولتۇرغان ئۈستىلىمدە كېرىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ: «بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى، تۇردىكا؟» دەيدۇ تېخى. «تۇتىڭجاڭ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئانا تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى «تۇردىكا»

بولۇپ قاپتىمەن. «تۇردىكا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغىلى ئوتتۇز نەچچە يىل بوپتىكەن، قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى، ئاداش. نېمە، «ئەسلىك شۇ» دەمسىنا؟ لېكىن قىممىتىم ئۇ ئەمەستە. توغرا، ئەسلىم - ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىم شۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قوشۇلغان سۈپەتلەرچۇ؟ توغرا، هازىر مەن چوجاڭ (باشقارما باشلىقى)، فۇتىڭجاڭ ئەمەسمەن، لېكىن ماڭا سىڭىشكەن «تۇتىڭجاڭ» دېگەن نامنى شۇنداق ئوڭايلا يەڭگۈشلىۋەتسە ئادەمگە هار كېلىدىكەن، ئاداش. هوقۇقىڭ بار چاغدا هەممىلا نەرسە ساڭا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن: هەممىلا ئادەم ساڭا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان، هەممىلا جايدا سېنىڭ ياخشى گېپىڭ. لېكىن هوقۇقتىن ئايرىلغىنىڭ هەممىدىن ئايرىلغىنىڭ ئىكەن. ئورنۇڭغا چىققۇچى بىر نائىنساپ بولسىمۇ، ئۇ سەندىن دانا، تەدبىرلىك، ئىشچان، كۆيۈمچان، كىچىك پېئىل دەپ ماختىلىدىكەن. رەپقەت شۇنداقمۇ؟ ياق، ئۇ بىر نائىنساپ، خۇشامەتچى، يالغانچى. نېمىشقا ئۇنى ئۆستۈردۈڭلار، دەمسىنا؟ ئۇنىڭ يارىماسلىقىنى كېچىكىپ بىلدۇق - دە. ئۇنى بىز چۈشەنگەندە ئۇ ئاللىقاچان ئۆسۈپ بولغان ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇنى ئۆسكەندىن كېيىن چۈشەندۇق. بىز چۈشەنمىدۇق، ئۇ ئۆزى چۈشەندۈردى: باشلىقلارنى ئۆيىگە چاقىرغاندا مېنى ئايرىپ قويدى. ئەتىگەنلىكى ئۇچرىشارمەن دەپ يوللىرىدا تۇرۇۋالسام ئەتەي كۆرمەسكە سېلىپ ماڭىدىغان بولۇۋالدى. ئۆيىگە تېلېفون بەرسەم، ئۆيىدىكىلىرى: «يوق» دەيدىغان بولۇۋالدى (ئۆيىدە بارلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ). نەۋرەمنىڭ خىزمەت ئىشى بىلەن خەت يېزىپ كىرگۈزسەم تېخى: «كادىرلار بۆلۈمىگە: بەلگىلىمە بويىچە بىر ياقلىق قىلىڭلار!» دەپ ئىمزا قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغاندىمۇ ئاشۇرۇپ قىلغانمەن. بالىلىرىمغا قىلمىغان ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا قىلغانمەن. ئۇنى پارتىيىگە كىرگۈزۈش، ئوقۇشقا ئەۋەتىش، تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ مۇئاۋىن هاكىم قىلىش، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئەۋەتىش قاتارلىق بالداقلارنىڭ هەممىسىدە مەن ئۇنىڭغا بىۋاسىتە غەمخورلۇق قىلغۇچى بولغانمەن. بۇنچىۋالا كۆيۈنۈشۈمدىكى مەقسەت، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلغۇچى تەييارلاش ئەمەس ئىدى، ئەزبىرايى ئۇنداق ئەمەس. مەن ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى، بىز باشلىغان ئىشلارنىڭ ئاخىرى ياخشى بولۇشىنىلا ئويلىغان. لېكىن، مەن ئەمدى شىكايەتچى بولۇپ قالدىم. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى كولىغۇچى، هەممىلا جايدا يامان گېپىنى قىلغۇچى بولۇپ قالدىم. لېكىن ماڭا ماسلىشىدىغانلار يوق، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلسام ماڭا قارشى چىقىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. يېقىندا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەن بۇرۇن قۇرغان ئەرزىيەت ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. ئاممىنىڭ ئاۋازىنى بىۋاسىتە ئاڭلايدىغان ئورۇن نېمىشقا قالدۇرۇلىدۇ زادى؟ ئۇ نېمە دەيدۇ دېگىنە: «خەلقنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىكى بار. گېزىت - ژۇرناللارغا ماقالە يازسۇن ياكى قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلسۇن. خەلقنىڭ چوڭ هوقۇقىنى كىچىكلىتىپ نېمىشقا بۇ ئەرزىيەت ئۆيىگە باغلاپ قويىمىز!» دەيدۇ تېخى. مەن ئۇنىڭغا: «رەپقەت ئۇكام، بۇ ئىشخانىنىڭ رولى چوڭ بولغان. سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ كاتىپىم بولۇپ، هال ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى خاتىرىلىگەن» دېۋىدىم، ئۇ: «رەسمىيەت ئۈچۈن خاتىرىلىگەن. لېكىن قايسىبىر ئەرز - شىكايەت هەل بولغان؟» دېمەسمۇ، جان - ئىمانىم چىقىپلا كەتتى. هېچنېمە هەل بولمىدىمۇ زادى؟ ئۇ قىپقىزىل يالغان ئېيتىدۇ. مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئوتتۇز - قىرىق ئەرزگە تەستىق يازدىم. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىدىم. نېمە، هەل بولغىنىنى سۈرۈشتۈردۈڭمۇ، دەمسىنا؟ سۈرۈشتۈرۈش مېنىڭ ئىشىممىدى؟ مېنىڭ ئىشىم تەستىق يېزىش. مەن هەرگىزمۇ: «بەلگىلىمە بويىچە بىر ياقلىق قىلىنسۇن» دەپ تەستىق يازمىغان. بۇنداق تەستىق قاشاڭ پىچاق، هېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ، بۇنى سەن مەندىن ئوبدان بىلىسەن. هېچ بولمىسا مەن: «تەكشۈرۈپ چىقىپ ماڭا نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىڭلار» دەپ يازاتتىم، ئاداش. مەن دېگەن مەندە. ئىتتىك پىچاق - دە. هەرگىزمۇ چالا ئۆلۈك ئىش قىلمايمەن. رەپقەت دېگەن نائىنساپ، تاماخور - خۇشامەتچى. ئۇ هازىر ئۆز ۋاقتىدا ماڭا قىلغان خۇشامەتلىرىنى رەئىسلەرگە، شۇجىلارغا قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تاماسى چوڭ تېخى. «ئوت ئىچىدىن سۇ، ئۆكۈزدىن سۈت تاما قىلىدىغان» ئادەمنىڭ نەق ئۆزى شۇ رەپقەت. تېخى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا ماڭمىسىلا ماشىنىسىنى توختىتىپ مېنى ئالدىدا - شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ ئۇيالماي. ئۇ يەر باشلىق ئولتۇرىدىغان يەرمىدى. ئۇ ئەتەي مېنى كەمسىتىدۇ، ئاداش. ئىشلار توغرىسىدا نۇرغۇن تەكلىپ بەردىم. ئۇ: «قېنى، ئويلىشىپ باقايلى» دەپلا قويىدۇ دېگىنە. بۇرۇنقى چاغلاردا مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندا چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا مېنى ماختاپ: «ئالامەت پىكىر!» دەپ ۋارقىرايتتى، «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» دېيىشكە تاسلا قالاتتى. هازىر توغرا تەكلىپلەرنى بەرسەممۇ: «قېنى، ئويلىشايلى» دەپلا قويىدۇ. نېمە؟ نېمىشقا خىزمەتلەرگە ئارىلىشىسەن، دەمسىنا؟ نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەنمەن؟ پېنسىيىگە چىققانلار هەممىلا جايدا ئارىلىشىدۇ، پىكىر - تەكلىپ بېرىدۇ، ئاداش. مەن نېمىشقا بەرمىگۈدەكمەن. ئۇلار بىر يېڭى ئىش قىلىۋاتقىنى يوق، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ شۇ. بىز باشلىغان ئىشنىڭ داۋامىنى قىلىۋاتىدۇ - دە، ئۇنداق بولغاندىكىن بىز تەكلىپ - پىكىر بېرىمىز - دە. مانا، مۇنۇ يىگىرمە بىر بەتلىك پىكىرنامەمنى ئوقۇپ كۆرگىنە، «ئىقتىسادىي ئۈنۈم توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ۋە تەكلىپلىرىم» دېگەن بۇ پىكىرنامىدە ئون چوڭ تەكلىپ، ئوتتۇز كىچىك تەكلىپنى يېزىپ چىقتىم. رەپقەت ئوقۇپ چىقىپ نېمە دېگۈدەك دېگىنە: «تولىسى ۋاقتى ئۆتكەن گەپلەركەن» دەيمىش. ئۇ تېخى بىزنى: «ئۆيۈڭدە جىم يېتىپ دەم ئال» دېمەكچى. ياق، مەن جىم ياتمايمەن، مەن ئارىلىشىمەن، سۆزلەيمەن، يازىمەن، قاترايمەن، ئاداش. نېمىشقا دەمسىنا؟ شۇنداق قىلمىسام ياشىيالمايمەن، ئازابلىنىمەن، هەتتا ئۆلۈپ

كېتىمەن، ئاداش. پېنسىيىگە چىقماستا بىر توڭ گازنى ئىككىنچى قەۋەتكە بەخودۇڭ ئەپچىقالايتتىم، ھازىر ئۈچ كىلو بەسەيمۇ ئېغىر كېلىدۇ. بىردىنلا كۈچتىن قالدىم، خۇشلۇقتىن قالدىم، قېرىدىم، بەلكى ئالجىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئىشتىن توختاتقاننىڭ كاساپىتى.

ئاخىرقى بىر سىرىمنى ئاڭلا، دوستۇم. مەن بىر ئەسەر يېزىۋاتىمەن. ماۋزۇسى نېمە دەمسىنا؟ ماۋزۇسى «شىكايەتنامە». كىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن، دەمسىنا؟ ياق، رەپىقەتىنىڭ ئۈستىدىن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدىن. كۈلسەنغۇ، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن. مەن نېمىشقا پۇل يىغمىدىم، نېمىشقا ھوقۇق بار چاغدا ئۆز پايدامنى ئويلىمىدىم، نېمىشقا ئائىلەمدىكىلەرنى ياخشى رازى قىلمىدىم، نېمىشقا ئادەملەرنى شۇنچە جىق رەنجىتتىم، نېمىشقا نۇرغۇن دوستلىرىمدىن كېچىپ كەتتىم، نېمىشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى ئۆيۈمگە كۆپ كەلمەڭلار دېدىم... رەپىقەت مېنىڭ سايەم، ئۇ مەن قىلغاننى قىلماقچى. باشلىدى، ئاخىرى نەگە باراركىن. ھەي ناقىپى، ھەي خۇشامەتچى، ھەي يالغانچى، كاززاپ، توختا، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بولۇپ، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن شىكايەت يېزىپ يۇقىرىغا سۇنمىسام.

## تاقەت

قار لەپىلدەپ ياغماقتا، يوللار تېيىلغاق، ھەممە ياق ئاپئاق. مۇنداق كۈنمۇ بېكەتتە ئادەم كۈتەمدىغان. پەقەت ئاشىق - مەشۇقلارلا مۇنداق كۆڭۈلسىز چاغلارغا پىسەنت قىلمايدۇ. قاراڭ، ئاۋۇ ئۇزۇن چاچ، ئېگىز، ئورۇق يىگىتكە. ئۇ، بېكەتتە تۇرۇۋاتقىلى ئۈچ سائەتتىن ئاشتى. ھەر بىر ئاپتوبۇس توختىغاندا چۈشكۈچىلەرگە بىرمۇ بىر سىنچىلاپ قاراپ چىقىدۇ. تېخى بىر قىزنىڭ مۈرىسىگە قول قويۇۋىدى، قىز ئۇنى سىلكىپ: «لۈكچەك» دېدى. يىگىت بولسا مەيۈس ھالدا كۈلۈپلا قويۇپ، ئازاب بىلەن سائەتكە قارىدى. قاراڭ، ئۇ تېخى يازلىق ئاياغ بىلەن. يامغۇرلۇق چاپان ئۇنىڭغا قانچىلىك دال بولاركىن؟ ئۇ تىترىمەكتە، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرماقتا؛ قوللىرىنى ئۇۋۇلىماقتا، ئاغزى بىلەن ھورداپ ئىسسىتماقتا. قاراڭ، ئۇنىڭ چاچلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قۇلاقلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ، ئۇزۇن بۇرنى قىزىرىپ چالا پىشقان لازىغا ئوخشاپ قاپتۇ، كۆكەرگەن لەۋلىرى تىترىمەكتە. يالغۇز، كۆزلىرىلا يۈزىگە ھارارەت چېچىپ ھەممىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ نۇرلىنىپ - ئويناپ تۇرۇپتۇ. لېكىن بۇ كۆزلەر بەخت بەلگىسىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، يۈرىكىگە پاتمايۋاتقان ئازاب، پۇشايمان ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن پەيدا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى يوشۇرالىغىنى يوق. ئۇ ھازىر يىگىت قەلبىگە جاھارەت سالماسلىق ئۈچۈنلا بەخت بەلگىسى بولۇپ نۇرلانماقتا. بولمىسا ئۇ ھازىر ياش تۆكۈپ، ھېچ بولمىسا يۇمۇلۇپ ئىگىسىنىڭ ئازابلىق خىياللىرى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولاتتى، لېكىن ئۇ خىيال دەرۋازىسىغا تاقاق، ئۈمىد ئىشىكىگە ئاچقۇچ بولماقتا: ھەممىلا نېمىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قارىماقتا. ئۇ ئىگىسىگە: «ئۇ قىز چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ بىرەر ئىشقا كاشىلا بولدى، بولمىسا ئورۇن، ۋاقىت، ۋەدە ئۇنىڭ قەلبىگە تامغا بولۇپ بېسىلغان. ئۇ شۇ تاپتا ساڭا ئوخشاشلا ئازابلانماقتا. ئىككى - ئۈچ سائەت كۈتتۈڭ، يەنە شۇنچىلىك كۈت، ھەتتا كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختىغۇچە!»

«ئەخمەق! - دېدى بىر غايىب ئاۋاز، - ئۇنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق تامغا يوق. ھازىر ئۇ رېستوراندا بېرىلىپ ناخشا ئاڭلىماقتا. ئەنە بىرسى بىلەن تانسا ئوينىماقتا. يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئۇ، يىگىتكە تىكىلىپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ ۋەدىسى، ئىپادىسى، ھەتتا خاھىشى... ئۇنىڭ يادىدىن ساڭا قىلغان ۋەدىسى ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن، سەن ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيسەن...»

يىگىت غەزەپ بىلەن: «ھۇ، نومۇسسىز شاللاق، مەن ساڭا تېتىيمەن تېخى!» دەپ تىللىدى. «ياق، يەڭگىللىك قىلما، - دېدى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرسىگە تىكىلىپ، - ئۇ ئەنە كەلدى!» يىگىت ئۈچ ئىشىكلىك ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى ئىشىكىدىن چۈشۈۋاتقان كۈلرەڭ پەلتولۇق بۇدۇر چاچ قىزغا قاراپ يۈگۈردى، لېكىن ئۇ غىلتاڭ سېمونتقا شۇنداق يىقىلدىكى پۇتلىرى ئاسمان تاپان بولۇپ، بېشى يولنىڭ سېمونت زەگۇندىسىگە تەگدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئىسسىق بىر نېمە بويىنىغا چۈشتى. ئۇ ھالسىزلىنىپ، كۆيۈشكەن قوللىرى بىلەن قار - مۇزلارنى تاتىلىدى ۋە: «ئۇ كەلدى» دەپ پىچىرلىدى. لېكىن ئۇنى ناتونۇش ئىككى يىگىت يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇلار مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى: «تولا يىقىلغان قەھرىمان بولىدۇ» دېدى بىرسى، يەنە بىرسى قاقاقلاپ كۈلۈپ: «ئۆزى تۇرالىغان بولسا دېگىنىڭ بولاتتى» دېدى.

بېكەتتە ئۈچلا ئەر كىشى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى مەست ئىدى، ئۇ توختىماي ناخشا ئېيتاتتى: نېمىلەرنى دەۋاتقىنىنى چۈشىنىكسىز، ئاھاڭىمۇ تاغدىن - باغدىن، قايسى مىللەتنىڭ ناخشىسى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

يىگىت تاماكا چەكمەك بولۇۋىدى، چاقماقنى زادىلا يانمىدى. بېشىنىڭ يېرىلغان يېرى لوقشۇپ ئاغرىماقتا، ئىچ - ئىچىدىن تىترەك ئۆرلىمەكتە، چىشلىرى كاسىلدىماقتا، ئۇنى ئازدەپ قورسىقى ئاچماقتا ئىدى. ئۇ يوغان پەلتو، قۇلاقچا كىيگەن ئادەمدىن سەرەڭگە سورىدى، ئۇ ئادەم بىرگەنگەندەك تەتۈر قارىۋالدى. مەست ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى: «ئاق چېكىدىكەنسەن - دە؟». «ياق، ياق...» - ئۇ: «ياق» دىن بىرنىلا دېۋىدى، ئاغزىدىن ئۇن نەچچە «ياق» بىراقلا چىقىپ كەتتى. «ئاغزىڭغا ‹ياق› ئوقى بار پىلىموت ئورنىتىۋالغان ئوخشىمامسەن - ھە، ساۋاش. ھا - ھا - ھا!...». يىگىت مەستتىن نېرى كەتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئاخىرقى ئاپتوبۇستا ئىدى.

تاقەت دېگەننىڭ چېكى بولمايدىكەن، خۇددى ئۇنىڭ شەكلى بولمىغىنىغا ئوخشاش. يىگىت خۇددى بىرسى بىلەن جاھىللىقتا بەسلەشكەندەك سوغۇق، ئاچلىق، خورلۇق ئازابلىرىغا چىداپ كەچ سائەت 10 غىچە يەنى بۇ شەھەرنىڭ

كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختىغۇچە بېكەتتە قولىنى ئۇۋۇلاپ، تىترەپ، تىللاپ، ۋەدىلەشكەن قىزنى ساقلىدى. مانا، ئاپتوبۇسلار توختىۋىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئۈزۈلدى - دە، قىزنىڭ ياتىقىغا بېرىش، ئۆزىنىڭ پىداكارلىقى ئۈستىدە مەلۇمات بېرىپ، قىزنى ئەيىبلەش قارارىغا كەلدى. لېكىن يانچۇقتىكى پۇلى كوچىدىكى بېلىتى قىممەت ماشىنىلارغا يەتمەيتتى. يېنىدا ئون كوي تۆت موچەن پۇلى بار. ئون كوينى پارچىلاشقا بولمايدۇ، سەۋەبى قىز بىلەن بىللە خەجلەشكە تەييارلىغان بار - يوق پۇلى شۇ. تۆت موچەن بىلەن چوڭ كوچا ئاپتوبۇسلىرىدىلا ئۇ يەرگە بېرىشقا بولىدۇ، تاكسى ياكى مىنىبۇسلارنىڭ بېلىتى كەلمەيدۇ.

ئۇ، ئون كويچەننى قولىغا ئالدى. بىر تەخسە لەغمەن بەش كويچەن، توققۇز كويچەنگە بىر تەخسىدىن لەغمەنمۇ كەلمىسە، قىزنى نېمە بىلەن كۈتىدۇ. «پىيادە مېڭىش كېرەك، - دەپ ئويلىدى ئۇ، - سائىتىگە 7 - 8 كىلومېتىر ماڭالايمەن، كۆپ بولسا بىر يېرىم سائەت كېتىدۇ...»

يىگىت ئاچ قورساق، ھېرىپ - چارچاپ قىز ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپكە كەلدى. مەكتەپنىڭ چىراغلىرى ئۆچكەن، خۇددى بۇ قورۇدا ئادەم يوقتەك جىمجىت. ئۇ، قىزنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىلىرىگە قارىدى، ئاندا - ساندا يورۇق دېرىزىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىلا دېرىزىلەر قاراڭغۇ. «ئۇ چوقۇم مېنى ئويلاپ ياتىدۇ، خىيال بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى يىگىت. چۈنكى قىزنىڭ ۋەدىلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە قەسەم بولۇپ ئويۇلغان. يىگىت ئوقۇش بىناسىغا كىردى. سىنىپلارنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلاقلىق. ئۇ ئالتىنچى قەۋەتكە - قىزنىڭ سىنىپى بار زالغا چىقتى. ئۇ يەرمۇ قاراڭغۇ. ئۇ بىر ئوچۇق دېرىزىدىن تۆۋەنگە قارىدى. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر پىكاپ توختىدى. غۇۋا يورۇقتا پىكاپتىن ئىككى قىز، ئىككى يىگىت چۈشتى. ئۇ، قىزلارنى تونۇدى - دە، بېشى ئايلىنىپ غالىلداپ تېخىمۇ قاتتىق تىترىدى. «شۇ، نەق شۇ! ئالدامچى!» دېدى ئۇ. لېكىن غەيرىي ئاۋاز: «ياق، ئەمەس!» دېدى. قىزلار يىگىتلەر بىلەن خوشلىشىپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غايىب بولدى. «شۇ، ئالدامچى!» دېدى يىگىت. غايىب ئاۋاز رەت قىلىپ: «ياق، خاتالاشتىڭ، ئۇ ياتىقىدا سېنى ئويلاپ ياتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ قەغەز يېگۈدەك ھالغا كەلدى. ئۇ ماڭماقچى بولدى، لېكىن ماڭغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قىزىق رادىئاتورغا دۈمبىسىنى چاپلىدى - دە، داق سېمونت يەردە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇردى. «مېنىڭ سەۋر - تاقىتىمنى ئۇ بىلسۇن! - دېدى ئۇ پىچىرلاپ، - توغرا، ئۇخلا. تاقىتىڭنىڭ چەكسىزلىكىنى يالغۇز قىزلا ئەمەس، خەلقى ئالەم تۈگەل بىلسۇن».

## ئاپەت

ئوغلى ئالتە قەۋەت بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان، ئانا يەردە تۇرۇپ زارلىماقتا، ئۇ، بىنانىڭ ئۆگزىسىدە تەنتەربىيىچىدەك يالىڭاچلىنىپ مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

- جېنىم بالام، جېنىم ئوغلۇم، ئايلىنىپ كېتەي، بوپتۇ كوچا سۈپۈرۈپ، ئۇخلىماي چاي سېتىپ پۇل تاپاي، تاپقىنىمنى بىر پۇڭچەن خەجلىمەي ساڭا بېرەي، ئۇنداق قىلما، قايتىپ چۈش بالام!

- ياق، سەكرەيمەن! - دېدى ئوغلى گىرۋەككە يېقىنلىشىپ، - ماڭا ھازىرلا 300 كويچەن بېرىسەن، بولمىسا سەكرەيمەن!

- ماقۇل، بالام. ئۆيدىكى ئاخىرقى بىر گىلەمنى سېتىپ كېلەي، سەكرىمە.

ئانا بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىگە ئالدىراپ مېڭىۋىدى، ۋېلىسىپىت بىلەن تىنەش يېتىپ كەلگەن چوڭ قىزى ئۇنى توختۇۋالدى.

- ئاپا! - دېدى قىزى يىغلامسىراپ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ، - گىلەمنى قوي، ماڭا 200 كوي، تەۋەررۈك دەيسەنۇ، ساتىمەن دەيسەنغۇ ئۇ گىلەمنى؟

ئانا پۇلنى ئالدى - دە، قولىغا يەملىك تۇتۇپ قۇشنى چاقىرىۋاتقان قۇشچىغا ئوخشاش ئاسمانغا قارىدى:

- چۈش بالام، ماڭا پۇل، دېگىنىڭنى قىلدىمغۇ، ماڭا 300 كوي!...

- ياق! - دەپ ۋارقىرىدى بالا ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ، - ئەپچىقىپ بېرىسەن!

- چۈشمەمسەن لۈكچەك! - دەپ ۋارقىرىدى قىزى غەزەپ بىلەن، - دادامنىڭ بېشىغا چىقتىڭ، ئەمدى ئاپامنىڭ بېشىنى يەي دەمسەن!

- ئانداق دېمە قىزىم، چىقسام چىقاي، دېگىنىنى قىلمىسام ئۇنىمايدۇ ئۇ ئۇكاڭ!

- دېگىنىنى قىلمىسام دەپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ، ئاپا!

- چىقاي بالام، مېنى قويۇۋەت، مەن چىقاي!

- ئانداق بولسا مەن چىقاي، سەن قانداق چىقالايتتىڭ؟

- بالىنى دەپ چىقىمەن. بالىنى دەپ قايسى ئانا قايسى ئوتقا كىرمىگەن، قايسى كۈننى تارتمىغان، بالام!

ئارانلا يول ماڭىدىغان ئانا بىنا پەلەمپەيلىرى بىلەن ئالتىنچى قەۋەتنىڭ زالىغا قاراپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك مېڭىشقا باشلىۋىدى، قىزى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ بىللە ئۆرلىدى. ئانىمۇ دېگىنىنى قىلىدىغان جاھىللاردىن ئىدى.

- ئون مىنۇتقىچە چىقمىساڭ تۆۋەنگە سەكرەيمەن!

ئاتا - ئانىسىنى قان يىغلىتىپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان بۇ مۇز قاپاق، جۇدۇن چىراي بالىغا پۈتۈن ھويلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن قاراشماقتا.

- ساقچىغا تېلېفون بەردىم، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ!
- دېدى بىرسى كۆپچىلىككە.

- نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ - دېدى بىر ياشانغان ئادەم،
- ساقچى نېمە قىلالايتتى، سەكرەتمەكچىمۇ سىز ئۇنى؟

- ساقچى ئامال تاپىدۇ - دە!

- ئامېرىكا كىنولىرىدا ئامال كۆپقۇ!

- تىك ئۇچاردىن بىرسى كەلسە قانداق بولاركىن؟

- ئۆلتۈرمەيدىغان، ھوشسىزلاندۇرىدىغان ئوقتىن ئاتسا بولارمىكىنيا؟

- ساقچى ئامال تاپىدۇ!
- توغرا، ھۆكۈمەتنىڭ ئامالى كۆپ!
- چاقلىق، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش «مىكىن» دىن باشقىنى بىلمەيدۇ.
- ئۆزىنى تاشلىيالمايدۇ، پوپوزا بۇ!
- تاشلىسىمۇ تاشلايدۇ جۇمۇ، خىروئىن چېكىدىغانلار سارالڭ بولىدىكەن ئەمەسمۇ!
- تاشلىسىمۇ تاشلىسىكەن، موماي بىچارە بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلاتتى. بىچارىگە بىر مىنۇتمۇ ئارام يوق!

ھەق گەپمۇ، قۇرۇق خىيالمۇ، رەسمىيەت گەپلىرىمۇ، ئېچىنىشمۇ، مەسخىرىمۇ، غەزەپ - نەپرەتمۇ تىل بىلەن ئېيتىلدى، ئەمما مومايىنىڭ پىداكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان بىرمۇ ئادەم ئوتتۇرىغا چىقمىدى. موماي ئاخىر ئالتىنچى قەۋەتنىڭ زالىغا چىقتى. ئۇ يەردە ئۆگزىگە ئېچىلغان تۆشۈكلۈك، تومۇر شوتا تۇرۇپتۇ. موماي ياماشتى، قىزى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى بىرىنچى بالداققا دەسسەتتى، لېكىن لىڭشىپ تۇرىدىغان تۆمۈر شوتىنىڭ ئىككىنچى بالدىقىغا موماي پۇتنى زادىلا ئالالمىدى، قىزىمۇ ئامال قىلالمىدى. بىر پۇتنى يۆتكىسە تۆۋەندىكى پۇتى بالداقتىن چىقىپ كېتەتتى. موماي ھۆركىرەپ يىغلىدى، قىزى ئانىنىڭ نالىسىغا چىدىيالماي شوتىغا يامىشىۋدى، ئانا قىزىنىڭ ئاياغلىرىغا ياماشتى:

- مەن چىقمىسام ئۇ جاھىللىق قىلىپ سەكرەيدۇ، بالام!
- سەكرىسە سەكرىسۇن، ئاپەتتىن قۇتۇلسەن، جېنىم ئاپا!
- تىلىڭ كۆيەر ئىلاھىم، ئۇكاڭنى ئاپەت دەمسىنا؟
- ھەممە خەق شۇنداق دەۋەتسا، سەنلا ئۇنداق دېمەيدىكەنسەنغۇ، ئاپا!
- ئۇ دېگەن مېنىڭ كەنجى بالام، مېنىڭ يۈرىكىم، سەنمۇ ئانا بولغاندا بىلىسەن!

قىز ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى، يۈزىنى ئانىسىنىڭ يۈزىگە ياقتى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ يېڭى (ئەسلى كونا) بىر قەسەم شېئىرىنى يازدى:

ئانىلار تۇغمايدۇ ئاپەتنى،
ئانىلار يارىتار تاقەتنى.
ئانىلار بولمىسا ئالەمدە،
يەر يۈزى بىلمەيتتى مۇھەببەتنى...

بۇ شېئىر بۇ ئائىلىنىڭ تارىخى، بۇ ئائىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ نېگىزى، ئانا بولمىغان بولسا بۇ ئائىلە بولمايتتى، ئانىنىڭ چەكسىز سەۋر - تاقىتى بولمىغان بولسا جەبرائىل بىلەن ئەزرائىل بۇ ئائىلىگە ھازىرقىدىنمۇ كۆپ قېتىم كىرگەن بولاتتى. ئەركە ئۆسكەن ئوغلى 16 يېشىدا مەكتەپتىن ئىچكىرىگە قاچقاندا، دادىسى دەردىنى ھاراقتىن ئالدى، ئەمما ئانا كۆز يېشى بىلەن تاقەتكە ئىلتىجا قىلىپ تولۇق ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئوغلى تويۇقسىزلا ناھايىتى نۇرغۇن پۇل ۋە ماللار بىلەن پەيدا بولغاندا دادىسى: «بالام مېنى دورىدى، قالتىس تەدبىرلىك، چوقۇم روكفېللىر بولىدۇ!» دەپ كۆرەڭلىدى. ئانا بولسا بالىسىغا سوئال بىلەن قاراپ: «ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ ياكى «ئاق» ساتتىڭمۇ؟ ماڭا راستىڭنى دە بالام؟» دەپ يىغلىدى. ئوغلى ماختىنىپ راست گەپ قىلدى: «ئىككىلىسىنى قىلدىم!». «بۇندىن كېيىن يەنە قىلامسەن؟»، «ياق! - دېدى بالىسى قەسەم يېرىپ، ئىللا - بىللا قىلمايمەن!». ئانا بالىسىنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ بىردىنلا بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى. ھەر ۋاق نامىزىدا بالىسىغا خۇدادىن ئىنساپ تىلىدى. ئانىنىڭ ھەر كۈنى، ھەر مىنۇتى ۋەھىمە، دەككە - دۈككە بىلەن ئۆتتى، لېكىن دادا كۈنلىرىنى ئاشخانىلاردا، بازار مەركەزلىرىدە ھاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ۋەھىمە ئاخىر ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئوغلىنى بىر كۈنى تويۇقسىزلا ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى، ئۆيىنى ئاقتۇرۇپ بارلىق نەق پۇل، مال - دۇنيانى ئەلەرگىدۈر ئېلىپ كەتتى. دادا ئەلەمگە چىدىماي قاتتىق ئىچتى - دە، كوچىدا يىقىلىپ، كوچىدا جان بەردى. ئانا ئەرىنىڭ دەردى، بالا جۇدالىقىنى يەنىلا سەۋر - تاقەت بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر يىلدىلا ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچەيدى، چىشلىرى چۈشۈپ، كۆزىنىڭ نۇرى ئاجىزلىدى...

بەش يىلدىن كېيىن ئوغلى قايتىپ چىقتى، قانداق ۋە نېمىشقا قايتىپ چىققانلىقىنى ئانا بىچارە سوراپمۇ قويمىدى، ئۇ ھەممىنى ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىن تىلىگەن تىلەكلىرىنىڭ مېۋىسى دەپ چۈشەندى.

لېكىن بالا ئۇنىڭغا راستىلا ئاپەت بولدى: ئۆيدە ساتمىغان ھېچنېمە قالمىدى. كىشىلەرمۇ مومايغا بىر موچەن قەرز بەرمەيدىغان بولدى. ئوغلى بىر كۈنى: «پۇل تاپ قېرى!» دەپ ئانىسىغا پىچاق تەڭلىدى. ئانا: «ماقۇل، بالام!» دېدى ۋە ئېرىنىڭ بىر تىجارەتچى دوستىغا يىلىنىپ يۈرۈپ، يالغان ئېيتىپ پۇل ئەكەلدى. بالا ئانىغا تەھدىت سېلىۋەردى. ئانا ئاز بولسىمۇ ئامال قىلىپ ئۇنى پۇل بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. مۇنۇ بۈگۈنكىسى شۇ ئىشلارنىڭ داۋامى، خەلقى ئالەمگە ئاشكارىلىنىشى!

بالىسى ئۆگزىدە تۇرۇپ يەنە ۋارقىرىدى:
- ئاخىرقى بەش مىنۇت، ئەمدى چىقمىساڭ سەكرەيمەن!
- چىقاي بالام، جېنىم بالام، مانا ماڭدىم!

ئانا يەنە ياماشتى، لېكىن ئۇنىڭ نە پۇتىدا، نە قولىدا ماغدۇرى قالمىغانىدى، ئۇ بىرىنچى بالداقنىمۇ دەسسىيەلمىدى.

ئانا يەنە ھۆركىرەپ يىغلىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە چوڭ قورۇدىن بىرمۇ پىداكار چىقمىدى. گويا ھەممىلا ئادەم ئوغلىنىڭ سەكرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ يېنىدا كىيىملىرى ناچار، قاداق قوللۇق بىرسى پەيدا بولدى:
- دۈمبەمگە چىڭ يامىشىڭ، مەن سىزنى ئەپچىقىمەن!
- دېدى ئۇ مومايىنى ھاپاش قىلىپ، - چىڭ تۇتۇڭ، قورقماڭ!

بۇ ئادەم دەرۋازىۋەن - ھاراقكەش (ئېرىنىڭ ئۇلپىتى) تۇردى شوپاڭ ئىدى. ئۇ، مومايىنى ھاپاش قىلىپ ئۆگزىگە

چىقاي دېگەندە سىرتتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇردى شوپاڭ بىلەن ئانا ئەمدىلا ئوغۇلىنىڭ ئاياغلىرىنى كۆرۈۋىدى، ئوغۇل تۆۋەنگە ئۆزىنى ئاتتى. ئانا: «بالام!» دەپ ئاخىرقى قېتىم قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئەتىسى ئانا - بالىنىڭ تاۋۇتى بىللە ئۇزىتىلدى.

## غەيرەت

- غەيرەت - كۈچ، تالانت، بايلىق. ئۇمۇ بىر خىل قابىلىيەت! - دېدى ياشلىقىنى ئېلېكتر مېڭە تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان، ئەمما ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، بۇ ساھەلەردىمۇ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ، بىلىم توپلىغان يىگىت دوستىغا رومكىسىنى ئىتتىرىپ قويۇپ.

ئۇلار سۆھبەتلەشكىلى ئىككى سائەتتىن ئاشتى. بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشى مۇشۇ خىل سۆھبەت. ئۈچ يىگىتنىڭ ئەڭ گەپدانى - ئادىل، ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلمايدۇ. ئۇ بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى. ئىككىنچىسى ئۆتكۈر، ئۇ دوختۇر بولغىنى بىلەن ئەدەبىياتنى كەسپىدىنمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى ئېلان قىلىندى. ھەر قېتىم قەلەم ھەققى ئالغاندا ئۇ دوستلىرىنى مېھمان قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى شۆھرەت، ئۇ كەمسۆز، لېكىن ئۈچىنىڭ ئىچىدە كىتابىي بىلىمى ئەڭ كۆپىمۇ شۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى خەنزۇ، ئېنگلىز تىللىرىنى بىلىدۇ. شۆھرەت تېخى كەچكۇرستا ئوقۇپ يۈرۈپ ھازىر پارسچە ۋە تۈركچىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بىچارە شۇ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى بىلەن ھازىر بىر باسما زاۋۇتتا ئېلېكتر مېڭە بىلەن بەت ياسايدىغان ئىشچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. پۈتۈن زاۋۇت ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي: «ستودېنت - داشۆسىڭ» دەپ چاقىرىشىدۇ.

- ئىچە ئادىل، - دېدى شۆھرەت رومكىنى دوستىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، - ئارىمىزدا كۆتۈرۈشلۈكىمۇ، ناتىقمۇ سەن، كۆپرەك ئىچىشىڭ كېرەك.

- ئىچسەم ئىچەي، ئەمما ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىچىمەن. يەنە شۇ كونا گەپ: خىزمەت قىلىشىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى، تىرىشىمىز، تىرىشىمىز، ھېچ قىردىن ئاشالمايمىز، مائاشىمىز يەنە شۇ 3 - 4 يۈز كوي، نە يۈرىدىغان قىزىمىز، نە كىچىككىنە بولسىمۇ مەنسىپىمىز، ئۇنۋانىمىزمۇ يوق. ھېچقانچە بىلىمى يوق، تىرىشمايدىغانلارنىڭ ھەممىلا نېمىسى بار. مەسىلەن، مېنى ئالساڭ، ئىدارىدا سەككىز سائەت باش كۆتۈرمەي تەھرىرلىك قىلغاندىن سىرت ئاخشاملىرى يېرىم كېچىگىچە كوررېكتور كۆرىمەن، تەرجىمە قىلىمەن، لۇغەت ئاختۇرىمەن، كەم دېگەندە تۆت سائەت ئىشلەيمەن.

- تۆت سائەتكە سەككىز سائەتنى قوشساڭ ئاران 12سائەت بولىدىكەن. بىلەمسەنغۇ، بالزاك سوتكىسىغا 18 - 20 سائەتلەپ ئىجاد قىلغان.

- شۇنىڭ ئۈچۈن 18 يىلدا 90 رومان - ھېكايە يازغان - دە!

- ئۇ دېگەن بالزاك، مەن دېگەن ئادىل. ئۇ دېگەن فرانسوز، مەن دېگەن ئۇيغۇر.

- ساپلا تەتۈر گەپ قىلىدىكەنسەن، ئاداش. ئامېرىكىلىق، ئەنگلىيىلىك، فرانسىيىلىك، ياپونىيىلىك قىلالىغاننى ئۇيغۇرلار نېمىشقا قىلالمايدۇ؟ بىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى چىققاندا، ياۋروپانىڭ كاتتا يۇلتۇزى بولغان دانتىمۇ تۇغۇلمىغان، ئۇ چاغدا روسلار قەدىمىي ئورمانلىق ئىچىدە ئوۋچىلىق قىلاتتى، ياۋروپا ئۇخلاۋاتقاندا بىز ئويغانغان... دېگەندەك ئۆزۈڭدىلىرىڭ بار يىگىت بۈگۈن كېپكۈنىڭ تەتۈرسىنى دەۋاتىسەنغۇ!

ئۆتكۈر ئادىلنىڭ ئالىسىغا ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ئەتەي ئۇنى گەپكە سالماق بولدى ۋە يەنە:

- سەن ئارانلا 12 سائەت ئىشلەيدىكەنسەن، بىزنىڭ شۆھرەت سەككىز سائەت زاۋۇتنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ئاخشىمى ئۈچ سائەت كەچكۇرستا ئوقۇيدۇ، 11 سائەت بولدىمۇ. ھەر كۈنى كەچكۇرستىن قايتىپ كېلىپ ئىككى سائەتتىن - ئۈچ سائەتكىچە ئەدەبىيات، پەلسەپە ئۆگىنىدۇ. قانداق، سەندىن جىقمىكەن؟ قارا، ئۇ غەمسىز، ئۆمۈر بويى ئىشچى بولۇشقا بەل باغلىغاندەك، زارلىمايدۇ. ئاخىرقى غەلىبە زارلىمايدىغانلارغا مەنسۇپ جۇمۇ، ئاداش.

- سەن دېگەن كاللاڭغا بېتيوننىڭ روھىنى قاچىلىۋالغان دوختۇر. 3 - دۇنيا ئۇرۇشى بولسا، يارىدارلارنى داۋالىغىلى ئىسپانىيىگە، يېڭى زىللاندىيىگە، سەھرايى كەبىرگە بارساڭ، دۇنيا سېنى تونۇسا، ئۇيغۇردىن چىققان بېتيون بولۇپ چىقساڭ - ھە!

- سەن ئادىل تولا تاماخور بولۇپ كېتىپسەن، - دېدى شۆھرەت كۈلۈپ قويۇپ، - ئېرىشكەنلەرنىلا ئويلىماي، ئۆمۈر بويى تىرىشىپ ھېچنېمىگە ئېرىشمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىمۇ ئويلاپ قوي. چېرنىشېۋسكىي يىگىرمە نەچچە يىل تۈرمىدە ياتتى. تۈرمىدە يېتىپ 11 ئايدا «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن رومانىنى يازدى. ماركس بىر ئۆمۈر ئىجاد قىلدى. ل. تولستويغىمۇ نە ئۇنۋان، نە مەنسەپ تەگكىنى يوق. يەنە...

- بولدى، بولدى، گەپ قىلمىسام بىردەمدىلا دۇنيانى پىرقىراپ، مىسالدىن نەچچە مىڭنى تېپىپ بېرەمدۇ نېمە مۇنۇ ئېلېكتر مېڭە،-دېدى ئادىل دوستىغا قاراپ قويۇپ،- قويە، راسا ئىچەيلى، شوپېنخائۇئېردەك ئىچەيلى. مەن ھاياتىمنى ئاشۇ پېسسىمىزم پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىلىگە تەقلىد قىلماقچىمەن.

- ئۆزۈڭمۇ ئوخشايسەن، - دېدى شۆھرەت دوستىنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىيلاپ قويۇپ، - چاچلىرىڭ بۇدۇر، بېشىڭ يوغان، بويۇنۇڭ قىسقا، پاكار، گەۋدىلىك، بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرىڭ، ئۇ كۆك كۆز، سەن قارا كۆز.

- ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى كەڭ ئىدى، بۇنىڭ تار، - دېدى ئۆتكۈرمۇ كۈلۈپ.

- يەنە بىر ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ مەرد ئىدى، بۇ بىر خەسىس. شوپېنخائۇئېر پۈتۈن پۇلىنى مېيىپ ھەربىي، تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلار جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلىۋەتكەن، خىزمەتچىسى بىلەن ئىتىغىمۇ نۇرغۇن پۇل قالدۇرغان. لېكىن سەن ئادىل بىزدەك ئاغىنىلىرىڭگىمۇ

بىر كويچەن قالدۇرمايسەنغۇ دەيمەن؟

- ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ مېغىزى غەيرەت - جاسارەت، يەنى ئىرادە پەلسەپىسى. مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بەسلىشىش، كۈرەش قىلىش كېرەك. مانا مەن بەسلىشىشكە ئۆزۈمنى ئاتىدىم، ئۇمۇر بويى بەسلىشىمەن. شوپېنخائۇئېر مەغرۇر، ئۆزۈمچىل، ھاكاۋۇر ئىدى!

- ئۇ تاماقنى جىق يەيتتى. ئاڭلىغانىمدىك، ئۇ بىر قېتىم ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقاندا بىرسىنىڭ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغىنىنى بايقاپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا قاراپ: ئەپەندىم، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ دۇرۇس، مەن سىزدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ تاماق يەيمەن، ئەمما مېنىڭ مېڭەممۇ سىزدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىشلەيدۇ، دېگەن!...

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئەمدى گەپنى شوپېنخائۇئېرنىڭ دۈشمىنى گېگېلغا يۆتكىۋىدى، ياندىكى جوزىدىن ئېگىز بىر يىگىت قولىغا بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى:

- سىلەر ئۇيغۇرمۇ ياكى ئورۇسمۇ، ئامېرىكىلىقمۇ يە جوھۇتمۇ؟ - دېدى ئۇ دەلدۈگۈنۈپ، - ھەي... جوھۇتقۇ دەيمەن؟

- شۇنداق بولساق قالتىس بولاتتۇق! - دېدى ئادىل كەلگۈچىگە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ.

- جوھۇت قالتىسما؟

- قالتىس بولماي! ماركس بىلەن ئېينشتېينمۇ جوھۇت. جوھۇتلارنىڭ ئاجايىپ ئالىملىرى بار. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۇنيادىكى 102 يازغۇچىنىڭ 11 ى جوھۇت، قالتىس بولماي نېمە؟

- يەھۇدىي - جوھۇتمۇ؟

- ھەئە، جوھۇت.

- سەن جوھۇت، سەنلەر جوھۇت، - دېدى كەلگۈچى دەلدۈگۈنۈپ، - باياتىن ئاڭلاپ ئولتۇرسام بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشمىدىڭ، ژۇي ئىتنىڭ بالىلىرى!

- خاپا بولما دوستۇم، قېنى ئولتۇر! - دېدى شۆھرەت كۈلۈمسىرەپ ئورۇن كۆرسىتىپ، - ئەمدى ئۇيغۇرچە سۆزلەيلى، ماقۇل.

- مەن پىپا (توپ سېتىش بازىرى) دا سەي ساتىمەن، - دېدى كەلگۈچى قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، - كۈنىگە ئاز بولسا 200 كوي، بولسا 500 كوي تاپىمەن!

- يارايسەن، بىزنىڭ بىر ئايلىق مائاشىمىزنى بىر كۈندە تاپىدىكەنسەن، ئاداش.

- تاپىمەن، مەن ساڭا ئوخشاش ئوتتۇزغا تەڭ!

- مىسىر پەيلاسوپى قاقومنانىڭ: «ئوچۇق - يورۇقلۇق سەممىيەتتىن بىشارەتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار، - دېدى ئادىل غەزىپىنى بېسىپ، - ئوچۇق - يورۇق گەپ قىلدىڭ، راست سەن بىزدەك ئوتتۇزنىڭ پۇلىنى تاپىدىكەنسەن، قېنى ئولتۇرغىنا!

- نېمە، قۇقا... دېدىڭما، ئۇ كىم؟

- مىسىرلىق...

- مىسىر دېگەن جوھۇتما؟

- نېمانداق جوھۇتقا ئۆچلۈك قىلىسەن، ياكى ناتسېپتىمۇ سەن؟ - دېدى ئاخىر ئادىل چىدىماي.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا كەلگۈچى قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن ئادىلنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئادىل ئورۇندۇقتىن دومىلاپ چۈشتى، بېشىدىن جىرقىراپ قان چىقتى. كەلگۈچى غۇلاچ كېرىپ، چاتىرىقىنى كېرىپ تۇرۇۋېلىپ ئىككىنچى مۇشتنى شۆھرەتكە ئېتىۋىدى، شۆھرەت چاققانلىق بىلەن ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ئىككى مۇرىسىنى تۇتۇپ باش بىلەن ئۇرۇۋىدى، ئۆزۈنتۇرا ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئاشخانا ئوپۇر - توپۇر بولۇپ، ئادەملەر غالجىرلاشقان ئۆزۈنتۇرانى سۆرەپ ئەپچىقىپ كەتتى، ئادىلنى دوستلىرى تاكسىغا سېلىپ دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدى.

- غەيرەت قىل ئادىل، ھازىرلا دوختۇرخانىغا بارىمىز!

- دېدى ئۆتكۈر كۆڭلىكى بىلەن دوستىنىڭ قان توختىماۋاتقان بېشىنى چىڭ بېسىپ تۇتۇۋېلىپ، - غەيرەت قىل!

- ئۇ ھەقىقىي ئۇيغۇركەن، - دېدى ئادىل ئارانلا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، - ئۇنداقلار جەمئىيەتتە بىر قاتلام، مەخسۇسلا بىزدەكلەرنى ئۇرىدۇ، كالتەكچىلەر قاتلىمى، ھېچنېمە بىلمەيدۇ، ئۇرۇشقا ماھىر!...

- غەيرەت قىل دوستۇم، بىز ئۇلارنىمۇ يېڭەلەيمىز!

- چىدام - غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەميادىمدا...

- غەيرەت قىل... غەيرەت!...

## جاراھەت

ھازىرلا پارتلايدىغاندەك يالقۇنجاپ، ھەيۋەتلىك چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان پېچتا ئېرىگەن نەچچە مىڭ گرادۇسلۇق قىپقىزىل تۆمۈر ئېرىتمىسىنى پولات تاۋلىغۇچى قېلىپقا قۇيۇش قانچىلىك كۆڭۈللۈك - ھە؟

پولات تاياقچىلارنىڭ يۇگۇرۇشلىرى، ئۇلارنىڭ نەچچە قېتىم ئەيلىنىپ قىسقىراپ ماتېرىيالغا ئايلىنىشچۇ تېخى؟ ئەزىمەت ئۈچۈن دۇنيادا بۇ يەردىن كۆڭۈللۈك ماكان يوق. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدىكى چىرايىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان تاتۇقىمۇ، بەدىنىدىكى كۈچلۈك مۇسكۇللىرىمۇ، مىجەزىدىكى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئېغىر - بېسىقلىقىمۇ مۇشۇ سېختا پەيدا بولغان. ئۇ ئوقۇدى - ئىشلىدى، يەنە ئوقۇدى، يەنە ئىشلىدى، ئەمما شۇ سېختىن باشقا يەرگە بارمىدى. باللىق چاغلىرىدا مەكتەپتىن يېنىپلا شۇ سېختا ئىشلەيدىغان دادىسىنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلەتتى - دە، تۆمۈر شوتىلاردا ئوغلاقتەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەر بىر ئىشقا قىزىقىپ زەن سالاتتى. ئۇ، چوڭ بولۇپ ئىشچى بولدى، ئىشچى بولغاندىمۇ ھەر يىلى نەمۇنىچى، ھەر قېتىم مۇكاپاتلىنىدىغان ئىشچى بولدى. مانا بۇ يىل ئۇ 24 ياشتا، بۇرۇنقىدەك 60 نەچچە گرادۇسلۇق يەرنى دەسسەپ تۇرۇپ پولات سۇيى ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ داشقاللىرىنى بازغان بىلەن تازىلايدىغان ئىشچى ئەمەس، ئېلېكتر مېڭە بىلەن پېچنى باشقۇرىدىغان زامانىۋى ئىشچى.

ئۇ، ھەر قانداق ئىشنى قىلسا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ قىلىدۇ، ئادەملەر ئۇنىڭ قاپاق تۈرگىنىنى، قوپال گەپ

قىلغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىدى، ئەمما ناخشىسىنى ھەر كۈنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭى، قاراقاش، قارا كۆز، قاڭشا بۇرۇن يۈزىدە كۈلكە - تەبەسسۇمدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. گويا ئۇ ئوڭ مەڭزىدىكى تامغا باسقاندەك كۆرۈنىدىغان تاتۇقى بىلەن پەخىرلەنگەندەك دائىملا كۈلۈمسىرەپ، خۇشال - خۇرام يۈرىدۇ.

بۈگۈن نېمە بولدىكىن، ئۇ غەمكىن، كەمسۆز ۋە خىيالچان. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ھۆرىيەت ئىسىملىك قىزدىن كۆرىدۇ. زاۋۇت گېزىتىنىڭ مۇخبىرى مەن، دەپ دائىم كېلىدىغان بۇ بۇدۇر چاچلىق، ئويماق ئېغىز، ئاقسېرىق قىز بىر نەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىپلا ئەزىمەتنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يۈزىدىكى تاتۇق سەۋەبىدىن قىزلارغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بۇ يىگىت مۇھەببەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان ئەمەستە. بەلكى ئۇنىڭ قەلبىگە «مۇھەببەت ئۇترۇقى» بولغان سۆھبەتلەر ھازىر يالقۇن پەيدا قىلغاندۇ. لېكىن قىز ھېسسىيات قوزغايدىغان مەنىلىك گەپلەرنىمۇ قىلمىدى:

- ئۆزۈمچىلا سوراپ باقتىم، مۇكاپاتلىرىڭىز بىلەن ئايدا قانچىلىك ئىش ھەققى ئالىسىز؟

- 2000 كويدەك.

- سىلەر قانچە جان؟

- ھازىر ئۈچ جان.

- «ھازىر» دېگىنىڭىزنى ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز بولامدۇ؟

- بالىلارنىڭ كەنجىسىمەن، دادام، ئاپام ئۈچىمىزلا.

- ئۇنداقتا دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزنى سىز باقىدىكەنسىز - دە؟

- ياق، ئۇلارنىڭ پېنسىيە پۇلى بار.

- مۇنداق دەڭ. ئۇنداقتا سىلەر ئائىلىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشىكەنسىلەر - دە؟

- شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

- سىز نەدە جاپالىق ئىش بولسا تاللاپ يۈرۈپ قىلىدىكەنسىز، جاپالىق ئىشلار ئۈچۈن يەنە ئالاھىدە ھەق بېرەمدۇ؟

- ياق.

- يەنە قوشۇمچە بىر گەپنى سوراپ باقاي، ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ.

- قېنى، سوراڭ.

- بانكىغا خېلى جىق پۇل قويغانسىلەر - ھە؟

- شۇنداق.

- ساننى سورىمايلا قوياي، 10 - 20 تۈمەندىن جىق بولسا كېرەك؟

- . . .

- شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئۆيلەنمىدىڭىز؟

- . . .

بارى - يوقى مانا مۇشۇلار. بۇ خىل سۆھبەتتىن كېيىن خىيالچان بولۇپ قېلىش ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ - دە، ئەلۋەتتە. «ئۇ قىز مېنىڭ پۇلۇمغا قىزىقتى. مەن نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدۇم. پۇلغا قىزىققانلارنىڭ نىيىتى يامان بولىدۇ، بۇ، مېنىڭ تەسىراتىم، لېكىن نىيىتى يامان قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلارمۇ بار. نىيىتى يامانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلارمەنمۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ روھىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان گۈزەل نەرسىلەرنى بىلىشكە قىزىقماي بانكىدىكى پۇلىمىزغا قىزىقتى؟ بانكىدا خېلى جىق پۇلىمىز بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ نېمىشقا يۇشۇرۇن «ئۇھ» تارتتى. نېمىشقا ماڭا دېمەستىن ئۆيىمىزگە بېرىپ ئاپامدىن مەن توغرىلىق ئۇنى - بۇنى سورىدى؟ «ئەسەر يازماقچىمەن» دەيمىش تېخى. ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن تەييارلىغان لاتا - پىتە، ئالتۇن - پالتۇنلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈچۈن نېمىگە لازىم؟ ياق، ئۇنىڭ نىيىتى يامان، مەقسىدى مېنى قولغا چۈشۈرۈش، ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا شۇنچە يوغان، شۇنچە سەت تاتۇقۇم كۆزىگە كۆرۈنمەي بانكىدىكى پۇلۇم بىلەن ئايلىق ئىش ھەققىم كۆزىگە كۆرۈنىدۇ - ھە؟ . . .»

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مىجەزىنى، كۆندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، تىنچ ھايات كۆلچىكىگە تاش ئېتىپ بوزغۇن پەيدا قىلغان بۇ مۇخبىر قىز توغرىسىدا كەچكىچە ئويلىغاندىن سىرت يولدا كېلىۋېتىپ ۋېلىسىپىت ئۈستىدىمۇ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى.

- ئەزىمەتجان!

قىزنىڭ تونۇش ئاۋازى ئۇنى توختاتتى، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈردى، ئۇنى ئۆزىگە يانداش ماڭدۇرۇپ «خەلق باغچىسى» غا ئەكىردى ۋە سېمونت ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى:

- مەن سىزنى يېقىن دوستۇمدەك كۆرىمەن، - دېدى قىز گەپلىرى قولاشمىسىمۇ گەپ ياساپ سۆزلەپ، - سىزمۇ مېنى دوستۇم دەپ بىلەمسىز؟

- مەن قىزلار بىلەن دوست بولۇپ باقمىغان، - دېدى ئەزىمەت قىزدىن ئۆزىنى چاندۇرماي قاچۇرۇپ، - يەنە نېمىلەرنى بىلگۈڭىز كېلىدۇ؟

- ھېچ نەرسە سورىماي ئەمىسە، - دېدى قىز ئەزىمەتنىڭ گۆشلۈك يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، - تاتۇقىڭىز سىزگە ئاجايىپ ياراشقان. . .

قىز نازۇك بارماقلىرى بىلەن يىگىتنىڭ تاتۇقىنى سىيلاپ قويدى ۋە:

- قاراڭا، ئەينەكتەك سىلىق. چوغدەك تۆمۈر تەگكەن ئىكەن - ھە؟ ئۇ چاغدا بەك قاتتىق ئاغرىغان بولغىيدى. بىر قېتىم مېنىڭ قولۇمغا قايناق سۇ. . .

- سورايدىغان يەنە قانداق سوئاللىرىڭىز بار، - دېدى يىگىت بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، - مۇخبىر قىز، خىزمەت دائىرىڭىزدىن چەتنەپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن. تاتۇقۇم ياراشقان بولسا تانسىغا باراتتىم، سىزدەك قىزلارغا تىكىلىپ قارىيالايتتىم، ئۆز - ئۆزۈمنى كەمسىتىپ يۈرمەيتتىم. سىز مەندە يوق سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيىلەپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ لېكىن بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنداق ئوڭايلا قارماققا ئىلىنىدىغانلاردىن ئەمەسمەن!

ئەزىمەت ۋېلسىپىتىغا مىنىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى، قىز ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەزىمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى: «تاپقان ئازراق پۇلۇم روھىي دۇنيارىمدىن ئەزىزمۇ؟ نېمىشقا ئۇ دۇنيانى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار چىقمايدۇ - يۇ، پۇل - پىچەك ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇيدىغانلار كۆپ؟» ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، يۈزى كۆيگەندە خۇددى شۇنداق ئېچىشقان، ئۇنىڭدىن بۇ جاراھەت قالغان ئەمەسمىدى. ھازىر يۈرىكى قاتتىق ئېچىشماقتا، ئۇنىڭدىنمۇ يۈزىدىكىدەك جاراھەت قالارمۇ؟

## ھاماقەت

ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدۇ. نۇرغۇن قېتىم دوستلىرى ئۈچۈن پىچاق يېدى، باشقىلار ئۈچۈن زىيان تارتتى، كىمكى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسا، ئۇ بۇنداقلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمىدى.

ئۇنىڭ پۇل تاپىمىقىمۇ، بۇزدى - چاچتى قىلىپ يوقاتمىقىمۇ ئاسان: پىكاپى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ كۆلىدىن (ئىچكى ئۆلكىلەردىن) سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئەپچىقىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە يۈز كىلومېتىر يەرگە بارىدۇ - دە، ئۇلارنى بىردە ئالداپ، بىردە قورقۇتۇپ ماشىنىلىرى بىلەن ئەرزان باھادىلا ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭ سېتىش بازىرىغا ئەكېلىپ نۇرغۇن پايدىسىغا ساتىدۇ؛ سىرتتىن قوي - كالا ئەكەلگۈچىلەرنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن كوملاپ ماللىرىنى ئېلىۋالىدۇ - دە، پايدىسىغا ساتالايدۇ؛ يۇڭ - تېرە، كىيىم - كېچەك، ھەتتا ماشىنا، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى سودىسىغىمۇ ئارىلىشالايدۇ ۋە ئوخشاشلا پايدا ئالالايدۇ. لېكىن تاپىدۇ، چاچىدۇ. يەنە تاپىدۇ، يەنە چاچىدۇ. شۇڭا تاپقىنىنىڭ بەرىكىتى يوق. قولىدىكى ئاشۇ كونا «ۋولگا» ماركىلىق پىكاپىدىن باشقا نە ئۆيى، نە پۇلى، نە تۈزۈك كىيىم - كېچەكمۇ يوق.

ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ يانچۇقىدىكى پۇلىدەك كېلىپ - كېتىپ تۇرغۇچىلار. ئۇلار رېستوران - ئاشخانىلاردا بىر - بىرىگە قەسەم بېرىپ ئايرىلماس دوستلاردىن بولۇشىدۇ - دە، مەست بولۇشقاندىن كېيىن مۇشتلىشىدۇ، بىر - بىرىگە پىچاق كۆتۈرۈشىدۇ. باش - كۆزلىرىنى يېرىشىپ، كىيىملىرىنى تىتماتالاڭ قىلىشىدۇ... ئۇلارنىڭ قەسەم - ۋەدىلىرىمۇ كىيىملىرىدەك تىتماتالاڭ بولۇشىدۇ.

ئۇنىڭ ئاكا- ئۇكا، قېرىنداشلىرىمۇ ئۇنىڭدىن بىزار، ھەم ئۇنىڭغا ئىنتىزار: ئۇ، قولىغا پۇل چۈشكەندە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كاللەك - كاللەك (نەچچە مىڭ كويلاپ) پۇل، پۈتۈن - پۈتۈن قوي گۆشلىرى، يەشىك - يەشىك مېۋە - چېۋە، ھاراق - پىۋىلارنى تارقىتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۇ گويا ھەرەمدىن قايتقان ھۆرمەتلىك ھاجى ياكى چەت ئەلدىن كەلگەن ئەزىز مېھمان. قېرىنداشلىرى ئۇنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن يامانلىشىدۇ. ئۇ بولسا بۇنداق چاغلاردا ھەپتىلەپ - ئايلاپ ئۆيدىن - ئۆيگە يۆتكىلىپ مېھمان بولىدۇ، قانغۇچە ئۇخلايدۇ، ئۆزىنى تەڭدىشى يوق بەختلىك ھېسابلايدۇ - دە، خۇشاللىقىدىن سىرتقا چىقىپ سوتكىلاپ - سوتكىلاپ ھاراق ئىچىدۇ، تاكى تۇغقانلىرى بىزار بولغۇچە...

ئاخىر ئۇ سىرتلاردىن خۇددى ھازىرلا تۈرمىدىن چىققاندەك ۋەيرانە قىياپەتتە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ - دە، ھەممىلا ئۆيدە سوغۇق مۇئامىلە، دۈشكەللەش ھەتتا تىل - ئاھانەتكە ئۇچرايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تەستە ئوت ئالىدىغان «ۋولگا» پىكاپىغا كىرىپ كېتىدۇ - دە، يەنە پۇل تېپىشنىڭ داغدام يوللىرىدا كېچە - كۈندۈز چاپىدۇ.

ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت يىللىق ھاياتى - ئۇنىڭ «شانلىق» تارىخى، ئۇنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى. ئۇ، بۇ سىنارىيىنى پات - پات كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇ تارىخ كىتابىنى پات - پات ۋاراقلاپ تۇرىدۇ. بۇ تارىخ ئۇنىڭ غۇرۇرى ھەم يۈرەك يارىسى. چۈنكى ئۇ مانا شۇ تارىخىدا ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدىدى. قانچە مۇشكۈلات، قانچە جەبرى - جاپا، تىل - ھاقارەت ۋە روھىي ئازابلارنى تارتتى: ئۇ، پەخىرلەنگۈدەك مەردلىكمۇ، نوچىلىقمۇ، خەير - ساخاۋەتمۇ، ياردەم - شەپقەتمۇ قىلدى؛ يەنە ئۇنتۇمايدىغان تەجرىبە - ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولدى. لېكىن پاراغەت ئۇنى يەنىلا قارىملىق، تەۋەككۈلچىلىككە ئۈندەپ كەلدى. ياخشىلىق، يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ - تەتۈرلۈكىدىنلا كۆرۈپ كەلدى.

ئەنە ئۇ «ئىتتىپاق» كىنو - تىياتىرخانىسىنىڭ بېقىنىدىكى بوشلۇقتا پىكاپىنى توختاتتى. ئۇنىڭ قىسقا چاچلىق بېشى، يۇمىلاق، كۈلۈپلا تۇرىدىغان يۈزى پىكاپتىن چىقتى. ئۇنىڭ مەردلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قامىلاشقان گەۋدىسى ئادەملەر ئارىسىغا شۇڭغىدى. ئۇ، ئادەملەرنى جەينەكلەپ، چەمبىرەك بولۇشقان ئادەملەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى - دە، بەش تال «تەلەي چەمبىرىكى» سېتىۋالدى. ئۇ، چەمبىرەكلەرنى مەيداندىكى تاماكىلارغا ئاتمىدى، ئاستا دۇگىلەتتى. ئۇ ئۈچ قاپ «گۇاڭجۇ» تاماكىسى ئۇتتى. ئۇ، تاماكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلدى:

- مەن قالتىس تەلەيلىك!

- قالتىس مەرد!

ئۇنىڭغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلدى:

- سەنمۇ تەلەيلىك. تازا ئېچىرقىغان چېغىمدا ماڭا ئۇچرىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

- راست - يالغانلىقىنى رېستوراندا كۆرىمەن!

ئۇلار كۈلۈشۈپ رېستورانغا ماڭدى، ئۇلارغا يەنە تۆت يىگىت ئەگەشتى.

رېستوراندىن چىققاندا ئۇنىڭ يانچۇقلىرى قۇرۇقدالغان، روھى چۈشكەنىدى. ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ كىمنىدۇر تىللايتتى:

- ئىتتىن تۇغۇلغان بەدرەك - ھايۋان!

ئۇ، يالغۇز چىقتى. ھېلىقى تەلەيلىك «قەھرىمان»مۇ، ئۇلارغا ئەگەشكەن تۆت يىگىتمۇ يوق ئىدى. ئۇ، يېنىدىن تاماكا ئىزدىدى، تېپىلمىدى، پىكاپىنى ئوت ئالدۇرۇۋىدى، ئوت ئالمىدى. پىكاپىنىڭ ئالدى قاپقىسىنى ئېچىپ ياغلىقى بىلەن بىلر يەرنى تازىلاشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرسى ئاستا ئۇردى.

- ماڭا ياردەم قىل!

- مەن تەييار، لېكىن ماشىنام تەييار ئەمەس!

ئۇلار تېزلا پىكاپنى ئوت ئالدۇردى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

- مەردلىك سېنىڭ كەسپىڭ! - دېدى دوستى ئۇنىڭغا ئاماكا چېشلىتىپ، - تاپسەن، خەجلەيسەن، ئاغىنىلىرىڭ سېنىڭ جېنىڭ، سەن دوستۇڭ ئۈچۈن جېنىڭنىمۇ تىكەلەيسەن، شۇنداقمۇ؟

- شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بىرمۇ دوستۇم يوق! - دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن خورسىنىپ، - مېنىڭ پۇلۇمنى خەجلىسىلا دوست بولۇۋېرمەيدۇ، ماڭا كۆيۈنسە دوست بولىدۇ - دە. مەن دوست تېپىش ئۈچۈن مەردلىك قىلمايمەن، دۈشمەن تېپىش ئۈچۈن!

- دائىم تەتۈر گەپ قىلىسەن - ھە!

تۇساتتىن ئىككى يىگىت پويىز ئىستانسىسىنىڭ مەيدانىدىن ماشىنىلارنى ئارىلاپ پىيادە قېچىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر توپ ئادەم - ساقچىلارمۇ باز ئىدى.

- تېز چىقىشە! - دېدى ھېلىقى دوستى پىكاپ ئىشىكىنى ئېچىپ. ئۇلار چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇيرۇدى، - ھەيدە، مەرد يىگىت، مەردلىكىڭ سىناقتىن ئۆتسىلا 5000 كويچەن مۇكاپات ئالىسەن!

تۆت ئادەم ئولتۇرغان پىكاپ ئۇلانباي تەرەپكە قاراپ خېيىم - خەتەرگە قارىماي ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ، قوغلاپ كېلىۋاتقان ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ توختىمىدى، قىرى «ۋولگا» 100 كىلومېتىردىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ماشىنىلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، خېيىم - خەتەرگە قارىماي يۈگۈرۈۋەردى.

ئۇ، قەھرىمانلىقىدىن، مەردلىكىدىن خورسەن. ئۇ، ماشىنىدىكى ئادەملەرنىڭ كىملىكى بىلەن ھېسابلاشمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كىملىكى زۆرۈر ئەمەس، زۆرۈرى قەيسەرلىك، مەردلىك!

مانا، ئالدىدىنمۇ ساقچى ماشىنىلىرى چىقتى. ئۇ ئاخىرى ئىلاجسىز توختىدى. ئۇلارنىڭ - تۆت يىگىتنىڭ قولىغا كويزا سېلىندى.

- مەن شوپۇر، - دېدى ئۇ، - ماشىنام بىلەن جان بېقىۋاتقان تىجارەتچى!

- نومۇرلۇق چامادانda قانچىلىك پۇل، ئالتۇن بارلىقىنى سەن بىزگە دېگەن! - دېدى ھېلىقى دوستى بىردىنلا باتۇرلۇق قىلىپ، - قالغىنىنى بىر ئازدىن كېيىن تاپشۇرىمىز. سەن باش جىنايەتچى، بىز ئەگەشكۈچى!

- سەن ئىتتىن تۇغۇلغان! . . .

ئۇ، تىللاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. بىر كالتەك يالىڭاچ بېشىغا تەگدى - دە، ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ، يىگىرمە نەچچە كىشىلىك تۈرمە كامېرىدا تېرىكىپ - بوغۇلۇپ ئۆز - ئۆزىنى تىللىدى:

- مەردلىك، نوچىلىق، ئادەمگەرچىلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر تىيىن! قېنى ئەمدى مېنى ئۇ نەرسىلەر قۇتۇلدۇرالامدىكى! مەن تازا ئۇچىغا چىققان سارالڭ، دۆت - ھاماقەت! (M1)

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1 - دەرىجىلىك يازغۇچى

## ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلەر

▲ «مەكتۇبات» ناملىق مەشھۇر كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايەت بايان قىلىنىدۇ:

يېقىنقى زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئەۋلىيا ئۇستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا شەيتاننىڭ پۇتىنى مۇغا چىلاپ ئوينىاپ ئولتۇرغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- ھەي مەلئۇن، مەن تېنىم تاپماي كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقىرىپ، ئۇلارنى گۇناھكار قىلالتىڭ، يېقىندىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۆز كەسپىڭنى قىلمايدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

شەيتان ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن:

- يېڭىدىن پەيدا بولغان چالا موللىلار ھەر خىل پىتنە - ئىغۋا، يالغان - ياۋىداق پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىرىپ، كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، كۆز بوياۋاتىدۇ، دېمەك ئۇلار مېنىڭ ئىشىمنى جان - جەھلى بىلەن ئىشلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن خاتىرجەم دەم ئېلىۋاتىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

▲ بۇزۇرجىمىھىردىن:

- نېمىشقا دوستىنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇش ئاسان، دۈشمەننى دوست قىلىش قىيىن، - دەپ سوراپتۇ.

- ئىمارەتنى بۇزۇش سېلىشتىن، قاچىنى سۇندۇرۇش ياساشتىن، پۇلنى خەجلەش تېپىشتىن ئاسانراقتە، - دەپتۇ ئۇ.

* * *

▲ ئەر ئۆز ئايالىنىڭ ئاشنىسىنى ھەممىدىن كېيىن تونۇيدۇ.

▲ ھەسەتخورنىڭ ۋايساپ قاقشىشى ھاياتىنىڭ تەنتەنىسىدۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ھەسەتخورلارنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغان ۋاقتىدۇر.

▲ باشقىلارغا ھەددىدىن زىيادە يېقىنچىلىق قىلساڭ، ھۆرمىتىڭنى كەتكۈزۈپ قويىسەن - دە، ئۇ سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ يۇقىرىغا ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيەت، تەڭلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئەدەب، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئالىيجانابلىقتۇر.

▲ ئۆلۈپ جەسىتىڭ چىرىگەندە كىشىلەر ئۇنتۇپ قالمىسۇن دېسەڭ، يا كىشىلەر ئوقۇشقا ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرنى ياز، يا كىشىلەر يازغۇدەك ئىشلارنى قىل.

▲ بالا چاغدا ئاتىدىن، ئوتتۇرا ياشلىق چاغدا خوتۇنىدىن، قېرىغاندا بالىدىن ئايرىلىش - كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۈچ چوڭ بەختسىزلىكتۇر.

* * *

▲ تاراتىلغان تۈگمەننىڭ ئۇنى يېرىك.

▲ بېشىڭنى سالغىن، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت.

▲ ئانىسى چوڭ بولمىغۇچە قىزى چوڭ بولماس.

▲ خوتۇننىڭ چىڭى، ئەرنىڭ مەرتى ياخشى.

▲ ئەرنىڭ نامىنى خوتۇن چىقىرار، خوتۇننىڭ نامىنى خوتۇن چىقىرار.

▲ ياخشى ئىستىل، ياخشى خاراكتېر مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان يول خېتىدۇر.

توپلىغۇچى: بۇۋى مەريەم شېرىپ (ئوقۇغۇچى)



# دانۇر تاغا



(پوۋېست)

## جالالىددىن بەھرام

ـ دانۇر تاغام كەلدى، دانۇر تاغام!...

خۇددى ھېيت ناغرىسى ياڭرىغاندەك بۇ جاراڭلىق ئاۋازدىن دەرۋازىلار غارىلداپ ئېچىلىپ، قوش قاناتلىق ئىشىكلەرنىڭ زەنجىرلىرى شاراقلاپ، كىچىك ئەگۈنلەر «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ ئۇششاق بالىلار ئۆزىنى كوچىغا ئېتىشتى. سۇ سېپىلگەن گۈللۈك ھويلىلاردىن چۇشلۇك چايغا ئولتۇرۇشقان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ: «ھوي، چېپىڭنى ئىچىۋال»، «چاينى يۇندا قىلامسەن؟»، «ھەي، بۇ بالا سارىڭى دانۇرنىزە» دەپ قاقشىغان ئاۋازى كەلدى.

ماشرەڭ ئىشتان ـ چاپان كىيگەن، قايرىما ياقىلىق چاپىنى ئۈستىدىن رەڭگى ئۆچكەن كەڭ كەمەر باغلىغان، ئىشتان پۇچقىقىنى ئاقارغان خۇرۇم ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىققان بۇ پاكار بويلۇق، ۋىجىك قارا ئادەم ئېلەڭ ـ سېلەڭ ماڭغىنىچە كۆكۈچ بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ـ دانۇر تاغام كەلدى، دانۇر تاغام!

بالىلار دانۇر تاغامنى مەھەللە ئوتتۇرىسىدىلا ئارىغا ئېلىۋالدى. بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ چاپىنىغا ئېسىلسا، بەزىلىرى قولىنى تۇتۇۋالغانىدى. چاپىنىنىڭ پېشىمۇ ئاشمىغان بالىلار بولسا ئۇنىڭ ئىتىنى قۇچاقلاپ، ئەركىلىتەتتى.

ـ ئابۇك، ھاجى، مىرزى، ھېبوك، ئەبەك، ئاباك مانا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

بۇ ساڭا. ماۋۇنى سەن ئال. ساڭىمۇ بار. مانا - مانا، تالاشماڭلار - ھە.

دانىيار تاغام باللارنىڭ بىرسىگە مەنپەزە، بىرسىگە گۈلە - قاق، يەنە بەزىلىرىگە بىرەر چاقماق قەنت بېرىپ، كۆز، قاش، ئېغىزلىرىدا تۇرلۇك ئىما - ئىشارىلەرنى قىلىپ ئۇلارنى كۇلدۇرەتتى، ئەركىلىتەتتى.

دانىيار تاغام باللارنى ئۆزى قويۇپ قويغان ئەركىلەتمە ئىسىملىرى بىلەن چاقىراتتى. مەسىلەن، مېنىڭ ئىسمىم ئابلىمىت ئىدى، لېكىن ئۇ مېنى «ئابۇك»، ھاجى ئەكبەرنى «ھاجى»، مىرزاھەكىمنى «مىرزى»، ئەبەيدۇللانى «ئەبەك»، ھەبىبۇللانى «ھېبۇك»، ئابابەكرىنى «ئاباك» دەيتتى. ئەيتاۋۇر ئۇ قويغان بۇ ئىسىملار مەھەللىمىزدىكى باللار ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى ئەزان قىچقارتىپ قويغۇزغان ئۆز ئىسىملىرىدىنمۇ مۇقەددەس ئىدى.

- دانىيار تاغا، قاياققا كەتتىڭ؟ بۈگۈن ساڭا بەش كۈن بولدى، - دېدى ھاجى بۇرنىنى تارتىپ.

- ياق، بەش كۈن بولمىدى، تۆت يېرىم كۈن، - دېدى مىرزى بارمىقىنى ساناپ.

- بۈگۈن كۈن ئۆلتۈرسا بەش كۈن بولىدۇ شۇ، - تولۇقلىدى ئاباك.

- بولدى، بولدى، تالاشماڭلار، - دېدى سەل ئېچىۋالغان دانىيار تاغام بىر ئاز دۇدۇقلاپ، - مەن، مەن ئىشلەپ كەلدىم. ھە، ھېبۇك، سەن. . . سەن قېرىندىشىم يوق دېگەنتىڭغۇ، بۇنى ئال. ئەمدى خېتىڭنى چالا قويماي ياز. بىلىپ قوي، سەن ھازىر نولۇۋۇي كلاس ① ئەمەس، پىرىۋۇي كلاس ②تا ئوقۇۋاتىسەن جۇمۇ!

ھېبۇك قىزىل سىرلانغان قېرىنداشنى ئېلىپ قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى نامرات سوۋاقچى بولۇپ، ئوششاق باللىق ئادەم ئىدى.

ھېبۇك يانچۇقىدىن بىر بۇردا ناننى ئېلىپ ئىتقا تەڭلىدى، لېكىن ئىت ناننى ھىدلاپ قويۇپ يېمىدى. دانىيار تاغام روسچە نېمىدۇر دېۋىدى ئىت ئىزا تارتقاندەك بولۇپ ناننى ئېغىزىغا ئېلىپ چاينىدى. دانىيار تاغام:

- مالچىك ③، دوستلار بىلەن كۆرۈشمىدىڭغۇ، ھۇ يۇزسىز، - دېۋىدى، مالچىك ئۇنىڭ پۇتىنى ھەر بىر باللىغا كۆتۈرۈپ كۆرۈشۈپ چىقتى.

- باللار، قېنى ئەمىسە مېنىڭ غېرىبانە كۆلبەمگە. . .

باللار چۇرقىراشقىنىچە دانىيار تاغامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ بىزنىڭ قورۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىشكە كوچىنىڭ ئاياغ ئۇچىدىن لەڭپۇڭچى روزىئاخۇن تۇڭگاننىڭ تونۇش ئاۋازى ياڭرىدى:

- ئاش. . . لەڭپۇڭ، ئاشلەڭپۇڭ. خاجۇ - خۇجۇ، سىركە - لازا، جاڭپىزا، سامساق قىياملىرى تىلدا قالىدىغان ئاشلەڭپۇڭ!

پاكىز قىرىلغان پارقىراق بېشىغا ئاق تور دوپپا كىيگەن تەمبەل روزىئاخۇن ئەۋرىشىم ئەپكىشىنى لىڭشىلدىتىپ، ئىككى ساندۇق تەڭزىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

ئۇ خۇددى ئۇقۇرغا كۆنگەن ئاتتەك دانىيار تاغامنى كۆرۈپلا كۆلگىنىچە تەڭزىلىرىنى يەرگە قويدى.

- ھە، دانىيار، سەن شۇ بامۇ؟ مەندە ئاشلەڭپۇڭنى سەن يېمىگىلى نىكەم. باللىرىڭمۇ سېنى شۇ كۆپ سېغىندى.

- تېخى تۆت كۈننىڭ ئالدىدىلا بىر داس ئۇيۇتماڭنى تۈگەتمىدۇقمۇ؟

- قانداق، دەتتىكامدا ئامىتىڭ كېلىۋاتامدۇ شۇ؟ ئاڭلىسام سويدۇڭ، كۇرەلەردە دەتتىكام يامان قىزىيدۇ، دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

- بولدى، بولدى، كاس - كاس تۇڭگان، گەپنى ئاز قىلىپ ئاشلەڭپۇڭىڭنى جىق - جىق سېلىپ بىرىمىزگە بىر تەخسىدىن بېرە.

روزىئاخۇن باللارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى:

- شۇ، شۇ يەنە بۇرۇنقىدەك 13 تەخسە. . .

- كىم نېمىگە ئامراق، نېمىگە ئۈچ، بىلىسەنغۇ؟

بىز ھەممىمىز ئاق داكا بىلەن ئورالغان ئىككى تەڭزە ساندۇقنى چۆرىدەپ ئاشلەڭپۇڭنى مەززە قىلىپ يېيىشتۇق. بەزىلىرىمىز بۇرۇنلىرىمىزنى توختىماي تارتساق، بەزىلىرىمىز ئېچىشقان كالپۇكلىرىمىزنى شورايتتۇق. روزىئاخۇن بىكارلانغان تەخسىلەرنى يۇيۇپ، دەسماللاپ تەڭزە ئىچىگە تىزاتتى. دانىيار تاغام ئاشلەڭپۇڭنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن، روزىئاخۇن ئەپكىشىنى لىڭشىلدىتىپ مەھەللە ئايىغىدا ساقلاپ تۇرغان قىز - چوكانلار تەرەپكە توۋلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى:

- ئوخشىغان ئاشلەڭپۇڭ. سېرىك خوتۇننىڭ سېرىكىنى، ئىچى قاتقاننىڭ تېزىكىنى يۇمشىتىۋەتكەن ئاشلەڭپۇڭ. سىركە - لازا، خاجۇ - خۇجۇ، جاڭپىزا، سامساق سۈيى، راڭپىزا. . .

باللار ۋارقىراشقىنىچە دانىيار تاغامنىڭ ئىشىكى كوچىغا قارايدىغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە كىرىشكە باشلىدى. مەن دادام بىر چاغلاردا ماشىنىچىلىق دۇكىنى قىلغان، ئەمدى دانىيار تاغام ئولتۇرۇۋاتقان دەرپەردىلىك بۇ ئۆيگە قارىغىنىمدا تېخى بىر يىل ئىلگىرىلا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يادىمغا كەچتى.

* * *

ئاپام: «ھوي بىغەرەز ياغاچ قولاق، ئۇ سېنىڭ كىچىك دادىڭ بولىدۇ، ئۇنى كىچىك دادا دېگىن» دەپ بىر نەچچە قېتىم ماڭا تاپا - تەنە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى مەھەللىدىكى باللارغا ئوخشاشلا: «دانىيار تاغا» دەيتتىم.

بىر كۈنى چۈشتە مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپىدا پاكار، دىقماق بىر قارا ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۆكۈچ تۈكلىرى يالتىراپ، قولاقلىرى شىڭتايغان بىر بۆرە ئىت ئالدى پۇتلىرىنى سوزغىنىچە دەرۋازىنى توسۇپ ياتاتتى.

- ھوي ئاكا، ئىتىڭىزنى هاي دەڭا، ئادەمگە خىرقىراۋاتىدۇ، - دېدىم مەن ئىتنىڭ تىكىلىپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىگە قاراپ.

- تاك - تاكوي ④، نەگە كىرمەكچىدىڭ؟ - دېدى ئۇ بوغۇلغاندەك خىرقىراپ.

- ئۆيۈمگە.
- كىمنىڭ بالىسىسەن؟
- دانىيارنىڭ.
- ۋوت خاراشۇ (5)، ماۋۇ بەزگەك، ئاكامنىڭ بالىسى ئوخشىمامدۇ؟

بۇ ئادەمنىڭ قىيسىق كۆزلىرى گويا مۇز ئۈستىدىكى چوغدەك ۋىللىدە يېنىپ، سوغۇق چىرايىنى بىر دەقىقە يورۇتقاندەك بولدى.

- مەن بەزگەك ئەمەس، ساق تۇرسام...
- تۇرقۇڭنى دېمىنا، داستىكى يوندىغا بىر قارا، ئاندىن بىلىسەن!

بۇ ئادەمگە بىر قاراشتىلا، قارا ھەرىدەك پاخماق قېشى، ئىلمەك بۇرنى، داتلاشقان ئويماقتەك كىچىك ئاغزى گويا ئۇنىڭ ياغدا كۆيگەن قوشۇقتەك قاپقارا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىنى تالاشقاندەك بىر يەرگىلا يىغىلىۋالغانىدى. ئۇ، بۇدرە - بۇدرە ساقال باسقان چاسا ئېڭەكلىرىنى مىدىرلىتىپ گەپ قىلغاندا ئاۋازى خۇددى قۇدۇقتىن ئاڭلانغاندەك غورۇڭ - غورۇڭ چىقاتتى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان مايسىرەڭ شىم - چاپىنىمۇ ئۆزىگە خوپ كەلمىگەندەك، سىڭشىمەي ئۇنى غەلىتىلا كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ، مېنى ئالدىغا تارتىپ مۈرەمدىن بىر - ئىككى قېتىم سىلكىشلەشتۇرۇپ، يۈزۈمنى ئېڭەكتەك يېرىك ئالقانلىرىدا سىلىدى:

- ۋۇي نان يېمىدىڭمۇ، رو چىۋىندەكلا تۇرسەنغۇ؟ ئېتىڭ نېمىدا؟
- ئابلىمىت.
- ئابلىمىت؟ ھىي ئابۇك، بىلەمسەن، سەن ئاسلاندەك ۋاقتىڭدا بىز سېنى ئابۇك دېيتتۇق، ئاداش.

ماڭا بۇ ئادەمنىڭ قوپاللىقى، سۈرۈن تەلەتى، سوغۇق، كىچىككىنە چېقىر كۆزلىرى ئانچە ياقمىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىناس ئاغىنىلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك «ئاداش» دېيىشىدىن ئۇنىڭدىن ئانچە ياتسىراپ كەتمىدىم.

- ئېتىڭىز نېمە، ئاكا؟
- دانۇر، دانۇر تاغا دەۋەرگىن. تاغلىق بالىلارمۇ شۇنداق دەيدىغان.
- تاغا، بۇ سىزنىڭ ئىتىڭىزما، ئېتى نېمە؟
- ھەئە. بۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرىم مالچىك بولىدۇ. شۇنداقمۇ مالچىك.

دانۇر تاغام ئىتىنىڭ ئىسمىنى پەخىرلەنگەن ھالدا تۇۋلاپ رۇسچە نېمىلەرنىدۇ كالدىرلىغانىدى، ئىت ئۇنىڭ پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا دانۇر تاغام:

- قېنى، كۆرۈشمەمسەن ئەخمەق، - دېدى.

مەن مالچىك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇشۇمغا ئۇ ئەركىلەپ پۇتلىرىمغا سۈيۈنۈپ، قوللىرىمنى يالاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئېگى كۆكۈچ، ئۈستى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان تۈكلىرىگە، ئەينەك ساقىدەك يالتىراپ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ دەممۇ دەم قورقۇپ تۇراتتىم.

- تاك - تاكۇي، ئەمدى سىلەر تونۇشۇپ قالدىڭلار، - دېدى دانۇر تاغام. لېكىن شۇ ئەسنادا قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەلگەن ئاپام يىراقتىنلا ۋارقىراپ كەتتى:
- ۋىيىەي، ھوي ئادەمۇي، ئىتىڭىزنى ھاي دەڭە، بالامنى چىشلىۋالمىسۇن يەنە.

ئاپام يېقىن كېلەلمەي كوچا ئوتتۇرىسىدىلا ۋارقىرىغاچ ئالغىزىدىكى تېخى لەززىتى كەتمىگەن شامىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىغا تۈگۈچ چىگىۋاتاتتى. دانۇر تاغام ئورنىدىن تۇردى - دە:

- يەڭگە، تىنچ تۇردۇڭمۇ، - دەپ قويدى.
- دانۇر؟!...

ئاپام ياغلىق ئۇچىدىكى شاما تۈگۈچىنى تۇتقان پېتى بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئارقىدىنلا ئۇچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ سۆزلەپ كەتتى:

- ۋاي خۇدايىم، راستىنلا دانۇركەنسەنغۇ! توۋا، توۋا، قاياقلاردىن پەيدا بولدىڭۇي، جۇر ئۆيگە. چىرايىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاسلام قاپتۇ. ئۆزۈڭمۇغۇ ئۆزگىرىپلا كېتىپسەن...

ئاپام ئىتتىن داجىغاچ دانۇر تاغامنى ئۆيگە باشلىدى ۋە شىرەگە داستىخان سېلىپ، دانۇر تاغامنىڭ قولىغا سۇ ئالغاندىن كېيىن، نان - توقاچلارنى قويغاچ ئاغزى بېسىقمىغان بولسىمۇ، دانۇر تاغام چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. شۇنداقتىمۇ ئاپام توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

- ھوي دانۇر، سەن بېشىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىلى سەككىز يىل بوپتۇ. ئاكاڭمۇ يەنە شۇ مەدرىس ئالدىدىكى كۆك دۇكاندا ھۈنىرىنى قىلىۋاتىدۇ. بازار بەك كاساتچىلىق، دۇكانلاردىن ئىككىنى سېتىۋەتتۇق، شاگىرتلارنىڭمۇ تايىنى قالمىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قەۋەتلا جۇتچىلىق بولۇپ كەتتىغۇ تاڭ.
- خاتىرجەم بول يەڭگە، - دېدى دانۇر تاغام ئاستا غۇدۇڭشۇپ، - سېنىڭ قازىنىڭغا قارىمايمەن.
- ۋىيىەي، گەپنى نەلەرگە ئېلىپ قاچتىڭ ھوي، - ھۆپپىدە قىزاردى ئاپام، - ئەمدى «تاز ئوتاق» بولۇپ قالدۇق دەپ ھالىمنى تۆكتۇم شۇ.

مەن ئاپامنىڭ كۆزىنى يۇمۇپلا يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇراندىن: «سېنىڭ كەلگىنىڭگە كىم خۇش. يىگناسقىدەك كۆزىمىزگە ئىلىشتىڭ» دېگەن مەنا چىقىپلا تۇراتتى. ئەگەر دادام كېلىپ قالمىغان بولسا، ئاپامنىڭ تېتى - مېتى گەپلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

- ھوي، دانۇرغۇ بۇ، - دادام سەل ئۆزگىگەندەك بولدى - دە، بىردىنلا چىرايىغا ھەيرانلى[illegible] تۇس بەردى، - ئۆزگىرىپلا كېتىپسىنا، ۋاقىت دېگە[illegible] يادان نېمىدە، قېرىپ قالغاندەك تۇرسەن... ھە، [illegible]ا كېلىشىڭ؟
- ئەتىگەن...
- ۋاقىتلىق يېنىپ كەلدىڭمۇ، يە...؟
- بىراقلا.
- سېنى چەت ئەلدە دەمدۇ، قايسىدۇر بىر كونسۇلدا دەمدۇ ئەيتاۋۇر خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئاڭلاپ يۈردۇق... - دېدى دادام چايغا نان توگۇرۇۋېتىپ.
- ھە، كونسۇلدا قاراۋۇللۇق قىلغان، كېيىن سوۋېت

ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بىلەن تاغ كېزىپ يۈردۈم.

ـ كېپىكىنىڭ ئورانىغا قارىغاندا خىزمىتىڭدىن زېرىكىپسەن ـ دە؟

ـ ياق، ئىككى ھۆكۈمەت ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن يەرلىك خىزمەتچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى دۆلىتىگە قايتىپ كېتىشتى.

ـ پاھ، پاھ، ھۆكۈمەتلەرمۇ تىنچ ئۆتمەيدىكەن ـ دە؟

ـ شۇنداق، بەزىدە يالىشىپ، بەزىدە قىزىرىشىپ، تىللىشىپ، ھەتتا ئۇرۇشۇپمۇ قالىدىغان گەپ.

تاماقتىن كېيىن دانۇر تاغام نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن مېنى باشلاپ گىراژغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ، يولدا كاۋاپچىدىن ئون نەچچە زىخ كاۋاپ ئېلىپ ھەممىسىنى ئىتىغا سېرىپ بەردى. مالچىك ھەممىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى يۇمشاققىنە سىيلاپ: «ھە، مالچىك، تويدۇڭمۇ؟» دەپ قويۇپ ئاندىن ماڭمۇ ئېلىپ بەردى.

بىز بىر كونا كۆن چامادان، سومكا ۋە يۈك ـ تاقىلارنى نەرسە ـ كېرەك ساقلاش ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ، هارۋا كىرا قىلىپ قايتىپ كەلدۇق. دانۇر تاغام ئىچكەركى ئۆيدە ئاپام بىلەن بىردەم كۈسۇرلاشقاندىن كېيىن، مېنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى دانۇر تاغام بازار ئارىلاپ ماڭا بىر ئۆتۈك ئېلىپ بەردى ۋە دۇكان ئىچىدىلا كۆسەيدەك ئۇرۇق پۇتلىرىمغا قوڭالتاقلا كىيگۈزۈپ قويدى. مەن ئۆتۈكنى كولۇپلىتىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. بىز بازار ئارىلاپ ئاشخانىغا كىرىپ قورساق تويغۇزدۇق. مالچىكمۇ بىر تەخسە لەڭمەننى پاك ـ پاكىز يەۋەتتى. ئاشپەز: «تەخسىنى هارام قىلدىڭ» دەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئالدىمىزغا كېلىشىگە مالچىك خىرقىراپ بىرلا ھۆرپىيىۋىدى ئاشپەز ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بەدەر تىكىۋەتتى. دانۇر تاغام ھېچنېمە بولمىغاندەك مالچىكقا: «كوشى ـ كوشى» ⑥ دەپ قوياتتى. قايتىدىغان ۋاقتىمىزدا دانۇر تاغام ئۈچىمىزنىڭ تاماق پۇلىدىن باشقا تەخسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن بىز كىنوغا كىردۇق. مالچىكمۇ بىلەت ئالدۇق. ئىشىك باقار قورققانلىقىدىنمۇ ياكى ھەيران قالغانلىقىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئىشىكنى يوغان ئېچىۋېتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا قولىدىكى ئۈچ بېلەتكە ۋە ئۈچىمىزگە قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

بىز كىنودىن قايتىپ كېلىپ دانۇر تاغام دادامنىڭ تەسكەيدىكى دەر پەردىلىك دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. مەن دالان ئۆيدىلا يېتىپ قالدىم. لېكىن ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى.

دانۇر تاغامنىڭ مالچىكقا كۆرسىتىۋاتقان ھىممەتلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. ئۇ ئىتىغا ئادەمگە، ياق، ئەڭ يېقىن دوستىغا، ھەمراھىغا، قېرىندىشىغىمۇ كۆرسىتىش تەس بولغان ھىممەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، يە ئۇنىڭغا ئاچچىقلىمايتتى، تىللىمايتتى، پەقەت ئەركىلىتەتتى. سىرداش دوستى بىلەن پاراڭلاشقاندەك ئۇنىڭ بىلەن رۇس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا سۆزلىشەتتى. مالچىكمۇ بۇ تىللارنى

چۈشەنسە كېرەك دانۇر تاغامنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى.

مەن خىيال بىلەن يېتىپ تۇيۇقسىز ئىچكەركى ئۆيدە دادامنىڭ گۇدۇڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بەلكىم ئۇلار بايا مېنىڭ پۇشۇلداپ تولا ئۆرۈلگەن شەپەمنى ئاڭلاپ كېپىنى توختىتىۋالغان بولسا كېرەك. ئەمدى مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئۇزۇلۇپ قالغان گەپ تۇگۇچلىرىنى قايتا چىگىۋېتىپتۇ ـ دە. مەن جىم يېتىۋەرگەنمۇ بولاتتىم، لېكىن «دانۇر» دېگەن ئىسىم قۇلىقىمغا كىرىشى بىلەن ئورنۇمدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئىشىك يوچۇقىغا قۇلاق ياقتىم. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتىم.

ـ ۋۇي كالۋا، كۆرۈپتۇر، ئۇ ساڭا بەرگەن 500 تەڭگىسىنى مېنىڭدىن ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالمىسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن، ـ دېدى دادام ئاچچىقلاپ، ـ ئۇ دېگەن بىر قىمارۋاز، پىيەنچۇك، بەڭگى تۇرسا! تېخى قىمارغا دەسمى قىلىش ئۈچۈن ئەتىلا قورۇ ـ جاينىڭ يېرىمى مېنىڭ دەپ مىراس تەلەپ قىلامدۇ تېخى. ئەگەر قىماردا دورى كەلمىسە كۆزە ـ كۆرپەڭنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاشتىنمۇ يانمايدۇ. بىر چاغدىكى ئوغرىلىقلىرى ئېسىڭدىدۇ؟

ـ ساقلاپ بېرىڭ يەڭگە، دېسە ئاپتىمەن، ـ دېدى ئاپام غۇڭشۇپ، ـ ئەمدى ئادەم بولغاندۇ. ئۆزىمۇ جىمغۇرلىشىپ كېتىپتۇ.

ـ ھەممە ئىش جىمغۇردىن چىقىدۇ. شۇ چاغلاردىمۇ شۇنداق ئۇندىمەس بىر نېمىتى، ـ دادام بىردىنلا قايناپ كەتتى، ـ شۇ چاغدا ئۇ ئوغرىلىغان كالا، قوي، ئاتلار ئەختەمباي، هامىددىنباي، توختى تۆرەملەردەك بايلارنىڭ مال ـ دۇنياسى ئىدى. بۇ دەلتىنى سولاپ قويغاندا ئاسقاق ـ چولاق مېيىپلار، قەلەندەر ـ دىۋانىلار، دارىلئىتامنىڭ يېتىمەكلىرى: «ئۇ بىزگە ئۇنداق ياخشىلىق قىلغان، مۇنداق ساخاۋەت قىلغان» دەپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ بوسۇغىسىدا يېتىۋالمىغان بولسا، ئۇ ئېتىلاتتى يە كېسىلەتتى.

ـ سىلىمۇ ئۇنتۇپ قاپلا، دادىسى، ـ دېدى ئاپام ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ـ ئۇ چاغلاردا «قاراكېزىك» تارقالغان ۋاقىتلار ئىدى. ھەممىدىن بەك تارازا باسقىنى ئۇنىڭ ئۆيىمۇ ئۆي كىرىپ دورا تارقىتىپ قارا كېزىك بىلەن ئاغرىغان بالىلارنى قۇتقۇزغىنى بولدى. مەكتەپ بالىلىرى چۇرقىرىشىپ ساقچى ئىدارىسىنى بېشىغا كىيىشمىدىمۇ؟!

. . . شۇڭا كۆپ ئۆتمەي دانۇرنى قويۇپ بەردى. كېيىن ئۇنى «نىلقىدىكى ئالتە ئوغرىغا قېتىلىپ كېتىپتۇ» دەپ ئاڭلىدۇقفۇ.

ـ قىپقىزىل سارالڭ، بېشىدا بىر تاسقام ئەمەس بىر دۆۋە زاغۇنى بار سارالڭ ئۇ، ـ دادام بوغۇلۇپ خىرقىراپ قالدى، ـ سارالڭ بولمىسا خەقنىڭكىنى ئوغرىلاپ خەققە بېرەمدا، ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدا قىشۇ ـ ياز بىرلا جۇلدۇر كېپەن، پۇتىدا بولسا ياماقنىڭ دەستىدە نەچچە قاداق ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغ. . .

مەن يالىڭاچ تىڭشاپ ئولتۇرغاچقىمۇ تۇيۇقسىز

چۈشكۈرۈپ سالدىم. ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا گۆرستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. مەن ئالمان - تالمان ئورنۇمغا كىرىپ يېتىۋالدىم. لېكىن خىيالىمدا بولسا، دانۇر تاغام ئاجايىپ زور تاشتىن ئويۇلغان گىگانت ئادەمدەك، بېشى بۇلۇتلار ئۈستىدە تۇرغان ھەيۋەتلىك دېۋىدەك كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ سىماسىغا ئوغرى، قىمارۋاز، پىيانچىك، بەڭگى دېگەندەك يىرگىنچلىك ئاتاق تۇمانلىرى ھەرگىز سايە سالالمىدى.

* * *

ئەتىسى چۈشتە مەكتەپتىن قايتىپ ھويلىغا كىرىشىم بىلەنلا ئۆيدىن دادامنىڭ چالۋاقاپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «دادام ئاپام بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ بىردىنلا ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. مەن ئاستا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دېرىزىدىن ماردىم. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا شىرە قويۇلغان بولۇپ، دادام تۆردە بەداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراۋاتاتتى. دانۇر تاغام بولسا سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ يانتۇ قاراپ ئولتۇراتتى. ئاپام ئوچاق بېشىدا ئۆرە تۇراتتى.

— سەن تېخى مىراس تەلەپ قىلماقچىمىدىڭ؟! سېنىڭ دەردىڭنى ئاز تارتتىممۇ - ھە؟!

— مەن سەندىن مىراس تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، — دانۇر تاغام مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويدى. — ماڭا پەقەت يېتىپ - قوپقۇدەك ماكانلا بولسا بولدى. ئادەم ئۆلسىمۇ بىر غۇلاچ قاراڭغۇ يەرگە پاتىدىغۇ! شۇڭا ئاشۇ بىر ئېغىز ئۆينى سەندىن سوراۋاتىمەن.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ھويلا تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ تالاغا ئىشىك ئاچىمەن، دەيسەن. بۇ ھېلىتىنلا قورۇنى بۆلگىنىڭ ئەمەسمۇ؟...

— مېنىڭ كېلىم - كېتىمىم كۆپ ئادەم، سېنى ئويقۇسىنى بۇزۇپ دەرۋازا ئېچىپ يۈرمىسۇن، دەيمەن!

— ھۇ نىيىتى بۇزۇق، — دادام بىردىنلا چېچىلىپ - قايناپ كەتتى، — گەپ قىلمىسا، ئۇ ئۆينى تاۋكاخانا قىلىپ ئوغرىنىڭ قازنىقىغا ئايلاندۇرماقچىمىدىڭ. ھىم، خىيالىڭدا مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟

— ئاكا، ئاغزىڭ بەئەينى بىر ئەۋرەزكەن، — دانۇر تاغام ئورنىدىن تۇردى، — بىلىپ قوي، بىر كۈنلەردە ئۇ ئۆيمۇ ساڭا قالىدۇ! ئاتامدىن قالغان قورۇ - جاينى ساتامسەن، يەمسەن، ئۇ دۇنياغا يۇدۇپ ئېلىپ كېتەمسەن، تالاشمايمەن، ساڭا بەردىم. كۆڭلۈڭنى توق تۇت. بولدى، مەندىن ئايىغان ئۆيۈڭنى پوكىنىڭغا تىقىۋال!

دانۇر تاغام شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، ئۆيدىن پەش قېقىپ چىقىپ كەتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن دادام ئىزىغا ئولتۇرغان پېتى قېتىپلا قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ شالاقىدە يەرگە تۈكۈردى - دە:

— ھۇ، ئۆلۈم كەلمەيدىغان مۇناپىق. تۆت - بەش يىل ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ھەرەمباغ، لەڭزىبېشى، يامۇللاردا بىرەر پاي غايىب ئوقمۇ نېسىپ بولماپتىكەن ساڭا، — دەپ ئارقىسىدىن تىللاپلا قالدى.

ئاردىن ئىككى كۈنمۇ ئۆتمەي دانۇر تاغام ھويلىغا بىر ھارۋا كېسەك ئەكېلىپ تۆكۈۋەتتى. ئاندىن ئىككى تامچى كېلىپ بىردەمدىلا ھويلىدىكى ئىشىكنى قومۇرۇپ ئورنىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ چاپلىۋەتتى. قولۇم - قوشنىلارنىڭ باللىرى ئۈزىنچىلا بىزنىڭ ھويلىغا يىغىلىپ ئۇستىلارغا لاي، كېسەك، توپا، سۇ توشۇپ بەردى. ئۇستىلار دەرپەردىنى قومۇرۇپ ئورنىغا ئىشىكنى ئورنىتىپ، يېنىغا دېرىزە بېكىتىپ بېرىپ كەتتى. ئۆيدىكى سۇپا قوپۇرۇپ توپا توشقۇزۇش، ئوچاق سېلىش، ئاقارتىش قاتارلىق ئىشلارنى دانۇر تاغام بىلەن باللار قىلدۇق. نېمە ئۈچۈندۇر باللار ئەمدىلا دانۇر تاغام بىلەن تونۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، باشقىچىلا ئېتىكلىشىپ، شوخلىشىپ، تولىمۇ ئىشچان بولۇپ كەتكەندى. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم ئىدى، چۈنكى دانۇر تاغام بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش مېنى تولىمۇ تەڭلىككە قويغانىدى. لېكىن دانۇر تاغام ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاپامغا: «يەڭگە، بىر چۆمۈچ سۇ سۇنۇۋەتكىنە»، «ئۇستىلارغا بىر قازان سۇيۇق - سەلەڭ بىر نېمە قىلىپ بەرگىنە» دېگەندەك گەپلەرنى تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن قىلاتتى. شۇنداق، دانۇر تاغام پەقەتلا ئاداۋەت ساقلىمايتتى.

مانا شۇندىن بېرى دەرپەردىلىك بۇ ئۆي مەھەللىدىكى باللارنىڭ دانۇر تاغامنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرىنى ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭدىن ھەر خىل قەغەز، ياغاچ ئويۇنچۇقلارنى ياساشنى ئۆگىنىدىغان ماكانى بولۇپ قالدى. دانۇر تاغام قەغەزدىن خوراز، قولۋاق، گارمۇن، قالپاقلارنى، قوناق شاخلىرى، ئاپتاپپەرەس شادىلىرى، قومۇشلاردىن ھەرخىل چاقپەلەك، پىرقىرىغۇچ، ئايروپىلانلارنى ياسايتتى. بىز پىرقىرىغۇچلىرىمىزنى قومۇشلارغا بېكىتىپ مەھەللىمۇ مەھەللە، ئېدىرمۇ ئېدىر يۈگۈرۈشۈپ ئوينايتتۇق. بولۇپمۇ شامال چىققان كۈنلىرى پىرقىرىغۇچلىرىمىزنىڭ ۋىژىلداپ پىرقىراشلىرىنى كۆرۈپ قىن - قىنىمىزغا پاتماي يۈگۈرۈشەتتۇق. ئېرىقنىڭ كوركىراتمىلىرىغا چاقپەلەكلىرىمىزنى قويۇپ، سۇنىڭ چاقپەلەك پالاقلىرىغا ئۇرۇلۇشلىرىغا، پالاقنىڭ سۇ چاچرىتىپ پىرقىراشلىرىغا قاراپ چۇرقىرىشىپ كېتەتتۇق. دانۇر تاغام بولسا چاقپەلەكنىڭ چۆگىلىشى، تۈگمەننىڭ قانداق ئۇن تارتىشلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بېرەتتى.

بۇ، ئېغىر قىيىنچىلىق يىللىرى ئىدى. مەھەللىمىزدىكى ھەممىلا ئائىلىنىڭ دېگۈدەك يېمەك - ئىچمىكى ئۆكسۈپ قالاتتى. ھەتتا بەزى ئائىلىلەر بىر - ئىككى كۈنلەپ قازان ئاسالمايتتى. ھەر كۈنى بىر خىلدىلا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۇماچ، چامغۇر سالغان سوپۇن سۇيىدەك سۇيۇق ئاش، جىرىس (كېپەك) نان، كاۋا سېلىنغان زاغرا دېگەندەك قۇۋۋەتسىز ئاش - تائام باللارنى سايىدا قالغان مايسىدەك سارغايتىپ، روھىنى سۇندۇرۇپ، كۆزىنى ئاچ قىلىۋەتكەنىدى. كالپۇكلىرىنى گەز باغلىغان يېرىم ئاچ، يېرىم توق بۇ باللار پەقەت دانۇر تاغام بىلەن بىللە بولسىلا ئۆزلىرىنى غۇربەت باسقان بۇ دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىسىدىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىشاتتى.

بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر قېتىم دانۇر تاغام يوقاپ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن پەيدا بولدى. ئۇ يېرىم خالتا گۈرۈچ بىلەن ياغ قاپىقى ۋە بىر پۇت گۆشنى

كۆتۈرگىنىچە هويلىغا كىرىپ كەلدى - دە، ئاپامغا:

- يەڭگە، مېھمانلىرىم بار ئىدى. مۇشۇنىڭ ھەممىسىدە بىر ئاش قىلىپ بەرگىنە، - دېدى.

دانۇر تاغام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دادامنىڭ چىرايى غۇزژىدە تۈرۈلدى. ئۇ، دانۇر تاغام ئېلىپ كەلگەن گۈرۈچ، ماي ۋە گۆشكە قاراپ دىمىقىنى قاقتى: - بۇ چوقۇم قىماردىن ياكى خەقنىڭ قازنىقىدىن كەلگەن هارام نەرسە، - دېدى قايچىسىنى جاققىدە ئۈستەلگە قويۇپ، - مېھمانلىرى بارمىش تېخى، يەنە شۇ قىمارۋاز، ئوغرىلاردۇ، تايىنلىق.

كەچكە يېقىن هويلىغا كوچىمىزدىكى پۈتۈن باللار ھەتتا «ئارقا كوچا»، «چوڭ كوچا» دىكى باللارمۇ قوشۇلۇپ كىرىپ كېلىشتى. ئاپامنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى. دانۇر تاغام گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك كۈلۈپ، ئاپامغا:

- قېنى يەڭگە، لېگەنلىرىڭگە ئېشىڭنى ئۇسۇۋەر، - دېدى.

- مېھمانلىرىم بار دېگەنتىڭغۇ؟

- بۇلار مېھمان بولماي نېمە؟

دانۇر تاغام باللارنى چايخانىغا، هويلىغا رەتلىك ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالدى. ئۇزۇن ۋاقىت مايلىق، قوۋۇەتلىك تاماق كۆرمىگەن باللار دەسلەپتە ئاچكۆزلۈك بىلەن تالىشىپ يېيىشتى، قورساقلىرى تويغاندىن كېيىنلا باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ لېگەندىن قوللىرىنى تارتىشتى.

خۇدايا تۇۋا، باللارنىڭ مايلاشقان كالپۇكلىرى، پارقىراپ تۇرغان يۈزلىرى، چاقناپ كەتكەن مەسۇم كۆزلىرىنى كۆرگەن دانۇر تاغام مۆلدۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ ئېغىر خۇرسىندى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىپ نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئەتىسىلا: «دانۇر باللارغا نەزىر ئېشى بېرىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ مەھەللىدىكىلەرنى بىر مەزگىل غۇلغۇلىغا سېلىۋەتتى. بەزى مويسىپىتلەر: «ساۋابى قورۇسۇن، باللار دېگەن دۇئا - تەكبىر قىلالامدۇ؟» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «دۇئاسى يوق نەزىر ئەرۋاھلارغا يەتمەيدۇ» دېيىشتى. «ساۋاب ئىش قىپتۇ، باللار دېگەن پاك بولىدۇ» دەيدىغان بىرمۇ ئەھلى مۇسۇلمان چىقمىدى. ھەتتا: «باللىرىمىزنى ئويۇن قېپى قىلىۋەتتى» دەپ قورساق كۆپىكىدە يۈرگەن بەزى كىشىلەر دانۇر تاغامنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «سەن قىماردىن، ئوغرىلىقتىن كەلگەن هارام ئاشنى باللىرىمىزغا يېگۈزۈپ كاپىر قىلماقچىمۇ؟» دەپ ئاھانەت قىلدى.

لېكىن دانۇر تاغام بۇنداق گەپ - سۆزلەرگە پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ ئاھانەت قىلىپ تىللىغانلارغا، ھەيۋە قىلىپ تېرە تاراقشىتقانلارغا سوغۇق كۆز قارىچۇقلىرىنى تىككىنىچە بىر هازا قارىغاندىن كېيىن جىممىدە كېتىپ قالاتتى ياكى سوغۇققىنە كۈلۈش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى.

دەرۋەقە، مەن دانۇر تاغامنىڭ قىمار ئوينىشى، ئوغرىلىق قىلىشىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. لېكىن ئۇ ئىشلىمىسە پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ دېگەن سوئال مېنى ئارامسىزلاندۇراتتى. دانۇر تاغام ھەممىمىزگە دائىم مەھەللىدىن ۋارقىراپ ئۆتىدىغان زورىناخۇن تۇڭگانىنىڭ ئاشلەڭپۇڭىنى ئېلىپ بەرگەندىن سىرت يەنە دەپتەر، قەلەم، ئۈچۈرگۈچ، سىياھ ئېلىپ تارقىتىپ بېرەتتى. بەزى نامرات باللارغا كىيىم - كېچەكمۇ كىيگۈزۈپ قوياتتى. كوچىمىزغا بەزىدە «گاڭگۇڭ خوراز» ى ساتىدىغان نادىر خوراز چىغقا بېكىتىلگەن «مەنپەز خورازلار» نى تۇرۇپ چامغۇرلارغا سانجىپ ۋارقىراپ كېلەتتى:

- گاڭگۇڭ خورازى، گاڭگۇڭ خورازى. ئاخشام چىچىپ بەرگەن تېرىقنىڭ بىرىنى قويماي تېرىپ يەپ بولغان گاڭگۇڭ خورازى.

بىر كۈنى دانۇر تاغام ھەممىمىزگە بىردىن «گاڭگۇڭ خوراز» ى ئېلىپ بەردى. ئۇ، يانچۇقىدىن پۇل ئالغاندا ساپلا ھىمىرىلىپ كەتكەن، پۇرلەشكەن پۇللاردىن بىر مۇنچىسى يەرگە چېچىلىپ كەتتى. مەن: «بۇ پۇللارنى نېمە ئۈچۈن رەتلەپ، چىرايلىق قاتلاپ سالمىغاندۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنسېرى شۇنچە بىلگۈم كېلەتتى. شۇڭا بىر كۈنى چۈشتىن قايرىلغاندا دانۇر تاغامنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماراپ ماڭدىم.

بىزنىڭ كوچىنىڭ قورۇ - جايلىرى كەڭ - ئازادا بولۇپ، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، گىلاسلىق باغلىرى بار ئىدى. بۇ باغلار بىر - بىرىدىن سوقما تاملار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. باغلارنىڭ ئارقا تەرىپى مازارلىق ئىدى. بۇ مازارلىق ئۈچ كوچىنى قورشىغان بولۇپ، ئىلى دەرياسىغا تۇتاشقان خۇمدان مەھەللىسىگىچە سوزۇلغانىدى. زومچەك - زومچەك قەۋرىلەر ئارا ئۆمۈچۈك توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللار «نوبېشى» غا ئېلىپ باراتتى. نوبېشىدا يىلان باغرى يۆگىشىپ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئىككى قاسنىقىنى يالپۇز، سېرىق ئوت، تىل قاناتلار قاپلاپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ تىنچ ئاقىدىغان سۈزۈك سۈيى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيتتى. مەن ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسكەن ئوتلار ئارىسىدىن دانۇر تاغامنىڭ بېغىررەڭ مانچىستىر دوپپىسىنى، بەزىدە دوغىلاق مۈرىسىنى كۆرۈپ قالاتتىم. دانۇر تاغام مالچىكقا گەپ قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشۇپ ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىپ باراتتى. بىر چاغدا دانۇر تاغام لىپلا قىلىپ سول تەرەپتىكى قارىياغاچقا يامىشىپ سوقما تامنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ناھايىتى ئەستە قارىياغاچ ئارقىلىق تامغا چىقتىم. ئۇ تەرەپ چەكسىز كەتكەن بېدىلىك بولۇپ، سۆسۈنرەڭ چېچەكلەپ كەتكەن بېدىلەر ئادەم بېلىدىن ئېگىز ئۆسكەنىدى. تامنى بويلىغان قېرى قارىياغاچ، دوڭغاق سۆگەتلەر بىلەن بوي تارتقان سۆت لىگەن، ئەمەن، لويلا قاتارلىق كوكاتلار بۇ يەرنى ئاجايىپ پىنھان بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى. مانا شۇ قېلىن ئوتلار ئارىسىدىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈپ يەتتە - سەككىز ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن تام ئۈستىدە ئۈمىلەپ ئۇلار ئېنىق كۆرۈنىدىغان يەرگىچە باردىم. ئۇلارنىڭ: «يا، پىرىم جەمشىت. . .» دەپ ۋارقىراپ، يالاڭ مەيدىلىرىگە قارسىلدىتىپ ئۇرۇشلىرى ئاڭلىنىپ، تىترەپ تۇرغان

ئالقانلىرىدىكى ئوشۇقلارنى كۆرگىنىمدىلا بۇ يەردىكىلەرنىڭ قىمار ئويناۋاتقانلىقىنى بىلدىم؛ دانۇر تاغامنى، ئالدى پۇتلىرىنى سوزۇپ ھەر بىر قىمارۋازغا چەكچىيىپ ياتقان مالچىكنى كۆرگىنىمدە ئاندىن ئۇنىڭ قىمار ئوينايدىغانلىقىغا ئىشەندىم ھەم شۇ زامات ئارقامغا ياندىم.

شۇ كۈنى كەچتە مەن دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇ، كۆڭلىكىنى ياماۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ كۆڭلىكىنى قويۇپ قويدى:

- ھە، ئۇخلىماي بۇ يەرگە كىرىپسەنغۇ، داداڭ ئاچچىقلاپ يۈرمىسۇن يەنە.

- ئۇلار ئۇخلاپ قالدى.

- سەن نېمىشقا ئۇخلىمايسەن؟

- ئۇيقۇم كەلمىدى.

- نېمىشقا؟

- بىلمەيمەن.

مەن ئەركىلەپ سوۋاڭان مالچىكنىڭ بېشىنى سىيلىغىنىمچە خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتتىم. ئىچىمنى نېمىدۇر تاتىلايتتى. دانۇر تاغامنىڭ قىمار ئوينىشى ئىچىمنى ئاچچىق قىلماقتا ئىدى. مەن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دېگۈم، بۇنىڭدىن كېيىن ئوينىماسلىقىنى ئۆتۈنگۈم كېلەتتى، لېكىن يەنە نېمىدۇر مېنى دېگۈزگىلى قويمايتتى.

- ساڭا نېمە بولدى، بىر ئىش بولغاندەك قىلىسەنغۇ؟

- بۇ... بۇ... ياق... ھېچنېمە!...

- ياق، ساڭا بىر ئىش بوپتۇ. ئوغۇل بالا دېگەن ئىچىدە گەپ يوشۇرسا بولمايدۇ. كېپىڭ بولسا دەۋەر.

- دانۇر تاغا، - مەن دۇدۇقلاپ توختاپ قالدىم، - سەن دەپ باققىنە، ئادەم ئوغرىلىق قىلسا، قىمار ئوينىسا گۇناھ بولامدۇ؟

دانۇر تاغام چۆچۈپ ماڭا قارىدى ۋە دەرھاللا كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ نەگىدۇر قاراپ ئۇزۇنغىچە ئۈنچىقمىدى.

مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قۇلاققا ئايلانغاندەك دانۇر تاغامغا تىكىلىپ ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ جاۋابى مەن ئۈچۈن گويا قۇرئاندىكى ئايەتتەك مۇقەددەس ئىدى. مېنى قىيناۋاتقان تۇگۇچلەر يېشىلىپ، كۆڭلۈمدىكى گۇمان تارقىلىپ، بۇ ئۆيدىن خۇشال ھەم يېنىك چىقىپ كېتىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. دانۇر تاغامنىڭ قەلبىمگە ئويۇلغان ئابىدىدەك سىماسىغا داغ چۈشۈشكە ھەرگىز يول قويغۇم كەلمەيتتى. لېكىن ھېلىقى كېچىسى ئاپام بىلەن دادامنىڭ قىلىشقان گەپ - سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىشى بىلەن مەن ئۇنىڭ ياماۋاتقان كۆڭلىكىگە، جىيەكلىرى قىرقىلىپ قەغەز پىلتىلىرى چىقىپ قالغان مانچىستىر دوپپىسىغا، قوپال چەملەنگەن ئۆتۈكىگە، ئاق سانجىغان چاچلىرىغا، مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىردىنلا ئىچىمدە بىر يېرىم خۇددى چوغ چۈشكەندەك ئېچىشىپ كەتتى. بۇ سوئالنى سورىغىنىمدىن پۇشايمان قىلىپ: «مېنى قانداق شەيتان ئازدۇرغاندۇ» دەپ ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى مېنىڭ قەلبىمنى تۇگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغىنى دانۇر تاغامنىڭ قىمار ئوينىشى، بايلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلىشى بولماي، كېسەل ئازابىدىن ئىڭراۋاتقان باللار، يوقسۇزلۇق

دەردىدە يۈرەك پارىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈزىتىۋاتقان ئاتا - ئانىلار ئىدى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

- نەگە بارىسەن؟

- چىقىپ ئۇخلاي.

- توختا، - دانۇر تاغام ماڭا بۇرۇلدى، - سەن ھەممىنى ئاڭلىغان ئوخشايسەن. قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش ئۇ ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاشلا گۇناھ! لېكىن بىلىپ قوي، مەن ئوغرى ئەمەس. شۇ يىللىرى قاراكېزەك تارقىلىپ ھەممە كەلگۈلۈك باللارغا كەلدى. باي - زەردارلار ساي بويىدىكى ئورۇس دوختۇرخانىسىغا چۈمۈلىدەك ئولاشتى، لېكىن يوقسۇللارنىڭ باللىرى بىر - بىرلەپ كېتىپ قالدى. مەن بۇرۇن كۆمۈچەكلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قاپقارا چاچلىرى ياستۇقتا تۇكۇلۇپ، ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك سارغىيىپ، ئىڭراپ ياتقان باللارنى، ئۇلارنىڭ: «قۇتقۇزۇۋالساڭلارچۇ» دېگەندەك تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگىنىمدە يۈرەك - باغرىم پۇچىلىنىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مانا شۇ چاغدا، كۆڭلۈم: «ئۆزۈڭ ئۈچۈن قىلىنمىغان ئوغرىلىق - ئوغرىلىق ھېسابلانمايدۇ» دەپتىكەنغۇ، دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالداپ، بىر نەچچە باينىڭ مېلىنى ئوغرىلىغىنىم، ئۇنى سېتىپ، پۇلىغا دورا ئېلىپ يوقسۇللارنىڭ باللىرىغا تارقىتىپ بەرگىنىم راست.

مەن يىغلىغىنىمچە ئۆزۈمنى دانۇر تاغامغا ئاتتىم، لېكىن ئۇ قۇلىقىمغا: «باللار ئۇقمىسۇن» دەپ ئاستا پىچىرلىدى...

* * *

زىمىستان قىش كېتىپ ئەتىيازمۇ كەلدى. ئۆزۈلمەس مارت شامىلى چىقىپ تۇراتتى. قەبرىستانلىقنىڭ كۈن تەگمەس تەسكەيلىرىدە گورۇچ بولۇپ قالغان قارلارنىڭ ئېرىشى ناھايىتى ئاستا ئىدى، لېكىن زومچەك - قەبرىلەردە ئەتىيازنىڭ يۇمشاق ئوتلىرى ئۈنۈشكە باشلىغانىدى. قەبرىستانلىق لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى بىلەن تولغان بولۇپ، ھەر خىل بويالغان لەگلەكلەرنىڭ دارقىراتمىلىرىدىن كېلىۋاتقان خىلمۇ خىل ئاۋازلار نە - نەلەرگە ئاڭلىناتتى. بىز بىر مۇنچە باللار مەكتەپتىن قايتىپ دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىدە لەگلەك ياساشقا كىرىشىپ كەتكەندۇق. دانۇر تاغام بىرىدە ھەببۇللاغا: «ھېبۇك، قومۇشنى توز قىرماپسەن» دېسە، مىرزا ھەكىمگە: «مىرزى، شىلىم قويۇق بولۇپ كېتىپتۇ»، ئابابەكرىگە: «ئاباك، لەگلەكنى مەن سىزىپ بەرگەن بويىچە بويا» دەپ ئۆگىتىپ تۇراتتى، ئۆزى بولسا ئىشكتەك چوڭ تال لەگلەكنىڭ تېلىنى قىرىپ قەغەزگە چاپلايتتى ۋە چاپلانغان تال ئۈستىگە خىش باستۇرۇپ قوياتتى. ياسىلىپ پۈتكەن لەگلەكلەرنىڭ دارقىراتما ۋە تارازىلىرىنى تەڭشەپ تامغا رەتلىك ئاساتتى. سۇپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياستۇقتا يۆلەنگەن بىر بوۋاي مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. بۇ بوۋاينى دانۇر تاغام كۈزدە - راسا قاتتىق جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىلىق - چىلىق سۇ، لايغا مىلەنگەن ھالدا يۇدۇپ كەلگەنىدى. مەن بۇ، تېرىسى يىرتىلىپ كەتسىلا ھەممە سۆڭەكلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇرغان قۇرۇق -

قاقشال بوۋاينى كۆرگىنىمدە قورقۇپ كەتكەنىدىم. ئۇنىڭ يىلدىرلاپ تۇرغان گۇنىسىز كۆزلىرىنى ئاق پاخماق قاشلىرى بېسىپ تۇراتتى. پېشانە، بۇرۇن، ياڭاق سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ چىقىپ، ئۇچلۇق - چىشسىز ئېڭەكلىكى توختىماي ماكىلدايتتى.

- قېنى باللار، ياردەملىشىڭلار، - دېگەنىدى دانۇر تاغام بوۋاينى ئاۋايلاپ سۇپىغا قويۇپ، - ئوغلى چەتكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۆيىنى ئەترەت تەشكىللى مۇسادىرە قىپتۇ.

- ئۆيىنى نېمىشقا مۇسادىرە قىپتۇ؟

- ئوغلى ئەترەتكە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىكەن. قارىغۇچىسىز قالغان بۇ بوۋاي تىلەمچىلىك قىلغان يېرىدە يىقىلىپ قاپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن بېرى دانۇر تاغام بۇ بوۋاينى بېقىپ كېلىۋاتاتتى. بوۋاي باللارنىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى. باللار بولسا، لەگلەك ياسىغاچ قىشچە چىغلىق، خەنىلىك، ناغرىچىلاردا مالچىك بىلەن توشقان قوغلىغانلىقلىرىنى، دانۇر تاغام، توشقاننى كۆرگەن هامان: «مالچىلىك پروت!»⑦ دېيىشى بىلەن مالچىكنىڭ قانداق يۈگۈرگەنلىكى، توشقاننىڭ بېلىدىن بېسىپ ياكى بوش چىشلەپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنى قانداق كاۋاپ قىلىپ يېگەنلىكلىرىنى سۆزلىسە، بەزى باللار دانۇر تاغامنىڭ سايلىقتىكى مۇزدا كاككىي تېيىلىشنى ئۆگەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى ماختىنىپ سۆزلەيتتى.

- دانۇر تاغا، - دېدى ئەبەك شىلىم يۇقى قولىنى ئۇۋۇلاپ، - ئۇلۇشكۇنكى لەگلەكنىڭ پۇلىغا كىتاب سېتىۋالدىم، بوپتىمۇ؟

- بوپتۇ، بەك بەلەن بوپتۇ، - دېدى دانۇر تاغام كۈلۈپ، - لەگلەكلەر ئەتىگىچە قۇرۇيدۇ. هەر بىرىڭلارغا ئۈچتىن لەگلەك بېرىمەن. لېكىن ئۇنىڭ پۇلىغا شەكەرى قەندەلەت، «گاڭگۇڭ خوراز»ى يېيىشكە بولمايدۇ. بۇنى بىلىدىغانسىلەر؟

- بىلىمىز!

بىز ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مازارلىقتا لەگلەك ئۇچۇردۇق. لەگلەك خۇمار چوڭلارمۇ ئۆزىنىڭ لەگلەكلىرىنى ئېلىپ چىققانىدى. دانۇر تاغام ئۇچۇرغان چوڭ تال لەگلەك ئاسماننىڭ قەرىدە غۇڭۇلدايتتى. ئۇ، لەگلەكنىڭ قوش تاناپ يىپىنى بېلىمگە باغلاپ قويۇۋىدى، لەگلەك مېنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. قانچە تىرەجەپ تۇرۇۋالسامۇ يەنىلا سۆرەپ كېتىۋەردى. باشقا چوڭلارمۇ باللارنى لەگلەك تانىسىغا باغلاپ قويۇپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. مالچىك بولسا باللار بىلەن تەڭ يۈگۈرەيتتى، ئويناقلاپ سەكرەيتتى. شۇ ئەسنادا باللار تۇيۇقسىز چىرقىرىشىپ قېچىشتى.

- يىلان! باللار، يىلان!

يوغان بىر چار يىلان ئاچماق تىللىرىنى چىقىرىپ كۇشۇلدىغىنىچە سويلاپ يۈرەتتى. بىردەمدىلا چوڭلارمۇ يىغىلدى. هېچكىم يىلاننىڭ قېشىغا كېلەلمەيتتى، ئەمما مالچىك يىلاننى توسۇپ، پىرقىراپ يۈرەتتى. ئاخىر ئۇ يىلانغا ئېتىلىپ بېرىپ شۇنداق تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن چىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئىككى بېقىنىغا قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ تاشلىۋەتتى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم شۇنداق قىلغاندىن كېيىن يىلان هالسىزلىنىپ تۈگۈلۈپ قالدى.

مالچىكنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ كەتكەن باللار ئۇنى قۇچاقلىدۇق، باشلىرىنى سىيلىدۇق. هەممىمىز كەچتە دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە يىغىلغان چېغىمىزدىمۇ يەنىلا شۇ يىلان ۋەقەسىنى بەس - بەس بىلەن سۆزلەشتۇق.

- دانۇر تاغا، مالچىك بۇرۇنمۇ يىلان ئۆلتۈرگەنمۇ؟ - دېدى هاجى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

- هەئە، ئۇ چاغدا مالچىك تېخى كۈچۈك ئىدى، - دېدى دانۇر تاغام موخوركا ئوراۋېتىپ، - لېكىن ئۇنى يىلان چېقىۋالغانىدى.

- يىلان چېقىۋالغان؟! - هەممىمىز تەڭلا چۇرقىراشتۇق.

- سەن ئۇنى كۈچۈك چېغىدىلا بېقىۋالغانىكەنسەن - دە؟ - دېدى ئەبەك قىزىقىپ، - سۆزلەپ بەرگىنە!؟

بىز هەممىمىز مالچىك توغرىلىق سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدۇق. دانۇر تاغام كىچىك ئەمما سوغۇق كۆز قارىچۇقلىرىنى بىر يەرگە تىككىنىچە ئۇزۇن جىمىپ كەتتى. بەلكىم هاياتىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر ئېسىدىن كەچكەن بولسا كېرەك، كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ هېكايە ياكى بىرەر ئىشنى سۆزلىگەندە ئاستا ئەمما سىرلىق قىلىپ سۆزلەيتتى. ۋەقەلىكنىڭ جىددىي، سۈرلۈك، ئېچىنىشلىق راۋاجىغا ماسلاشتۇرۇپ ئاهاڭدىلا ئەمەس، بەلكى يۈزىدىمۇ دەممۇ دەم ئۆزگىرىش هاسىل بولاتتى. باللار بەزىدە قورقۇپ ياكى هاياجانلىنىپ بىر يەرگە غۇژمەك بولۇپ يىغىلىۋالاتتۇق.

- مەن سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بىلەن تاغ ئارىلاپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدي، - دەپ گەپ باشلىدى دانۇر تاغام، - ئەترىتىمىز بىرەر جىلغىدا ياكى تاغ قاپتاللىرىدا چېدىرلارنى قۇرۇپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپلا يەنە يۆتكىلەتتى. مېنىڭ ۋەزىپەم ئاتلارغا قاراش، يول باشلاش ۋە يەرلىك تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا تىلماچلىق قىلىش ئىدى. بىر كۈنى ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يولى توسۇلۇپ چاتقاللىقتا قونۇشقا توغرا كەلدى. چۈنكى ئالدىنقى كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغقاچقا، قىيان كېلىپ تاغ قاپتىلىدىكى يولنى چورتلا ئۈزۈۋەتكەنىدى. مەن سەهەر تۇرۇپ ئېتىمنى مىنىدىم - دە، يول كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلاندىم. مەن تىك قىيالىقلار، قويۇق چاتقاللىقلار، چوڭقۇر سايلىقلارنى ئارىلاپ ئاخىر چىڭقى چۈش بىلەن بۇك ئارچىزارلىقتىن چىقىپ ياپيېشىل بىر ئوچۇقچىلىقتا ئاتتىن چۈشتۇم. پۇتلىرىم ئاغرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىقىرىۋېتىپ، قېلىن ئوت - چۆپلۈككە يانپاشلىدىم. ئەمدىلا پۇت - قولۇمنى سوزۇپ: «ئۇھ» دېيىشىمگە ئۇزۇك - ئۇزۇك غىڭشىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېگىرقاپ قالدىم. زەن سېلىپ تىڭشىسام بۇ ئاۋاز ئالدىمدىكى ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغان ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. مەن تىنىش چىقارماي ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ۋە ئازغان شاخلىرىنى ئاۋايلاپ قايرىپ چۆچۈپ

كەتتىم. چۈنكى ئالدىمدا قانغا بويالغان بىر ئانا بۆرە ئىڭراپ ياتاتتى! ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ، غىڭشىپ چۆرگىلەپ يۈرگەن ئاسلاندەك بىر بۆرە كۈچۈكى گاھ ئانىسىنىڭ تۇمشۇقىنى يالىسا، گاھ: «ئانا، ئورنۇڭدىن تۇر، مېنى تاشلاپ كەتمە، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن!» دېگەندەك ئانىسىغا سوزۇپ ئېچىنىشلىق غىڭشىيتتى، هۇۋلايتتى. ئانىمۇ: «بالام، ئاخىرقى قېتىم ئېمىۋال» دېگەندەك ئارقا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، قانغا بويالغان ئەمچەكلىرىنى ئايدىلەك ئوچۇق قويغانىدى. مەن ئازغان ئارقىسىدىن چىققىنىم بىلەن ئانا بۆرە تۇرماقچى بولۇپ گەۋدىسىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن يەنە گۈپپىدە قىلىپ بېشى يەرگە چۈشتى. لېكىن ئۇ: «بالام، تېز قاچ، ئادەم ئاتلىق يالماۋۇز كەلدى» دېدىمۇ قانداق، جان ئاچچىقىدا هۇۋلىۋەتتى. كۈچۈك پىلدىرلاپ قاچتى، لېكىن ئۇ ئۇزۇن قەدەمچە مېڭىپ توختىدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئانىسىغا قارىدى. ئانىمۇ يۈرەك پارىسى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىستىكى بىلەن بالىسىغا قارىدى ۋە يىغلىغاندەك ئاجىز ئىڭرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا كۈچۈك ئېدىر بويلاپ قاچتى. مەن ئانا بۆرىنىڭ: «مېنى نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن بالامغا تەگمىسەڭ» دېگەندەك ئىلتىجاسىنى ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىدا كۆرۈپ قالدىم. مەن ئانا بۆرىنىڭ ئوق تەگكەن سول بىقىنىغا، هېلىلا ئېمىلگەن مول ۋە قان ئەمچەكلىرىگە قارىغىنىمدا، ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىسىغا تارتىشقان كۆزلىرى ئوچۇق قالغانىدى. بۇ چاغدا كۈچۈك كۆزىيېتىم يەردىكى بىر دۆڭدە ئانىسىغا قاراپ تۇراتتى. مەن ئاتنى ئازغان غولىغا باغلىدىم ـ دە، كۈچۈكنى قوغلاپ كەتتىم. كۈچۈك مىدىقلاپ يۈگۈرۈپ بىردە يانتۇ قىرلاردا يۇمىلاپ كېتەتتى، بىردە پۈتلىشىپ يىقىلاتتى. بىز قوغلىشىپ ئۈچلۈق تاشلار، تىكەنلىك جىغانلار، ئادەم چۆكۈرگىدەك قېلىن ئوت ـ چۆپلەر، قورۇغان چاتقاللىقلارنى بېسىپ، ئاخىر ئالدى چورتلا كېسىلگەن چوققىغا چىقىپ قالدۇق. چوققا مەخمەلدەك سىلىق ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلانغانىدى. كۈچۈك نەگە قېچىشىنى بىلمەي غىڭشىپ ئۆياق ـ بۇياققا ئۆزىنى ئۇراتتى. تۇرۇپلا سىيرىلىپ يار لېۋىگە بېرىپ قالاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشماقتا ئىدىم. ئاخىر مەندىن قورقۇپ تۇرغان كۈچۈك ئۆزىنى هاڭغا ئېتىۋەتتى. هاڭ ئاستى بوزغۇنلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قاينام ئىدى. مەن كۈچۈكنىڭ سۇغا «پولتۇڭ» قىلىپ چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بىر هازا يوقاپ كەتكەن كۈچۈك خېلى يىراق بىر يەردىن سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى ـ دە، قولاقلىرىنى شىڭگايتىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. سۇ ئۇنى ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. مەنمۇ هاڭدىن چۈشۈپ قايناملارغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ـ دە، كۈچۈكنى قوغلاشقا باشلىدىم. تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى ئېقىن بىزنى سۈر ـ توقاي قىلىپ ئېقىتىپ، بىردە سىيلىق تاشلار ئۈستىدىن سىيرىلدۇرۇپ، بەزىدە گۈلدۈرلىگەن شارقىراتمىلاردىن موللاق ئاتقۇزۇپ، خېلى بىر يەرلەرگىچە ئېقىتىپ باردى. ئاخىر مەن سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان بىر شېغىللىققا كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم ـ دە، ئەمدىلا قىرغا ياماشقان كۈچۈكنى دەس كۆتۈرۈۋالدىم. لېكىن ئۇ يىغلىغاندەك ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن باشمالتىقىمنى چىشلىۋالدى.

مەن كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئانا بۆرە ئۆلگەن بولۇپ، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدىن بىر تامچە ياش ساقىپ چۈشكەنىدى. كۈچۈك ئانىسىنى كۆرۈش بىلەن يەنە تىپىچەكلەپ، غىڭشىغىلى تۇردى. مەن ئۇنى ئانىسىنىڭ قېشىغا قويۇپ بېرىشىم بىلەن ئۇ قېتىپ قالغان قان ئەمچەكنى بىر ـ ئىككى قېتىم شوراپ بېقىپ ئانىسىنىڭ قېشىدا جىم ياتتى. مەن ئانا بۆرىنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئاستا ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، كۈچۈكنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قايتتىم.

كۈچۈك باللىق تۈكىنى تاشلاپ تاكى يالتىراق تۈكلەر چىققۇچە مەن ئۇنى ئېمىزگە ئەمدۈرۈپ باقتىم. رۇسلار ئۇنىڭغا ئىزمىر ⑧ دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى، لېكىن مەن ئۇنى مالچىك دەپ چاقىراتتىم. ئۇ كىچىككىدىنلا قوينۇمدا يېتىپ چوڭ بولغاچقىمۇ، ئارقامدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيتتى. سەپەرگە چىققاندا ئاتقا غانجۇغىلاپ قويغان تۇۋۇرنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. تاغنىڭ سوغۇق، جۇدۇنلۇق كۈنلىرىدە يوتقىنىم ئىچىدە پۇشۇلداپ ئۇخلايتتى.

دانىيور تاغام تىزىغا بېشىنى قويۇپ ياتقان مالچىكنىڭ بېشىنى سىيلاپ: «بۇ خاتىرىلەر ئېسىڭدىمۇ؟» دېگەندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چەكسىز مېھىر بىلەن قارىدى.

ـ دانىيور تاغا، ـ دېدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ، ـ ئەمىسە مالچىك يىلاننى قانداق ئۆلتۈرگەن؟

ـ مالچىك بويى ئۆسۈپ، تۈكلىرى يالتىراپ، قولاقلىرى شىڭگىيىپ بىر ياشقا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بىر قەدىمىي خارابىلىقتا چېدىرلارنى قۇرۇپ تۇنەپ قېلىشتى. بىر كۈن كەچكىچە يول ئازابىنى تارتقان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر هارغىنلىقتىن بالدۇرلا ئۇخلاپ قالغانىدى. بىر چاغدا، ئاياغ تەرىپىمدە ياتقان مالچىك غىڭشىپ هاۋشىغىلى تۇردى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. چېدىر تۈڭلۈكىدىن چۈشكەن بىر دەستە ئاي نۇرى چېدىر ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. مالچىك چېدىر ئىچىدە پىرقىراپ، خىرقىراپ نېمىنىدۇر تۇسۇيتتى، بىر نەرسىنى چىشلىمەكچى بولاتتى. مەن ئۇيقۇلۇقتا نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، ئۇ مېنىڭ يوتقىنىمنىڭ ئېچىلىپ قالغان يوچۇقىدىن ئۇزۇن بىر نەرسىنى چىشلەپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. ئەمما ئۇ چېدىر ئىشىكىگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا قاتتىق كاڭشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ كېتىشتى. مەن هاپىلا ـ شاپىلا گاز لامپىسىنى ياقتىم. هەممىمىز چېدىر ئالدىدا تولغىنىپ ياتقان ئوق يىلاننى، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ غىڭشىۋاتقان مالچىكنى كۆرۈپ ئۆپۈر ـ تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتۇق. مەن دەرھاللا مالچىكنىڭ پۇتىنىڭ يۇقىرىنى چىڭ باغلىۋەتتىم. ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتىنىڭ دوختۇرى يىلان چاققان يەرنى تىلىپ قاننى سىرىپ چىقاردى، ئاندىن ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈپ، ئوكۇل سالدى. مەن مالچىكنىڭ يىلان چاققان پۇتىنى نەچچە كۈنلەرگىچە سۈتكە چىلاپ يۇدۇم. كېچە ـ كۈندۈزلەپ باغرىمغا تېڭىپ كۆتۈرۈپ

يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى ساقايتىۋالدىم.

— ئەگەر كىچىك مالچىك بولمىغان بولسا، — دېدى ھاجى قورققان قىياپەتتە، — يىلان دانۇر تاغامنى چاقاتتىكەن — دە.

— شۇنداق، ئۇ شۇ چاغدا مېنى دەپ ئۆزىنى ئويلىمىغان.

مالچىكنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدۇق ۋە چەكسىز سۆيۈنۈش، ئامراقلىق بىلەن مالچىكقا قاراشتۇق.

* * *

مەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان «دۆڭمەھەللە»نىڭ باش تەرىپىدە بىر چوڭقۇر سايلىق بار ئىدى. بۇ سايلىق مال بازىرىدىن تا مىرسالىھ ئەنجانلىقنىڭ توگمەنلىرىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، قىشمۇ ياز تارام - تارام سۇلار يېپىلىپ ئېقىپ تۇراتتى. قىشتا سۇ كۆۋەجەپ كۆپكۆك مۇز قاتقاندا پىرقىرىغۇچ ئويناپ، مۇز تېيىلاتتۇق. سايدىن دۆڭگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋاڭ - چوڭلۇق بازار باشلىناتتى. بەكرى ناۋاينىڭ شىرمان نانلىرى كوچىغا قارىتىلغان ئەمبەل تاختىغا شىرتىلداپ چۈشۈپ ئەتراپنى ئىسسىق نان ھىدى قاپلايتتى. مۇخپۇل تۆمۈرچى، ئابدۇللا تۆمۈرچىلەرنىڭ سەندەلدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى. راشىددىن قوغۇنچىنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن گەپ خۇمار، پاراڭچى قېرىلار ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار سادىر پالۋاندىن ئېلاخۇن كۆككۆزگىچە، ئەدناسى قايسىدۇر بىر مەھەللە ياكى بىرەر كوچىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەر - خوتۇن جېدەللىرىدىن ئىككىنى قوزىلىغان ساغلىقلارغىچە ئالا قويماي سۆزلىشەتتى. خېلىل ساتىراشنىڭ دۇكىنىدىن بولسا توختىماي تەمبۇر - دۇتارنىڭ مۇڭلۇق سادالىرى ياڭراپ تۇراتتى.

چوڭكوچىدىن دەريا تەرەپكە قايرىلغان «غازكوچا»، «ئارقا كوچا»، «باي كوچا» قاتارلىق بىر قانچە كوچىلار «خومدان مەھەللىسى» ئارقىلىق كۆكۈلمەيدانلىق ئېلى دەريا بويلىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رەتلىك سۆۋادان تېرەكلەر يەل - يېمىش ھىدلىرى گۇپۇلدەپ، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن قورۇلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. مەھەللىگە ساپ ھاۋا، پاكىزلىق ئاتا قىلغان ئىككى ئېرىق سۇ قورۇ كۆۋرۈكلىرى ئاستىدا گۈڭگۈلداپ، كوكراملاردا شاۋۇلداپ، ئوت - چۆپ ئارىلىرىدا ۋىلىقلاپ بىر خىلدا ئاقاتتى. كىشىلەر سەھەردە ياغاچ كورەكلىرى بىلەن كوچىلارغا سۇ سېپىپ، داس - چېلەكلىرىدە ھويلا - ئارام، گۈللەرگە سۇ چاچاتتى. يۇيۇنۇپ تارانغان تاجى خوراز، سىمابگۈل، تۆگە قۇيرۇقى، قامچا ۋە خىنەگۈللەر ئاپتاپتا تاۋلىنىپ، قىزىل مارجاندەك گىلاس، قەھرىۋادەك ئالۇچىلار كۆزنى چېقىپ قاناتلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوچىدىن بىر خىل نەم تۇپراقنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ كىشىگە ھوزۇر ئاتا قىلاتتى. بولۇپمۇ بارات ئايلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتەتتى.

بالىلار ئامبار - ئۆگزىلىرىمىزدىن كونا كالاچ، رېزىنكە ئۆتۈكلەرنى يىغىپ دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلەتتۇق. ئۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئون ھۆل ياغاچلارغا، تۆمۈر چوقاللارغا ئۆتكۈزۈپ تونەكنىڭ ھارپا كونىلا تەييار قىلىپ قوياتتى. تونەك كېچىسى كوچا - كوچىلاردا ئوت يېقىپ چۆرقىرىشىپ، قوشاق قېتىپ ئوتتىن سەكرەپ ئويىنشاتتۇق. كالاچ، رېزىنكە ئۆتۈكلەرنى كۆيدۈرۈپ كوچىمۇ كوچا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشەتتۇق. كالاچ، رېزىنكە ئۆتۈكلەر پارچە - پارچە ئوت بولۇپ ئاقاتتى. مايغا چىلانغان كاللەكلەنگەن تاغارلاردىن ماي ساقىپ كوچىلارنى ئىس - تۈتەك قاپلايتتى. بىز كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈگۈرەشكىنىمىزدە بارات قوشىقى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇراتتى:

بارات كەلدى كۆردۈڭلارمۇ،
توخۇم پوشكال سالدىڭلارمۇ.

تۈن نىسپى بىلەن ھەممىمىز خۇشاللىقتىن يۈزلىرىمىز قىزارغان، كۆزلىرىمىز ئوتتەك يانغان، يۈرەكلىرىمىز شادلىقتىن ئوينىغان ھالدا دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تونەك ئېشى يەيتتۇق. ئاندىن تاڭ ئاتقۇچە دانۇر تاغامنىڭ تۈگىمەس چۆچەكلىرىنى، بوغۇلۇپ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەتتۇق.

باراتنىڭ ئارقىسىدىن رامزان باشلىناتتى. بىر يىلى بولغان رامزان زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: دانۇر تاغام بىلەن بىر نەچچە كۈن پانۇس ياسىدۇق. ھەممىمىز رامزاننىڭ 10 - كۈننى ساقلاپ تاقەتسىزلەنگەنىدۇق. ئاخىر بۇ كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. دانۇر تاغام تەتۈر ئۆرۈلگەن جوۋا بىلەن قۇلاقچىنى كىيىپ، يوغان ئاپئاق ساقال تاقاپ توپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئارقىدىن ئالا - بېشىل پانۇس كۆتۈرگەن بالىلار، ئىپتاردىن كېيىن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتقان ئەھلى مۆمىنلەرنىڭ ھويلىلىرىدا رامزان قوشىقىنى باشلىۋەتتۇق:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
روزىنىڭ زاكاتىغا پاتقان بايلار.
رامزان، ئاللا شەرئى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇل رامزان.

خۇددى ئېيىقتەك ياسىنىۋالغان دانۇر تاغام قوشاق ئاھاڭىغا ماسلاشتۇرۇپ گۇس - گۇس دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنى ھېچكىممۇ تونىيالمىدى.

بۇ روزا شۇنداق روزا، مېھمان ئىكەن،
روزىنى تۇتمىغانلار ھايۋان ئىكەن.
رامزان، ئاللا شەرئى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇل رامزان.

روزىنىڭ ئۇنى قېنى، قەدرى قېنى؟
بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى؟
رامزان، ئاللا شەرئى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇل رامزان.

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا تاينىڭ ئىزى،
كەشمىر ياغلىق بېرىدۇ باينىڭ قىزى.
رامزان، ئاللا شەرئى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇل رامزان.

تۆگۈلۈكۆگىدىن قارىسام ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.
رامزان، ئاللا شەرلى رامزان،
خوش مۇبارەك كەلدىلەر شۇل رامزان.

بىز شۇ كۈنى بىر كوچىنى تۈگىتىپ، دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ چۈشكەن نەرسىلەرنى داستىخانغا تۆكتۇق. بۇگۈنكى رامزاندا چۈشكەن نان، قاتلىما، مايلىق توقاچ، پوشكال، يەل - يېمىش، پۇللارغىچە خېلىلا مول ئىدى. دانۇر تاغام بۇ نەرسىلەرنى بىر قانچە خالتا، داستىخانلارغا بۆلۈپ يۆگىدى، ئاندىن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

- بۇ رامزانلىقلارنى، - دېدى دانۇر تاغام ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ، - بىر قانچە ئائىلىلەرگە ئاپىرىپ بەرسەك قانداق؟

- خەققە بېرىۋېتىمىزما؟ - دېدىم مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا، - ئاران تەستە. . .

- ھەئە، ئۇلارنىڭ كۈنى تەس، - دېدى دانۇر تاغام ئېغىر خۇرسىنىپ، - روزى - رامزاندا بالىلىرى بويۇن قىسىپ قالىدۇ، قانداق، سىلەر رازىمۇ؟

- رازى، - ھەممىمىز چۇرقىراشتۇق.

- ياخشى، تېگىل ياخشى. ئەمىسە ھازىرلا ماڭايلى.

- ئەتە ئاپىرىپ بەرسەك بولمامدۇ، - دېدى مىرزى ئەسنەپ، - بۇ كېچىدە. . .

- ياق، بولمايدۇ. ھازىرلا.

دانۇر تاغامنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئەمەس، بەلكى ئىشارىتىمۇ بىز ئۈچۈن بۇيرۇق ئىدى. بىز شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە دانۇر تاغام بىلەن قاراڭغۇ تار كوچىلارنى، يىراق ساي مەھەللىلىرىنى چۆرگىلەپ كۆرۈمسىز، نامراتلىق يېغىپ تۇرغان ئائىلىلەرگە رامزان نېمىتى يەتكۈزۈپ بەردۇق. بۇ ئىش تا رامزان چىقىپ كەتكىچە بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، دانۇر تاغام شۇ ئۆيلەرنى بىزگە كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆزى كىرمەيتتى. ھەتتا ئۇ بىزگە بۇ ئىشلىرىمىزنى بىر كىمگە تىنماسلىقنى تاپىلايتتى.

كېيىنچە بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. بىز خەيرىخاھلىق قىلغان بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەرلىرى، ئوغۇللىرى «قاچ - قاچ»تا سوۋېت يېرىگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار قارىغۇچىسىز قالغان قېرى - چۆرىلەر، تول خوتۇن، يېتىم - يېسىرلار ئىدى. خۇددى «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم» دېگەندەك، بۇلار «ئىككى يۈرەك»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ۋەتەن خائىنىنىڭ ئائىلىسى» دېگەنگە ئوخشاش بەتناملار بىلەن قارىلانغان بولۇپ، پات - پاتلا ياچېيكا قورۇسىغا يىغىۋېلىنىپ، كۆرەش - دەشنامدىن يۈرەكلىرى خۇن بولۇپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى مازارلىقتا ۋاللەي، ئۇدىكام ئوينىپ يەنە كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەھەللىمىزدە «قاچقانچۇق» ئوينىدۇق. مالچىك بىز بىلەن بىللە يۈگۈرەيتتى. بىز كۆۋرۈك ئاستىغا يوشۇرۇنساق ئۇمۇ ئۆمىلەپ كىرەتتى. ئىشقىلىپ، بىز: «يات» دېسەك ياتاتتى، «ئۆمىلە» دېسەك ئۆمىلەيتتى. بۇنداق ئويۇنلاردا ئۇ بىزدىن ئۆتە خۇشال بولۇپ كېتەتتى. بىر شۇ كۈنى كەچتە مالچىكنى ئەگەشتۈرۈپ دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدۇق. ئۇ، بوۋايغا ئۆگرە ئاش ئىچكۈزۈۋاتقانىكەن، لېكىن ئۆزى ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى. باللار ھەممىمىز جىم بولۇپ قېلىشتۇق.

- دانۇر تاغا، ساڭا نېمە بولدى، - دېدىم مەن جىملىقنى بۇزۇپ، - بىر قىسىملا كۆرۈنىسەنغۇ؟

دانۇر تاغام ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى. ئۇنىڭ كىچىك، سوغۇق ئەمما مېھرىبان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادالغانىدى. ئاخىر ئۇ بوغۇلغان ھالدا ئەھۋالنى ئېيتتى:

- ئۆتكەندە سىلەر رامزان نېمىتى ئەكىرىپ بەرگەن ئوردا كوچىسىدىكى ھېلىقى تول ئايال ئېسىڭلاردا بارمۇ؟ ھە، شۇ ئايال كېسەل بولۇپ قاپتۇ.

- ئېسىمىزدە، - دېدىم مەن، - ھېلىقى بەش بالىسىنى بىر يوتقانغا يۆگەپ قويغان ئورۇق ئايال.

- شۇنداق، بالىلىرىنىڭ چوڭى 11 ياشتا، كىچىكى قۇچاقتا. ئۇ ئايال بالىلىرىنى تىلەمچىلىك قىلىپ باقاتتى. مانا ئەمدى. . .

بىز ھەممىمىز يەنە جىمىپ كەتتۇق. دانۇر تاغام تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك تېخىمۇ مۈكچىيىپ كەتتى.

- «كەمبەغەلگە پۇتلاش تولا» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، - دېدى دانۇر تاغام كۆزلىرىنى يۇمۇپ، - ھېلىقى ئىككى نەۋرىسى ۋە مومىسى بىلەن قالغان قارىغۇ بوۋاينىڭمۇ كېسىلى ئېغىركەن.

- ئۇ باللارنىڭ دادىلىرى بالىلىرىنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ - دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن، - نېمىشقا بالىلىرى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى تاشلىۋېتىدۇ؟

- راست، نېمىشقا تاشلىۋېتىدۇ؟ - باللار بىردەك چۇرقىراشتى.

- ئادەملەر، - دانۇر تاغامنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، - ئادەملەر ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە جەننەت كۆرۈنگەندە ئەڭ يېقىنلىرىنى، كۆك تىرناق نارەسىدىلىرىنى ھېچ ئايانمايلا دوزاخقا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنى ئاقلاپ: «خۇدايىم بار» دېيىشىدۇ. لېكىن ھازىرغىچە خۇدايىم ئاسماندىن بىر كىمگە بىر بۇردا نان تاشلاپ بەرگەننى ئاڭلاپ باقمىدۇق.

مەن شۇ كېچىسى پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. تۈۋى يوق چىگىش خىياللار مېنى چىرمىۋالغانىدى. قانچە - قانچە مەھەللە، كوچىلاردىكى قارىغۇچىسىز قېرى - چۆرىلەر، بولۇپمۇ ئۇششاق باللار دانۇر تاغامنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزى قىش - ياز ئاشۇ كونىراپ كەتكەن مايسىرەڭ شىم - چاپان، قوپال، ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكىنى كىيىپ، چار ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈپ يۈرەتتى. لېكىن بۇ پاكار بويلۇق، ۋىجىك ئادەمنى يىراق - يېقىندىكى ھەممە باللار بىلەتتى، ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، ئاتا - ئانىسىغا دېيەلمىگەن ھاجەتلىرىنى تارتىنماي ئېيتىشاتتى.

مەن ھەيران بولۇپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايتتىم: «خۇدايىم مۇنداقمۇ ئىشقى سەۋدانى ئادەمگە سېلىپ قويىدىكەن - ھە؟». دەرۋەقە، دانۇر تاغام چوڭلار بىلەن ئارىلاشمايتتى، ئۇلارنى كۆرگەندە ساق ياكى مەست بولسۇن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام - سەھەت قىلاتتى - دە،

ئۇنۇپ كېتەتتى. قىماردا ئامىتى كەلگەن كۈنلىرىدە بولسا بالىلارنى سېخىيلىق بىلەن مېھمان قىلاتتى، كەم - كۈمسىلىرىنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ھازىرغىچە بالىلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىغان ئەمەس. لېكىن چوڭلار ئۇنى نېمىشقا يامان كۆرىدىغاندۇ؟ بىر يىللىق بولغان بىر ئىش مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى:

مەھەللىنىڭ مۆتىۋەرلىرى، مويسىپىت چوڭلىرى خادىكلارغا قازان - قومۇچ، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى بېسىپ ھەيلە - ساياھەت ئۈچۈن «زەيىمكى» ⑨گە چۈشتى. ئۇلار ئانچە - مۇنچە نەغمە قىلىش ئۈچۈن دانۇر تاغامنىمۇ ئېلىۋالغانىدى. «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارامۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، دانۇر تاغامنىڭ ئېلىۋېلىشى بىلەن بىر قانچىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە باردۇق. دەريا تارامىلىرى ئايرىپ تۇرغان پارچە - پارچە ئاراللار خۇددى كۆنلۈكتەك يۇك جىگدە ئورمانلىقى بىلەن قاپلانغانىدى. ياپيېشىل چىملىقلارغا سېلىنغان تىكمەت - گىلەملەرگە جايلاشقان ياشانغان - مۆتىۋەر، مويسىپىتلار ھەزىل - چاقچاقلار بىلەن كولۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. قازانلاردا قورداقلار قايناپ، دەملەنگەن چايلاردىن ھور چىقىپ تۇراتتى. پاراڭچى قېرىلار بىر - بىرىگە قوناق بەرمەي سۆز كارۋانلىرىنى ئۇلايتتى. قەدىمدە ۋە مانجۇ زامانىسىدا داڭ چىقارغان ئەل ئوغلانلىرى ھەققىدە قايناپ - پىشىپ سۆزلەپ، گەپ ئېلاخۇن كۆككۆزگە ⑩ كەلگەندە سورۇن ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ساۋۇت مىليانخان گەپ قىستۇردى:

- مانجۇ چېرىكلىرى ئېلاخۇننى قوغلاپ ئالمۇتىيارغا قىستاپ كەلگەندە، - دېدى ساۋۇت مىليانخان سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويۇپ، - ئۇ ئېتىنىڭ كۆزىنى پوتىسى بىلەن تېڭىۋېتىپ قامچا ئۇرغانىكەن، ئېتى بىلەن نەچچە يۈز گەز يارلىقتىن بىراقلا دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇ، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتۈپ، كىيىملىرىنى سىقىپ جىغانلارغا بېيىۋېتىپ، مانجۇ چېرىكلىرىگە مۇشتۇمىنى تەڭلەپ: «ھەي قانخور باسقۇنچىلار، ھۇشۇڭنى تاپ!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

- تېخى مانجۇ ھۆكۈمىتى ئېلاخۇننى پالىغاندا، - دېدى ئوسمانجان قاشلىق جىددىي تەلەپپۇزدا، - چېرىكلەر ئۇنى تۆمۈر قەپەزگە سېلىپ كۆرە بازىرىدا توختىغانىكەن. نۇرغۇن ئالىمان قەپەزنى ئورىۋاپتۇ. شۇ چاغدا ئېلاخۇن كۆرە بازىرىنىڭ ئىسسىق ۋە بوسلۇق ئاشخانا - چايخانىلىرى ئالدىدىكى لەمپىلەرگە ئېسىپ قويغان قەپەزلەردە سايراۋاتقان قۇشلارنى كۆرۈپ ئالىمانغا قاراپ: «ھەي خالايىق، مېنىڭغۇ ھۆكۈمەت گۇناھ قىلدىڭ، دەپ قەپەزگە سولىدى، ماۋۇ بىچارە جانىۋارلار ھەر قايسىڭغا نېمە گۇناھ قىلغان؟ قويۇۋېتىڭ، شۇلار بولسىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن! ئەركىنلىككە ھېچنېمە يەتمەيدۇ جۇمۇ بۇ دۇنيادا» دەپ توۋلىغانىكەن.

- شۇنداق، ئەركىنلىك - ھۆرلۈككە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ، - دېدى ئەل ئارىسىدا «كالتە قۇيرۇق» ⑪ دەپ نام ئالغان ئىبراھىم ئەپەندى.

- ئېلاخۇن كۆككۆز، - دېدى راشىددىن قوغۇنچى سېرىق ساقاللىرىنى سىيپاپ، - «كۆچ - كۆچ» ناخشىسىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان.

- قېنى ئەمىسە «كۆچ - كۆچ»نى دانۇردىن بىر ئاڭلاپ باقامدۇق، - دېدى ئوسمانجان قاشلىق سورۇن ئەھلىنى تەرتىپكە چاقىرىپ، - قېنى دانۇر، دۇتارنى ئال.

دانۇر تاغام سازلاپ تەييار قىلىپ قويغان دۇتارنى قولىغا ئالدى. ئۇ، سورۇن ئەھلىگە بىر قۇر قاراپ: «ئەمىسە ئەيىب كۆرمەڭلار» دېدى - دە، ناخشىنى باشلىۋەتتى:

كۆچ - كۆچ دەيدۇ، كۆچ دەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز شەھىرىڭگە يېتەمدۇ
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

دانۇر تاغامنىڭ ئاۋازى خۇددى دىمىقىدىن قىسىلىپ چىقىۋاتقاندەك بوغۇق ئەمما مۇڭلۇق ئىدى:

ئالما - ئاتاغا كۆچ دەيدۇ،
بارار جايىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

كەتمەكچى بولۇپ قېلىپ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا.
ئاق خان بىلەن قارا خان
ئىنتىماق ئىكەن باشتا. . .

ناخشا توختىشى بىلەن ھەممىسى باركاللا ئوقۇشتى. دانۇر تاغام يەنە ئۇلاپلا كوچا ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى:

باللار ئويناۋاتامدۇ،
مەن ئوينىسام قاتامدۇ.
مەن ئوينىغان جايلارغا
سېنىڭ كۆڭلۈڭ تارتامدۇ.

بارغۇلۇقەي، بارغۇلۇق،
تامدىن قاراپلا يانغۇلۇق.
بەندىلىكتە چارە يوق،
ياقا تۇتۇپ يىغلىغۇلۇق.

ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى سورۇن ئەھلىنى سۈكۈتكە چۆمدۈرگەنىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلەن جارۇپ ئاخۇنۇم بەندىچىلىكتە رۇي بېرىدىغان گۇناھ، ساۋاب، دىيانەت، كۆيۈرلۈق ھەققىدە سۆز باشلىدى. ئۇ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇماسلىق، روزا تۇتماسلىق، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش، قىمار ئويناش، زىنا ۋە ئوغرىلىق قىلىشتەك ناشايان ئىشلارنىڭ بەندىگە كەلتۈرىدىغان ئۇ دۇنيالىق گۇناھلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە سورۇن ئەھلى كېلىشىۋالغاندەكلا دانۇر تاغامغا قاراشتى.

- ھە، دانۇر، - دېدى جارۇپ ئاخۇنۇم ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىيپاپ، - دەپباقە قېنى، سېنىڭ ئىچىشىڭ ھاراق، چېكىشىڭ تاماكا، ئوينىشىڭ قىمار، تاڭلا مەھشەر كۈنى خۇدايىم قازى بولغاندا نېمە دەرسىنا؟!

دانۇر تاغام بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلدى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭغا مىختەك قادالغانىدى.

- ئەمدى ئاخۇنۇم مەھشەر كۈنى، - دېدى دانۇر تاغام

ھودۇقماي، - ھەممەيلەننىڭ ئارقىسىدا تۇرىمەن دېسىلە. خۇدايىم: «ھوي دانۇر، سەن بارمۇ» دەپلا قويسا بولدى. ماڭا باشقىسى كېرەك ئەمەس دېسىلە.

دانۇر تاغامنىڭ كېيىنىڭ ئۇرانىدىن: «مەن ھەر قايسىلىرىدىن جەننەتنى تالاشمايمەن، ئۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىشىمىسلىمۇ بولىدۇ» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى.

كىچىچە قايناملا چۈشكەن غازاڭدەك خىيال قاينىمىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالغان ئوخشايمەن. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھويلىغا چىقىشىمغىلا دانۇر تاغامنىڭ مالچىكنى باشلاپ باغ ئىشىكىدىن مازارلىققا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

* * *

«دانۇرنى ساقچىلار تۇتۇۋاپتۇ، قىمار ئويىنىغان يېرىدىن نەق چۈشۈپتۇ» دېگەن گەپلەر بىردەمدىلا پۈتۈن دۆڭمەھەللىگە خۇددى ھېبىت ناغرىسىدەك تاراپ كەتتى. چوڭلار خۇشلۇقىدىن ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ: «خوي ئوبدان بوپتۇ، ئەمدى قۇتۇلغان ئوخشايمىز بۇ بالا سارىڭدىن» دېيە، يەنە بەزىلەر: «مۇشۇنداق كېتىۋەرسە باللىرىمىزنى قىپقىزىل ئوغرى، قىمارۋاز، نەشكەش قىلىۋېتەتتى بۇ ئىمانسىز» دەپ غېيىۋىتىغا قاغاپ، تىللايتتى.

بۇ شۇم خەۋەردىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن كوچىمىزدىكى باللار پەيچۇسوغا يۈگۈرۈپ بېرىشتۇق. دانۇر تاغام بىلەن مالچىك ئايرىم ئۆيگە سولاقلىق ئىكەن. بۇ يەردىكى كېرىمجان دېگەن ساقچىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار دانۇر تاغامنى تۇتقاندا مالچىك بىر ساقچىنى بوغۇپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. ئەگەر دانۇر تاغام رۇسچە بىر نېمىلەرنى دېمىگەن بولسا، ئىش چاتاق بولاتتىكەن. شۇڭا ساقچىلار ئۇنى تاك ئېتىپ چېكەلمەپتۇ، ھەتتا ھازىرغىچە سوراقمۇ قىلالماپتۇ، چۈنكى مالچىك ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغىلى ئۇنىماپتۇ. بۇ گەپلەر بولۇنىۋاتقاندا ئارقا - ئارقىدىن باشقا مەھەللىنىڭ باللىرىمۇ كېلىشكە باشلىدى. مەن شۇندىلا بىلدىمكى، دانۇر تاغام باشقا باللارغىمۇ ئوخشاشلا ياخشىلىقىنى ئايىمىغانىكەن.

ئېگىز، ئاتىيۇزلۇك، قاتاڭغۇر كەلگەن سوجاڭ (پەيچۇسونىڭ باشلىقى) باللارنىڭ يىغا - زارىنى، يالۋۇرۇپ - يېلىنىشلىرىنى كۆرۈپ سەل يۇمشاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ بەزى ئىشلارنى ئېنىقلىسا كېرەك، بىر نەچچىمىزنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى.

- ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، - دېدى سوجاڭ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، - دانۇر سىلەرگە ئوغرىلىق قىلىشنى ئۆگىتىپتۇ، بۇ راستمۇ؟

- يالغان، - دېدىم مەن چاچراپ تۇرۇپ، - دانۇر تاغام ئۆزى ئوغرى بولمىسا بىزگە قانداق ئۆگەتكۇدەك.

- ئەمىسە بارات كۈنى نېمە ئۈچۈن خەقنىڭ ئۆگزىلىرىدىن قوراي، شاخ، قومۇشلارنى ئوغرىلىدىڭلار؟

- بۇ. . . بۇ دېگەن ئۆزىمىز قىلغان ئىش، دانۇر تاغام بىلمەيدۇ.

- ئەگەر بىلسە، - دېدى ھېبۇك يىغلامسىراپ، - بىزگە ئاچچىقلايدۇ، دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بېرىپىدۇ.

- ئۇنداقتا قىمار ئويناشنى ئۆگەتكىنى راستمۇ؟

- ياق، ئۇ ئۆزى قىمار ئوينىمىسا، بىزگە قانداقمۇ ئۆگەتسۇن؟

- قىمار ئوينىمىسا؟ - سوجاڭ كۈلۈۋەتتى، - ئەمىسە بىز ئۇنى خاتا تۇتۇپتىمىز - دە؟

- ئۇ. . . ئۇ دېگەن باشقىلارغا. . .

مەن ئوردا كوچىسىدىكى بەش بالىسىنى تىلەمچىلىك قىلىپ بېقىۋاتقان تۇل ئايالنىڭ ۋە ساي كوچىسىدىكى ئىككى نەۋرىسى ۋە مومىيى بىلەن قالغان ئەما بوۋاينىڭ پاجىئەسىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ يىغلاپ سالدىم.

- دانۇر تاغامنىڭ قىمار. . . قىمار ئويىنىشى شۇ . . . شۇلار ئۈچۈن ئىدى.

- بۇنى سىلەر نەدىن بىلىسىلەر؟

باللار ھەممىمىز ئالدىنقى كۈنى دانۇر تاغامنىڭ كەينىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئۇ ھەسرەت چېكىپ دەپ بەرگەن ئىشلارنى بىرنى قويماي سۆزلەپ بەردۇق.

سوجاڭ تاماكىسىنى شورىغىنىچە بىر ھارا جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. بەلكىم شۇنچە كۆپ ئۇششاق باللارنىڭ يالۋۇرۇپ - يېلىنىشلىرى، ئېچىنىشلىق يىغلاشلىرى ئۇنى ئويغا سېلىپ قويغان بولسا كېرەك. «توۋا، - دەيتتى ئۇ ئىچىدە، - بۇ بالا سارىڭى دانۇر زادى قانداق بەندە! ؟ بەزى ئىشلىرى ئادەمنى ئويلاندۇرسا، بەزى ئىشلىرى ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ».

- ماقۇل باللار، - دېدى سوجاڭ كۈلۈپ، - دانۇرنى قويۇپ بېرىمىز، لېكىن ئۇنىڭ ئىتىنى ھازىرچە ئېلىپ كېتەلەمسىلەر؟

- ئېلىپ كېتەلەيمىز، - دېدۇق ھەممىمىز بىردەكلا.

- لېكىن دانۇر تاغامنى چوقۇم قويۇپ بېرىسىز، - دېدىم مەن سوجاڭغا، - بىزنى ئالدىمايسىز.

- ياق، ياق، ھەرگىز ئالدىمايمەن، ئالدىسام سىلەر دانۇرنىڭ ئىتىغا تالىتىۋېتەرسىلەر.

سوجاڭ بىزنى دانۇر تاغامنى سولاپ قويغان ئۆيگە ئېلىپ كىرگەندە، دانۇر تاغامنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مالچىك بىزگە ئەركىلەپ سۇۋاندى، لېكىن سوجاڭنى كۆرۈپلا خىرقىراپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى. ئەھۋالنى ئۇققان دانۇر تاغام مالچىكنىڭ بېشىنى سىيلاپ، باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭغا:

- مالچىك، سەن باللار بىلەن كەت، مەن ئارقاڭدىن بارىمەن، مەتدىن ئەنسىرىمە، - دېدى. لېكىن مالچىك بىر سوجاڭغا، بىر دانۇر تاغامغا قاراپ غىڭشىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. دانۇر تاغام قايتا - قايتا سۆزلىگەندىن كېيىن ئۇ بىز بىلەن ئۆيدىن چىققان بولسىمۇ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋالدى. ئىشىك بوسۇغىسىدىن بىر قەدەممۇ سىلجىماي تۇرغان مالچىكنى كۆرگەن سوجاڭ دانۇر تاغامنى چاقىردى.

ئۇ، مالچىكنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ، بېشىنى، تۇمشۇقلىرىنى يۈزىگە يېقىپ: «رەھمەت ساڭا، مەندىن خاتىرجەم بول» دېگەندىن كېيىنلا بىز بىلەن ماڭدى. لېكىن ئۇ يول بويى دەممۇ دەم توختاپ ئارقىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى.

دانۇر تاغام گەپنى يېنىپ چىقتى. بىز بەنلا ئۇنىڭ بىلەن جەم بولدۇق. شۇ خۇشاللىقىمىزدا سايغا ئوينىغىلى چىقتۇق. يار بويلاپ بۆك ئۆسكەتلىكلەر ئىچىدىكى ئورۇس تۈگمەنلىرىدىن ئېقىپ چىققان سۇ سايدا يېيىلىپ ئاقاتتى. تارام - تارام سۇ بويلىرى يىكەن، يۇمشاق مىسىل، يالپۇز، چىغىرتماقلار بىلەن ياپيېشىل مەخمەلدەك تاۋلىناتتى. يىراقتا - ئىككى تىك يار ئارىلىقىدىن ئىلى دەرياسى سىماب ئېرىتمىسىدەك يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز سايدا سۇغا چۆمۈلدۇق، مالچىكنىمۇ سۇغا چۆمۈلدۈردۇق. ئۇ بىز بىلەن قانغۇچە ئوينىدى. بىر چاغدا «ناغرىچى» نىڭ ئېگىز دۆڭلۈكىدە دانۇر تاغام قول پۇلاڭلىتىپ بىزنى چاقىردى. بۇ دۆڭلۈكلەر ۋەخپە يەرلەر بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئۈجمىلىكلەرمۇ پاشالىق يەر ھېسابلىناتتى. دانۇر تاغام پاقا يوپۇرماقلىرىنى داستىخاندەك يېيىپ، ئۇنىڭغا مەي بولۇپ پىشقان ئاق، قارا، چېقىر ئۈجمىلەرنى تېرىپ دۆۋىلىۋەتكەنىكەن. ھەممىمىز ئۈجمىگە ئېغىز تەگدۇق. دانۇر تاغام ئالقىنىدا مالچىكقا ئۈجمە يېگۈزدى. بىز ھەممىمىز مالچىكنىڭ ساقچىدا دانۇر تاغامنى قانداق قوغدىغانلىقىنى بەس - بەس بىلەن ماختىشىپ سۆزلەشتۇق. ساقچىلارنىڭ مالچىكتىن قورقۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىگەنلىكىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق.

شۇ چاغدا، مالچىكنىڭ ساقچىدا دانۇر تاغامنى قوغداپ ياتقىنى، غىڭشىپ، كەتكىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋالغىنى، دانۇر تاغام ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ گەپ قىلغاندىمۇ ئۇ خاتىرجەم بولالمىغاندەك يولدا ئارقىغا قاراپ - قاراپ كەلگەنلىكى، دانۇر تاغامغا: «قىمارۋازلار سىنى ئۇرسا ياكى پىچاق تىقىۋەتسە قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىغىنىم ئېسىمگە كەلدى. دانۇر تاغام: «توغرا دەيسەن، قىمارۋازلار چىدىماس كېلىدۇ، لېكىن مالچىكلا بولىدىكەن، ئۇلار ماڭا چېقىلالمايدۇ» دېگەنىدى.

- دانۇر تاغا، - دېدىم مەن قولۇمنى يوپۇرماققا سۈرتۈپ، - مالچىك راستىنلا ساقچىنى بوغۇپ قويغىلى تاس قالدىما؟

- ھەئە. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىمىغان بولسام، ساقچىنى بوغۇپ قويغان بولاتتى.

- نېمىشقا ئەمدى؟

- مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ مىلتىق تۇتقان ئادەمنى كۆرسىلا خىرىس قىلىدۇ، - دېدى دانۇر تاغام بېشىنى چايقاپ، - بەلكىم ئانىسىنى ئاتقان ئوۋچى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقمىغان بولسا كېرەك. مالچىك «گۇم» قىلغان بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان قۇلىقىنى شىڭگايتىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا مىلتىق تۇتقان ئوۋچى تېخىچىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا. . .

- دانۇر تاغا، «ئاتوم بومبا» دېگەنمۇ «گۇم» قىلىپ ئېتىلامدۇ، - سورىدىم مەن يېقىندىلا ئاڭلىغان بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ.

- قانداق دەيسەن؟

دادامنىڭ ئايۇپ دەيدىغان بىر ئاغىنىسى بار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى تۇتاش پەردە قاپلاپ، تىمسقىلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى ئايۇپ ئاكام ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا دادام ماشىنا ئالدىدا چاپانغا پېتىل ئېچىۋاتاتتى. دادام ئۇنىڭغا: «ھە، ئايۇپ، كەل، قېنى بۇ ئورۇندۇققا ئولتۇر» دەپ ئورۇندۇقنى سۇنۇپ بەردى. بۇ ئىككىسى بىر يەرگە كېلىپ قالسا گېپى تۈگىمەيتتى.

- قارا، دانىيار، -دېدى ئايۇپ ئاكام سۆز باشلاپ، - ئېمىرىكا ⑫ دەيدىغان بىر جاھانگىر بار ئىكەن دېگىنە.

- ھە، ھە ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

- ئۇنىڭ «ئاتوم» دەيدىغان بىر بومبىسى بار ئىكەن.

- پاھ، پاھ، قارا ئۇنى.

- ئۇ، بومبىسىنى: «ھېلى تاشلايمەن، مانا تاشلايمەن» دەيدىكەن خەققە ھەيۋە قىلىپ. خەق: «ئۇنداق قىلما، پەيلىڭدىن يان» دەپ يالۋۇرىدىكەن. لېكىن بۇ بەتبەخ: «تاشلايمەنغۇ، قانداق قىلىسەن، بىكار ھېلى تاشلايمەن» دەپ خەقنى قورقىتىدىكەن.

- ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان، قارا ئۇنى، - دېدى دادام پېتىل يۇمەۋېتىپ، - ئۇ ئېمىرىكا دېگەنمۇ ئەخمەق نېمىكەن، «قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى» دەپلا قاپاقنى ئۇشۇرۇۋېتىپ ئۆلتۈرسا بولمىدىمۇ.

دانۇر تاغام گېپىم تۈگەر - تۈگىمەيلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ساقال باسقان ئاغزىغا، يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، قىيماقتەك قورۇلۇپ قالغان يۈزىگە قاراپ بىزمۇ كۈلۈۋەتتۇق. بۇ كۈلكە ساداسىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن مالچىك ئەتراپىمىزدا پىرقىراپ بىز بىلەن ئوينىشىپ كەتتى.

- ئابۇك، ھاجى، مىرزى، ھېبۇك، ئەبەك، ئاباك قاراڭلار، - دېدى دانۇر تاغام كۈلكىدىن ئۆزىنى ئارانلا توختىتىپ، - ئاتوم بومبا دېگەن قولدىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئالما - نەشپۈت ياكى قوغۇن - تاۋۇز ئەمەس.

دانۇر تاغام بىزگە تۇنجى قېتىم ئاتوم بومبىسى ھەققىدە ئورۇسلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ پارتلاش دائىرىسى، كۈچى، زىيىنى قاتارلىقلارنى ئۇزۇن چۈشەندۈرۈپ كەتتى. گەرچە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ كۆپ يەرلىرىنى چۈشىنەلمىسەكمۇ، ھەر ھالدا ئاتوم بومبىسىنىڭ قولدىن چۈشۈپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىۋالدۇق.

ئۈجمە زىياپىتىدىن كۆپ ئۆتمەيلا يازلىق تەتىل يېتىپ كەلدى. دانۇر تاغام بىزنى بىر نەچچە قېتىم چىغلىق، زەيمكى، جىرغىلاڭلارغا ئويناتقىلى ئېلىپ چىقتى. بىر كۈنى ۋەدە بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە سەھەردىلا يىغىلدۇق. دانۇر تاغام نەرسە - كېرەك ۋە يېمەكلىكلەر سېلىنغان يوغان بىر تۇۋۇرنى مۇرىسىگە ئارتتى. ھەممىمىز خەنبىڭگە ئوينىغىلى چىقتۇق. خەنبىڭ چەكسىز كەتكەن يېشىل ۋادا ئىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردە دېھقانلارنىڭ بۆك - باراقسان جاڭزىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ تازا خامان ئېلىۋاتقان چاغلار بولغاچقا، دانۇر تاغامنىڭ باشلىشى بىلەن ھەممىمىز خامان سورۇۋاتقان بىر دېھقاننىڭ خامىنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتۇق. كېيىن دانۇر تاغام تۇۋۇردىن چوڭ تورنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئۇ بىزگە:

- بالىلار، ھازىر سىلەرگە بىر كۈيۈن كۆرسىتىمەن، ئالامسىلەر، - دېدى.

- ئالايمىز، - ۋارقىراشتۇق ھەممىمىز.

- مانا بۇ نېمىز قوۋزاقتا ياسىغان پۈشتەكنى ئاغزىمغا سېلىپ سامان ئىچىگە يوشۇرۇنىمەن. سىلەر بۇ تورنى سامان ئۈستىگە يېيىپ، تورنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ بىر نەچچە يېرىگە ياغاچ تىكلەپ، بىر غېرىچتەك كۆتۈرۈپ قويسىلەر. ئاندىن مەن پۈشتەكنى چالىمەن. بۆدۈنىلەر مېھمان بولۇپ كېلىدۇ.

- قېنى، چېلىپ باقىنا دانۇر تاغا.

دانۇر تاغام پۈشتەكنى چېلىۋىدى: «ۋىغ، ۋىغ، ۋىغ» ⑬ قىلغان ئاۋاز چىقتى. بىز ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

- بۆدۈنە دېگەن «ۋىتىلداق» دەپ سايرايدۇ. بۇ پۈشتەك ۋىغىلدايدىكەن، - دېدىم مەن ۋارقىراپ.

- شۇنداق، چىشى بۆدۈنە ئەركەكلىرىنى ئاشۇنداق چاقىرىدۇ.

بىز دانۇر تاغام دېگەندەك تورنى سامان دۆۋىسىگە يېيىپ، ئاستى تەرىپىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىمىز مالچىكنى ئېلىپ يوشۇرۇندۇق. دانۇر تاغام سامان ئىچىگە بېكىنىپ پۈشتەكنى چالغىلى تۇردى. دېگەندەك بۆدۈنىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ سامان دۆۋىسىنى ئايلانغىلى تۇردى. ھەتتا بەزىلىرى قىزغىنىشىپ پالاق - پۇلۇق چوقۇشۇپ كەتتى. ئۇلار تور ئاستىغا كىرىشكە باشلىغاندا پۈشتەكنىڭ ئاۋازى پەيدىنپەي سۇسلاشتى. كېيىن بارغانسېرى ئاڭلانماي قالدى. بۇ چاغدا دانۇر تاغام ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، چۆچۈپ كەتكەن بۆدۈنىلەر پۇررىدە كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تورغا سولىنىپ قالغانىدى. بىز مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىككى قېتىم تور يېيىپ يىگىرمىدەك بۆدۈنە تۇتۇۋالدۇق. دانۇر تاغام ھەممىمىزنى دەريا بويىغا ئېلىپ چۈشتى. بىز ئۇ يەردە قول - قولچە كۆلخان ياقتۇق. ئىچى - قارنى تازىلانغان بۆدۈنىلەرنى ئۇچلانغان تېۋىلغىلارغا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلىدۇق. دانۇر تاغام بالدۇرلا تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەن، ئۇ توۋۇردىن بىر نەچچە تۈگۈچلەرنى ئېلىپ ئېچىپ يايدى. ئۇلار تۇز، ئۇن، سوقۇلغان دورا - دەرمەكلەر ئىدى. بۆدۈنە كاۋىپىدىن ماي ساقىغان ھامان دانۇر تاغام ئۇنىڭغا تۇز ۋە دورا - دەرمەكلەرنى سېپىپ بەردى. ئارقىدىن ئۇنىغا مىلەپ يەنە ئوتقا تۇتتۇق. دانۇر تاغامنىڭ ئۆگەتكىنىدەك بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىۋىدۇق، بۆدۈنە مۇشتۇمدەك سارپسېرىق كاۋاپقا ئايلاندى.

* * *

ھەپتىدىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان ئاق يېغىن كەچكۈزنىڭ ئاخىرقى ياپراقلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. تاملاردىن، ئۆگزىلەردىن پوكۇلداپ لاي بولۇپ چۈشۈۋاتقان سۇۋاقلار، ئۆرۈلۈۋاتقان ئېغىللار كىشىلەرنى پاراكەندە قىلاتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن ئۆتۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى يېيىۋاتقان داس، چېلەك، قاچا - قۇچىلارغا تاكىلداپ چۈشمەكتە ئىدى. مانا شۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دانۇر تاغام بىقىۋاتقان بوۋاي تۈگەپ قالدى. مەن ئۇيمۇ ئۆي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خەۋەر قىلدىم.

بالىلار دەرھال يېتىپ كېلىشتى. مەھەللىنىڭ ئۈچ - تۆت چوڭلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى كەلمىدى. ھەر ھالدا دانۇر تاغام بوۋاينىڭ ئاخىرەتلىكىنى تەييار قىلىپ قويغانىكەن. بالىلاردىن بىر نەچچىمىز مەسچىتتىن جىنازىنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتۇق. ئاخىر بوۋاينى يۇيۇپ - تاراپ مەسچىتنىڭ مۇساپىر يوپۇقى يېپىلغان جىنازىسىغا سالدۇق.

دانۇر تاغام تونىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بىلەن ئىشلىگەندە كىيگەن ئۆزۈن مايسىرەڭ پەلتوسىنىڭ ئۈستىدىن ئاق باغلىغانىدى. جىنازىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان بىر نەچچە قىمارۋازلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىمىز دېگۈدەك ئۈششاق بالىلار ئىدۇق. دانۇر تاغام ھەممىمىزگە ئاق باغلاپ قويغانىدى. چۈنكى ئۇ بوۋاينى ئىككى يىلغىچە دوختۇرلارغا يۈدۈپ ئاپىرىپ، چوڭ - كىچىك تەرەتلىرىنى تۆكۈپ، ئاش - تامىقىنى ئۆزى يېگۈزگەچكىمىكىن، بوۋاي دانۇر تاغامنىڭ خۇددى ئۆز ئاتىسىدەكلا بولۇپ قالغانىدى.

دانۇر تاغام بوۋاينىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىككى كىشى كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، يەنە بىرى ھېلىقى سوجاڭ ئىدى. بىز: «دانۇر تاغامنى يەنە تۇتقىلى كەلگەن چېغى» دەپ قورقۇپ كېتىشتۇق. مالچىكمۇ سوجاڭنى كۆرۈپلا قاۋاپ كەتتى.

- دانۇر ئاكا، بىز سىزنىڭ قېشىڭىزغا بىر ھاجەت بىلەن كەلگەنتۇق، - دېدى سوجاڭ يانچۇقىدىن ئۇزۇكتەك بىر نەرسىنى چىقىرىپ، - بۇ، ئۇۋۇچىلار ئۇۋلىغان بىر ئۆردەكنىڭ پۇتىغا ئۆتكۈزۈلگۈك ئىكەن. بىز ھېچنېمىنى ئوقۇيالماي گاڭگىراپلا قالدۇق. ئۇزۇكتىكى ساپلا ئىجىر - مىجىر چەت ئەلچە خەتلەر ئىكەن، بىر ئوقۇپ بەرسەڭ.

- ھازىر ۋەزىيەت زىل، - دېدى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جىددىي قىلىپ، - بۇ، سوۋېت شىيۇ - جېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

- رېۋزونست؟ ⑭، - ئاچچىقىنە كۈلدى دانۇر تاغام ئۇزۇكتىكى خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، - بۇ، سوۋېتتىكى قايسى بىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئۆردەك ئىكەن.

- نېمىشقا ئۇزۇك بىلەن قويۇپ بېرىدىغاندۇ؟ - سورىدى سوجاڭ.

- بۇ، ئۇچار قۇشلارنى تەتقىق قىلىدىغان زوئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ قۇشلارنىڭ قەيەرلەردە ماكانلىشىپ، نەلەردە ئەۋلاد قالدۇرىدىغانلىقى، قانچىلىك يىراق مۇساپىلەرگە كېتىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن سالغان بەلگە ئۇزۇكى، ھەرگىز مۇرېۋزونستلارنىڭ ئىغۋارگەرچىلىكى ئەمەس.

ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە سوجاڭنىڭ تەلىپى بىلەن دانۇر تاغام ئۇزۇكتىكى خەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ يېزىپ بەردى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە بۇ ئىككىسى يەنە كەلدى.

- دانۇر، ساڭا بىر خۇش خەۋەر، - دېدى سوجاڭ، -

موزدۇزچىلىق كارخانىسىنىڭ ئىشىك باقار قاراۋۇللىقى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن ھەيدەلگەنىكەن، سېنى شۇ ئىشقا سايە قىلىپ كەلدۇق، قانداق، قىلالامسەن؟

- قاراۋۇللۇق؟

- ئاڭلىسام، بۇرۇنمۇ كونسۇلدا قاراۋۇللۇق قىلىپتىكەنسەنغۇ؟

- بۇ بۇرۇنقى ئىشلار. ئۇن نەچچە يىل بوپقاپتۇ.

- ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق - ھە.

دانۇر تاغامنىڭ موزدۇزچىلىق كارخانىسىغا قاراۋۇل بولۇشى مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قىماردىن قول ئۈزىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ھاجى، مىرزى، ئەبەك، ھېبۇك، ئاباكلار مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇنىڭ قاراۋۇلخانىسىغا توپلىناتتۇق. ئۇ، بىزنىڭ ھېساب، ئىنشا دەپتەرلىرىمىزنى كۆرەتتى. بەزىلىرىمىزنى ماختايتتى، بەزىلىرىمىزنىڭ ھېساب تاپشۇرۇقلىرىمىزنى تۈزىتەتتى. كېتىدىغان چېغىمىزدا باشلىرىمىزنى سىلاپ، دۈمبىلىرىمىزگە ئۇرۇپ قويۇپ: «ياخشى ئوقۇڭلار، ئەپەندىڭلارنى قاقشاتماڭلار - ھە. يەكشەنبە كۈنى دەرياغا ئوينىغىلى چۈشىمىز» دەيتتى، ياكى: «مەن سىلەرگە ئىنتايىن قىزىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن» دەپ ئۈزىتىپ قوياتتى. ماڭاشى چىققان كۈنلىرى ئۇ: «جالۇنىم چىقتى، 50 سوم، قېنى جۇرۇڭلار...» دەيتتى - دە، ھەممىمىزگە ئاشلەڭپۇڭ، «گاڭگۇڭ خوراز» ى ئېلىپ بېرەتتى. ھەر بىرىمىزگە بىردىن قېرىنداشىمۇ سوۋغا قىلاتتى.

دانۇر قاراۋۇل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قاراۋۇلخانىسىغا كۆپرەك كىرىدىغان ئادەم بۇ كارخانىنىڭ بوغالتىرى ئابدۇسوپۇر قاراتوگە ئىدى. سىرتتىكى يېقىن - يورۇقلىرى، بولۇپمۇ كارخانىدىكىلەر ئۇنى: «قاراتوگە» دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ تامدا ئۆسكەن قومۇشتەك رەڭگى، ئېگىز، قارا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىپ كەتكەن خېمىردەك ئۇزۇن يۈزى، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگەكلىرىگىچە تارتىلغان قېلىن قورۇقلىرى، چېقىر كۆزلىرىدىن ياسىما تەبەسسۇم كەتمەيدىغان ئادەم ئىدى. دانۇر كېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا ئۇ قاراۋۇلخانىغا غەيرىي بىر ھېجىيىش بىلەن ئېغىشىپ كىرىپ كەلدى.

- ھە، دانۇر، كۆنۈپ قالدىڭمۇ، - دېدى ئابدۇسوپۇر تىكىلىپ تۇرغان مالچىكتىن چۆچۈپ، - دانۇر دېسەم ئاچچىقىڭ كەلمەيدىغاندۇ، نەچچىگە كىردىڭ؟

- قىرىق ئالتىگە.

- تەڭ دېمەتلىككەنمىز، مەنمۇ قىرىق توققۇزغا ماڭدىم.

ئوقۇرمەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، دانۇر چوڭلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ھەمسۆھبەتكە ئەسلا خۇشى يوق ئادەم بولغاچقا، ئابدۇسوپۇرغا قىيا كۆزىنىمۇ سالماي مالچىكقا ئالقىنىدا نان ئۇۋاقلىرىنى يېگۈزۈپ ئولتۇرۇۋەردى.

- قارا، دانۇر، - دېدى ئابدۇسوپۇر چىرتتىدە تۈكۈرۈپ، - بۇرۇن بۇ يەردە سەۋرىدىن ئاۋاق دېگەن بىر كېسەل كۆرپىسى قاراۋۇللۇق قىلاتتى. بىر كۈنى كارخانىدىن كېسەكلىك، كېسەكسىز خۇرۇم، بىر مۇنچە ئاياغ كىيىملەرنى ئوغرى ئالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە زاكازلارمۇ بار ئىدى. بىزنىڭ بۇ كارخانا بەكمۇ تىنچ دېگىنە. دۆۋە ئويۇقۇسىغا كەتسەڭمۇ بىر نېمە يىتمەيتتى. بۇ قېتىمىز... ھەي، قويغىنا، ئادەمگە ئىشىنىپ بولمايدىكەن. بۇ تايىنلىق ئاشۇ ئاۋاقنىڭ ئىشى.

- قېنى، قولۇڭنى بەر. ھەببەللى. ئەمدى ئالدى پۇتلىرىڭنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرۇپ باقە قېنى. ياخشى، ياخشى، ئۇچىن خاراشۇ ⑮.

دانۇر ئابدۇسوپۇر بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا مالچىكنى ئوينىتىۋەرگەنتى، ئابدۇسوپۇرنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ، توت تامغا گەپ قىلدىمۇ ياكى ئالجىغاندەك ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلەشتىمۇ بىلمەيلا قالدى.

- ئۆزىمىغۇ، - دېدى ئابدۇسوپۇر دانۇرنىڭ چىرايىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ، - ئۆلۈكتەك ئۇخلايدىغان كاساپەتتى. سېنىڭ ئويقۇڭ ئانچە قاتتىق ئەمەستۇ؟

- قاتتىق، - دانۇر قارىمايلا جاۋاب بەردى.

ئابدۇسوپۇر چىقىپ كەتتى، بۇ چاغدا ھۇنەرۋەن - كاسىپلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. دانۇر دەرۋازىنىڭ چوڭ قاناتلىرىنى قۇلۇپلاپ، كىچىك ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىن بىرسى ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى:

- قانداق دانۇركا، ئەھۋالىڭ؟ كارخانىمىزغا كېلىۋاپسەن.

- ھە، ماخمۇتمۇ سەن!

ماخمۇت ئەسلى ساي كوچىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى دانۇر بىلەن بىر تاۋكادا قىمار ئوينايدىغان بالا ئىدى. ئۇ، نەچچە قېتىملىق قىماردا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، قىمارۋازلاردىن قاتتىق تاياق يەپ قان قۇسۇپ يېتىپ قالغاندا، دانۇر ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېتىپ ئۇنى بىر موزدۇزغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەرگەنىدى. مانا ھازىر ئۇ كارخانىنىڭ ئەڭ ياش ئۇستىلىرىدىن ئىدى.

- دانۇركا، ئاۋۇ زەڭگى تۆگە سېنىڭ قاراۋۇلخانادىن چىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ، - دېدى ماخمۇت ئابدۇسوپۇرنى ئىشارە قىلىپ، - دىققەت قىل جۇمۇ، ئۇ بىر قارا ئۆپكە نېمە.

- قانداق دەيسەن؟

- سەۋرىدىنكامنى ئوڭدا قويۇۋەتكەن مۇشۇ گوي، - دېدى ماخمۇت قايناپ، - سەۋرىدىنكام ئۆزى كېسەلچان، چۆچۈرىدەك بەش بالىسى بار، كۈننى ئارانلا ئۆتكۈزۈۋاتقان يوۋاش ئادەم ئىدى. مانا ئەمدى گەدىنىگە 600 سوم ئارتىلىپ ئىشتىن ھەيدەلدى.

- نېمىشقا؟

- ئابدۇسوپۇرنىڭ ئىككى قېتىم تۈرمىدە يېتىپ چىققان قىپقىزىل ئوغرى، ئالىقاپ بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ زەڭگى تۆگە ئوغلىنى نەچچە قېتىم كارخانىغا تەڭلەپ باقتى، رەھبەرلىك ئۇنىمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سەۋرىدىنكام بەتنام بىلەن قوغلانغاندىن كېيىن بۇ ئورۇنغا ئۇ سوغۇق زەللىسىنى يەنە تەڭلىدى، لېكىن ئامالە

كومىتېتى سېنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قالغىنىنى ئۆزۈڭ دەڭسەپ باقە.

- شۇنداقمۇ؟

- ئويلاپ باقە، ئۇنى بۇ ئورۇنغا قويۇش خۇددى توخۇ كاتىكىگە تۈلكىنى پوست قويغاندەك ئىش بولمامدۇ؟!

دانۇر بۇنداق چوڭلار توپلاشقان ئورۇنلارغا ئەزەلدىنلا ئۆچ ئىدى. ئۇ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنى دەسسەپ-چەيلەپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، بىر-بىرىگە ئورا كولايدىغان، بىراۋلارنىڭ ئازابى-ھەسرىتىدىن بىراۋلار كۆڭۈل ئاچىدىغان، غەرەزمەس ئەمەل، كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ۋىجدانىنى بۇلغايدىغان چېقىمچىلىق، خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىقلاردىن تولىمۇ بىزار ئىدى. ئۇ: «گۆدەك باللارلا بۇ پاسكىنىچىلىقتىن خالىي. ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۈتتەك ئاق، يۈرىكى ئالماستەك تازا، قەلبى داغ چۈشمىگەن مەرمەردەك سۈزۈك، ۋۇجۇدى پاك» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ باللار بىلەن بىللە بولدىمۇ بۇ دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكلىرىنى، يوقسۇزلۇقتىن ئىڭراۋاتقانلارنى، توقلۇقتىن سېمىق كېكىرىۋاتقانلارنى، ئەمەل-مەنسەپتىن سەمرىۋاتقانلارنى، ناھەقچىلىقتىن قاقشاۋاتقانلارنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇيتتى.

دانۇر سەۋرىددىننىڭ پاجىئەسىنى بىلگەندىن كېيىن خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇسوپۇرنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ئىلمەك گەپلىرىدىن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سەۋرىددىننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ: «قېنى، ئىشلەپ باقاي، دىتىمغا ياقمىسا پېشىمنى قېقىپ كەتمەمدىم» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

كېچىسى قارا سوغۇق بولۇۋاتاتتى. دانۇر دەرۋازىلارنى تاقاپ كارخانا ھويلىسىنى ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن كارىۋىتىغا يانپاشلىدى. مالچىك غىڭشىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ، ھەركېچىسى دېگۈدەك ھويلىلارنى ئايلىناتتى. بىراقتىن «تىرىق» ياكى «شىپىر» قىلغان تىۋىشنى سېزىپ قالغىنىدا ئالدىراپ قاۋاپ كەتمەيتتى، ئاۋۋال يوشۇرۇنۇپ ئوبدان كۆزىتەتتى. بۈگۈن دانۇرنىڭ مىجەزى بولمىغاچقا ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ، سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا سىرتقا چىقتى، مالچىك يوق ئىدى. ئۇ، بىر نەچچە قېتىم چاقىرغاندىن كېيىنلا كارخانا بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قاۋىغان ئاۋاز كەلدى. بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەن دانۇر چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە خورۇم، شاۋرۇن پۇرۇچلىرى ھەم قىرىندىلارنى تۆكىدىغان ئەخلەتخانا بولۇپ، ئەتراپى پاكار تام بىلەن ئامادە قىلىنغانىدى. بۇ پاكار تامدىن كارخانىنىڭ پاسىل تېمىغا يامىشىپ چىققىلى بولاتتى. ئۇ تەرەپ بولسا كوچا ئىدى.

مالچىك پاكار تام ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇراتتى. دانۇر يېقىن بېرىپ ئۇنىڭ ئابدۇسوپۇر قارا تۆگە ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا يۆگەكلىك خورۇم، مۇرىسى ۋە بېلىكىدە قونچىلىرىدىن چىپتىلغان ئۆتۈكلەر ئېسىلىپ تۇراتتى، چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، غال-غال تىترەۋاتاتتى. ئۇ، چىشلىرى كاسىلدىغان ھالدا:

- دا... نۇر، ئىت... ئىتىڭنى ھاي دە! - دېدى-دە، گويا سەكىز تېرەك ئۆرۈلگەندەك گۈلۈپپىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يىقىلدى. ئۇ، بىر كېچە ئۆرە تۇرغاچقا پۇت-قولىدىن ماغدۇر، چىرايىدىن قان كەتكەن بولۇپ، مالچىك ئۇنى مىدىرلىغىلىمۇ قويمىغانىدى.

دانۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، لېكىن ماخمۇتنىڭ: «سەۋرىددىنكامنى ئوتتا قويۇۋەتكەن مۇشۇ گۇي» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەن غەزىپى تاشتى. ئۇ، بالىجانلىق نىمجان بىچارىنىڭ رىسقىغا چاڭ سالغان بۇ نائەھلىنىڭ قاپقارا تەلەتىگە قارىغىنىچە:

- بىر كىمگە قىلساڭ مۇشۇنداق ئۆز بېشىڭغا كېلىپ قېلىشىنىمۇ ئۇنتۇما، - دېدى-دە، ئۇنى يۆدەپ قاراۋۇلخانىسىغا ئېلىپ كەتتى.

ئەتىسى، دانۇرنىڭ ئىتىنىڭ ئوغرى تۇتقانلىقى، يەنە كېلىپ بۇ ئوغرىنىڭ بوغالتىر ئابدۇسوپۇر ئىكەنلىكىنى كارخانىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى بىلىپ كەتتى. كارخانا باشلىقلىرى، قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر تەكشۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تاختايلار بىلەن مىخلىنىۋېتىلگەن دېرىزىنىڭ قومۇرۇلغانلىقىنى كۆردى.

بىر قانچە كۈنلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش جەريانىدا ئابدۇسوپۇر: «مەن دانۇرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، چۈنكى ئۇ قاراۋۇلخانىغا يانچۇقچى ئۇششاق شۇملارنى يىغىۋالىدۇ. كېچىسى بولسا ئىتىنى تالاغا قويۇۋېتىپ ئۆزى ئۆگزىنى ئۆرۈۋەتكۈدەك خورەك تارتىپ ئۇخلايدۇ. شۇڭا ئۇ سەگەكمۇ-ئەمەسمۇ، دەپ سىناپ باقتىم. مەن دېگەن پارتىيە ئەزاسى، شۇنداق قىلىشقا ھەققىم بار» دېگەن بىرلا گەپنى يادلىۋالغاندەك قايتا-قايتا تەكرارلاۋەردى.

تەكشۈرۈش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى، بەزىدە ھەپتىلەپ توختاپمۇ قالاتتى، چۈنكى كارخانا رەھبەرلىكى ئىچىدىمۇ پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغۇلغانىدى. ھەتتا: «ئۇ دېگەن خىزمەتتە ئەستايىدىل، كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئۈستۈن كوممۇنىست. كوممۇنىستتىن گۇمانلىنىش ماھىيەتتە پارتىيىدىن گۇمانلىنىش» دەيدىغان ئادەم قورقۇتىدىغان گەپلەرمۇ چىقتى. بۇ ئارىلىقتا ئابدۇسوپۇر كارخانىدىكى ئۇششاق-چوڭ باشلىقلارنى چايغا چاقىرىۋالدى. بىر كېچە يەپ-ئىچىش بەدىلىگە ئۇ بوغالتىرلىق تاجىسىنى تېخىمۇ چۆكۈرۈپ كىيىپ، مەيدىسىنى كېرىپ ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى.

بىر كۈنى ئۇ قەرز تۆلىتىش باھانىسىدا دانۇر بىلەن ئىككى نەپەر قوغداش خادىمىنى باشلاپ سەۋرىددىننىڭ ئۆيىگە باردى. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان سەۋرىددىن توختىماي يۆتىلەتتى. بېشى تۆگە لوكىسىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى مۇرىسى ئارىسىدا توختىماي ئىڭىلدىڭلايتتى. چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، چۆكۈپ كەتكەن

مەيدىسى يېتىشمەيۋاتقان نەپەستىن ئىغىر كۆتۈرۈلۈپ تاشلىناتتى. يېرىم يالىڭاچ ئۇششاق باللىرى سادىن قورققان چۈجىدەك دادىسىنىڭ بېقىنىغا تۇگۈلۈشۇۋالغاندى. ئابدۇسوپۇر ۋارقىراپ - جارقىراپ، ھەر بىر ئىغىز گېپىدە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا رەھبەرلىكىنى شىپى كەلتۈرۈپ، سەۋرىدىنىڭ كۆزلىرىگە قوللىرىنى چىنەپ، يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كەلگەنلەرنى باشلاپ قايتىپ كەتتى. دېگەندەك ئىككى كۈندىن كېيىن ئابدۇسوپۇر ئۇلارنى باشلاپ يەنە كەلدى. سەۋرىدىن يالۋۇرۇۋىدى، ئابدۇسوپۇر ئۇنىڭ ئېڭىكىگە بىر كاچات سالدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك: «قورۇيۇڭنى سات، بالاڭنى سات، ئۆي - بىساتىڭنى سات، ھۆكۈمەتنى، كارخانا رەھبەرلىكىنى ئەخمەق قىلىمەن دېيىشمە. بىز يەنە كېلىمىز» دېدى تېخى ھاسىراپ تۇرۇپ.

كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ناھەقچىلىقلاردىن يېرىلاي - يېرىلاي دەپ تۇرغان دانۇر ئاخىرى چىدىيالماي كارخانا باشلىقىغا: «ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دېگەندەك، بۇ ھۆكۈمەت، باشلىق دېگەنلەرمۇ كىم ئۇزىنى ئوبدان ئەپلىسە، شۇنى ياخشى كۆرىدىغان داۋىخور نېمىلەركەن. ئويلاپ بېقىشسىلا، بۇ - مۇتتەھەمنىڭ زامانىمۇ؟» دەۋەتتى ئاچچىقى بىلەن. دانۇر مۆرىمەستىن مۇنداق گەپ چىقار دەپ ئويلىمىغان يۇرىكى پوك - پوك ئابدۇسوپۇر باشلىقنىڭ ئالدىدا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئاراچ چىشلىرى ئارىسىدىن چىرتىتىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ دانۇرغا: «ئۆزۈڭنى چاغلاپ يۈر، كۆرىمىز تېخى» دېگەندەك گۆلىيىپ قويدى.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. بىر كۈنى دانۇر قاراۋۇلخانىسىدا چۈشلۈك چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا ماخمۇت كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئىشىكنى يېپىۋېتىپ:

- قارا، دانۇركا، - دېدى پەس ئاۋازدا، - ھازىر كارخانىدا: «دانۇر قىمارۋاز، ھاراقكەش بولۇپلا قالماي داڭلىق ئوغرىكەن. ئابدۇسوپۇر ئۇنى سىناپ باققانىكەن، دانۇر: ‹ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى تەڭ بۆلۈشسەك ھېچكىمگە تىنمايمەن›، دەپتۇ. ئابدۇسوپۇر ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ» دېگەندەك ئۇسەك گەپلەر تارقىلىپ يۈرۈيدۇ.

- شۇنداقمۇ؟

- نېمانچە ساددا ئادەمسەنوي دانۇركا!

دانۇر بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە خىيالغا پاتتى. ئابدۇسوپۇر تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، بىر ئەتىگەنلىكى ئۇ ئىشىك ئالدىدىن بىر پارچە خېمىرنى تېپىۋېلىپ پارچىلاپ كۆرۈۋىدى، ئىچىدىن كۈچۈلا چىقتى. بۇ، ئېنىقكى مالچىكنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان سۈيىقەست ئىدى. ئەتىسىلا مالچىك بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ قاراۋۇلخانىغا ئېلىپ كىردى - دە، بوسۇغىغا تاشلىدى. دانۇر گۆشنىڭ ئىچىگە سانجىلغان بىر نەچچە تال يىڭنىنى تاپتى.

- ئۇخلىماي چۆشەكەپسەن، - دېدى دانۇر ئاچچىقىدا، - مالچىك مۇشتۇمدەك ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېلىغۇ تاشلاندۇق لوقمىكەن، ھەتتا باشقىلارنىڭ قولىدىن بىر نېمە

يەپ باققان ئىت ئەمەس.

بۇ ئويۇنلارنى كىمنىڭ ئويناۋاتقانلىقى دانۇرغا ئاياندى، لېكىن ئۇ يۇقىرىغا دادلىمىدى، خەيرخاھلىق قىلغۇچىلارغا ھالىنى تۆكمىدى، باللارغىمۇ ئۇنچىقمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويى، قان - يىرىڭ ئىچىدىن لوقما تېرىپ يەيدىغان ئادىمىي مەلئۇنلار ئىش بېشىغا چىقىۋالغان بۇنداق سورۇندىن ئۆزىنى پاتراق تارتىش ئىدى.

* * *

ئۆزۈلمەي ئىزغىرىن شامال چىقىپ تۇرغان فېۋرالنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبىسى دانۇر مالچىكنى باشلاپ بىردەم شەھەر رەستىلىرىنى ئايلانغاندىن كېيىن، سامسىخانا لەمپىسى ئاستىدىكى شىرەدە ئولتۇرۇپ سامسا يېدى. مالچىكمۇ 10 سامسىنى يەۋېتىپ: «تويغۇزۇۋېتىپتۇ» دېگەندەك كالپۇكلىرىنى يالاپ ئۇنىڭغا سوۋاندى. ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ ۋالڭ قادىرنىڭ بېغىغا كەلدى. مەيدانغا چېدىرلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئەتراپى ئالا - بۇلىماچ رەخت بىلەن توسۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە تاناپ تور تارتىلغانىدى. بۇ ئىككى قات توساق ئىچىدىن سىركچىلەر چالغۇلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دانۇر بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن بىلەت ئېلىپ ئويۇن كۆرگىلى كىردى. ئانچە چوڭ بولمىغان مەيدان ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ ئالدىدىكىلەر ئولتۇراتتى، ئارقىدىكىلەر ئۆرە تۇرۇشاتتى.

بۇ، سەييارە ئويۇن قويىدىغان شەخسىي سىركچىلەر بولۇپ، بىر ئايدىن بېرى ئۇلار بۇ شەھەردە يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئويۇن قويۇۋاتاتتى. بەش كۈن ئىلگىرى ھاپىزباينىڭ سارىيىدا ئويۇن قويغاندا سىركچىلەرنىڭ خوجايىنى مالچىكنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئالىمىنىپ كېتەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك يالتىراق دۈمبىلىرىنى، تىك قۇلاقلىرىنى، قاپقارا تۇمشۇقلىرىنى سىيلاپ: «ھەقىقىي بۆرە نەسلى ئىكەن» دەپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ قايتا - قايتا ماختىدى. سىركچىلەر خوجايىنىنىڭ: «گەپ بىلەمدۇ؟» دېگەن سۆزىگە لايىق دانۇر مالچىكنى قول بەرگۈزۈپ، ياتقۇزۇپ، ئومىلىتىپ، تىك ماڭدۇرۇپ بېرىۋىدى، خوجايىن بىر يەردە تۇرالماي ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلىغانچە مالچىكقا ئاشىقلا بولۇپ قالدى ۋە: «سېتىپ بەرسىڭىز» دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. دانۇر ساتمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، سىركچىلەر خوجايىنى پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ 400 سوم قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ دانۇرنىڭ سەككىز ئايلىق مائاشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا: «مېنىمۇ قوشۇپ ئالساڭ تاڭ بىلمىدىم» دەپ قويۇپ ئويۇن مەيداندىن چىقىپ كەتكەنىدى.

دانۇر مەيداندا ئالا - بۇلىماچ كىيىنىۋالغان بۇ سىركچىلەرنىڭ ئويۇنىنى بىردەم كۆردى - دە، زېرىكتى. چۈنكى ئۆتكەندە ھاپىزباينىڭ سارىيىدا ئوينالغان كىچىك بالىنى قىڭراقتا چېپىش، تەخسىگە ئېلىنغان كاللىنىڭ تاماكا چېكىشى قاتارلىق نومۇرلار ۋە مايمۇن، كۈچۈك، ئېيىق ئويۇنتىشلار ئىدى. مالچىكنى باشلىغان دانۇر ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىشىغا ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن خوجايىن بارماقلىرىنى كۆرسىتىپ مالچىكنى 500 سوم قىلدى. دانۇر مىڭىۋىدى، ئۇ يەنە 550 سوم دەپ

ۋارقىرىدى.

دانۇر قاراۋۇلخانىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مالچىكنى قۇچاقلىدى، يۈزلىرىنى سىيلىدى، ئەركىلەتتى. مالچىكمۇ ئالدى پۇتلىرىنى دانۇرنىڭ تىزلىرىغا ئېلىپ مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇسوپۇر بىر بالىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، مالچىكنى كۆرۈپلا ئارقىغا داجىدى. مالچىكمۇ قوزۇقتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى. ئابدۇسوپۇرنىڭ چىرايىدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن دانۇر تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— دانۇر، باشقا خىزمەت چىقىپ قالدى، جۇر. بۇ بالا سېنىڭ ئورنۇڭدا دەرۋازىغا قاراپ تۇرىدۇ.

— نېمە ئىش؟

— بارغاندا بىلىسەن.

ئابدۇسوپۇر ئۇنى باشلاپ چىقىشى بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئىككى نەپەر قوغداش خادىمىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ مېڭىشتى. ئۇلار سەۋرىدىننىڭ هويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا دانۇر ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى.

كۆزلىرى ۋە بەترەڭ چىرايىدىن زەهەر تېمىپ تۇرغان ئابدۇسوپۇر قوش قاناتلىق كونا دەرۋازىنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋەتتى. هويلا ئىچى قالايمىقان بولۇپ ئوت - سامانلار چېچىلىپ ياتاتتى. قېرى كىلاس دەرىخى تۈۋىدە سامان يۆيۈۋاتقان 13 ياشلاردىكى، چىرايى تاتىراڭغۇ قىز، ئېغىل ئالدىدا يېڭىلا چۈشكەن كالا تېزىكىنى تامغا چاپلاۋاتقان ئىككى كىچىك بالا دەرۋازىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى بىلەن چۆچۈپ تەڭلا ئۇلارغا قاراشتى.

ئابدۇسوپۇر ئېغىلدىكى بىقىش تاپالمىغان لېكىن ئۆزىنىڭ يوغان گەۋدىسى، سۈتكە تولغان يېلىنى، پارقىراق ئالتاغىل مويلىرى بىلەن سورتلۇق نەسلىنى نامايان قىلىپ تۇرغان سىيىرغا، كۆكۈچ تۈكلىرى يالتىراپ تۇرغان نەسىللىك موزايغا قارىغىنىچە تۈكۈرۈكىنى يۇتتى. تامغا تېزەك چاپلاپ قوللىرى بۇلغانغان ئىككى كىچىك بالا بىر قورقۇنچ ئىچىدە هاڭۋېقىپلا قالغانىدى. سامان يۆيۈپ جەينەكلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەن قىزچاق بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. دانۇر بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېلىنىش ۋە ئۈمىد بىلەن تولغان كۆزلىرىنىڭ نەملىك يالقۇنىنى كۆرۈپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئابدۇسوپۇر قولىنى شىلتىپ، — بۈگۈن ئۇ گەدىنىدىكى قەرزنى قايتۇرالمىسا پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسىسىنى ئېلىپ كېتىمىز. كىمكى لاتىللىق قىلسا كارخانىدا ئىشلىيەمەن دېمىسۇن - هە!

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئىسسىق سۈت هىدى ئۆينى قاپلىغان بولۇپ، سەۋرىدىننىڭ ئايالى سۈت قاچىلانغان قاچىلارنى 17 ياشلىق قىزىنىڭ مۈرىسىدىكى ئەپكەشنىڭ توقۇناق ئىلمەكلىرىگە ئېسىۋاتاتتى. ئابدۇسوپۇر كونا چاپان، ئەسكى تەكىيلەرگە يۆلىنىپ ياتقان سەۋرىدىنگە تىكىلدى. دادىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ئالتە ياشلاردىكى يېرىم يالىڭاچ ئوغۇل بالا قورققىنىدىن دادىسىغا چىڭ يېپىشتى.

— قانداق، پۇلنى تەييارلاپ قويدۇقما؟ — دېدى ئابدۇسوپۇر قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ، — هۆكۈمەتنىڭمۇ سەۋر - تاقىتىنىڭ چېكى بولىدۇ. ئەمدى يەنە شەتەتتە - پەتەتتە دەپ تىلىمىزنى چاينىساق بولمايدۇ.

— يەنە . . . يەنە بىر ئاز سەۋر قىلساڭلار، — دېدى سەۋرىدىن هاسىراپ، — سەللا ياخشى بولۇپ قالسام قورۇ - جايىنى سېتىپ بولسىمۇ پۇلنى جايلىسام. . .

— بولمايدۇ! بۈگۈن بىز پۇلغا يارىغۇدەك بىساتىڭنى هېسابلاپ ئېلىپ كېتىمىز. بۇ دېگەن كارخانا رەهبەرلىكىنىڭ بۇيرۇقى!

— بۇ. . . بۇ ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك هېچنېمە بولمىسا، — سەۋرىدىن بىر هازا يۆتىلىپ كەتتى، — بۇنداق تاشبېغىرلىق قىلماڭلار، ئوششاق باللىرىمنىڭ يۈزىنى قىلىڭلار.

ئابدۇسوپۇر ئۆيگە قارىدى. دېمىسىمۇ بۇ ئۆيدە توپا پۇرقىراپ تۇرغان يىرتىق كىگىز، بىر بۇلۇڭغا يىغىپ قويۇلغان ئەسكى - تۈسكىلەر، قىرى پۇچۇلغان قازاندىن باشقا قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە يوق ئىدى.

— ئەمسە موزايلىق سىيىرىڭنى ئېلىپ كېتىمىز.

— نېمە؟! ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار، — دېدى ئايال يىغلامسىراپ، — بىز يەتتە ژىتەك ئادەم ئاچتىن ئۆلۈمىزمۇ؟ ئۇنداق قىلماڭلار، سىلەرمۇ مۇسۇلمانغۇ!

— مېنى. . . باللىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئېلىپ كېتىڭلار، — سەۋرىدىن سىجىلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، — ئۆزىنىڭ يەم - خەشىكى، بىزنىڭ ئاش - ئوزۇقىمىز شۇ سىيىرنىڭ سۈتىدىن كېلىۋاتسا. سىلەر ئۇنى. . .

دانۇر ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ ئابدۇسوپۇرنىڭ قاپقارا چىرايىغا تىكىلدى. پولتىيىپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرىدىن زەهەر تېمىپ، ئىچىدە ئۇنىڭغا قايناۋاتقان بۇ مەلئۇننى هېلىقى كېچىسى مالچىكقا تالىتىپ، بوغدۇرۇۋەتمىگەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈندى.

— كالىنى ئېلىپ كېتەمدۇق؟ — دېدى دانۇر غەزەپتىن بوغۇلۇپ، — بۇ. . . بۇ گېپىڭ ئادەمنىڭ گېپىگە ئوخشىماي قالدى. سېنىڭمۇ باللىرىڭ بارغۇ؟!

— ۋالاقلىما، ئۇنىڭ قەرزىنى سەن تۆلەمتىڭ - يە؟

- ۋارقىرىدى ئابدۇسوپۇر، - يۈرۈڭلار.

ئابدۇسوپۇر سىيىرنى، قوغداش خادىمىدىن بىرسى موزاينى يېتىلەپ مېڭىشتى. هويلىدا قىزىل قىيامەت باشلاندى. باللار قىيا - چىيا قىلىپ چۇرقىرىشىپ، بەزىلىرى سىيىرغا ئېسىلسا، بەزىلىرى موزاينىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. بۇ ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار دەرۋازا ئالدىغا دۈۋىلىشىپ بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتسا، بەزىلىرى تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. يۈزلىرى ياش ۋە شالتاق بولۇپ كەتكەن ئىككى كىچىك قىز دانۇرنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ يالۋۇرماقتا ئىدى. ئايال بولسا ئابدۇسوپۇرنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ شەپقەت تىلەيتتى، يېلىنىپ يالۋۇراتتى. گويا بۇ يەتتە جان مېيىت ئۈزىتىۋاتقان هازىدارلاردەك كالا بىلەن موزاينىڭ ئارقىسىدىن هازا ئاچماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا سۆرۈلۈپ چىققان سەۋرىدىن پېشايۋانغا يىقىلدى. باللار چۇرقىراشقىنىچە دادىسىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

هۈنەرۋەن - كاسىپلار ئىشتىن چۈشكىلىۋاتقاندا سەۋرىددىننى يۆلىگەن ئايالى ۋە بالىلىرى يىغا - زار قىلىشقىنىچە كارخانا هويلىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا باشلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تاپقىلى بولمىدى. يىغىدىن يۈزلىرى شالتاقلىشىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بالىلار بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئۆپكىدەپ يىغلايتتى. بىر چاغدا لوك - لوك دەسسەپ كەلگەن ئابدۇسوپۇر هويلىدا پەيدا بولدى.

-هوي، -دېدى ئۇ سەۋرىددىنگە قولىنى شىلتىپ، - گەدىنىڭدە ئالتە يۈز تەڭگە تۇرسا، 250 تەڭگىگىمۇ ئالمايدىغان ئاشۇ چىشقاق كالاڭنى ئەكەتكەنگە نېمە ئانچە ئۆكتەملىك قىلىسەن؟!

- ئابدۇسوپۇر، سەن... سەن بىلىسەن، - دېدى سەۋرىددىن مەيدىسىنى مۇجۇقلاپ، - كارخانىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىدىم. قىش - زىمىستانلاردا يىلىك - يۇپۇك قاراۋۇللۇق قىلىپ كېسەل بولدۇم. بۇ كارخانىدا مېنىڭمۇ ئەجرىم، تارتقان جاپايىم بار. شۇنىڭ...

- بولدى، جاپايىڭنى پەش قىلما، كارخانا، كارخانا دەيدۇ تېخى، كارخانادا يەيدىغان ئادەم ئوغرىلىق قىلامدۇ...

ئابدۇسوپۇرنىڭ غودۇڭشۇپ قىلغان ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغان سەۋرىددىن چىرايى كۆكىرىپ، جالاقلاپ تىترىگىنىچە ۋارقىرىدى:

- ئوغرى!؟، ئوغرى دېگەن سەن! ۋۇي كاززاپ...

بالىلىرىغا ئېسىلىپ تۇرغان سەۋرىددىن بىردىنلا «گۈلۈپپىدە» ئىزىغا يېقىلدى. بالىلارنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتۈپ ئۇلارنى بەزلەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان دانۇر سەۋرىددىننى يۆلىدى ۋە ئۇنى يۆلەپ، چۇرقىراشقان بالىلارنى ئەگەشتۈرگىنىچە كارخانا هويلىسىدىن چىقىپ كەتتى.

دانۇر كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، بالىلارنىڭ مىسكىن، سولغۇن چىرايلىرىنى، ئەتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئانىسىنىڭ هەسرەتلىك ئاه ئۇرۇشلىرىنى، تۆهمەت ئازابىدا پۇچۇلانغان سەۋرىددىننىڭ ئورۇق، قانسىز يۈزىنى بىرەر دەقىقىمۇ كۆز ئالدىدىن كەتكۈزەلمىدى. بولۇپمۇ يولدا كەلگۈچە دادىسىنىڭ ساڭگىلاپ قالغان پۇتىنى تۇتۇپ، يەنە بىر ئالقىنىدا مەينەتلىشىپ كەتكەن قاقتەك ناننى سىقىمدىۋالغان ئالتە ياشلىق بالىنىڭ كالپۇكلىرىنى ئۇمچەيتىپ يىغلاپ كېلىشى دانۇرنىڭ يۈرىكىنى قوقاستا پۇچۇلىغاندەك ئازابقا سالدى.

دانۇر كارىۋىتىغا يانپاشلايتتى، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكا ئورايتتى. ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرەتتى. بۇ ئايغى چىقماس، تۈگۈچى يېشىلمەس ئېغىر ئويلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن هويلىغا چىقىپ كارخانا ئىچىنى ئايلىناتتى. قاراۋۇلخانا ئالدىدىكى سوغۇق تاشتا ئولتۇرۇپ ئايغا قاراپ ئاه ئۇراتتى. ئەركىلەپ قوچىقىغا كىرگەن مالچىكنى قوچاقلاپ ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ: «ئېيتقىنا، بالىلار قانداق قىلار؟» دەپ ئاستا پىچىرلايتتى. تۇرۇپلا سېرىكچىلەر خوجايىنىنىڭ: «550 سوم» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن ئۆزىگە غايىبانە تەسەللى بېرىۋاتقان مالچىكنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ بېسىپ: «ياق، ياق، سېنىڭدىن ئايرىلالمايمەن» دەپ نالە قىلاتتى.

يەنە تۇرۇپلا: «بالىلار جېنىمنى قانداق جان ئېتەر؟» دېگەن سوئال ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالاتتى.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئاپامغا بەرگەن 500 سوم پۇلى ئېسىگە كېلىش بىلەن كۆيگەن قوغۇمىقىدەك چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى - دە، ئىچىدە: «ۋۇي راست، يەڭگەمدىكى شۇ پۇلغا ئازراق قېتىش - قوراش قىلسام سىيىرنى قايتۇرۇۋالغىلى بولغۇدەك ئەمەسمۇ» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

كېچىچە كىرپىك قاقماي تاڭنى بىدار ئاتقۇزغان دانۇر سەهەردىلا كارخانا دەرۋازىسىنى ئاچتى. لېكىن دەرۋازا ئالدىدا دۈم ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆزى قەي قىلغان قانغا مىلىنىپ ياتقان بۇ ئادەم ئاخىرقى هاياتىنى كارخانا دەرۋازىسى ئالدىدا ئاخىرلاشتۇرغان دەردمەن سەۋرىددىن ئاكا ئىدى!

دانۇر دەرۋازىنى مالچىكقا تاپشۇرۇپ، مۇزلاپ كەتكەن قانلىق جەسەتنى يۆلەپ كېتىپ قالدى.

* * *

سەۋرىددىننى كۆمۈپ قايتقان دانۇر ئۇدۇل مېيىت چىققان ئۆينى پەتلەپ كەلدى. ئۇ، يۆكۈنۈپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇزۇن جىمىپ كەتتى، لېكىن ئايەتمۇ ئوقۇمىدى (ئېهتىمال ئوقۇشنى بىلمىسە كېرەك). ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە قايتا - قايتا زىكىر قىلغىنى پەقەت: «ئاه خۇدا، بالىلار قانداق قىلار؟ ئۇلار نېمە يەر، نېمە ئىچەر، نېمە كىيەر، ئۇلارغا زادى بىرەر يول يوقمۇ؟» دېگەنلەر بولدى. قارىغۇچىسىز، هىمايىسىز، باشپاناهسىز قالغان بالىلار تۇل ئانىسىنىڭ ئەتراپىغا سادىن چۈچۈگەن چۈجىلەردەك ئولىشىۋالغانىدى.

دانۇر قايتىپ ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. دادام ماشىنىدا ئىش قىلىۋاتاتتى. ئاپام بولسا يېڭىلا تىكىلگەن بىر چاپانغا تۈگمە قاداۋاتاتتى.

- هە، كېلىپ قاپسەن، چىرايىڭ ئۆمسۈرۈنلىغۇ؟ - دېدى دادام دانۇر تاغامغا قارىمايلا.

- يەڭگە، هېلىقى 500 سوم پۇلۇمنى بەرگىنە، جىددىي لازىم بولۇپ قالغانتى، - دېدى دانۇر تاغام بوسۇغىدا ئۆرە تۇرۇپلا.

- پۇل؟! - دادامنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، - نېمە پۇلكەن ئۇ، مەن بىلمەيدىغان.

- مەن ئۇنى يەڭگەمگە ساقلىغىلى بەرگەنىدىم.

- سەن ئالغانمىدىڭ؟ - دېدى دادام ئاپامغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ.

- ۋاي تاڭەي، - ئاپام دانۇر تاغامغا قارىيالمىدى، - هېچ ئېسىمدە يوق، قاچانقى گەپكىنتاڭ، بىلمىدىم.

- مەن... مەن كەلگەن يىلى ساڭا...

- هە، مۇنداق - دە، بۇ ئۈچ - تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشكەن - دە! - دادام ئاپامغا بۇرۇلدى، - سەن ئۇنى: «دانۇر مەست كەپتىكەن، بېرىۋەتتىم» دەۋاتاتتىڭغۇ؟

- بەرگەندەك قىلغان. هە... راست، بىر ۋاقىتتا مەست كەپتىكەنسەن پۇلنى سوراپ. بېرىۋەتكەنتىمغۇ.

دانۇر ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ، قوزۇققا ئىلغىلىق جايىنا مازغا، تەرەت ئالىدىغان ئاپتۇۋىغا، ئويۇقتىكى دوخاۋا يوپۇق

يېپىلغان قۇرئانغا قاراپ ئاچچىققىنە كۈلدى:

— ماقۇل: مەن بۇ پۇلنى بەرمىگەن بولاي، سىلەر ئالمىغان بولۇڭلار، لېكىن مەندەك كوفرى، قىمارۋاز، هاراقكەش، دىنسىزنىڭ پۇلى سىلەردەك ئەھلى مۇسۇلمان ئۈچۈن هارام ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر! ئەمما سىلەر هارامدىن قورقماسىلەر؟!

دانۇر تاغام ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، كارخانىغا قايتىپ كېلىپ ماخمۇتتىن جېدەل چىققانلىقىنى ئاڭلىدى. قېلىپ قىرىش سېخىنىڭ مۇدىرى بىلەن كېسىمچىلىك سېخىنىڭ مۇدىرى، كارخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن بوغالتىر ئابدۇسوپۇرلار ئوتتۇرىسىدا سىيىرنى تالىشىپ غەۋغا چىققانلىقى، ئۇلار تالاشقانىبىرى بۇ موزايلىق سىيىرنىڭ باهاسى 300 سومغا ئۆرلىگەنلىكى، هازىرغىچە ئابدۇسوپۇر سىيىرنى بېقىپ سۈتىنى ئىچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان دانۇر: «توۋا، — دەيتتى ئىچىدە، — كۆپكۆك تىرناق نارەسىدىلەر ئاچلىقتىن جان تالىشىۋاتقان، بۇلار بولسا نومۇس قىلماي ئاجىزلارنىڭ رىسقىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقان. ئاھ خۇدا، بۇ ئادەملەرنى قانداق يارىتىپ قويغانسەن؟ ئۇلار مەنپەئەت ئالدىدا يىرتقۇچ مەخلۇقتىنمۇ ئۆتە ۋەھشىيلىككە قادىر ئىكەن.»

دانۇر كېچىچە سىيىرنى قانداق قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئويلاپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭغا بىر شەيتىنى: «سىركچىلەر خوجايىنىغا ئىتىڭنى سات» دەپ ۋەسۋەسىگە سالاتتى. لېكىن دانۇر مالچىكنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى، بۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلالمايتتى.

دانۇرنى بىردىنلا غەيرىي بىر خىيال ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى. دەرھال يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرغانىدى، ئازكەم 50 سوم چىقتى. ئۇنىڭ نوبېشىغا بېرىپ ئاخىرقى قېتىم تەلەي سىناپ باققىسى كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ قىمارنى تاشلىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان ھەم ئوينىماسلىققا قەسەم قىلغانىدى.

«قېنى، ئەتە يەكشەنبە نوبېشىغا بىر باراي، بۇ قېتىم ئاخىرقىسى بولۇپ قالار» دېدى دانۇر ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ. لېكىن ئۇ ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپلا نوبېشىغا بېرىشتىن يالتىيىپ قالدى ۋە تاۋكا بورادەرلىرىدىن قەرز ئېلىش ئۈچۈن مالچىكنى باشلاپ سىرتقا چىقتى. لېكىن بىر كۈن يالۋۇرۇپ — يېلىنىپ ھېچكىمدىن قەرز پۈتمىدى.

ھېرىپ — چارچاپ كەتكەن دانۇر بىدە بازىرىغا كەلگەندە رەھمەتلىك سەۋرىددىننىڭ يول چېتىدە تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان كەنجى قىزى بىلەن ئوغلىنى كۆردى. دانۇر ئۇلارنى بىر چەتكە تارتىپ يېنىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى قىزچاقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

— قىزىم، — دېدى دانۇر ئاۋازى تىترەپ، — بۇ يەرگە كەلگىنىڭلارنى ئاپاڭلار بىلەمدۇ؟

— ياق، بىز قوپساق ئاپام يوقكەن.

— ئەمىسە سىز ئۇكىڭىزنى باشلاپ ئۆيىڭىزگە كېتىڭ، بۇ پۇلنى خىراجەت قىلىڭلار، بولامدۇ؟!

— رەھمەت، تاغا، — قىزچاق يىغلىۋەتتى، — سىزنى بالىلار: «پەرىشتە تاغا» دەيدىكەن. مەنمۇ شۇنداق دېسەم بولامدۇ؟

دانۇر دەرھال بالىلاردىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. چۈنكى ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن مەسۇم بالىلارنىڭ پاك — گۇناھسىز، مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىچارە كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدى.

— مالچىك، — دېدى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، — بالىلارنى قۇتقۇزمىساق بولمىدى. بۇ . . . بۇ ساڭا . . . ساڭا باغلىق بولۇپ قالدى.

دانۇر بۇ كېچە ئىتى بىلەن بىللە ياتتى. مالچىكنىڭ بېشىنى سىيلىغىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۈزۈلمەي ئاققان كۆز ياشلىرى يىرىك ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— ئېسىڭدىمۇ، مالچىك، — دېدى دانۇر ئىتىنىڭ پۇتىنى سىيلاپ، — بىر چاغدا سەن مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ مۇشۇ پۇتۇڭنى يىلان چېقىۋالغانىدى. ئۇ چاغلاردا سەن كىچىك ئىدىڭ، لېكىن سەن ۋاپاغا ۋاپا قىلىشنى بىلەتتىڭ. ئەمما بىز ئادەملەرچۇ؟! بۇنداق خىسلەت ئاز تېپىلىدۇ. توۋا، سەن ئاناڭدىن بەكمۇ كىچىك قالدىڭ — ھە؟! شۇ چاغدا ئاناڭنىڭ ئەتراپىدا ئېچىنىشلىق ئىڭشىپ، بوزلاپ، ئۇنىڭ قان ئەمچەكلىرىنى ئەمگىنىڭ، ئارقاڭغا قاراپ — قاراپ قاچقىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىمدە. توغرا، سېنىڭ ئادەم ئاتلىق ياۋۇزدىن قاچقىنىڭ توغرا ئىدى! بىز ئادەملەر ئەنە شۇنداق ۋەھشىي. شۇڭا نەچچە يۈز غۇلاچ كېلىدىغان چېقىلمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدى، ئۆزۈڭنى قاينامغا تاشلىۋەتتىڭ. مالچىك، ئۈنچىقمايسەنغۇ. قانداق، ھېلىھەم ئاناڭنى سېغىنامسەن؟

كۆرپىگە تۇمشۇقىنى چۆكۈرۈپ ياتقان مالچىكنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى نەم ئىدى. ئۇ، جۇدالىق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندەك ئىڭغىر — ئىڭغىر تىناتتى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، سەن مەندىن رەنجىسەن، لېكىن مەن سەندىن مىڭ مىراتەم رازى، — دانۇرنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، گاراڭ — گۇرۇڭ چىقاتتى، — سەن مېنىڭ قانىتىم ئىدىڭ، قاناتسىز قالىدىغان بولدۇم. سەن مېنىڭ ھىماتىم ئىدىڭ، ھىماتسىز قالىدىغان بولدۇم. سەن مېنىڭ سىرداش ھەمراھىم ئىدىڭ، ھەمراھسىز يالغۇز قالىدىغان بولدۇم. سەن مېنى تاشبېغىر، ۋاپاسىز، كۆڭلى قارا، دەپ تىللىشىڭ، ئىنسانلار شۇنداق بولامدۇ؟ دەپ ھەيران بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنداق، بىز ئىنسانلار ئەبەدىلئەبەد مەنپەئەتنىڭ قۇللىرى بىز. مەنپەئەت يولىدا ئىنساپ، دىيانەت، ۋاپا، كۆڭۈل دېگەنلەرنى ھېچ ئايانمايلا پايخان قىلىۋېتىمىز، سەن بۇنى زادىلا چۈشەنمەيسەن. ئاھ، دوستۇم مالچىك.

مالچىك ئاستا سىجىپ تۇمشۇقىنى دانۇرنىڭ تىزىغا قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نەملىك جاۋغىيىغىچە ئېقىپ چۈشكەنىدى. دانۇر يىرىك ئالقانلىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويدى.

— شۇنداق، مالچىك. مەن سېنى دەسلەپ ئېلىپ كەلگەندە سەن نەچچە كۈنلەرگىچە ئاسمانغا قاراپ تولىمۇ مۇڭلۇق ھۇۋلاپ يىغلىغانىدىڭ. مانا ئەمدى مەن ئارقاڭدىن ھۇۋلاپ قالىدىغان بولدۇم. قاراتاڭمۇ ئاتاي دەپتۇ.

بىزنىڭ بىللە ئۆتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ توشۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز. . . بىز بىر - بىرىمىزگە ئۇبدانىراق قېنىۋالايلى.

دانۇر ئەتىسى ئەتىگەندە مالچىكنىــى باشلاپ ۋالى قادىرنىڭ بېغىغا كەلدى. بۇ چاغدا سېرىكچىلەر چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ ماشىنىلارغا بېسىۋاتاتتى. سېرىكچىلەر خوجايىنى قوللىرىنى شىلتىپ قول ئاستىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر بۇيرۇيتتى، ئۇنى ئۇياققا، بۇنى بۇياققا جايلاشتۇر، دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ، مالچىكنىــى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار باھادا كېلىشىپ بولغاچقا سودا ئاسانلا پۈتتى. دانۇر 550 سومنى ئېلىپ مالچىكنى قۇچاقلاپ سۆيدى، باش، دۈمبىلىرىنى سىلاپ، سىم تورلۇق قەپەزگە سولاپ بەردى!

دانۇر مالچىكنىڭ قەپەز ئىچىدە تىپچەكلەشلىرىنــى، يالۋۇرۇپ قارىغان كۆزلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن دەرھاللا سېرىكچىلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن مالچىكنىڭ غىڭشىشلىرى، ئېچىنىشلىق ھۇۋلاشلىرى ئۇنىــڭ قۇلاق تۈۋىدىن زادىلا كەتمىدى.

550 سومنى چىڭ سىقىــــمدىۋالغان دانۇر ئۇدۇل كارخانىغا كەلدى ۋە ئابدۇسوپۇرنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىردى. ئابدۇسوپۇر ھۆججەت - تالونلارنى ھېسابلاپ چوت سوقۇۋاتاتتى. بىر چاغدىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان دانۇرغا قارىدى:

- سەل بالدۇر كېلىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ - دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، - ماتاشنىڭ ئەتە تارقىتىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن؟

- مەن ماتاش ئۈچۈن كەلمىدىم، سىيىرنى قايتۇرۇپ ئەكەتكىلى كەلدىم!

- قايسى سىيىرنى؟

- سەۋرىدىن رەھمەتلىكنىڭچۇ!

- ئۇنى بىز قەرزگە ھېسابلاپ ئەكەلگەنلىكىمىزنــى بىلمەمسەن؟

- شۇڭا ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىگىلى كەلدىم!

- نېمە، نېمە، بولمايدۇ! - ئابدۇسوپۇر دانۇرنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچەيدى.

دانۇر ئابدۇسوپۇر بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنــى خالىمىدى بولغاي، بىردەمدىلا كارخانا باشلىقلىرى بىلەن سىېخ مۇدىرلىرىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرى ئىگە بولالمىغان نەرسىنى ئابدۇسوپۇرنىڭ ئىگىلىۋېلىشىنــى خالىمايتتى، شۇڭا بىر ئېغىزدىن سىيىرنى قايتۇرۇشنى بۇيرۇدى. تەسلىكتە پۇلنى سانىغان ئابدۇسوپۇر يەنە 50 سوم كەم ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇنىمىدى.

- ئەتە ماتاشىمنــى تۇتۇۋال! - دېدى دانۇر زەردە بىلەن، - ئاشقان پارچە پۇللىرىنى ئۆزۈڭ خەجلە!

دانۇر سىيىرنى موزىيى بىلەن يېتىلەپ چىقىۋېتىپ كارخانا باشلىقلىرىغا ئەمدى ئۆزىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، باشقا قاراۋۇل تېپىۋېلىشنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

* * *

بىر يىل ئۆتتى، يەنە بىــر باھار كەلدى. دانۇر تاغامنىڭ يوقاپ كەتكىنىگىمۇ بىر يىــل بولدى! ئۇ، سىيىرنى سەۋرىدىننىڭ بالىلىرىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، دەرپەردىلىك ئۆيىنىڭ قاپقاقلىرىنى ھىم يېپىپ، قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيلا قالدى. بەزىلەر ئۇنــى: «گاڭگۇل كۆمۈر كېنىدا ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن گەپ» دېيىشەتتى. ھەتتا ئۇنى: «قىمارۋازلاردىن پىچاق يەپ ئۆلۈپتۇ» دېگۈچىــلەرمۇ بولدى. لېكىن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن بىزنىڭ مەھەللىدىكى بالىلار ئۇنى دائىم ياد ئېتەتتۇق. مالچىكنى سېغىناتتۇق. ھازىر بىز كىچىك ئەمەستۇق، بەزىلىرىمىز باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى سىنىپىدا، بەزىلىرىمىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - ، 2 - يىللىقلىرىدا ئوقۇيتتۇق. بىز مەكتەپتىن قايتىــپ كېلىپلا ئىختىيارسىز دانۇر تاغامنىــــڭ ئۆيــى ئالدىغا توپلىناتتۇق. خۇددى دانۇر تاغام بار ۋاقىتــدىكىدەك قارىغۇچىسى يوق بوۋاي - موماياليرنىڭ سۆيىنى ئەكېلىپ، ئوتۇنىنــــى يېرىپ بېرىشنــى ئۇنتۇمايتتۇق. لەگلەك ئۇچۇرۇش، ۋاللەي ئويناش، قاچقانچۇق، ئودىكام ئويۇنلىرىنىمۇ قولدىن بەرمەيتتۇق. لېكىن دانۇر تاغام بار چېغىدىكىدەك ئانچە قىزىمايتتى. كەچ تەرەپلەردە قىزىق تونۇرلارغا پۈتىمىزنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، دانۇر تاغام بىلەن مالچىكنىڭ گېپىگە چۈشەتتۇق. بەزىلىــرىمىز مالچىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىــــى كۆپتۈرۈپ ماختاپ كەتسەك، يەنە بەزىلىرىمىز دانۇر تاغام بىلەن بۇدۇنە كاۋاپ قىلغان كۈكۈللۈك ساياھەتلەرنى، توشقان قوغلىغان، تال لەگلەك ئۇچۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنى بەس - بەس بىلەن سۆزلىشەتتۇق. قىسقىسى، دانۇر تاغام ھامان بىز بىلەن بىللە ئىدى. مەن: «دانۇر تاغام مالچىكتىــــن ئايرىلغاندىن كېيىــن ئەلەمگە چىــدىماي بۇ يەرلەردىن كەتتىمىكىن» دەپ گۇمان قىلاتتىم. مانا بۇ يىل رامىزان ئېيىدا بارات ئويناش، رامىزان ئېيتىش بولغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك ئانچىۋالا قىزىپ كەتمــــدى. لېكىن ھەر كۈنــى چۈشكەن نېمەتلەرنــى دانۇر تاغام خەيرىخاھلىق قىلىدىغان تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارنىــڭ ئۆيلىرىگە تارقىتىپ تۇردۇق.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. باھار شامىلى چىقىپ تۇراتتى. ھويلىلاردىكى سېرىنگۈللەر غوچچىدە غۇنچىلاپ ماي بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ ئېچىلىشقا تەقەززا ئىدى. ھەممىلا ئۆيدە بىرلا غەم - مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرى ئۈچۈن ئاق كۆڭلەك، كۆك ئىشتان، قىزلار ئۈچۈن ئاق كوپتا، قارا ساراپان تىكتۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بايرام كۈنى بىر خىل كىيىــــنگەن قىــز - ئوغۇللار دەستە - دەستە سېرىنگۈللەرنى تۇتۇپ مەكتەپكە مېڭىـــشاتتۇق. مەكتەپ مەيدانىدا ھەر قايسى سىنىپلار ئۆز رەتى بويىچە پاراتتىن ئۆتەتتى. ئاندىن سەنئەت نومۇرلىرى، پىرامىدا چىقىرىش ۋە تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى باشلىناتتى. لېكىن بۇ سەپكە فورما كىيەلمىگەن بىرەرتى - يېرىم ئوقۇغۇچــى قېتىلىــپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ خۇددى ئاپئاق گۈرۈچ ئىچىدىكى شېغىلدەك چېنىپ قالغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز سىنىپىنىــڭ ھەيۋىتىنــــى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى شاللىۋېتەتتى.

ھەر يىلى بۇنداق كۈنلەردە دادامنىڭ بازىرى چىقىپ

كېتەتتى. بىزنىڭ كوچىدىن باشقا كوچىلاردىكى ئاتا - ئانىلارمۇ ئىش ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا، كىملەرنىڭ بالىلىرىغا كىيىم تىكتۈرگەنلىكى، كىملەرنىڭ تىكتۈرمىگەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. كۆڭلۈم تويغاندەكلا مىرزى بىلەن ھېبۇكنىڭ ئاتا - ئانىسى كىيىم تىكتۈرگىلى كەلمىدى.

بۈگۈن ھەممىمىز مەكتەپتىن كېلىپلا مازارلىقتا ئىككى تەرەپ بولۇپ گەرەتكە ئوينىدۇق. گەرەتكە مەيدانىمىز نوبىتىدىن ئېقىپ كېلىدىغان ئۆستەڭ بويىدىكى پەس ئېدىرلىقتا ئىدى. بالىلار ئانا تاياق، بالا تاياقلارنى تاللاپ، بالچۇقلارنى سىزىق ئىچىگە تىزىپ ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتۇق. لېكىن مىرزى بىلەن ھېبۇك بىزگە قېتىلماي دۆڭ ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بەلكىم دانۇر تاغامنى ئەسلەۋاتسا كېرەك. چۈنكى يىلدا ماي بايرىمى فورمىسىنى ئۇ تىككۈزۈپ بېرەتتى، ھەتتا خەجلەيدىغان پۇللىرىغىچە قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى.

بىز راسا بېرىلىپ گەرەتكە ئويناۋاتاتتۇق، ھېبۇك دۆڭ ئۈستىدە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ يىغلىغاندەك ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى:

— دانۇر تاغام كەلدى، قاراڭلار، دانۇر تاغام!

بىز ھەممىمىز كېلىشىۋالغاندەكلا قاراشتۇق. راست دېگەندەكلا، ئۆڭۈپ كەتكەن مايسىرەڭ چاپىنى ئۈستىدىن كەڭ كەمەر باغلىغان، ئاقارغان خورۇم ئۆتۈكلۈك، كونا مانچىستىر دوپپىسىنى سول تەرەپ قۇلىقىغا يانتۇراق كىيگەن، قۇيماق چىراي، دىقماققىنا بۇ ئادەم دانۇر تاغام ئىدى. بىز گەرەتكىلەرنى تاشلاپ يۈگۈرۈشتۇق. بالىلار خۇددى ھازا ئاچقاندەك تەڭلا يىغلىشىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ ئورىۋېلىشتۇق. دەرۋەقە، دانۇر تاغام بىر يىل ئىچىدە تونۇغۇسىزلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ھەر خىل تاتۇقلار پەيدا بولغانىدى. ئوڭ تەرەپ پېشانىسىدە كۆيۈك يارىسىدەك قارا - قوڭۇر بىر داغ ئايرىمچە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىملىرىدىكى ياماقمۇ خېلىلا كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بىز دانۇر تاغامنىڭ بىقىنلىرىغا سىغدىلىپ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇشتۇق. ئۇ، ئۆزىنىڭ پىلىچى، گاڭگۇل كۆمۈر كانلىرىدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— دانۇر تاغا، يۈزىڭىزگە نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدىم مەن.

— ھەي... خالڭ دېگەن خالڭ - دە! - دېدى دانۇر تاغام خۇشياقمىغاندەكلا جاۋاب بېرىپ، - خالڭ تېگى خەتەرلىك. ھەر خىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ھە، ھېبۇك، سەن خامۇش كۆرۈنىسەنغۇ؟

— ئۇنىڭ... - مەن دۇدۇقلاپ گېپىمنى يۇتۇۋەتتىم.

— ھە، ئۇنىڭ بايراملىق فورمىسى يوقمىكەن؟

— مىرزىنىڭمۇ يوقكەن.

— شۇنداقمۇ؟ - دانۇر تاغام ساقىلىنى تاتىلىدى، - بوپتۇ قايغۇرماڭلار، بىر ئامالى بولۇپ قالار، قانداق دېدىم.

— مەن كۆڭلىكىمنى يۇيۇپ كىيسەم بولىدۇ، لېكىن ئىشتىنىم... - دېدى دۇدۇقلاپ ھېبۇك.

— مېنىڭمۇ ئىشتىنىمنى ياماپ كىيگىلى بولىدۇ، - دېدى مىرزى.

بىز كەچتە دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ يېرىم كېچىگىچە «كونا خامانلارنى سورۇشتۇق». لېكىن ھەممىمىز ۋەدىمىز بويىچە مالچىكنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدۇق. ئۇنىڭسىزمۇ دانۇر تاغامنىڭ دەممۇ دەم مالچىكنىڭ تاماق يەيدىغان قاچىسىغا، كەچتە ئاستىغا سېلىپ بېرىدىغان ئۆچكە تېرىسىگە كۆز تاشلىشىدىن ئۇنىڭ مالچىكنى تېخىچىلا ئۇنتۇيالمايۋاتقانلىقى، سېغىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بالىلار تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئاپامنىڭ: «يېت بولۇپ قالسەن» دەپ تىللىشىدىن قورقماي ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ قالدىم. دانۇر تاغام تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۇزۇن جىمىپ كەتتى. ئۇ، پات - پاتلا ئېغىر خورسىناتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ: «ئاھ، مالچىك، نەلەردە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈيدىغانسەن؟» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈش ئۈچۈن سورىدىم:

— دانۇر تاغا، ھېبۇك بىلەن مىرزىغا بايراملىق قىلىپ بېرەمسەن؟

— ھەئە، تېخى سەۋرىدىنىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى كىچىك بالىسىمۇ بار، - دېدى ئۇ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، - قېنى، ئەتە بولۇپ باقمىسۇنمۇ، قانداق دېدىم؟

— پۇلۇڭ بارمۇ؟

— بار ئىدى، بولغاندىمۇ خېلى بار ئىدى، لېكىن خالڭدا بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالدىم.

— ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟

— ئەتە بىر ئامالىنى قىلمامدىمەن!

دانۇر تاغام ئورنىدىن تۇرغاندا قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ ماڭا: «مالچىكنى چۈشەپ قاپتىمەن» دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بىر قىسىملا بولۇپ قالدىم.

مەن شۇ كۈنى مەكتەپ ئىچىدە خامۇش يۈردۈم. ئۆتۈلگەن دەرسلەرمۇ كاللامغا چۈشمىدى. مالچىك پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. مەكتەپتىن قايتىشىمدا ھېبۇك، مىرزىلارغا دانۇر تاغامنىڭ مالچىكنى چۈشەپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. بىز مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ دانۇر تاغامنىڭ ئۆيى ئالدىدا ئۇنى كەچكىچە ساقلىغان بولساقمۇ ئۇ كەلمىدى. تويۇقسىز كۆڭلۈمگە: «ئەگەر ئۇ ھېبۇك، مىرزىلارنى دەپ قىمار ئوينىغان بولسا، مالچىك يوق بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغانمىدۇ؟» دېگەن ئوي كەچتى - دە، كەچلىك تامىقىمنىمۇ يېمەي نوبىتىشىغا قاراپ ماڭدىم. دېگەندەك دانۇر تاغام مازارلىقتىكى بىر قەبرە يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ بۇرنى ئىششىغان، ئاستىنقى كالپۇكى يېرىلىپ ئاق سانجىغان يېرىك ساقاللىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

— دانۇر تاغا، ساڭا نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە، نېمىگە كەلدىڭ؟

— سېنى بالىلار بىلەن ئۇزۇن ساقلىدۇق. مەن سەندىن ئەنسىرەپ...

ـ ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق. قايتىپ كەت.

ـ يۈرە، بىللە كېتەيلى.

ـ مەن. . . مەن. . . مەشەدە بىردەم ئولتۇراي.

مەن ئۇنىڭغا خېلى يالۋۇرۇپ باققان بولساممۇ، ئۇ ئۇنىمىدى. ئامال يوق كېتىپ قالدىم. ئۇنىڭ قىمارۋازلاردىن تاياق يېگەنلىكى ئېنىقلا ئىدى. نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بۇرۇن ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق قىماردا ئامىتى كېلىپلا تۇراتتى. مالچىك بولغاچقا، چىدىماس قىمارۋازلار ئۆكتەملىك قىلالمايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يوقلۇقى ئۆزىنى كۆرسەتكەن چېغى.

دانۇر قەبرە تېشىغا يۆلىنىپ ئېغىر ھەسرەتكە چۆمدى. شۇ تاپتا ئۇ ئىچىدە ئۈنسىز يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. مالچىك بار چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى پۈتۈن ئىدى. تاۋكادا نامەرد، مۇتتەھەم، چىدىماس قانتەللەر ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى. ئۇنىڭلا ئەمەس ھەتتا باشقىلارنىمۇ ئۇرغۇزغىلى قويمايتتى. ئۇ بىر ئادىل كۆزەتچى، دانۇرنىڭ دىلكەشى، سىرداشى، ۋاپادار ـ سادىق دوستى ئىدى. شۇڭا ئۇ دانۇر ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار ئىدى. لېكىن دانۇر ئۇنى سېتىۋەتتى. شۇنداق، دانۇر ۋاپاغا جاپا قىلدى. مانا بۇ ۋىجدان ئازابى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈرىكىدە جاراھەت بولۇپ قالارمۇ؟ مالچىك ھازىر ھاياتمىدۇ ياكى قامچا، تاياق زەربىدە ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن ئوۋچى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇنتۇلماس، ئۆچمەس داغلارنى سالغانىدى. مانا ئەمدى ئۆزى ئىشەنگەن، سۆيۈنگەن، ئاق كۆڭۈل دەپ چوقۇنغان ئىگىسى سالغان بۇ نادامەتنى ئۇقانداقمۇ ئۇنتار؟ دانۇرنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇشى، بېقىپ چوڭ قىلىشى پۇل ئۈچۈنمىدى؟!

ـ ئاھ، مالچىك، مېنى كەچۈر! مەندەك بىر تاش يۈرەك، قارا كۆڭۈلنى كەچۈر!

دانۇر ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە تۇپراققا يىقىلدى. ئۇ، تۇپراقنى قاماللىغىنىچە ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىدى. ئىچى ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ، ئۆرلەپ چىققان يىغان بىلەن يىغلىدى. يۈزى لاي بىلەن بۇلغاندى. ئۇ، ھەسرەتتىن پۇچۇلۇنۇپ تۇپراققا يۈز يېقىپ ياتقىنىدا قۇلىقىغا خۇددى يەر ئاستىدىن، بەجايىكى گۆرنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقاندەك بىر ئاۋاز كەلدى. ئۇ، چۆچۈپ تىڭشىدى. دېگەندەك ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئىڭىشغان ئاۋاز يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. دانۇرنىڭ يۈرىكى تۇيدى. بۇ، مالچىكنىڭ ئاۋازى ئىدى!

ـ مالچىك! مالچىك!! ـ دانۇر ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى، ـ مالچىك!!!

بىر يىلدىن بېرى نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن مالچىك گۈگۈم پەردىسى بىلەن قاپلانغان قەبرىلەر ئارا ئالدى ئۇلۇغ پۈتىنى كۆتۈرۈپ ئاسقاقلاپ كەلمەكتە ئىدى! دانۇر پۈتلىشىپ، يىقىلىپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇلار قۇچاقلاشقىنىچە يومۇداقلىشىپ كەتتى. دانۇر ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدىن تۇتۇپ يۈزىنى يېقىن ئەكېلىپ كۆزلىرىگە قارىدى ۋە باغرىغا قاتتىق باستى. . . مالچىكمۇ دانۇرنىڭ قوللىرىنى، يۈزىنى يالاپ ھەم پۇراپ ئىگىسىنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى. دانۇر مالچىكنىڭ دۇمبىلىرىنى سىيلىدى، ئۇنىڭ بەدىنى قىر ـ قىر پۇلتىيىپ چىققان قاپارتما، ئىششىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ قاپارتمىلاردىن قىزغۇچ كىپەك ئۆرلەپ تۇراتتى. يالتىراق تۈكلىرى تۆكۈلۈپ ئەمدىلىكتە ئۇ قوتۇر تايغانغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئالدى ئوڭ پۇتى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، قان ـ يىرىڭ تىرناق ئارىلىرىنى قاتۇرۇۋەتكەنىدى. بەدىنىمۇ ھەر خىل جاراھەت ئىزلىرى بىلەن تولغانىدى.

ـ مالچىك، مالچىك، سەن مېنى كەچۈرەمسەن؟! مەن ۋاپاغا جاپا قىلغۇچى ئادەم!! لېكىن سەن جاپاغا ۋاپا قىلغۇچى هايۋانسەن!!!

دانۇرنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ قالغان مالچىك ئورنىدىن تۇرالماي ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى، ھاسىرايتتى. ئۇ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇنىڭ تىلى بولغان بولسا، قانچىلىك تاياق ـ توقماقلارنى يەپ، قانداق خورلۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكلىرىنى، قەيەرلەردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، نەچچە ئاي، نەچچە كۈنلەر يول ئازابى تارتقانلىقلىرىنى، ئاچ ـ زېرىنلىقتا يات يۇرت ئىتلىرىغا تالىنىپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالسىمۇ، ئاخىر ئانا كۆرگەن ئىگىسىنىڭ ئايىغىغا باش قويغانلىقىنى، بۇ دىدارغا يەتكۈزگەن تەڭرىگە مىڭ قەتلىك شۈكرى كەلتۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى.

ئاھ، خۇدا، ئۇ بىر يىرتقۇچ بۆرىنىڭ نەسلى ئىدى. ئىنسان ئۇنىڭغا ھىممەت كۆرسىتىۋىدى، ئۇ شۇنچە ۋاپادار، شۇنچە سادىق، ئەقىدە باغلىغان كىشىسى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بىر جانغا ئايلاندى. لېكىن بىز ئىنسانلار، كىشىلەر نەزىرىدە يىرتقۇچى ئاتالغان بۆرى نەسلىدەك بولالماسلىقىمىزغا نېمە يېتىشمەيدىغاندۇ؟! شۇنداق، پەقەت بىرلا نەرسە ـ بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچلا كەمكەن!

دانۇر مالچىكنى قۇچاقلاپ كۆتۈردى ـ دە، چىغىر يول بويلاپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. يول بويى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مالچىكنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ تۇردى!

* * *

مالچىك قايتىپ كېلىپ 13 كۈنلا ياشىدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى جاراھەت بارغانسېرى يامانلىشىپ ئىششىق كۆكرەكلىرىگىچە يېتىپ كەلدى. دانۇر تاغام كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇنىڭ جاراھىتىنى تازىلاپ، ھەر خىل دورىلارنى سۈركەيتتى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇنى تۆگە تايلاق قىلىپ ياكى ئەدىيالغا ئوراپ قۇچاقلاپ ئاپارمىغان مال دوختۇرلىرى قالمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ جاراھىتىنى كۆرۈپلا يىرگىنەتتى، بەزىلىرى ھەيران بولاتتى، بەزىلىرى غەزەپلىنەتتى. چۈنكى بىزدە مالدوختۇرلىرى ئات، ئېشەك، قوي، كالا دېگەندەك چارۋىلارنىلا داۋالايتتى. ئىتنى داۋالاش ئۇلارنىڭ مىزانىدا يوق ئىدى. ھەتتا ئىتنى داۋالاتماقچى بولغانلارنى مەسخىرە قىلاتتى. بۇ دەل «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يېڭى باشلانغان چاغلار ئىدى. كوچىلاردىن توپا ـ توزان كۆتۈرۈپ ئادەملەر توپى شوئار توۋلاپ ھېلىدىن ـ ھېلى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان قانداقتۇر ئادەملەرنى ئۆزىگە دۈشمەن سايلىۋېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە: «يوقىتايلى» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن يوقىتىدىغانلىقىنى، نېمە گۇناھى بارلىقىنى سورىغۇدەك بولساڭ: «تاڭ، بىلمىدۇق، ئاڭلىساق ئۇلارنى

«ئەكسىيەتچى»، «جىن - شەيتان»، دەيدۇ. ئۇلار كېچىلىرى پاراڭلىشارمىش. «كېچىسى گەپلەشسەڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق»، دەيتتى. لېكىن ئۇلار قۇلاقلىرىنى ياقمىغان چېغى، «يوقىتايلى»، دەپ ۋارقىراشلار، دېدى، ۋارقىرىساق يوقىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ۋارقىراۋاتىمىز» دېيىشەتتى.

دانۇر تاغام بايراقلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئالا - تاغىل تۇۋلاپ ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەرگە قاراپمۇ قويماي ئىتتىنى كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ مالچىكنىڭ كۆڭلەپ، سائەتلەپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ توگىشىپلا كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا قاراپ بىزمۇ مالچىكتىن ئەنسىرەپ كېچىلىرى بىر ۋاقلارغىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتۇق.

مالچىك كېلىپ 13 - كۈنى كېچىسى مەن دانۇر تاغامغا ھەمراھ بولۇپ قونۇپ قالغانىدىم. بۇ كېچە مالچىك ئىڭرىمىدى، غىڭشىمىدى، پەقەت قوڭۇر كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالاتتى. دانۇر تاغام ئىككىمىز قايسى چاغدا ئۇخلاپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئەتىگەنلىكى قوپساق مالچىك ئۆيدە كۆرۈنمىدى. بىز يۈزلىرىمىزنى يۇمايلا ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتۇق.

ئىككىمىز پۈتۈن كۈن «قىرمازار»، «نوبېشى»، ئورۇس تۈگمەنلىرى ئەتراپىدىكى سايلىقلارنى ئىزدەپ ئۇنى تاپالمىدۇق. مەن ئىچىمدە كونىلارنىڭ: «ئەقىللىق ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس» دېگىنى راست ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بىز نامازشام ۋاقتىدا ھېرىپ - ئېچىپ قىمارۋازلار قىمار ئوينايدىغان بېدىلىككە كەلدۇق، مالچىك بۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ئېسىمگە تويۇقسىزلا يالغۇز سېدە كەلدى. بۇ يالغۇزسېدە نوبېشىدىن ئېقىپ كەلگەن ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدا بولۇپ، ئەتراپىنى قېلىن ئوتلار قاپلاپ تۇراتتى. بىز باللار سايغا سۇغا چۆمۈلگىلى بارغاندا مالچىكنى داۋاملىق ئاشۇ يالغۇز سېدە تۇۋىدە يوياتتۇق، سۇغا چۆمۈلدۈرەتتۇق.

ئويلىغىنىمدەك مالچىك يالغۇز سېدە تۈۋىدىكى چىغىرتماقلار ئارىسىدا ئۆلۈك ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆپكۆك چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ يۈرەتتى. دانۇر تاغام يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ بېشى، دۈمبىسىنى سىلىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدىم.

- كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى، - دېدى دانۇر تاغام ئۇنى سىلاپ، - كۆپ ئازاب چەكتىڭ، كۆپ خورلۇقلارنى تارتتىڭ، بۇلارغا مەن ۋاپاسىز سەۋەبچى.

مەن مەھەللىدىكى باللارغا خەۋەر قىلدىم. ئۇلار كەتمەن - كۈرەكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى. بىز ئاشۇ يالغۇز سېدە تۈۋىنى كولاپ ئاستىغا يۇمشاق ئوت - خەسلەرنى سالدۇق. دانۇر تاغام مالچىكنى ئاۋايلاپ ياتقۇزغاندىن كېيىن، ئۈستىنى يەنە ئوت - چۆپ بىلەن يېپىپ ئاندىن توپا تاشلىدۇق.

مالچىكنى كۆمۈپ بىر ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان كالتەكلىك بىر نەچچە «قىزىل قوغدىغۇچى»لار دانۇر تاغامنى باغلاپ «ياچېيكا قورۇسى»غا ئېلىپ كېتىشتى. بۇ بىر بايدىن مۇسادىرە قىلىنغان قورۇ بولۇپ، ئازاد بولغان يىللىرى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى پارتىيە گورۇپپىسى تۇرغانلىقى ئۈچۈن «ياچېيكا قورۇسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى. ئۇ، كۆك خىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ، ئۆيلىرىنىڭ ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، سەينا، باغ - ئاراملىرى ئازادە، پېشايۋانلىرى قىرما تۈۋرۈكلۈك كۆركەم قورۇ ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ قورۇ مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى قىلىنغانىدى.

تۈرلۈك سىياسىي بەتناملار بىلەن بۇ قورۇغا سولانغانلار ھەر كۈنى گۈلدۈرلىگەن شوئار ۋە مۇشت، تېپىك، باغلاق، ئۇرۇش - تىللاش بىلەن كۈرەش قىلىناتتى. «جىن - شەيتانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى»، «يۈزلەش بول»، «ئېيتمامسەن»، «ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇش خىزمەت كۆرسەتكەنلىك»، «مەسىلەڭنى تاپشۇر» ... دېگەندەك غەزەپلىك ئاۋازلار كوچىلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «قىزىل قوغدىغۇچى»لار باشلىرىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاقلار كەيگۈزۈپ، ئالدىغا تاختاي ئېسىلغان يېڭىدىن يېڭى «سىنىپىي دۈشمەن»لەرگە جاڭ، ئەسكى داسلارنى چالغۇزۇپ، كوندە دېگۈدەك ئۇلارنى كوچىلاردا سازايى قىلاتتى. ياچېيكا قورۇسى، كوچىلار قاپقارا سىيادا يېزىلغان شوئار، چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن تولغانىدى. باللار دەسلەپتە بىر ئايغىچە دانۇر تاغامغا ئانچە - مۇنچە تاماق، يېمەكلىك كىرگۈزۈپ بېرەلىدۇق، كېيىن بۇنىڭغىمۇ يول قويۇشمىدى.

دانۇر تاغام بۇ يەردە بەش ئاي يېتىپ قالدى. پەقەت ئۇنى باغلاپ، بوينىغا تاختا ئېسىپ سازايىغا ئېلىپ چىققاندا بىرلا قېتىم كۆرەلىدۇق. ئۇ جۈدەپ، يۈز تېرىلىرى خالتىلىشىپ، ساقاللىرى دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان تاختايدىكى «سوۋېت شىۋجىيگجۇيىچىلىرىنىڭ ئىشپىيونى» دېگەن خەتنى ئوقۇيالىدىم. شۇندىن كېيىن دانۇر تاغامنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بىر نەچچىمىز (كۆپ باللارنى ئاتا - ئانىسى ئەۋەتمەيتتى) ياچېيكا قورۇسىغا باراتتۇق. يېپىلارغا ئېسىلغان، تاملارغا، بورا - تاختاي سەھنىلەرگە چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆرەتتۇق. مەن دانۇر تاغامنى پاش قىلغان بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا دانۇرنىڭ ئۆزلىرىنى چەت ئەلگە قېچىشقا قوتراتقانلىقى يېزىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئادرېسى، ئىسمىغا قاراپ ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، چۈنكى بۇ تۆھمەت نەق دانۇر تاغام ھىممەت قولىنى سوزۇپ كەلگەن ساي مەھەللىسىدىكى ئەما بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىن توقۇلغانىدى.

- ئابۇك، تېز كېلە، قارا بۇنىڭغا، - دېدى ھاجى قولۇمدىن تارتىپ، - ماۋۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئوقۇساڭ بەلكىم ئىشەنمەيسەن.

بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت ئوردا كوچىسىدىكى ئېرى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، بەش بالىسى بىلەن تۇل قالغان تىلەمچى ئايالنىڭ ئىدى. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتتىمۇ دانۇرنىڭ چەت ئەلنى ماختىغانلىقى، قېچىشقا قوتراتقۇلۇق قىلغانلىقى، لېكىن ئۆزىنىڭ بولسا باللىرىم ئۇششاق، دەپ ئۇنىمىغانلىقى يېزىلغانىدى. يەنە بىر چوڭ خەتلىك گېزىتتە ھەتتا سەۋرىددىنىنىڭ ئايالى چېغىدا دانۇر تاغامنى ئىشپىيوندىن ئىشپىيونغا سېلىپ بىر مۇنچە ئەيىبلەپ، ئاخىرىدا: «بىرەر يامان نىيىتى بولمىسا، بىزگە خەيرىخاھلىق قىلامتى» دەپ يېزىلغانىدى.

ئاھ، خۇدا، بۇ ئادەملەرگە نېمە بولۇپ كەتكەن! ئاش بەرگەنگە مۇشت بەردى، دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار مۇشۇ

تۆھمەتلەرنى قىلغاندا خۇدادىن ئازراقمۇ قورقمىغانمىدۇ؟! ۋىجدان ئازابى تارتمىغانمىدۇ؟!

- دادامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، - دېدى ھاجى ئاستا پىچىرلاپ، - خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئەما قېرىغا پۇل «ياردەم» قىلىپتۇ، تىلەمچى ئايالنى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا تونۇشتۇرۇپ خەت قىلىپ بېرىپتۇ، شۇڭا ئۇلار ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇپتۇمىش.

ئادەملەردىكى مۇنچىۋالا رەزىللىك، مۇناپىقلىق، قاباھەتلىكلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا نىسبەتەن قەلبىمدىكى ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت ئورنىنى نەپرەت ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى. بىردىنلا دانۇر تاغامغىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنىڭ بۇ كۆنلەرگە قېلىشى رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاقلىقىدىن بولدى! ئەسلىدە خۇدا ئىنسانلارنى ياراتقاندا ئۇنىڭ خۇي - پەيلى، تەبىئىتى، نىيىتىنىڭ خالىس ياكى خالىس ئەمەسلىكىگە قاراپ رىسقى ئاتا قىلغانىكەن، شۇڭا ھەر بىر بەندە پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى تارتماي نىمە ئىلاجى. خۇدا يۆلىمىگەننى دانۇر تاغام يۆلەپ نەگە ئاپىرالايتتى (بىرنى يۆلىسەڭ ئۇنى يىقىلىپ تۇرسا!) . يۆلىگەن، رەھىم - شەپقەت قىلغانلاردىن دانۇر تاغامغا كەلگەن راپائەت شۇ تۇرسا! شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەم دېگەن سامان چوغىنى كۆرگەندە، ساڭا ھايات ۋە نۇر ئاتا قىلغان قۇياشنى تىللايدىغان، قۇياش چىققاندا گۈلخان كۈلىنى يۈزۈڭگە چاچىدىغان ئاجايىپ ئىنساپسىز بىر مەخلۇق ئىكەن!

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بورانلىرى كۆچەيگەنسېرى دانۇر تاغام ئۈستىدە قورقۇنچلۇق گەپلەر تارقالدى: ئەسلىدە ئۇ سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى قالدۇرۇپ قويغان ئىشپىيونمىش. ھېلىقى بىر چاغدا ئۇ خېتىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئۆزۈك سېلىنغان ئۆردەك ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچىمىش. ئۇ «قاچ - قاچ»تا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە ياردەم قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ «چەت ئەلگە قېچىش شايكىسى» قۇرغانمىش. ھەتتا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا نەچچە يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلمىش» دېگەندەك ۋەھىمىلىك بەتنامىلار تارقالغانسېرى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ياچېيكا قورۇسى تەرەپكە بېرىش تۈگۈل قاراشقىمۇ قويمايدىغان بولۇشتى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. كەچكۈزنىڭ سوغۇق بورىنى يەر - جاھاننى يالماۋىتىدىغاندەك چىقىپ، دەل - دەرەخ، باغلارنى يالىڭاچلاپ، ئارقىدىنلا جۇدۇنلۇق كېچىلەر باشلاندى.

ئاسماندىن يىڭنە تۆكۈلۈۋاتقاندەك يۈزلەرگە سانجىلىپ ئاق يېغىن يېغىۋاتقان شەنبە كېچىسى ئىدى. مەن نان ساندۇقىدىن بىر نەچچە مايلىق توقاچ ۋە ئاپامنىڭ بىر چىنە قايمىقىنى ئالدىم - دە، داستىخانغا ئورىدىم. چۈنكى ئالدىنقى كۈنى دانۇر تاغامنى نۆۋەتلىشىپ ساقلايدىغان قاراۋۇل بالا بىلەن سۆزلىشىپ قويغانىدىم. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە: «ئەمىسە تۈن كېچىدە - ئەل ئايىغى جىمىققاندا كەل، بولمىسا، باشقىلارغا چېلىقىپ قالىسەن» دېگەنىدى. مەن داستىخاننى چاپىنىمنىڭ پېشىگە ئوراپ، دەرۋازىدىن كېچىدە چىقىپ كەتتىم. ياچېيكا قورۇسى ئالدىغا كېلىشىم بىلەنلا جىددىيلەشكەنلىكىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى.

قاراۋۇل بالىنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ جىم تۇردۇم. لېكىن بىردىنلا ھويلا ئىچىدىن ماڭغان، يۆتەلگەن، ھاسىرىغان شەپە كېلىپ، دەرۋازا زەنجىرى شاراقلىدى. مەن نەگە مۆكۈشۈمنى بىلمەي دەرھال دەرۋازا يېنىدىكى يوغان بىر تۈپ تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدىم. ھويلىدىن ئىككى ئادەم بىر نەرسىنى ئېشەككە ئارتىپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار يول ئوتتۇرىسىدا توختاپ تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن سەرەڭگە چاقتى، لېكىن يامغۇردا بىر نەچچە قېتىملىق چېقىلغان سەرەڭگە ئۆچۈپ قالدى. ئاخىرى ئۇلار ئېشەكنىڭ دالدىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سەرەڭگە چاققاندى، ئېشەككە ئارتىلغان نەرسىنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن ۋارقىراۋەتكىلى تاسلا قالدىم. چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئۇزايى قانغا بويالغان دانۇر تاغام ئىدى!

ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بىرسى ئېگىز، دوكراق بولۇپ قولاقچا كىيىۋالغانىدى. پاكار، غوللۇق كەلگەن يەنە بىرى كەپكە شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن بولسىمۇ، قۇلاق تۈۋىدىكى چېچى پاخپىيىپ تۇراتتى. ئۇلار يولدا لايلارنى شالاپلىتىپ كېتىۋاتاتتى. مەن سۇۋادان تېرەكلەر دالدىسىدا ئاستا شەپە چىقارماي ئەگەشتىم.

- نېمەقورقاتتۇق، -دېدى قۇلاقچىلىق كېتىۋېتىپ، - خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى: «جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، بۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار» دەپ كېسىپلا ئېيتتىغۇ.

- ھەي... ھەيتىدىن بېرىقى «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى» سەل قاتتىق بولۇپ كەتتى، - دېدى كەپكىلىك تاماكىسىنى شوراپ، - شۇنچىۋالا جاھىللىق قىلىپ جانىنى سېلىپ بەرگۈدەك زادى نېمىدۇ ئۇ، پۇلمىدۇ ياكى ئالتۇنمىدۇ؟

- پۇل ياكى ئالتۇن بولسا ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىككى قېتىم قېزىۋەتتۇق، چىقماسمىدى، - دېدى قۇلاقچىلىق، - بەلكىم يۇقىرىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى باشقا نەرسە بولۇشى مۇمكىن.

- يۇقىرىنىڭ؟

- شۇنداق. دانۇرنى تۇتۇش ئەسلى يۇقىرىدىن كەلگەن بۇيرۇق.

ئۇلارنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى مېنى ئاجايىپ ئەندىشە، قورقۇنچقا سېلىپ قويدى. ئۇلار مازارلىققا قايرىلىپ كەتكۈچە داستىخاننى قۇچاقلاپ دەرەخكە يۆلىنىپ تۇردۇم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىزدەۋاتقان نەرسىسى مەندە ئىدى.

دانۇر داغام مالچىكنى داۋالىتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزىل لاتىغا ئورۇلۇپ چىڭ باغلانغان كىنىشكىدەك بىر تۈگۈچنى ماڭا بېرىپ:

- ئابۇك، سەن ئەقىللىق - زېرەك بالا، بۇنى دادالڭ بىلەن ئاپاڭ ئۇقمىسۇن، چۈشىنىۋاتامسەن، ئۇقمىسۇن. ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ بىر كىمگە تىنما، ئىشەنچلىك بىر يەرگە يوشۇرۇپ قوي، - دېگەنىدى. مەن ئۇنى باغنىڭ مازارغا پاسىلداش سوقما تېمى يوچۇقىغا تىقىپ ئۈستىنى لاي بىلەن چاپلىۋەتكەنىدىم. دانۇر تاغامنىڭ ئۆيىنى ئىككى نۆۋەت ئاقتۇرۇپ، سوپىلىرىنى چاناپ ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتكەندىمۇ بۇ نەرسىنىڭ بۇنچە مۇھىملىقى خىيالىمغا كەلمىگەنىدى.

گېلىمگە بىر نەرسە قادىلىپ قالغاندەك نەپەس ئالالمايلا

قالدىم. ئاخىرى بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ھاجىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ دادىسى ياۋاش، كەمسۆز، لېكىن دىلكەش - ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ بىز بىلەن مازارلىققا بىللە كەلدى. مازارلىق دەسسىگۈسىز پاتقاق ئىدى. بىر دەمدىلا ئاياغلىرىمىزنى كۆتۈرەلمەيلا قالدۇق. قەبرىلەر ئارا يۈگۈرۈپ يۈرەتتۇق. سېغىز لايدا تېيىلىپ يىقىلاتتۇق. ئۈستىباشلىرىمىز چۆپ سۈزمە بولۇپ كەتكەنىدى. ئاخىر نوبېشىغا چۈشۈپ كېتىدىغان تەرەپتىكى بىر ئازگالدىن دانۇر تاغامنىڭ جەسىتىنى تاپتۇق. ئۇ، ئاغزى ئوچۇق ھالدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى، بىر قولى قايرىلىپ ئاستىدا قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىنى تونۇغىلى بولمايتتى. دانۇر تاغامنىڭ مەيدىسىگە قىيپاش قىلىپ يوغان بىر قەغەز چاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «سوۋېت شىۋجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئىشپىيونى، قارا يۈرەك دانۇر» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ خەتلەر يامغۇردا سۇۋۇشۇپ، رەڭلىرى ساقىپ ئېقىۋاتاتتى.

تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. ھاجى باللارغا خەۋەر قىلغىلى كەتتى. ھاجىنىڭ دادىسى گۆركارنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. مەن دانۇر تاغامنىڭ يېنىدا قالدىم. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى قەغەزنى پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلىۋەتتىم ۋە چاپىنىمنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتىم. مەن جالاقلاپ تىترەيتتىم، يۈزۈمنى يۇيۇۋاتقىنى يامغۇرمۇ ياكى كۆز ياشلىرىممۇ، بىلمەيتتىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باتۇر جەڭچىسى، باللارنىڭ ساخاۋەتچى پەرىشتىسى، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل دانۇر تاغامنىڭ ئۆلۈكى خار - زارلىقتا مانا مۇشۇنداق ئاي دالادا قالغانىدى.

باللارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۈنلىرىنى چىقىرالماي بوغۇلداپ يىغلاشتى. شۇ ئەسنادا ھاجىنىڭ دادىسى گۆركار بىلەن كەتمەن - كۆرەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشتى. گۆركارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر نەچچىمىز ۋەخپىلىك كېسەكتىن ئېلىپ كېلىشتۇق. قالغانلىرىمىز گۆركارغا ياردەملەشتۇق. ئاخىر گۆرمۇ كولىنىپ تۈگىدى.

- باللىرىم، - دېدى لايغا مىلىنىپ كەتكەن گۆركار، - دانۇرنى يامغۇر سۇلىرى يۇيۇپ - تاراپ بولدى. كېپەنگە ئېلىشقا كەلسەك، كېپەنگە ئالدى نېمە، ئالمىدى نېمە! پۈتۈن سۆرۈك ئادەم بىر سىقىم توپىغا ئايلانغان يەردە كېپەنلىك قالامتى! ئەگەر ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بەندە بولسا، 72 قېتىم سۇغا سېلىپ يۇيۇپ، تاۋار - دۇردۇن بىلەن كېپەنلىگەندىمۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇپ بولالمايمىز. يوشۇرۇپ، يۆگەپ قالالمايمىز.

باللار ھەممىمىز سەپراس بولدۇق، ھاجىنىڭ دادىسى دانۇر تاغامنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئاندىن بىز مىچىلداپ، بوغۇلداپ ياش تۆكۈپ يۈرۈپ دانۇر تاغامنى يەرلىككە ئەكىرىپ ياتقۇزدۇق. ئىچ گۆرنىڭ ئاغزى كېسەك بىلەن ئېتىلگەندىلا ھەممىمىز ۋارقىرىشىپ يىغلىشىپ كېتىشتۇق.

مازارلىقتىكى ئېگىز دۆڭدە يەنە بىر قەبرە كۆتۈرۈلدى. بۇ قەبرىگە يېقىنلا يەردە مالچىك كۆمۈلگەن يالغۇز سىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مانا شۇنىڭدىن بېرى ھەر يىلى باھاردا بۇ قەبرە گۈللەر بىلەن قاپلىنىدۇ. كىملەردۇر ئەكېلىپ سانجىپ قويغان سېرىنگۈللەر سولىشىپ قالغىنى بىلەن يەنە يېڭىلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىدا خۇش پۇراق چاچىدۇ.

## خاتىمە

مەن دانۇر تاغامنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن يېشىل دۇخاۋا تاشلىق ئىككى كىنىشكىسى بىلەن ئىككى مېدالىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار ساقلىدىم. كېيىن «قايتا تەربىيە»نى تاماملاپ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا مېڭىش ھارپىسىدا ياشانغان سىنىپ تەربىيىچىمىز ھەسەنجان ئەپەندىگە بۇ نەرسىلەرنى كۆرسەتتىم. ئۇ، يېشىل تاشلىق كىنىشكا ۋە مېداللارغا بىر ھازا قاراپ كەتتى. بىر كىنىشكىدا: «ھەيرانباغ ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ‹ساداقەت› مېدالى بېرىلدى» دەپ يېزىلىپ، ئاستىدا ئىسھاقبېك مۇنونوۋ دېگەن ئىمزا قويۇلغانىدى. يەنە بىر كىنىشكىدا: «شىخو ئۇرۇشىدا ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ‹مۇستەقىللىك› ئوردېنى بېرىلدى» دەپ يېزىلىپ، بۇنىڭدىمۇ ئىسھاقبېكنىڭ ئىمزاسى بار ئىدى.

- ئۇ چاغلاردا، - دېدى ھەسەنجان ئەپەندى پەخىرلەنگەن ھالدا، - «ئازادلىق ئوردېنى»، «ئىستىقلالىيەت ئوردېنى»، «مۇستەقىللىك ئوردېنى» قاتارلىق ئوردېنلار، «ساداقەت»، «پىدائىي» قاتارلىق بىر نەچچە خىل مېداللار تەسىس قىلىنغان. بۇ ئوردېن، مېداللار ئىسھاقبېك گېنېرالنىڭ تەستىقى بىلەن بېرىلەتتى.

مانا شۇنىڭدىن بېرى دانۇر تاغام مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئىت يېتىلگەن ھالدا ئەمەس، بەلكى ھەيرانباغ ئۇرۇشىدا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە پوتەيگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، شىخو ئۇرۇشلىرىدا كېچە - كېچىلەپ سازلىق، قومۇشلۇق، چاتقاللىقلار ئارا رازۋېتكا قىلىپ گومىنداڭچىلارنى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقان ھالدا گەۋدىلىنىدىغان بولدى. (M3)

1995 - يىل 28 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى

① نولىۋوي كلاس - تەييارلىق سىنىپ. ② پرووۋي كلاس - بىرىنچى سىنىپ. ③ مالچىك - بالا، كىچىك بالا، ئوغۇل بالا. ④ تاك - تاكوي - خوش شۇنداق، شۇنداقمۇ. ⑤ ۋوت خاراشو - مانا، ياخشى. ⑥ كوشى - كوشى - يە، يېگىن. ⑦ مالچىك پروت! - مالچىك ئالغا! ⑧ ئىزمىر - يول باشلىغۇچى، يول تاپقۇچى. ⑨ زەيمىكى - ئىلى دەرياسى بويىدىكى جاي ئىسمى. ⑩ ئېلاخۇن كۆككۆز - خەلق ناخشىچىسى ۋە پالۋان. ⑪ ئۆتمۈشتە يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى ئاۋام ئىچىدە «كالتە قۇيرۇق - كالتە چاپان» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار ئىدى. ⑫ ئېمىركا - ئامېرىكا دېمەكچى. ⑬ چىشى بۆدۈنە كۆيلىگەندە ئەركەكلىرىنى ئەنە شۇنداق چاقىرىدۇ. ⑭ رېۋوزونىست - شىۋجېڭجۇيىچى. ⑮ ئوچىن خاراشو - ناھايىتى ياخشى.



# ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى



ئەسئەت سۇلايمان

1

شۈبھىسىزكى، ئۆلۈم - ھاياتلىقتىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك. ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا ئىنساننىڭ ھەددى ئەمەس. ئۇ، ھاياتلىقتىكى تۇرلۇك - تۇمەن پەللىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى ۋە بېكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسان ئۈچۈن ئالدىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان غايەت زور ۋەھىملىك كۆلەڭگىگە ئايلانغان. دەرۋەقە، ھاياتى مەۋجۇداتلار ئىچىدە پەقەت ئادەملا ئۆزىنىڭ مۇقەررەر ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىردىنبىر مەخلۇق. شۇڭا، ئىنساندىكى بۇ خىل ئالدىن ھېس قىلالايدىغان تەبىئىي ئىقتىدار، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق تېمىنى پەلسەپە ۋە سەنئەت ئالىمىگە ئېلىپ كىردى.

ئۆلۈم - ھاياتلىقتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەھىملىك سىناق. ئۇ، شەخس سۈپىتىدىكى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن، ھاياتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خالاسكارى، يەنە كېلىپ ئۇ ھاياتتىكى بارلىق سىناقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، مەڭگۈ قايتا تەكرارلانمايدىغان سىناق. ئۇ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بارلىق سىناقلارنى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىنساننىڭ «ئىگە» يىغىسىدىن باشلاپ ئېچىلغان ھاياتلىق خاتىرىسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئۆلۈم - ھاياتلىق جۈملىسىگە ئۇرۇلغان چېكىت، ئەمما بۇ چېكىتنىڭ كەينىگە سوئال بەلگىسى يوشۇرۇنغان.

مۇھاكىمە

سەنئەت ئۆلۈمنى ئۆزىگە بىر ئەبەدىيلىك تېما قىلغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئىنسانلاردىكى ئەڭ ئالىي ئېستېتىك پائالىيەت ئۇسۇلىغا ۋە مىسلىسىز تراگېدىيە گۈزەللىكىگە ئايلانغان.

ئۆلۈم - ھالاكەت ئېڭىنىڭ مەنبەسى. ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ھالقىش. ئىنسان ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە ھالقىشنى رەسمىي ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن بىرىنچى قېتىم ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە نەرسە كەۋدىلىنەلەيدۇ. سەنئەت ۋە پەلسەپە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا، باشتىن - ئاخىر ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىپادە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ئەبەدىيلىك تېمىنىمۇ ئۆزىگە قوبۇل قىلغان.

ئۆلۈم - بىر خىل تراگېدىيە يۈكسەكلىكى، تېخىمۇ توغرىراقى ئۇ كەسكىن ۋەھىمە ئىچىدىكى ھېسسىياتنىڭ تازىلىنىشى ① ۋە روھنىڭ ئەبەدىيلىك پارلاقلىققا ئېرىشىشىدۇر. تراگېدىيىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېستېتىك بەدىئىي زوقىغا ئايلانغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئۇنىڭدىن قېچىش - ئىنساننىڭ تەبىئىي ماھىيىتىگە تەئەللۇق پسىخىك گېن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ھېسسىي تەسىراتى ۋە بېسىمى باشقا ھەر قانداق شەكىلدىكى ۋەھىمىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بىر قېتىملىق ئۆلۈمنى كۆرۈش، ھەر قانداق ئادەمدە ئۆز - ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئويلىنىشنى، ئۆز ھاياتىدا ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بوشلۇقلارغا قايتا نەزەر سېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۆلۈم يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ قىممىتىنى، ھاياتنىڭ چەكسىز قەدىرلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق زور سىناقنىڭ زەربىسىدە روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىدۇ ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنىڭ چەكسىز پارلاق نۇرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ②.

ئۆلۈم - تۇنجى بولۇپ ئىنسانىيەتنى ئۇزۇل - كېسىل تەپەككۇرغا مەجبۇر قىلغان ۋەھىملىك سىر. فرېئۇدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇ - جىمى تەپەككۇرنىڭ چىقىش نۇقتىسى» ③ شۇنداقلا بارلىق ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە قوزغاتقۇچىسى.

ئۆلۈم؟!...

## 2

ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھالاكەت سىنىقىنىڭ سەنئەت ۋە پەلسەپە قاينىمىغا كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى. سەنئەت ۋە پەلسەپە ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىن تارتىپ، ئۆلۈمنى خۇددى مۇھەببەتكە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى قىلىپ كەلگەن. روس پەيلاسوپى كوئېن «ئۆزلۈك نەزەرىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ھەر قانداق بىر پەلسەپە سىستېمىسى ئەگەردە ئۆلۈم مەسىلىسىگە سەممىيەتلىك بىلەن ئوبيېكتىپ جاۋاب بېرەلمەيدىكەن، ئۇ مۇكەممەل سىستېما ھېسابلانمايدۇ» ④ دېگەنىدى. بىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر دىنغا مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە نەزەر تاشلىساق، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق سىرنى ئۆزىگە ۋاستە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭىمۇ نېمىس پەيلاسوپى فېيرباخ: «ئەگەردە دۇنيادا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ھادىسە مەۋجۇت بولمىغان بولسا، دىنمۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى، شۇڭا تۇنجى ئىلاھ قەبرە بېشىدا بايقالغان» ⑤ دېگەنىدى.

«ئىنجىل» دا، خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى جەننەتتە ئەركىن - ئازادە ياشاشقا بۇيرۇيدۇ، ئەمما خۇدا ئۇلارغا: «جەننەتتىكى مېۋىلەرنى خالىغانچە يېسەڭلار بولىدۇ، لېكىن ھېلىقى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەڭلار ھەم ئۇنىڭغا تەگمەڭلار. بولمىسا ئۆلۈسىلەر» ⑥ دەپ جېكىلەيدۇ. بىراق، يىلان شەكلىگە كىرىۋالغان شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، ھېلىقى چەكلەنگەن مېۋىنى يېگۈزىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، جەننەتتىن يەر يۈزىگە قوغلىنىدۇ ۋە شۇندىن باشلاپ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. كېيىنچە بۇ قىسسە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» دىمۇ ئەينەن تەكرارلىنىدۇ ⑦. ئەنگلىيە ئالىمى فرازېر بۇ قىسسىنى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مۇشۇ تۈردىكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىنسانلاردا ئۆلۈمنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە دەپ قارىغان ⑧. دېمەك، ئۆلۈم تارىختىن بۇيانقى بارلىق دىنلاردا مۇھىم تېما سۈپىتىدە ئەكس ئەتكەن. بۇددا دىنىدىكى سانسارا (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن يەنە ھاياتلىققا ئۆتۈش) تەلىماتى، «ئىنجىل» دىكى «سەن ئەسلىدىنلا تۇپراق، كەلگۈسىدىمۇ تۇپراققا قايتىسەن» ⑨ دېگەن بايانلار ۋە «قۇرئان» دىكى «ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» ⑩ دېگەن ئايەتلەر بىزگە ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ ئۆلۈم تېمىسىغا يانداشماي قالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆلۈمنى مۇھىم ۋاستە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن تەڭلا بىخ سۈرۈپ چىققان سەنئەت ۋە پەلسەپەمۇ ئۆلۈمنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى قىلدى. چۈنكى دىن، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەقسىتىدىمۇ ساددا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم ۋە ھالاكەتكە بولغان ۋەھىمىلىك سەرگۈزەشتىسى جەريانىدا بىخ سۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۆلۈم ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن تارتىپ، كېيىنكى مۇكەممەل دىنىي دەستۇرلارغىچە، ئىپتىدائىي قىياتاش رەسىملىرى ۋە دەپنە ئادەتلىرىدىن تارتىپ بۈگۈنكى زامانىۋى سەنئەتتىكى ئىپادىچىلىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگىچە شۇنداقلا قەدىمكى سوقراتنىڭ پەلسەپىسىدىن تارتىپ كېيىنكى سپىنوزا، گېگېل، نېتزى قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىگىچە ئىزچىل يوسۇندا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن قەدىمقى رىم پەيلاسوپى سىسېرو ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «پەيلاسوپلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئۆلۈم ئۈچۈن تەييارلىنىشتۇر» ⑪ دېگەنىدى.

ئۆلۈم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئاڭ

پائالىيەتلىرىدە شۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە شۇنچىلىك ئىزچىل ئىز قالدۇرغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ۋە يوشۇرۇن ئېڭىدىكى پىسخىك ئالامىتى قانداق بولىدۇ؟ ئۆلۈم قانداق قىلىپ ئىنساننىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ دۇنياسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىپ قالدى؟...
دەرۋەقە، ئۆلۈم بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن يەنىلا بىر سىر. گەرچە بۆرە، ئىت تىپىدىكى سەزگۈر ھايۋانلار يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن ۋەھىمىلىك ھۇۋلاپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان چوڭ خەۋپ - خەتەردىن ئۈركىسىمۇ؛ چۈمۈلىلەر بوران - چاپقۇن بولۇشتىن ئاۋۋال قاتتىق پاتىپاراق بولۇشىمۇ، لېكىن ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ سىرلىق ۋەھىمىسىنى ئەڭ يۈكسەك نۇقتىدا ھېس قىلغۇچى يەنىلا ئىنساندۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆلۈمنى ھېس قىلىپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ھالقىشتەك ئېستېتىك ۋە پىسخىك ئىقتىدارغا ئىگىدۇر. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇياشى بولغان سەنئەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆلۈم ئېڭىنى ئۆزىگە خېمىر تۇرۇچ قىلىپ كەلگەن. قەدىمكى يۇنان تراگېدىيىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى ياۋروپا سەنئىتىگە قايتا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىشى؛ سەككىز ئەۋلاد تراگېدىيىسىدىن يۇغۇرۇلغان قىرغىز ئېپوسى «ماناس» نىڭ مىسلىسىز بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە بولۇشى نېمىدىن دالالەت بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، تراگېدىيە يەنىلا ئۆلۈمنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىلىنىش شەكلى قىلغان. ئىنسان ئۈچۈن دەھشەتلىك ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ تۇيۇلغان ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ بەدىئىي سەنئەتتە بىر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېتىك گۈزەللىككە ياكى تراگېدىيە يۈكسەكلىكىگە ئايلىنىشى ھەقىقەتەن تەئەججۇپلىنەرلىكتۇر.
بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىككى، بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئەنسىرەش ۋە ئۇنىڭدىن قېچىش ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ناھايىتى پىنھان ۋە يوشۇرۇن ئىستەك ئىچىدە ئۆلۈمنى ئويلاش، ئۆلۈمگە تەلپۈنۈش ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن ھالقىش، ئىنساننىڭ يەنە بىر ئالاھىدە غەيرىي تەبىئىتى. ئادەمدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن غوۋا پىسخىك قاتلامنى پەقەت ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەنلا ئىپادىلەش مۇمكىن. ئىنسان ماھىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى قانچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە ئوپېراتسىيە قىلىنسا، ئۇنىڭدىن پۈتمەس - تۈگىمەس ئەسەبىي ئارزۇ شۇنچىلىك قانائەتلىنىشنى ئىزدەيدۇ. خۇددى قەدىمكى بەزى ئەپسانىلەردە ئېيتىلغاندەك: «ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەشنا بولغانلىقىدىندۇر» ⑫. تراگېدىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىنساندىكى بۇ خىل ئەسەبىي ئارزۇ ھاياتتىكى يۈكسەك زىلزىلە، ئاجايىپ مەنزىرە ۋە ئەقلىي نەتىجىلەرگە قارىغاندىمۇ شېرىن ئازابنى، پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان ھېسسىياتنى ۋە ھەسرەتكە ئورالغان خىيالنى ئۆزىگە كۆپرەك تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، يېقىنقى زاماندىكى بەزى پەيلاسوپلار ۋە پىسخىك ئانالىزچىلار ئۆلۈمنى پەلسەپە ۋە دىنىنىڭ چېكىش نۇقتىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى «پەلسەپەدىكى گۈزەللىك ئىلاھى» ⑬ دەپ قارىدى. روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرېئۇدمۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تەتقىقاتىدا ئىنساندا ھاياتلىق (جىنسىي) ئىقتىدارى ۋە ئۆلۈم ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدە ئىقتىدار بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئىقتىدارى نەزەرىيىسىدە، ئورگانىك ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن تەلىپى دەل ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەبەدىيلىك ھالىتىگە قايتىش ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئىپادىلىنىشتۇر، شۇڭا بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا ئۆلۈمدۇر. ئىنسان ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆزئارا تىركىشىشى ۋە ئېلىشىشى جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا ئادەمدىن ئىبارەت بۇ يېشىش تەس بولغان ھاياتلىق سىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى ⑭ ...
دېمەك، تراگېدىيىلىك زوق ۋە ئۆلۈم ئېڭى ئادەمدىكى تۆۋەن ماھىيەتنىڭ چەكسىز كۈچلۈك ئەمما نىقابلانغان يوشۇرۇن ئېھتىياجى. شۇڭا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق تېمىنىڭ پەلسەپە تارىخىدا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل ئىپادىلىنىشى ئاشۇ خىل يوشۇرۇن ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي پەيلاسوپلار ئۆلۈمنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغۇچىلاردۇر. قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن سوقرات دار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىممەتلىك ھايات - ئۆلۈم قارىشىنى شەرھلىگەن. پلاتوننىڭ «فېدوۋ» (Phedou) ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، سوقرات ئۆلۈمگە قورقۇمسىزلىق بىلەن يۈزلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە: «بىر ئادەم تىپتىنچ ئۆلۈشى كېرەك» ⑮ دەپ قەيت قىلغان. سوقراتنىڭ قارىشىچە، جان (روھ) نىڭ تەن (ۋۇجۇد) كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش جەريانى – تەننىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى ۋە روھنىڭ تازىلىنىشىدۇر. شۇڭا، ھەقىقەتنىڭ پارلاق نۇرى روھنىڭ تەندىن ئايرىلىپ چىقىشىدا نامايان بولىدۇ... شۇ ۋەجىدىن سوقرات ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇتقىدا: «ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى، مەن ئۆلىمەن، سىلەر ياشايسىلەر، كىمنىڭ ماڭغان يولى ياخشى، بۇنى پەقەت تەڭرىلا بىلىدۇ» ⑯ دەپ خىتاب قىلغانىدى. سوقرات ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتى پلاتون سوقراتنىڭ ئۆلۈم پەلسەپىسىگە ئوبيېكتىپ باھا بەردى. ئۇ، پەيلاسوپلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىۋاتقىنى دەل روھنىڭ مەڭگۈلۈك يۈكسەكلىككە ئۆرلىشى ۋە تازىلىنىشىدۇر، ئۆلۈم مۇشۇ خىل ئېھتىماللىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىدۇر، دەپ قارىدى ۋە سوقراتنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ھەقىقىي پەيلاسوپلار... ئۆلۈمدىن ئەڭ ئاز قورقىدىغان كىشىلەردۇر» ⑰ دەپ كۆرسەتتى. مەلۇمكى، قەدىمكى يۇناننىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى يېڭىدىن گۈللەنگەن رىملىقلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. يۇنان تراگېدىيىلىرىدىن ئىلھاملانغان رىم پەيلاسوپلىرى ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنى كەڭ قانات يايدۇردى. سىسېرو بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. ئۇ، ئۆز تەلىماتىدا ناھايىتى

ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەر ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈم مەزگىلى يېتىپ كەلمىگەن چاغدا، ئۆلۈم بىر خىل تراگېدىيە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. . . مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۆلۈم - تەبىئەتنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزغا بەرگەن قەرزىدۇر. لېكىن بۇ قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇش ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. ناۋادا تەبىئەت ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشنى خالىسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداقمۇ رەنجىيەلىسۇن؟ . . . » ⑱. ئۇ يەنە ئۆلۈمنى ھاياتلىقتىكى مۇقەررەر يول، دەپ قارايدۇ ۋە: «بىز ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تىنىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاللىقاچان يېتەرلىك ياشىغان بولىمىز. بۇ چاغدا يەنە ياشايمەن دېيىش بىر خىل تېتىقسىزلىق بولىدۇ، شۇڭا، ئۆلۈمنى خۇشاللىق بىلەن تاللىشىمىز كېرەك» ⑲ دەيدۇ. سىسېرونىڭ ئۆلۈم قارىشى مەلۇم مەنىدە روھنىڭ چەكلىمە ئىچىدىن ئەبەدىيلىك گۈزەللىككە ھالقىشىدا ئىپادىلىنەتتى. شۇڭا ئۇ: «ئۆلۈمنى بەزىدە سۆيۈملۈك دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. . . چۈنكى ئۆلۈم روھنى مەڭگۈلۈك پارلاق ئالەمگە باشلاپ كىرىدۇ» ⑳ دەپ جاكارلىدى.

رىم ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ياۋروپا پەلسەپىسىمۇ ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلەشتى، نوھنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياراتقان ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ 1000 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ھالسىرىتىپ، روھىي دۇنياسىنى ئۈزۈل - كېسىل سولدۇرغان چاغدا، ئۇلار ئاخىرقى نەپسىنى يىغىپ، ئاتلانتىك ئوكيان دولقۇنلىرىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىش ئۈچۈن ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن ئاستا - ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلەر ياۋروپالىقلارنى ئاخىرقى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت بۆشۈكىدە يەتكۈچە تەۋرەنگەندىن كېيىن، XV ئەسىرگە كەلگەندە بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدى: بىز ئىنسان، بىز ئادەم، بىز ئەركىن ياشاشقا مۇناسىپ، پەقەت ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈنلا دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولىدۇ. بىز ئۆلۈمنى غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئويغاق سەزگۈ ئىچىدە قوبۇل قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئۆلۈمنى روھنىڭ ھالقىشى ۋە پارلىشى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ھېس قىلىشىمىز لازىم. . . ئادەم قىممىتىنىڭ قايتا بايقىلىشى دۇنيا تارىخىنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ دەل «گىگانت ئادەملەرنىڭ گىگانت دەۋرى» - ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ئىدى.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن باشلاپ ئۆلۈم ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئىزدىنىشلەر يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. دانتې ئەدەبىي ئويغىنىشنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە، ئۆلۈم ئېڭىنى بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىپادە قىلسا، شېكسپىر ئۆز تراگېدىيىلىرىدە كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى لەختە - لەختە قىلىدىغان تراگېدىك توقۇنۇشلارنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلدى. مەرىپەتچىلىك دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلانغان نېمىس پەلسەپىسىدە، ئۆلۈم شەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭ قىزغىن نۇقتىسىغا ئايلاندى. مونتاگنى (1533 - 1592) ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى تېمىلىرىنى كۆپ تەرەپلەردىن ئۆلۈم نۇقتىسىغا يانداشتۇرۇپ شەرھلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ھاياتلىقى تۈرلۈك - تۈمەن ساختىلىق ۋە بىمەنىلىكلەرگە تولغان، پەقەت ئۆلۈملا ھاياتتىكى بارلىق ساختىلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئەبەدىيلىك نۇر دۇنياسىنىڭ بوسۇغىسىنى ئاچىدۇ. شۇڭا، «ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە ئۆلۈم بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا زەررىچە ساختىلىقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ» ㉑. مونتاگنى ئۆز تەلىماتىدا، ئۆلۈمنى ھەقىقىي بىر قۇتۇلۇش، يەنى جىمى مەھكۇملۇق ۋە بېسىمنىڭ كونتروللۇقىدىن خالاس بولۇپ، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشىش دەپ قارىدى، شۇنداقلا: «ئۆلگەندىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك نۇر ھالىتىگە كىرىش ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ئادەتلىنىشىمىز، ئۆزىمىزدىكى ئۇنىڭغا بولغان قورقۇنچنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز» ㉒ زۆرۈر دەپ كۆرسەتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈم - ئادەمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ۋە قايتىش يولى، شۇنداقلا يېڭى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشىدۇر. سەممىيەتلىك بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنىشنىڭ ئۆزى سەممىيەتلىك بىلەن ھاياتلىققا يۈزلىنىشتۇر. پەقەت ئۆلۈم ئېڭىغا ئادەتلەنگەندىلا، ئاندىن «مەڭگۈلۈك نۇر ھالىتى» گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆلۈم - قورقۇنچىمىزنى كەڭ ئېچىپ قارشى ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۆلۈمنى قۇچاقلاش بىر خىل «ئەبەدىيلىك چەكسىزلىك» نى قۇچاقلىغانلىقتۇر. ئەجەبا، «ئەبەدىيلىك» نى قۇچاقلاشنىڭ ئۆزى بىر خىل گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟! . . .

ژان. ژاك. روسسو (1712 - 1778) بىلەن سپىنوزا (1632 - 1677) مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى ئەڭ كەسكىن ئۆلۈم پەلسەپىچىلىرى بولۇپ قالدى. روسسو ئۆزىنىڭ تەلىماتلىرىدا ئۆلۈمنى گۈزەللىك يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېمىل» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز ئۆزىمىزنىڭ مەڭگۈ ياشىيالمايدىغانلىقىمىزنى، كەلگۈسىدىكى گۈزەل دەقىقىلەرنىڭ ھازىرقى ئازابلىق ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى يېپيېڭى ھېس قىلىمىز» ㉓ دەپ يازدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ كۈرىشى ئەبەدىيلىك بولۇپ، بۇ كۈرەشتە ھامىنى ئۆلۈم ئۇتۇپ چىقاتتى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سوۋغىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. چۈنكى ئۆلۈم ھايات چاغدا ھېس قىلىنمىغان بىردىنبىر خۇشاللىق بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھايات ئازابلىرىغا ئوخشاش ئىنسان سەپىرىدە تولۇق ھېس قىلىنمىغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، روسسو ئۆلۈمنى بىر خىل تەسەۋۋۇرىي گۈزەللىك ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن گۈزەللىك دەپ ئاتىدى. سپىنوزامۇ ئۆز تەلىماتلىرىدا ئۆلۈمنى بىر خىل «جازا» بولماستىن، بەلكى «ھەقىقىي شان - شەرەپ»، شۇنداقلا «ئەركىنلىك شان - شەرىپى» ㉔ دەپ قارىدى.

مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن، گېرمانىيە پەلسەپىسى پۈتكۈل غەرب پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى

بولۇپ قالدى. شوپېنخائۇئېر، گېگېل ۋە نىتزى قاتارلىق بىر تۈركۈم گىگانت شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ سىستېمىلىق پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئارقىلىق يۈكسەك پەللە ياراتتى. شوپېنخائۇئېر ئۆزىنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپىسىدە «ئۆلۈم» تېمىسىغا ئەڭ كۆپ ياندىشقان شەخس ئىدى. ئۇ ئۆلۈمنى مەيلى پەلسەپە ياكى دىن نۇقتىسىدىن بولسۇن، بىر خىل «قۇتقۇزغۇچى شىپالىق دورا» ㉕ دەپ قارىدى شۇنداقلا «ئۆلۈم – پەلسەپىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، پەلسەپە روھىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ. سوقرات ئۆز دەۋرىدە پەلسەپىگە ‹ئۆلۈمگە ھازىرلىنىش› دەپ تەبىر بەرگەن. دەرۋەقە، ئۆلۈم مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدىكەن، پەلسەپەمۇ پەلسەپە بولماي قالىدۇ» ㉖ دەپ يازدى. نىتزى ئۆز پەلسەپىسىدە ئۆلۈمنى سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتتى ۋە تەھلىل قىلدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە، پەقەت تراگېدىك مەدەنىيەت ئىچىدىلا ئىنسانلار ئاندىن دۇنيانىڭ ھەقىقىيلىكىگە ياندىشالايدۇ، «دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت سەنئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە قارالغاندىلا، ئاندىن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ» ㉗ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. نىتزى ئۆزىنىڭ «زورو ئاستىر شۇنداق ئېيتىدۇ» ناملىق ئەسىرىدە، مەيلى دىئونىسوس بولسۇن ياكى زوروئاستىر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تراگېدىك مەدەنىيەت روھىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىدى ۋە ئۆلۈم ئېڭىنى تراگېدىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. شۇڭا ئۇ كەسكىن ھالدا: «ئەي ئۆلۈم، مېنىڭ ئۆلۈمۈم! مەن سېنى مەدھىيىلەيمەن، بۇ بىر ئەركىن ئۆلۈم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا موھتاج بولغان چاغدا، ئۇ ئالدىمغا كەلدى. . . » ㉘ دەپ خىتاب قىلدى. مانا بۇ نىتزىنىڭ ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئۆلۈم پەلسەپىسى ئىدى.

دەرۋەقە، ئۆلۈم – ھاياتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك سىناق. ئادەم بۇ سىناقتىن شۇنچىلىك ئەيمىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ۋەھىمىسىنى باشقا ھەر قانداق شەكىلدىكى تراگېدىك سىناقلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئادەمدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بۇ خىل ۋەھىمىگە چۈمپەردە ئىچىدە مەھلىيا بولۇش، جىمىلىق ئىلكىدە تەلپۈنۈش ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ ئادەم قەلبىنى لەختە - لەختە قىلىۋېتىدىغان، پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان تراگېدىيىلىك زوقىدىن لەززەتلىنىش ئىستىكى بولىدۇ. شۇڭىمۇ سانتايانا: «ئۆلۈم بىر خىل ئۇزۇل-كېسىل خۇشاللىقتۇر» ㉙ دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ خىل ئەسەبىي ئىستەك ئىنساندىكى تۇۋەن ماھىيەت (ياۋايى ياكى ئىپتىدائىي ماھىيەت) نىڭ سۆكۈت ئىچىدىكى چۇقانىدۇر. سوقراتتىن سارترىغىچە بولغان غەرب پەلسەپىسى ۋە سەنئىتى ئىنسان روھىيىتىدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنى ھەر خىل شەكىلدە ئىپادە قىلىپ كەلدى.

ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە بولغان ھېسسىي تەسىراتى قانداق شەكىلدە ئەمەلگە ئېشىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق بىر ئەمەلىي تەجرىبىنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇ دەل باشقىلارنىڭ ئۆلۈمگە ئۆزى («مەن») نىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ (ئۆزىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئورنىغا قويۇپ – مۇھەررىردىن) نەزەر تاشلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى «ئەسلى مەن» (ئەسلى ئۆزۈم) ئۆلگۈچىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە نەزەر تاشلىغاندىلا ئاندىن ئۆلۈمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىدۇ، پارلايدۇ، شۇنداقلا ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىنىڭ مىسلىسىز قىممىتىنى يېڭىباشتىن بايقايدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەقسىتى، پەقەت ئۆلۈم سىنىقىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەسلى ئۆزىدىكى ھاياتقا بولغان مۇھەببەتلىك چۇقانىنى ئويغاتقاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق سىناق، ئۆلگۈچىنىڭ تەقدىر بىلەن بولغان ئېلىشىشى جەريانىدا، ئېھتىمۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىدۇ.

## 3

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھالاكەت سىنىقى ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى بارلىق ھېسسىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلىرى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىگە غايەت زور قوزغاتقۇچ سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلدى. ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭىغا بولغان ساددا پوزىتسىيىسىنى ئىپادە قىلدى. خۇددى فرېئود كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۆلۈم ھادىسىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا نىسبەتەن چۈشىنىش تەس بولغان سىر ئىدى. بۇ سىر ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى تەپەككۇرغا مەجبۇرلىدى. شۇنداقلا بارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولدى» ㉚ XVII – XIX ئەسىرلەردىلا ئاندرېۋلاڭ، فرازېر، فرانز بوئاس، مالىنوۋسكىي قاتارلىق مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئېقىمىدىكى غەرب ئالىملىرى ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ھايات - ئۆلۈم قارىشى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلىرىگە قارىتا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى. فرازېر ئۆز تەتقىقاتلىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەر خىل شەكىلدىكى تەبىئەت دىنلىرى ئىچىدە مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ئېتىقادى ۋە ئۆلگۈچىگە تېۋىنىشتەك، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا بۇنچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر شەكىل بولۇپ باققان ئەمەس» ㉛.

ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ ئىپتىدائىي كىشىلەرگە بەرگەن ئەڭ دەسلەپكى ئۇقۇمى روھنى مەقسەت قىلغان تاشقى شەكىل ۋە رەڭدە ئىپادىلەندى. ئۇلار ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق سىناقنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش تەسىراتى ئىچىدە ئېرىشكەن سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىدى. بىر قېتىملىق قان تۆكۈلۈشتىن ئىبارەت ئۆلۈم ھادىسىسى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا مىسلىسىز گاڭگىراش قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۆلۈمنى قانداقتۇر بىر خىل تەبىئىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە بىر كۈچنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دېگەن گۇمانىي قاراش شەكىللەندى. ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 - 100 مىڭ يىللار بۇرۇن ياشىغان نېئاندېرتال ئادەملىرىدە ئۆلگۈچىنى ئاڭلىق ھالدا دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. شۇڭا، ئامېرىكا ئالىمى كارل ساگېن بۇ ھەقتە توختىلىپ:

«ئالدى مېڭىشنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ئالدىن بىلىش سەنئىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى نەتىجىلەرنىڭ بىرى. ئۆلۈمنى ئالدىن ھېس قىلىشتۇر. ئىنسانلاردا ئۆلۈم ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى كېيىنكىلەردىمۇ نېئاندېرتال ئادەملىرى ياشىغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ» [32] دەپ كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئالىملارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىش ئىستىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي پىسخىك ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى، ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىن ھالقىغان ئالىي مەخلۇقلۇق سۈپىتىنى تاكامۇللاشتۇردى [33]. ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، ئافرىقا، ئوكيانىيە ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى بىر قىسىم يەرلىك مىللەتلەردە، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى قىزىل بوياق سۈرتۈپ بويايدىغان دېگەن ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بايقالدى. شۇنىسى ئېنىقكى، قىزىل رەڭ ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم ئېڭى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى چېكى ئەمەس، شۇنداقلا ھاياتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار: «ئۆلۈم بىر خىل ئۇيقۇ» دەپ قارايتتى ۋە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن خۇددى ئۇخلىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئويغانغاندەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم تىرىلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. قىزىل رەڭنى ئۆلۈمگە سىمۋول قىلىش ۋە ئۇنى ئۆلگۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاز دېگەندە ئىككى خىل يوشۇرۇن سىمۋوللۇق مەنىنى - ئوت بىلەن قاننى ئەسلىتىدۇ. ئوت - ھاياتلىققا زۆرۈر بولغان نەرسە، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ئېھتىياجى ۋە سىمۋوللۇق بەلگىسى. قان - ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئۆلۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ۋە سۈيۈقلاندۇرۇلغان بەلگە. بۇ ئىككىسىلا قىزىل رەڭدە بولۇپ، ئۇنى ئۆلگۈچى بىلەن باغلاش - ئوتقاشتەك قىپقىزىل ئۇيۇق نۇرى ئىچىدە ۋاقىتلىق ئۆلۈمگە باش قويغان قۇياشنىڭ تاڭ سەھەردە يەنىلا ئاشۇ قىپقىزىل شەپەق نۇرى ئىچىدە قايتا تۇغۇلۇشىنى ئەسلىتىدۇ... بىر قىسىم ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئاي تۇتۇلۇشتىن ئۆلگۈدەك قورقۇشى، ئۇيۇق چەمبىرىكى ئىچىدە ئاستا - ئاستا غايىب بولۇۋاتقان قۇياشقا قاراپ چەكسىز ۋەھىمە بىلەن مەرسىيە ئوقۇشى - دەل ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىگە بولغان چەكسىز كۈچلۈك ۋە ئاجايىپ يوشۇرۇن مۇھەببەتلىك چۈقانىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرى ۋە بەلگە ئېڭى ئارقىلىق ئۆلۈمنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر تەييارلىقى دەپ قارىغان. نەتىجىدە، ئۇلار قاراڭغۇ زۇلمەت تۈندىن كېيىن پارلاپ چىققان قۇياشقا ئوخشاشلا، ئۆلگۈچىگىمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئېتىقادى نۇقتىسىدىن چوقۇنغان.

ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭى ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلار بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ قانىتىنى يەشتى. سېھىرگەرلىك، نەزىر - چىراغ، دىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم تېمىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادە قىلدى. ئۆلۈم ئېڭى ئۆز نۆۋىتىدە سېھىرگەرلىككە جىن - ئالۋاستىلارنى، دىنغا ئۆلمەيدىغان روھنى، سەنئەتكە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھاياتنى ئىپادە قىلىش شەكلىنى ھەدىيە قىلدى.

دەرۋەقە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھازىرقى زامان سەنئەتكارلىرىغا قارىغاندىمۇ، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ۋەھىمىلىك سىناقنىڭ ئازابى ۋە زىلزىلىسىنى تېخىمۇ بىۋاسىتە ھېس قىلالىغان. شۇڭا، ئۆلۈم ئۇلارنىڭ قارىشى تەرىپى بولغان ھاياتلىققا ئوخشاشلا چەكسىز ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تاكى ھازىرقى كېلەچەككىچە يەنىلا ئەدەبىيات - سەنئەت، پەلسەپە ۋە دىننىڭ ئۆلمەس تېمىسى بولالايدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ئىپتىدائىي سەنئەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ چوڭقۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھالاكەت سىنىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى، ھاياتنىڭ چەكلىك مەۋجۇدىيىتىدىن ھامان ھالقىپ كېتىدۇ. 1876 - يىلى ئىسپانىيىنىڭ ئارتامىلا دېگەن يېرىدىن بايقالغان 20 - 30 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆڭكۈر تام رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن - جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقالغان قەدىمكى تام رەسىملەر، سەنئەتنىڭ مەڭگۈلۈك قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. سەنئەت چەكلىك ھاياتنى چەكسىز بولغان سەنئەت ئىجادىيىتى ئىچىگە سۈرەپ كىرىپ، ئۇنى سانسىزلىغان دەۋرلەردىكى سانسىزلىغان ھالاكەت ۋە يوقىتىشلاردىن ھالقىتىپ، يىراق ئۆتمۈشنىڭ نۇرلۇق بېزىكىگە ئايلاندۇردى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر توپان بالاسى يۈز بەرمىگەن بولسا، شۇنچە زامانلاردىن بۇيان «نوھنىڭ كېمىسى» سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئاجايىپ قىممەتكە ئىگە مۇقەددەس موتىف (ئاناتېما) مۇ بولالمىغان بولاتتى. ئوخشاشلا قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنى ئۆلۈمنى ئالدىن ئويلىمىغان بولسا ياكى جۇڭگو پادىشاھى چىن شىخۇاڭ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىۋالغان بولسا، مىسىر پىرامىدالىرى ۋە ياكى چىن شىخۇاڭنىڭ يەر ئاستى ئوردىسىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

4

قەدىمكى ئەپسانىلەر بارغانسېرى ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن بىمەنە فانتازىيە تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئىنسانلار ئۆتمۈشتىن يىراقلاشقانسېرى ئۆتمۈشنى شۇنچە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەقلىيلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ياتلىشىش كەيپىياتى ۋە ھازىرقى دەۋرنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن مەدەنىيەت كېسەللىكلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مېخانىكىلىشىۋاتقان خاتىرىسىگە ئۇنتۇلغىلى ئۇزاق بولغان ئەپسانىلەرنى سالدى.

دەرۋەقە، ئەپسانىلەر بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن يەنىلا بىر سىر. ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى بۇ سىرنى تېخىچە تولۇقى بىلەن شەرھىيلەپ بېرەلىگىنى يوق. ئېھتىمال، ئەپسانىنى بىر خىل غايە، بىر خىل ئېتىقاد، بىر خىل تېۋىنىش، بىر خىل دۇنيا قاراش، بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئەدەبىيات ئەندىزىسى... دېيىشمۇ مۇمكىن.

شۇنى كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلغان شەكىلدۇر. «ئۆلۈكلەر مەملىكىتى» [34] دەپ نام ئالغان قەدىمكى مىسىردا مەيدانغا كەلگەن «ئۆلۈكلەر مەكتۇبى»، «ئەل ئېھرام تېكىستلىرى» ۋە باشقا قانچىلىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردە، ئۆلارنىڭ ئۆلۈمگە بولغان چوڭقۇر تەسىراتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شۇڭا ئەپسانە تەتقىقاتچىلىرى: «گەرچە مىسىر ئەپسانىلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن تولۇقى بىلەن چۈشىنىلىپ كېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق بىر ئەلنىڭ ئەپسانە تارىخى مىسىر ئەپسانىلىرىدەك بۇنداق مۇكەممەل ساقلانغان ئەمەس» [35] دەپ قارىماقتا.

«ئوسىرىس» ئەپسانىسىنى قەدىمكى مىسىردىكى ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن، تراگېدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان گۈزەل ئەپسانە دېيىشكە بولىدۇ. «ئوسىرىس» ئەسلىدە يەر ئىلاھى گېب بىلەن ئاسمان ئىلاھى نۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ، ئەجدادلىرىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىسىرنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلايدۇ. بىراق ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى سېت ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھلىقنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوسىرىس ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندە، چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈلىدۇ. سېت ئۆزىنىڭ 72 نەپەر شېرىكى بىلەن بىر ھەشەمەتلىك ساندۇق ياساپ كېلىدۇ ۋە ھەممەيلەننىڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يېتىپ بېقىشىنى، ساندۇق كىمنىڭ بوي - بەستىگە مۇۋاپىق كەلسە، شۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. نۆۋەت ئوسىرىسقا كەلگەندە، ئۇنىڭ بوي - بەستى بىلەن ساندۇقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوپئوخشاش چىقىپ قالىدۇ. ئەسلىدە بۇ ساندۇق ئوسىرىسنىڭ بوي - بەستىگە مۇۋاپىق ياسالغانىكەن. ئوسىرىس ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يېتىشىغا سېت ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى چىڭ مىخلاپ، ئۇنى نىل دەرياسىغا تاشلىۋېتىدۇ. ساندۇق نىل دەرياسىدا خېلى ئاققاندىن كېيىن، قىرغاققا چىقىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋاپادار ئايالى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە جەسەتنىڭ ۋۇجۇدىدا تېخىچە ئۆلمىگەن ھاياتلىق ئۇرۇقىدىن غايىبانە ھامىلدار بولۇپ، نىل دەرياسى ۋادىسىدا ئوغلى خورۇسنى تۇغىدۇ. خورۇس چوڭ بولغاندىن كېيىن سېت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ غەلىبە قىلىدۇ ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنى يۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. لېكىن ئوسىرىس بۇ ئالەمدە قايتا ياشاشنى خالىماي، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇ دۇنياغا قايتىدۇ [36]...

دېمەك، ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى ۋاقىتلىق ئۆلۈم بولۇپ، ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۈچۈن ئېتىقاندا شەك - شۈبھىسىز ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەپسانە قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قارىشى ۋە ھايات - ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر ئىپادە قىلغانىدى. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئوسىرىسنىڭ روھى پۈتكۈل تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىغا - ئورمانلارغا، دەرەخلەرگە، ياپيېشىل مايسىلارغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئەنە ئاشۇ تەبىئەت جىلۋىسىدە ئۇنىڭ روھى ھەر ۋاقىت ئايان بولۇپ تۇراتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئوسىرىسنىڭ ئوبرازى قايتا تىرىلىشكە ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا سىمۋول قىلىنىدىغان بولدى. ھەتتا قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن فىرئەۋنلىرىنى ئوسىرىسقا ئوخشىتىدىغان بولدى. قەدىمكى «ئەل ئېھرام تېكىستلىرى»دە، ئۆلۈپ كەتكەن فىرئەۋنىنى «ئوسىرىس» دەپ ئاتىدى. تېخىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى مىسىر يازمىلىرىدا ھەر قانداق بىر ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا چوقۇم «ئوسىرىس» دېگەن نام قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان بولدى. دېمەك، شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى مىسىرلىقلار ئوسىرىسنىڭ قايتا تىرىلىشىدەك موتىۋ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى تراگېدىيە يۈكسەكلىكى نۇقتىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان. بۇ ھەقتە تۈركىيە ئالىمى ئابدۇل كايىپس مۇنداق دەيدۇ: «ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى گەرچە پاجىئەلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى ئاجايىپ گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ تىرىلىشى ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى مىسلىسىز قىممەتكە ۋە يېڭى مەنىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ چىقىپ يېڭى بىر مەنزىرە ياراتقان. شۇڭا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆلۈمى، ئەمەلىيەتتە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئۆلۈم ئىدى» [37].

قەدىمكى مىسىر دۆلىتىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوسىرىس ھەققىدىكى ئەپسانىلەر نىل دەرياسى ھاۋزىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقالدى. ھەتتا يۇنان ئەپسانىلىرى «ئوسىرىس تېپى» دىن ئەندىزە ئېلىپ، ئوسىرىس بىلەن دېئونىسوسنى، ئىسىس بىلەن دېمېتىرنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ تاشلىدى. رىم دەۋرىگە كەلگەندە، ئاپىنىن يېرىم ئارىلىدىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گۈزەل ناخشا تارقالدى:

> سانىسىز قېتىم تەلپۈنەتتىم ئىزدەيتتىم،
> نېسىپ بولسا ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى.
> شادلىنىشى پاك روھىمنىڭ - چۈنكى ئۇ
> بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ ئۆتكىلى [38].

دېمەك، ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئەپسانە، ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا بولغان مەڭگۈلۈك ئارزۇسى سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان ۋە ئىنساننىڭ تاكامۇللۇقى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ھالاكەت ئىچىدىن ھاياتلىق قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۆلۈم تراگېدىيىسى ئىچىدىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەتلىك چۈقاننى ئويغىتىش ئىستىكىنى نامايان قىلغان.

قەدىمكى سومېر - بابىل مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىمۇ ئۆلۈم ھەققىدىكى تۈرلۈك ئىزدىنىشلەر كەڭ قانات يايدى. مېسوپوتامىيە، يەنى غەربىي ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىسى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ جايدا ئەڭ بالدۇر ياشىغان سومېرلار، ئاككادلار ۋە بابىلونلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئەپسانىلىرىدە، ئۆلۈم ۋە ھالاكەتكە بولغان چوڭقۇر

ئەسىرلەتنى ئىپادە قىلدى. دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىۋاتقان «گىلگامىش» نىڭ دەسلەپكى شەكلىمۇ سومېرلار دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەنىدى. كېيىنچە سومېرلارغا ۋارىسلىق قىلغان بابىلونلار مەزكۇر ئېپوسنى تېخىمۇ بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «گىلگامىش» ئېپوسى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلغان، سومېر - بابىلون مەدەنىيەت پسىخىكىسى جۇغلىغان يوشۇرۇن ئاڭنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن گىگانت ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 1873 - يىلى ئەنگلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ ئاددىي خىزمەتچىسى گېئورگې سىمىت قەدىمكى بابىلون خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان لاي پۈتۈكلەردىكى مۇرەككەپ يازمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇپ چىقتى. 12 پارچە لاي پۈتۈككە پۈتۈلگەن بۇ يادىكارلىقتا «گىلگامىش» ئېپوسىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسى ۋە «ئىنجىل» دىكى نوھ بىلەن توپان بالاسىنىڭ ئانا سيۇژىتى ساقلانغانىدى. گېئورگې سىمىتنىڭ يېڭى بايقىشى ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇنداقلا «ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن سومېر - بابىلون مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارغا يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ بەردى. . .» (39). شۇندىن باشلاپ ئىلىم ساھەسىدە توپان ئەپسانىسىنىڭ سومېر - بابىلونلۇقلار تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ «گىلگامىش» ئېپوسىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسىدە خاتىرىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كەتتى. «گىلگامىش» ئېپوسىنىڭ پۈتكۈل سيۇژىت راۋاجىدا باشتىن - ئاخىر ئۆلۈم ئېڭى چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلىنغانىدى. بولۇپمۇ ئېپوسنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، باش قەھرىمان گىلگامىشنىڭ دوستىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولۇشى، ئۆلۈم ھەققىدە تۇنجى قېتىم كەسكىن ئويلىنىشى، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىشى، سەپەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ باقىي دۇنيادىكى ئەجدادى ئۇتنا پىشتىمنى تېپىشى ۋە ئۇنىڭدىن توپان ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانلىقى، ئاخىرىدا ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تاپقانلىقى ۋە ئۇنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گىلگامىش دۇنيا يازما ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆلۈم ھەققىدە ئەڭ كەسكىن ئويلانغان تۇنجى بەدىئىي قەھرىماندى. شۇڭا، بەزى ئالىملار «گىلگامىش» ئېپوسىنى: «باشتىن - ئاخىر بىر ھازا قوشىقى، شۇنداقلا مېسوپوتامىيىدە كۆرۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ئەندىزىسى» (40) دەپ ئاتىدى.

ھىند - گانگ دەريا ۋادىلىرىدا ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ياراتقان ھىندىلاردا ھەم ئۆلۈم ھەققىدىكى رەڭگارەڭ ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇددا ۋە ھىندى دىنىغا ئوخشاش ئانلىق (ياكى ئاياللىق) دىنىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھىندى تۇپرىقىدا ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئاجايىپ نەپىسلىككە ئېرىشكەنىدى. ھىندى كلاسسىك دەستۇرى «ئۆپانىشاد» تا خاتىرىلەنگەن قانچىلىغان ئەپسانىلەردە، ناشپىكېتقا ئوخشاش ئۆز جىسمىنى يوقىتىپ، تەن كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، چەكسىز روھىي پارلاقلىققا ئېرىشىشنى ئىزدەيدىغان، سانسارا (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن يەنە ھاياتقا ئۆتۈش) ۋە نىرۋانا (ھايات - ئۆلۈمدىن خالىي ھالەتكە ئۆتۈش) تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن شەرقچە پىكىرلەر ئىپادە قىلىنغانىدى.

## 5

كۆپ ئېرالار ئالماشتى، تالاي ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى. . . رىقابەت بىلەن تەرەققىياتنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلغان ھاياتلىق تارىخى قانچىلىغان كۈن - تۈنلەرنى ئاستا - ئاستا كەينىدە قالدۇرۇپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئۇزۇن ئېقىمدا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىدى. يەنە نۇرغۇن مىللەتلەر دەۋرلەرنىڭ شاللىشى نەتىجىسىدە بارا - بارا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالدى. لېكىن تارىختا شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولدىكى، قاتتىق ھالاكەت سىنىقى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە دۇچ كەلمىگەن مىللەتلەر ھامان چۈشكۈنلەشتى. بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ھالاكەتلىك سىناقلار ئىچىدە چۆچۈپ ئويغىنالىغان مىللەتلەرلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىدى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلالىدى. توپان بالاسىدىن كېيىن نوھنىڭ كېمىسىدىن ئەمدىلا قۇرۇقشقا باشلىغان يېڭى تۇپراققا ئېھتىيات بىلەن دەسسىگەن نوھنىڭ ئۈچ ئوغلى - ھام، سام، يافەسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قانداق قىلىپ كېيىنكى مەدەنىيەتلىك دۇنيانى قۇرۇپ چىقالىدى؟

دەرۋەقە، پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان توپان ئاستا - ئاستا بېسىقتى. تەخمىنەن توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆلچىلىك ئاجىرلىشىپ زېمىن قۇرىدى، كۆك كەپتەرنىڭ ئېغىزىغا زەيتۇن شېخى چىشلەپ ئۇچۇپ كېلىشى، ئىنسانىيەتنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىياتقۇ شەكلىدىكى كېمىسىدىن توپان بالاسىنىڭ شاھىدلىرى - يەنى چۆچۈگەن، ئۈزۈل - كېسىل ئويغانغان، يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن ۋە روھىي جەھەتتىن پارلىغان ئىنسانلار تۇغۇلدى. ئامېرىكا فولكلورشۇناسى ئالان داندېس توپان ئەپسانىسىنى ھامىلدارلىق ئەپسانىسى دەپ قارىدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ روھىي جەھەتتىن قايتىدىن تۇغۇلۇشى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازدى: «مۇبادا سىز نوھ ئەلەيھىسسالام رىۋايىتىنى ھامىلدارلىق ئەپسانىسى دەپ قارىسىڭىز، ئۇ ھالدا بالىياتقۇ شەكلىدىكى كېمىنى ئەرلەر ياسىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئىنسانلارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىلا، ئاندىن توپاننىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن. مانا بۇ نۇقتىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ» (41). توپان بالاسىنىڭ شاھىدلىرى ئاشۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ غايەت زور ۋەھىمىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمىدى ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۇرۇق قىلىپ تېرىدى.

نەتىجىدە، ئاشۇ قېتىمقى مىسلىسىز ھالاكەتنىڭ زەربىسى ئىنسانلارغا غەپلەت ئۇيقۇ ئەمەس، بەلكى ئويغاق سېزىم ئاتا قىلدى. ئالەمگە مەشھۇر مىسىر، بابىلون ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئاشۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ زەرداپ سۈيىدىن بىخ سۈرۈپ چىقتى. . . شۇڭا تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلىرىدە توپان ئەپسانىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا.

ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيانىڭ بىپايان دالىلىرىدا ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ياراتقان يايلاق مىللەتلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە تراگېدىيە پىسخىكىسى يېقىنقى زامانلارغىچىلا دۇنيا ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن ئېچىلمىغان بوز سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى. X VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ نەزەر - گۆزىرى بۇ خىلۋەت بوزغا قانچىلىك مەركەزلەشكەنسېرى ئۇلار شۇنچىلىك ھەيرانلىقتا قالدى. چۈنكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي بالىلىق روھىي ماھىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى سان - ساناقسىز يوشۇرۇن ئەۋرىشكىلەر تولۇپ ياتاتتى. ئۇچقۇر ئاتلىرى ۋە ياۋايى جاسارىتىگە تايىنىپ ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى ئۇزۇن مەزگىل پاراكەندە قىلغان بۇ يايلاق مىللەتلىرى نېمە ئۈچۈن تارىخ سەھنىسىدىن بىر - بىرلەپ چۈشۈپ قالدى؟ ئۇلارنىڭ ھەم شەرقچە ھۆل خاراكتېرىگە ھەم غەربچە كۆيۈشمە خاراكتېرىگە ياتمايدىغان يوشۇرۇن پىسخىك ماھىيىتى قانداقلارچە مەدەنىيەتلىك دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى؟ . . .

دەرۋەقە، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى شىۋاق ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان بۇ سىرلىق زونىدا ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن تېخى جاۋابسىز سوئاللار تولۇپ ياتاتتى. ئۇلار شەرقتىكى چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان تېرىمچى مىللەتلەر بىلەن غەربتىكى شەھەر - قەلئە ۋە دېڭىز مەدەنىيىتى ياراتقان ياۋروپا مىللەتلىرىدەك ئۆز تارىخىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆچتۇڭگۇر جىسمى ۋە قاۋۇل بەستى ئېكىن ئاھالىلىرىنىڭ زىلۋا قامىتىگە كۈچلۈك مەھلىيا بولغىنىدەك، ئانا تەبىئەت يېتىلدۈرگەن چۈس ۋە قارام پىسخىك خاراكتېرىمۇ تېرىم خەلقلىرىنىڭ رەڭگارەڭ ۋە مۇرەككەپ روھىي ماھىيىتىنىڭ قاتتىق غىدىقلىشىغا ئۇچرىدى. شىمالىي ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەت سۈرگەن ھونلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆزى ئاۋۇغان زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرالماي، ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ، دوناي دەرياسى ۋادىسىغا سىڭىپ كېتىشى؛ ئۆتۈكەن تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆك تۈركلەرنىڭ ئۇزاق كۆچۈشلەرنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، ئاخىردا رىم مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئاناتولىيىگە ماكانلىشىشى؛ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ 840 - يىلدىن كېيىن تەڭرىتاغ ۋە تارىم بويلىرىغا كۆچۈپ كېلىشى؛ يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا كۆچەيگەن قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسسىق كۆل بويىغا قايتىپ كېلىشى؛ 13 - ئەسىردىن كېيىن، ياۋروپا - ئاسىيا دالىلىرىنى تىترەتكەن موڭغۇللارنىڭ ئاستا - ئاستا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ . . . ئۇلار نېمە ئۈچۈن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئاشۇ سىرلىق زونىدا پەيدا بولۇپ ۋە گۈللىنىپ، يەنە ئاشۇ زونىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ! ؟

شۇنىسى ئېنىقكى، يايلاق مەدەنىيىتىگە ئىگە چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ تېرىم ۋە شەھەر مەدەنىيىتى ئىچىگە سىڭىپ كېتىشى، ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. دۇنيا قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت توپلىرىدا ئىپادە قىلغان روھىي ماھىيىتى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ قارىمۇ قارشىلىقلار ئىچىدىن بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ھالاكەت تۇيغۇسىغا بولغان تراگېدىيە پىسخىكىسى ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىدا چوڭقۇر ئىپادە قىلىنغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، ئۆزگىرىشچان ھاۋا كىلىماتى، ھۆل - يېغىنسىز، قۇرغاق ئىقلىمى، تىنىمسىز كۆچمەن ھايات ۋە توختاۋسىز ئۇرۇش - تالاشلار ئۇلاردا مۆتىدىل بەلباغلاردىكى تېرىم ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان خەلقلەر بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلاردىكى ئات ئۈستى مەدەنىيىتىگە خاس قىزىققان پىسخىكا ئىپادە قىلغان ئۆلۈم ئېڭى ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىگە خاس ئۆلۈم ئېڭى ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇق - قەۋمىگە قويىدىغان تراگېدىيە ئېستېتىكىسىمۇ قەھرىماندەك تۇغۇلۇپ، قەھرىماندەك ئۆلۈش ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ھۆل ۋە سۆيۈقلاندۇرۇلغان ھالەتتىكى غۇۋا، تىنىمسىز، پىنھان ئازاب شەك - شۈبھىسىزكى يات پىسخىك ھالەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھالاكەت سىناقلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى يا قەھرىمانلارچە غالىبلىق، يا قەھرىمانلارچە ئۆلۈم ئىدى. ئۇلار دەھشەتلىك ئازاب ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا رازى ئىدىكى، باش - ئايىغى چىقمايدىغان، مىسكىن، يىپپىشاڭغۇ ئازابنى زىنھار خالىمايتتى. شۇڭىمۇ قەھرىمان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) نىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ئېيتىلغان قەدىمكى ھازا قوشاقلىرىدىكى يۈرەكنى لەختە - لەختە قىلىدىغان ئازابلىق مىسرالار بىلەن پۈتكۈل تۈرك قەۋمىنىڭ باتۇر كۆلتېگىننىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، يۈز - كۆزلىرىنى تىلىپ ھازا ئاچقان دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئانا قورسىقىغا غايىبتىن ھامىلدار بولۇشى، غەيرىي نورمال ھالەتتە تۇغۇلۇشى، قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى، ئەڭ ئاخىرى قەھرىمانلىق بىلەن ئۆلۈشىدەك بىر قاتار قەدىمىي موتىفلار ئۇلارنىڭ مىللىي روھىدىكى تراگېدىيە پىسخىكىسىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدىكى سەككىز ئەۋلاد قەھرىماننىڭ پاجىئەسى، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» ئېپوسىدىكى

جاڭغىرنىڭ تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى، ھون شاھزادىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئېتىنى، سۆيۈملۈك ئايالىنى ۋە ئەڭ ئاخىرى ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، خانلىق سەلتەنىتىنى تارتىۋېلىشىدەك كۆرۈنۈشلەر قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تراگېدىيە ئېستېتىكىسىدىكى يۈكسەك گۈزەللىك بولۇپ قالدى؟

دەرۋەقە، ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئىز - تىزسىز غايىب بولدى. مەدەنىيەت دەۋرى ئېلىپ كەلگەن ئەقلىي كامالەت ۋە پەلسەپىۋى روھ جاسارەت بىلەن شېئىرىي تۇيغۇنى مىسلىسىز دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلىق تۇيغۇلىرى تېرىم ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇمشاق ۋە جەلپكار قوينىدا روھىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا دەپنە قىلىۋېتىلدى. كونا قۇرۇقلۇقتا تەخمىنەن 14 - 15 - ئەسىرلەردىن كېيىن، كۆچمەنچى يايلاق قەۋملىرىنىڭ تارىخىي سەلتەنىتى ئاخىرلاشتى. ئۇلار چوڭ دەريا ۋادىلىرىدىكى تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنىڭ يۇمشاق مەدەنىيىتى ۋە ئاياللىق خاراكتېرىدىكى دىنلىرىنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشى بىلەن خۇددى ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىدەك ئۆز خاراكتېرىدىكى ئەرلىك گېنلىرىنى مىللىي پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلىۋېتىدىغان تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ تۈگمىنىگە سىڭدۈرۈۋەتتى. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى پىسخىك ھالەت ھامان ھېسسىيات جەھەتتىن قارشى جىنسلىق خاراكتېرنى تەلەپ قىلاتتى. مۇتەئەسسىپ ئەنئەنىۋى، جاھىل ئېكىن مەدەنىيىتى مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئۆزىدە تەمكىن خاراكتېر يېتىلدۈرگەن تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئالدىدا، يايلاق خەلقلىرى گويا كى بىر ياش بالا بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىققان، ھېسسىياتقا باي ۋە قارام پىسخىك خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداشقا دال بولالمايتتى. نەتىجىدە ئۇزاق مۇددەت سۈركىلىش، غىدىقلىنىش، ئۇتتۇشۇش ۋە تىنىمسىز زەرەتلىنىش جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئازاب ۋە ئۆلۈم ئېڭىغا بولغان پىسخىك سەزگۈسىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

6

مىللىتىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇزۇن تارىخنىڭ پارلاق بىر سەھىپىسىنى قەھرىمانلىق روھى بىلەن تويۇنغان ئورخۇن دەۋرى تەشكىل قىلىدۇ. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئورخۇن دەۋرىگە ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەر، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ۋە باشقا تارىخىي ۋەسىقىلەر ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرىنىڭ ئاددىي، قۇرۇق ۋە ئۆلۈك ھالەتتە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزدا پەلسەپىۋى تەپەككۇر ۋە ئەقلىي خۇلاسە تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغىنى ئەرلىك خاراكتېرىدىكى ئىپتىدائىي دىن - شامانىزم روھىدىن قاناتلانغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بىر مىللەتتە پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتى ۋە مۇقىم ئولتۇراق ھايات زۆرۈر ئىدى. شىمالىي ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەن يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ياۋايى جاسارىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن بىر مەھەللىك سەلتەنىتىدىن كېيىن، ئەقلىيلىق دەۋرىگە كىرگەن ئىنسانىيەت تارىخى تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىشى شۇ سەۋەبتىندۇر.

«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دىكى: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ» (42) دېگەن قۇرلار ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنىڭ تەدرىجىي تاكامۇللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. چۈنكى دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى مەسىلە تارىختىن بۇيان پەلسەپىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ كەلگەنىدى. مەڭگۇ تاشلاردىكى ئاسمان، زېمىن ۋە ئادەمنىڭ يارىلىشىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ۋە پاراللېللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسان قىممىتى قارىشىدىكى بىر چوڭ سەكرەش ئىدى. ئورخۇن دەۋرىدە شامانىزم بىر خىل ئەرلىك دىن سۈپىتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەر مىللەتلىك خاراكتېرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شامانىزمنىڭ ئەقىدىسى روھ ئۆلمەيدۇ، دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئادەم بەدىنى روھ بىلەن تەندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپاتتى. روھ تەندە ۋاقىتلىق تۇراتتى. روھ بەدەندىن ئايرىلىپ چىققان ھامان تەنمۇ ئۆلەتتى. روھ قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئادەم قايتا تىرىلەتتى. شۇڭلاشقا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا باش قەھرىمان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەلۇم قۇش ياكى ھايۋانغا بەنت قىلىۋېتىلگەن روھى قايتىپ كەلگەن ھامان، قەھرىمان قايتا تىرىلەتتى. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىشتەك قەھرىمانلىق ئېڭىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ دەۋردە ئەجدادلىرىمىز ئۆزىگە خاس ھايات - ئۆلۈم قارىشىغا ئىگە ئىدى. «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دا تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغان ئىنىسى كۆلتېگىننىڭ ئۆلۈمىگە چەكسىز قايغۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئۆلۈمىگە بولغان مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىدۇ: «ئىنىم كۆلتېگىن قازا تاپتى. ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم. كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى. ئەقىل - ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم. زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ). ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن. شۇنداق ئويلىدىم. كۆزۈمگە ياش كەلسە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلسا ئۆزۈمنى باستىم. مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم. . . » (43). دەرۋەقە، زامان چەكسىزلىككە ئىگە، ئۇ مەڭگۇ ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. شامان ئەقىدىسىدىن قارىغاندا، تەڭرىمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە. چۈنكى «خاقانلارنى تەختكە چىقارغان، تۈركلەرنى زەپەر قۇچتۇرغان، پالاكەتلەردىن قۇرۇغان تەڭرىسى - كۆكتەڭرى» (44) ئىدى. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز زامان بىلەن تەڭرىنى مەڭگۈلۈك چەكسىزلىك سۈپىتىدە قارىغان. ھالبۇكى، ئىنساننى ئۆلۈش ئۈچۈن يارالغان، ئۆلۈم

بولغاندىلا تۇغۇلۇشمۇ بولىدۇ، ھاياتلىقنىڭ ئىزچىللىقى ئۇنىڭ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىدا، دەپ ھېسابلىغان.

شۇڭقار بىلەن بۆرە ئۆز دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بۈيۈك سىمۋوللار ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسلىق توتېم سۈپىتىدە شۇڭقار بىلەن بۆرىگە تېۋىنغان. ھەتتا مىلادى 789 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى خەنزۇچە قايسى خەتلەر بىلەن يېزىش ھەققىدە بىر كېلىشىم تۈزۈلگەن، يەنى « 回纥 » (ئۇيغۇر) دىكى « 纥 » خېتىنى «شۇڭقار» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « 鹘 » خېتىغا ئۆزگەرتكەن. نەتىجىدە «ئۇيغۇر» نامى خەنزۇچە « 回鹘 » دەپ يېزىلىدىغان بولغان (45). دېمەك، ئەجدادلىرىمىز شۇڭقارنى توتېم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆز روھىي ماھىيىتىنىڭ سىمۋولى ۋە مىللىي نامىنىڭ پەخرى سۈپىتىدە قارىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شۇڭقارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى شامان ئەقىدىسى بويىچە شۇڭقار ئىنسان روھىنى يۇدۇپ تەڭرى ماكانى بولغان ئۈستۈنكى پارلاق ئالەمدە ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى. شۇڭا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا شۇڭقار ياكى بۈركۈت قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئىدى، ئۇنىڭ روھىنى ئۈستۈنكى چەكسىز كۆككە ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. مەسىلەن، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا بۇ خىل مەنزىرە ئەينەن ئۇچرايدۇ. ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئىشەنچ ـ ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ روھى ئۆلگەندىن كېيىن قۇشقا ياكى قۇرتقا ئايلىنىپ قالاتتى. تۈركلەر ئادەم ئۆلگەندە ‹ئۇچتى› دەيتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، غەربتىكى تۈركىي قەۋملەر ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ‹ئۇ ئۆلدى› دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ‹شۇڭقار بولدى› دېگەن ئىدىيومنى قوللىنىپ كەلدى» (46). بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى مەلۇم مەنىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭىنى روشەن ئىپادە قىلغان.

كۆك بۆرە ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ تىپىك توتېم ئوبيېكتى ئىدى. بۆرە توتېمىغا دائىر قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە، بۆرىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق مەخلۇق ھالاكەت گىردابىدا قالغان مىللەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە نىجادكارى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ھەم ۋەھشىيلىكى، ھەم جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇرغان بۇ سىرلىق مەخلۇق قانداق قىلىپ ھالاكەت قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن مىللىتىمىزنىڭ نىجاد يۇلتۇزى بولۇپ قالدى؟ دەرۋەقە، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە نەزەر تاشلىساق، ھەر قېتىم مىللىتىمىز ئۆلۈم ۋە ھالاكەت گىردابىغا دۇچ كەلگەن ھامان غايىبانە ھالدا كۆك بۆرە پەيدا بولاتتى. قوشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، بىردىنبىر ئامان قالغان ئوغۇل بالىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن جۈپلىشىپ ئىدىقۇت تېغىدا ئەجدادلىرىمىزنى تۇغقان ئانا بۆرە (47) بىزنى قانچىلىك ھاياجانغا سالىدۇ ـ ھە! ؟ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈزەل ۋادىغا باشلاپ چىققان كۆك بۆرىچۇ؟ (48) . . . توتېم ئەپسانىلىرىدە كۆك بۆرىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشلىرىدا ئوينىغان رولىغا چوڭقۇر دەرىجىدە تراگېدىيە ئېڭى سىڭگەن. بۇ خىل تراگېدىيە مىللىتىمىزنىڭ ئەر مىللەتلىك دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق تراگېدىيىسى ئىدى. ئۇلار بۆرىدەك جاسارەت بىلەن جىمى ھالاكەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى ئىزدەيتتى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ـ كۈچلۈكلەر ۋە غالىبلارنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ئۇلاردىكى پىسخىك ئىنتىلىش ۋە ئېستېتىك تۇيغۇ دەل يۈكسەكلىك، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇسى ئىدى. «بۆرىدىن تۇغۇلغان ئاشىنا ئۇرۇغى ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىدىن سەلتەنەت تەختىگە، زاۋاللىقتىن گۈللىنىشكە ئېلىپ چىققانىدى. بۆرىنىڭ روھى ئۇلارغا كۈچ ۋە ئەرلىك جاسارەت بەخش ئەتكەنىدى. بۆرىگە توقۇلغان مەدھىيىمۇ دەل تۈركلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مىللىي خاراكتېرىنىڭ ئىككى خىل خاسلىقى ـ جۇخارگۇل بىلەن قىلىچقا بېغىشلانغان شەجەرە ئىدى. . .» (49).

دەرۋەقە، بۆرە تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى. كەڭ يايلاق ـ داللار ئۇنىڭدا ۋەھشىيلىك، كۈچتۈڭگۈرلۈك، خىرىسمەنلىك ۋە قورقۇمسىزلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدە غالىب خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ گويا بىر ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىدەك يايلاق خەلقلىرىنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىگەن. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز بۆرىدىن قورقۇپ تۇرۇپ، يەنە بۆرىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىگە ھەۋەس قىلغان، ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنى ئۇلۇغلىغان، ئازاب ئىچىدە ئۇنى خۇمار قىلغان. ئۆزلىرىنىڭمۇ بۆرىدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، غالىبلىققا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. چۈنكى بۆرە قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى يايلاق خەلقلىرىنىڭ ھەربىي جەڭگىۋارلىقىنى ئەڭ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئوبراز ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ سىمۋولى بولغان بۆرە شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ جەسۇر، ئۇرۇشخۇمار، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان خاراكتېرىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. خۇددى ئېستېتىكا ئالىمى بوك ئېيتقاندەك: «يۈكسەكلىك گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ئادەتتە كۈچ ـ قۇدرەت، زورلۇق، ئازاب ۋە ۋەھىمە ئۇقۇملىرىنى كىشىلەر قەلبىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ھېس قىلىنىدىغان يۈكسەكلىك گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدە نامايان بولىدۇ» (50). قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پىسخىك ئېنېرگىيىسىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۆزلىرىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى جۇلالاندۇرۇش ئىستىكىدە ئۇرۇنۇۋاتقاندا، بىردىنلا بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ

كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغان، جەسۇر خاراكتېرى ئۈچۈن بۆرىدىنمۇ مۇۋاپىقراق سىمۋول يوق ئىدى. شۇڭا، يىرتقۇچ بۆرە بىلەن ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغان خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن كېسىشمە نۇقتا بۆرە ئوبرازىنى بىر خىل يىرتقۇچلۇق ئوبيېكتىدىن گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرغان. شۆزۈڭجياڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇشخۇمار، باتۇر ۋە جەسۇر خاراكتېرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئوبيېكتلاشتۇرۇلغان. ئۇلار مەدھىيىلىگەن ھايۋانات ئوبيېكتلىرى كۆپىنچە بۆرە، شۇڭقار قاتارلىق يىرتقۇچلار ئىدى. بۆرە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ نەزىرىدە بىر خىل قورقۇنچلۇق ھەم رەزىل مەخلۇق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن تۈركىي قەۋملەرنىڭ نەزىرىدە باتۇرلۇقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى ئىدى» (51).

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا كۆك يايلىلىق، كۆك تۈكلۈك ئەركەك بۆرە ئوغۇزخان قوشۇنىغا يول باشلاپ ماڭىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا، ماناسنىڭ ئانىسى بۆرە، ئېيىق قاتارلىق يىرتقۇچلارنىڭ يۈرىكىگە سېزىك بولۇپ، قەھرىمان ماناسنى تۇغىدۇ. كېيىن ماناس «كۆك بۆرە ماناس»، «كۆك جال ماناس» دەپ ئاتىلىدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىدى» (52) دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر «مەدھىيە شېئىرى» دا:

كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۈرەي،
قارا قوزغۇندەك توپراق ئۈستىدە قالاي (53).

دېگەن مىسرالار ئۇچرىسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» دە، ھەربىي قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

4 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.
توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى (54).

دېمەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن قانچىلىك سۆيۈنسە ۋە بىر خىل يۈكسەكلىك تۇيغۇسى ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۆرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، كۆكۈچ تۈكلىرى، ھەر قانداق شەپىنى ئاڭلاشقا تەييار تۇرغان قۇلاقلىرى، دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرى ۋە خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىدىن شۇنچىلىك گۈزەللىك ھېس قىلغان. ئۇلار يىراق قەدىمكى زاماننىڭ ۋەھىملىك تۈنلىرىدە ئۆزلىرىگە مەدەت، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە ئىلھام بېرەلەيدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك ياكى يىلتىز (ئەجداد) ئىزدەۋاتقاندا، ھۇۋلاپ تۇرغان بۆرە ئوبرازىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلار بۆرىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچىنى ئىپادە قىلىشقا ئۇرۇنغان. بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرگەن ۋە بۆرىدىكى چەكسىز يۈكسەكلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ كۆللىكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى چەكسىز كۈچىنى ھېس قىلغان.

نەتىجىدە بۇ خىل گۈزەللىك تەقەززاسى ۋە مەنىۋى تەسەللى ئۇلارنىڭ بۆرىنى توتېم تاللىشىغا سەۋەب بولغان. دەرۋەقە، كۆك بۆرىنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا بەرگەن يۈكسەكلىك گۈزەللىكمۇ دەل ئۇنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى، باتۇرلۇقى ۋە خىرىسمەنلىكى بىلەن ۋەھشىيلىكى، قورقۇنچلۇقلۇقى ۋە تەخىرسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق «نۇقتا» غا مەركەزلەشكەن.

ئورخۇن دەۋرىگە خاس توتېم ئەپسانىلىرىدە ئەكس ئەتكەن ھالاكەتلىك قىسمەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈشتەك ئەگرى ـ توقاي جەريانلار يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەتتى. «جۇنامە» دە خاتىرىلەنگەن بۆرە توتېمى ئەپسانىسىنى ھەقىقەتەنمۇ يېڭىباشتىن تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. قوشنا قەۋم تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان تۈركلەردىن قانداق قىلىپ بىر پۇتى كېسىۋېتىلگەن 10 ياشلىق بالا ھايات قېپقالدى؟ دەرۋەقە، بۇ بالا غايەت زور ھالاكەتتىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ تەنھا ئۇرۇقى ۋە داۋامى ئىدى. ئۇنىڭ ئانا بۆرە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ۋە ئانا بۆرىنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇغ بولۇپ تېرىلىشى ـ كەلگۈسىدىكى تولۇپ تاشقان ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قايتا جۇغلاش جەريانى ئىدى. ھالاكەت دېڭىزىنىڭ زەرداپ سۈيىدىن لەيلەپ چىققان بۇ بىر تال ھاياتلىق ئۇرۇقى ئانا بۆرىنىڭ ئىسسىق بالىياتقۇسىدا چەكسىز خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنىدى، ئانا بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ۋە تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قان بۇ ئاجىز تۆرەلمىنى ئاستا ـ ئاستا بېخلىتىۋاتاتتى. دېگەندەك، زۇلمەتلىك پەيتلەر ئۆتۈپ كەتتى. خەۋپ ـ خەتەر يىراقلاشتى. كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئانا بۆرە لىقشىپ تۇرغان قورسىقىدىكى يېڭى تۆرەلمىنى ئېلىپ ئىدىقۇت تېغىغا يېتىپ كەلدى ۋە بالىياتقۇدەك تىنچ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق جەريان ئۆتتى. ئىدىقۇت تېغىدىكى بۇ تىنچ ئۆڭكۈر يېپيېڭى ھاياتلىقنى تۇغدى. ئانا بۆرە ۋۇجۇدىدىن كۈچ ئالغان، ئەرلىك خاراكتېرى ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى ئەۋلاد ـ ئاشىنا ئۇرۇقى مەيدانغا كەلدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ ئەرگىنە قون ئۆڭكۈرىدىن چىقىشى، ھالاكەتلىك توپاندىن كېيىن بالىياتقۇ شەكىللىك كېمىدىن ئەمدىلا قۇرۇشقان زېمىنغا چۈشكەن نوھنىڭ ئەۋلادلىرىغا قانچىلىك ئوخشاپ كېتىدۇ ـ ھە! ؟ . . .

مانا بۇ ھاياتلىقنىڭ ماماتلىق ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى شۇنداقلا ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىسى ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئىنسان روھىنىڭ پىنھان چاقىرىقى ئىدى. تەنتەك بالىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ھالاكەت سىناقلىرى ئىچىدە پىشىپ يېتىلىشى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىختىرا قىلىشى ئىدى. ئانا بۆرە بىر خىل يۈكسەك چەكسىزلىك سۈپىتىدە ھالاكەتلىك قىسمەتكە دۇچ كەلگەن بۇ ئەر مىللەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى، شۇنداقلا بۆرە ۋۇجۇدىنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. شۇڭا، ئۆلۈمدىن ھالقىغان ھاياتلىق بىپايان دېڭىزدەك چەكسىز ھاياتلىق ئىدى. خۇددى گېگېل

كۆرستىپ ئۆتكەندەك: «دېڭىز بىزگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىزلىك ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. ئىنسان دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا، ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە تولۇپ، ئاشۇ چەكلىك مەۋجۇتلارنىڭ ھەممىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىدۇ» (55).

7

تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقى گويا بىر بالىياتقۇغا ئوخشايدۇ. شەرقچە سۈكۈنات ۋە بۇددىزىم روھىدىن تويۇنغان بۇ پىنھان چوڭقۇرلۇق مىللىتىمىز خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە پەلسەپىۋى ھەزىم كۈچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. مىلادى 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن غايەت زور ھالاكەت قىسمىتىگە دۇچ كېلىپ، غەربكە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي يەرلىك ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىم ئولتۇراق ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي يايلاقلاردا سەلتەنەت سۈرگەن قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا، شەھەر ھاياتىغا خاس تەمكىن پەلسەپىگە ۋە ئېكىن ئېگىلىكىگە ماسلاشقان نازۇك مەدەنىيەتكە خېلىلا تويۇنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوندا بۇددىزىم ئاللىقاچان مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. غەربتە گۈللەنگەن «خرىستىيان دىنىنىڭ ئەكسىچە، بۇددىزىم شەرق جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئەندىزىسى سۈپىتىدە، ماھىيەت جەھەتتىن تىپىك ئانىلىق دىن ئىدى» (56). شۇ سەۋەبتىن ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئانىلىق دىن ـ بۇددىزىم يېتىلدۈرگەن ئاياللىق خاراكتېر بۇ رايوندا ئەر مىللەتكە خاس كۈچتۈڭگۈر مەدەنىيەتنىڭ يەرلىشىشىنى تەقەززا قىلاتتى.

دەرۋەقە، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يەتكۈچە ھېس قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قان ـ ياشلىق سەپىرىدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئانىلىق ئىللىقلىقى تەرىپىدىن جەلپ قىلىندى. چۈنكى ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بۇ يايلاق مىللىتى ئۇزاق مەزگىللىك ئات ئۈستى ھاياتى داۋامىدا ئاياللىق نازاكەتكە تولىمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا 840 ـ يىلدىن كېيىنكى تارىم ۋادىسىدا يۈز بەرگەن بۇ بۈيۈك ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقە بولدى. بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش تارىم ۋادىسىدا مەدەنىيەتنىڭ بىر مەھەللىك جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى بۇ ئەرلىك دىن بىلەن ئاياللىق دىنىنىڭ، ياۋايى جەسۇرلۇق بىلەن خۇش خۇي تەمكىنلىكنىڭ، شۋاق ھىدى بىلەن بازار كويىنىڭ، ساددا شېئىرىيەت بىلەن سوغۇققان پەلسەپىنىڭ، شۇنداقلا جاسارەت بىلەن نازاكەتنىڭ، ھېسسىيات بىلەن ئەقلىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىتىمىز خاراكتېر جەھەتتىن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىدى. يايلاق دەۋرىدىكى قىزىققان، تۇراقسىز روھىي كەيپىياتى بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى تەسىرى ۋە سەۋرچان پوزىتسىيىسى نەتىجىسىدە تەدرىجىي تەمكىنلەشتى. ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە گۈزەللىك تەلەپلىرىمۇ قوپاللىقتىن نەپىسلىككە، قاتتىقلىقتىن يۇمشاقلىققا، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقتىن خىيالىي رومانتىكىغا مايىللاشتى. قۇرۇقلۇقتىكى «يىپەك يولى» نىڭ ئالتۇن دەۋرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر ـ قىشلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئېستېتىك نەپىسلىكى تېخىمۇ روشەنلەشكەنىدى. بۇ ھال مىللىتىمىزنىڭ يايلاق دەۋرىدىكى بېكىك خاراكتېرىدە كەسكىن ئۆزگىرىش ياساپ، سودا مەدەنىيىتىگە خاس يۇمۇرلۇق پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈردى. دەرۋەقە، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكلىرىدىكى جاسارەت بىلەن تولغان تاش بالبال سەنئىتىدە ئىپادە قىلىنغان ئاتلىقلار پىسخىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلەر ئېستېتىكىسى قانداق قىلىپ تارىم ۋادىسىدىكى نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى كۆزىگە سىغدۇرالىدى؟ مىڭ ئۆي ۋە تاش كېمىرلەردىكى غايىۋى رومانتىكىغا باي بۇددىزىم سەنئىتى ئىپادە قىلغان پىسخىك نەپىسلىك، ئاياللىق نازاكەت ۋە پىنھان رەڭدارلىق قانداقلارچە شۇ دەۋر مىللىتىمىزنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى پىسخىك ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى؟

مانا بۇ بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا يۈز بەرگەن كەسكىن بۇرۇلۇش ئىدى. شۇنداقلا مىللىتىمىز ئېستېتىكىسىنىڭ كونسايىن نەپىسلىشىشى، پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنىڭ تەدرىجىي ئابستراكتلىشىشى ئىدى. بۇ خىل سەكرەش، يەنى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئابستراكت تەپەككۇرغا تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئۆلۈم ئېڭى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر شۇ دەۋر پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (1350 ـ 870) دەۋرىدىكى بۇددىزىم ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي ـ پەلسەپىۋى يادىكارلىقلار، بۇددىزىم شېئىرىيىتى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئۆلۈم تېمىسىغا دائىر چوڭقۇر مەسىلىلەر نۇقتىلىق يورۇتۇلدى. ياۋروپالىق سەيياھلار تەرىپىدىن تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردا قويۇق مانى دىنى ئەقىدىسى ئىپادە قىلىنغانىدى. چۈنكى ئۆز دەۋرىدە قوچۇ ۋادىسىدا بۇددىزىم ئەقىدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاندىن سىرت، يەنە مانى دىنىنىڭ تەسىرىمۇ خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. مانى دىنىنىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئىككى ئالەم ـ يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق بىلەن ئۈچ زامان ـ ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا تىنىمسىز دەۋر قىلىپ تۇراتتى. ئىنساننىڭ تېنى بىلەن روھى ئىككى خىل ئالەمگە مەنسۇپ بولۇپ، تەن ھامان دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە راھەت ـ پاراغەتكە مايىل كېلەتتى. شۇڭا، تەندىن ئىبارەت بۇ قاراڭغۇلۇق ئالىمىنى روھ پارلاقلىقى بىلەن يورۇتۇپ تۇرمىسا، ئىنسان زۇلمەت پاتقىقىغا پېتىپ قالاتتى. روھ نۇر ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەن ئۆلۈشى بىلەن ئۇ كونتروللۇقتىن قۇتۇلۇپ، تەبىئىي يوسۇندا چەكسىز

يورۇقلۇق ئالەمگە سىڭىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۆلۈم - شۈبھىسىزكى چەكسىز يورۇقلۇق ئالەمگە ئۆتىدىغان زۆرۈر كۆۋرۈك ئىدى. ھەزرىتى مانى (277 - 216) نىڭ ئۆز دەۋرىدە 26 كۈنلۈك سوتتىن كېيىن كرېست تاختىسىغا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، مانى مۇرىتلىرى ئۈچۈن چەكسىز پارلاق روھىي ئالەم ياراتقانىدى. شۇنداق بولغاچقا، مانىنىڭ جىسمانىي ئازابى، ئەمەلىيەتتە روھتىن ئىبارەت يورۇقلۇق ئالەمنىڭ چاقنىشى ۋە پارلىشى ئىدى. قوچۇ خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆلۈم تەسۋىرى بېرىلگەن مانى دىنىغا دائىر شېئىرلاردا بۇ نۇقتا روشەن يورۇتۇلغانىدى. بولۇپمۇ «مانىغا مەدھىيە» ناملىق شېئىردا ھەزرىتى مانىنىڭ ئۆلۈمىنى مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئىنساننىڭ ئۆلۈم ئارقىلىق يەتكەن يورۇقلۇق ئالىمى ئىچىدىن قايتىدىن تۇغۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ:

(ئىنسانلار) دائىم دېگۈدەك،
قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
ئۇلار تۇپراق ئىچىگە كىرگىنىدە،
(ھېچنېمىنى) بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ.
. . . . . . . . . . . . . .
بىز سىزگە - ئالىي ئىلاھىمىزغا،
باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىمىز.
بۇ ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلار،
قايتىدىن نىرۋانادا تۇغۇلىدۇ [57].

مانى دىنىغا دائىر يەنە بىر پارچە ئۆلۈم تەسۋىرى بېرىلگەن شېئىردا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

ئېسىل، بىلىملىك ئىنسانلار تىرىلىدۇ،
تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايدۇ.
تۆت ئىلىگ تەڭرىگە تېۋىنىدۇ،
تۆت بۈيۈك ئازابتىن قۇتۇلىدۇ.
. . . . . . . . . . . . . .
ھەر ئىنساننىڭ ئۆلىمىكى بار،
قاراڭغۇ جەھەننەمگە چۈشمىكى بار.
. . . . . . . . . . . . . .
تۈمەنمىڭ يەك جىنلار كېلىپ تۇرۇر،
تۇمانلىق شەيتاننىڭ ئىشىنى كۆرۈر.
قاراڭغۇ كېچىدەك ئۈستىنى بېسىپ تۇرۇر،
قورقۇنچ ئىچىگە چۈشۈپ تۇرۇر.
كۆكسىنى لەختە - لەختە قىلىپ تۇرۇر،
بۇرنىدىن بوز بۇلۇت ئۈنۈپ تۇرۇر.
بوغۇزىدىن قارا تۇمان چىقىپ تۇرۇر [58].
. . . . . . . . . . . . . .

دېمەك، يۇقىرىقى شېئىردا، مانى دىنىنىڭ بۈيۈك تەڭرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مانىغا چىن دىلىدىن تېۋىنىدىغانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈلۈك يورۇق ئالەمگە كىرەلەيدىغانلىقى، مانىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۆلۈم دەقىقىسىدە دەھشەتلىك قورقۇنچقا چۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق ئالىمىنىڭ تۈرلۈك رىيازەتلىرىگە دۇچ كېلىدىغانلىقى، روھى دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە قاراڭغۇ تەنىنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقالماي لەختە - لەختە بولىدىغانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

قوچۇ دەۋرىدە مىللىتىمىز ئۆلۈم ئېڭىنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىۋى ھالەتلىرى يەنىلا بۇددىزم ئەقىدىلىرىدە ئىپادىلەنگەنىدى. ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئاچ يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز تېنىنى تۇتۇپ بېرىپ روھىنى پاكلىغان ماخاستۋى تېكىننىڭ ئوبرازى قانداقلارچە مىللىتىمىز تراگېدىيە ئېستېتىكىسىدىكى گۈزەل سىماغا ئايلىنىپ قالدى؟ مانا بۇ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق بۇددىزم ئەقىدىسى داۋامىدا، ئاياللىق دىنىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىگە، سەۋر - تاقەتكە ۋە ئەقىلدىن خالىي ھېس - تۇيغۇلىرىغا تويۇنغان، شەرقچە سۈكۈت ۋە رايىشلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان مىللىتىمىز پسىخىكىسىنىڭ ئېستېتىك ھەزىمى ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇغ» ناملىق بۇ ئەسەر قەدىمكى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قوچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئۆزلەشتۈرمە ئەسەر ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرنى قوچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئۆلۈم ئېڭىنىڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. ئەسەردە ماخارادى ئاتلىق ئىلىك خاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن بىر قېتىم ئەتراپىدىكى تاغ - ئورمانلىقتا سەيلىگە چىقىدۇ. ئۇلار بىر قومۇشلۇققا كەلگەندە يېڭىلا كۈچۈكلەپ ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئانا يولۋاسنى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى تېكىن ماخاستۋى قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئۆزىنى ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ ۋە ئۆز جېنىنىڭ بەدىلىگە ئاچ يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ماخاستۋى تېكىن ئۆلۈم ئالدىدا مۇنداق ئويلايدۇ: «. . . ئەمدى ئۆز تېنىمدىن - جېنىمدىن كېچىدىغان پەيت كەلدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە مەن ئەزەلدىن سېسىق، قان - يىرىڭلىق، خۇشاللىقى يوق، قەدىرسىز، يىرگىنىشلىك تېنىمگە ئىشەندىم. . . تەن - مەڭگۈلۈك مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ پايدىسىز ھەم قورقۇنچلۇقتۇر. (كىشىنى) سەسكەندۈرىدىغان مەينەتلىكى بىلەن تولسا، (ئۇنىڭ) مەينەتلىكى قىغ دۆۋىسىدەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەن بۇ تېنىمنى ئىشلىتىپ، ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ ئىش قىلاي، سانسارالىق دېڭىزى ئىچىدە سال - كېمە بولاي. تۇغۇلۇش - ئۆلۈشنىڭ ئازابلىق قايىنىمىدىن تاشقىرىغا تارتىپ چىقىراي. . . ئەگەر مەن بۇ تېنىمدىن ۋاز كەچسەم، سان - ساناقسىز گۇناھلارنى، يارىنى، بەزنى، قان - يىرىڭنى، كېسەل - ئاغرىقلارنى، قورقۇنچ - ئەيمىنىشلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ پاكىزلانغان بولىمەن. . . » [59]. مانا بۇ بۇددىزم روھىدىن سۇغۇرۇلغان شەرقچە ئۆلۈم ئېڭى، شۇنداقلا بۇددا دىنىدىكى سانسارا (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن قايتا ھاياتلىققا ئۆتۈش ياكى ئايلىنىش) ۋە نىرۋانا (ھايات - ماماتتىن خالىي بولغان مەڭگۈلۈك ھالەت) نەزەرىيىلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى. ماخاستۋى تېكىن ئاچ يولۋاسقا ئۆزىنى تاشلاپ بېرىش ئالدىدىكى ئاشۇ قىسقىغىنە دەقىقىلەردە، ئۇ ئۆز تېنىنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ، سانسارالىق قايىنىمى ئىچىدە پەرۋاز قىلىدۇ ۋە

ئەڭ ئاخىرى پاكلانغان ھالىتى بىلەن نىرۋانا ئالەمىگە كىرىپ كېتىدۇ...

بۇددىزم ئەقىدىسىدىن قارىغاندا، ئىنساننىڭ تەندىن ۋاز كېچىپ، ئۆز روھىنى كېيىنكى «شادلىق دۇنياسى»غا ئېلىپ كېتىشى ۋە ئۇ يەردە ئەبەدىيلىك پارلاقلىققا ئېرىشىشى - «پاكلىنىش» (Sukhvati) دەپ ئاتىلاتتى. بۇددا مۇرىتلىرى ئۈچۈن ئۇ ئازابتىن، رىيازەتلەردىن خالىي غايىۋى دۇنيا ئىدى. بۇ غايىۋى دۇنيادا زامان چەكسىزلىككە، ماكان پايانسىزلىققا ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇددىزم تەشەببۇس قىلىۋاتقان بۇ پارلاق دۇنيا، ئەمەلىيەتتە ھازىرقى رېئال، ئازابلىق دۇنيانىڭ قارىمۇ قارشى قىرغىقى ئىدى. ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى تاماملىنىش بولماستىن، بەلكى ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان چەكلىك ھاياتتىن پارلاۋاتقان چەكسىز ھاياتقا ئۆتىدىغان مۇقەررەر يول ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئىنسان تەنىنىڭ ھالاكىتى ئارقىلىق روھنى چەكسىزلىككە پەرۋاز قىلدۇرالايتتى ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆز - ئۆزىنى تونۇشقا ئېرىشەلەيتتى. تەنىنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىيالىغان ئادەملا ھەقىقىي يوسۇندا «نىرۋانا» ھالىتىگە كىرەلەيتتى ۋە كېيىنكى چەكسىز گۈزەل، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالايتتى. «ئالتۇن ياروغ» دىكى ماخاستۋى تېكىن ئۆز تېنى ۋە جېنىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق تىنلىق (جانلىق) لارنى قۇتۇلدۇرۇشتەك پىداكارانە ھەرىكىتى بىلەن «ئاسماندىن تەڭرىنىڭ ئىپاردەك خۇش بۇيى گۈل - چېچەكلىرى يېغىۋاتقان، ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان...» [60] پارلاق ھالەتكە ئېرىشكەنىدى.

دېمەك، مىللىتىمىز روھىيىتىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مابەينىدە بۇددا ئەقىدىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. گەرچە تارىم ۋادىسىدىكى بۇددىزم تۈسىنى ئالغان شەھەر - قەلئە ۋە تېرىم مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىغا تەدرىجىي ھالدا ئەقلىيلىك، پەلسەپىۋىلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىزم ۋە ئۇنىڭ شەرقتىكى بۇ چوقۇنغۇچىلىرى يەنىلا تىپىك ھېسسىيات مىللىتى ئىدى. بۇ ھال شەك - شۈبھىسىزكى، مىللىتىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى روھىي ماھىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

## 8

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تارىم ۋادىسىدا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىتىمىز روھىي ماھىيىتىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېپيېڭى بىر دىننىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى بىر نۇرلۇق سەھەردە ئاتۇش دىيارىدىكى بىر غاردا تۇنجى ئەزان ئاۋازى ياڭرىغاندىن تارتىپ XVI - XV ئەسىرلەرگە كەلگۈچە، ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ئاساسەن ئىسلاملاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆچمەن يايلاق مەدەنىيىتى، شەرق ئۇسلۇبىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ مەدەنىيەتتىكى يۈكسىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلامىيەت ئېتىقادى مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەركىبلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى.

دەرھەقىقەت، ئىسلام دىنى ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ئەقلىي دىن ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق تەشەببۇسلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىمۇ ئىنسان ئەقلى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان مەزگىللەردە ئىسلام پەلسەپىسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىدە قالغان خرىستىيان چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ ئەكسىچە مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرىغا چۈمۈلگەنىدى. X - IX ئەسىرلەردە تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) پەلسەپىسى ئىسلام پەلسەپىسى ئىچىدىكى ئاساسلىق پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانىدى.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا، مىللىتىمىز روھىي ماھىيىتىنىڭ يايلاق دەۋرىدىن قېپقالغان قىزغىن جاسارىتى بىلەن بۇددىزم بەخش ئەتكەن پىنھان نازاكىتىگە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ سوغۇققان پەلسەپىسى ۋە ئەقلىي روھى يېڭىچە رەڭ بەردى. نەتىجىدە XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ئۇيغۇر ئىسلام پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنىڭ رەسمىي قانىتى يېيىلدى. «قۇتادغۇبىلىك» مانا مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ئىدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قۇتادغۇبىلىك» بىر پەلسەپىۋى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن نوقۇل ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭلا مەھسۇلى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بىر مىللەتتە مۇشۇنداق بىر پەلسەپىۋى گىگانت ئەسەرنىڭ ۋە سىستېمىلىق ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك، يېڭىدىن ئايىغى چىقىپ تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى» [61] دۇر.

بىز مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەكس ئەتكەن ئۆلۈم ئېڭى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرگىلا ياندىشىپ ئۆتمەكچىمىز. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۆت پېرسوناژ ئىچىدە ئۇدغۇرمىش ھەممىدىن مۇرەككەپ بىر شەخس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئۆلۈمى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇدغۇرمىشنىڭ بايانىدىن بېرىلىدۇ. ئۇ يېتىلگەن ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولسىمۇ، لېكىن خىلۋەت جايدىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە ئىستىقامەت قىلىدۇ ۋە زاھىدلىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، زاھىدلىق - تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) ئېقىمىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىشكە باشلاۋاتقان ئىدىيىۋى ئاساسى ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەۋملىرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغانىدى.

چۈنكى قاراخانىيلار دۆلىتى ئىسلاملىشىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوپىلىق يولىغا ماڭغان تەقۋادار زاھىدلار تەسەۋۋۇپنى تارقىتىش مەقسىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدىكى تۈركىي قەۋملەر يۇرتلىرىغا كېلىشكە باشلىغانىدى. خۇددى تۈركىيە ئالىمى فۇئاد كۆپرۈلۈ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىمىزگە قارىغاندا، ئەھمەد يەسەۋىي ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتا، تۈركىي خەلقلەر يۇرتلىرى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى، جۈملىدىن مىلادى XI ئەسىردىن تارتىپ تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى بىلەن تونۇشقان. مۇتەسەۋۋۇپلار ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى يالغۇز شەھەرلەرگىلا ئەمەس، كۆچمەن تۈركلەر ئارىسىغىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر تارقالغانىدى» (62). شۇنىڭدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئوردۇكەنت - قەشقەرگىمۇ XI ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى كىرىشكە باشلىغان. ئۆز دەۋرىنىڭ سەزگۈر ئالىمى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە دەسلەپكى تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆدغۇرمىش ئوبرازىدا ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

يەنىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تەسەۋۋۇپ ياكى سوپىزم ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغىنى ئەرەب تىلىدىكى «قوي يۇڭى» مەنىسىدىكى «سۇف» سۆزى ئىدى. سوپىلار ئادەتتە قوي يۇڭىدىن قىلىنغان قوپال - كۆرۈمسىز تون كىيىپ يۈرگىنى ئۈچۈن «سوپى» («قوي يۇڭىدىن تون كىيگۈچى») دەپ ئاتالغان. بۇ ھال سوپىلارنىڭ ئەڭ ئاددىي بەلگىسى ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆدغۇرمىش مانا مۇشۇنداق «قوي يۇڭىدىن تون كىيگۈچى» كىشى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ:

4765. تونۇم قوي يۇڭى، غىزا ئارپا ئاش،
تولۇق بولدى دۇنيا ماڭا ئەي قاياش.

4767. نېسىۋەم تېپىپمەن جاھاندىن ئۇنى،
يېپىشكە كېپەك، تونغا قوي يۇڭى.

4768. كېپەك كۆپ لەززەتلىك شېكەردىن ماڭا،
بۇ ئاق تون باسار يىپەك ئورنىنى.

دېمەك، رېئال دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، زاھىدلىق يولىغا كىرگەن ئۆدغۇرمىشنىڭ يۇقىرىقى تۇرمۇش ھالىتى بىزگە تەبىئىي ھالدا تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى زاھىد سوپىلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى تەسەۋۋۇپ ئەڭ دەسلەپ رېئال دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي قاشاقلىقلىرىدىن بىزار بولغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ زاھىدلىق يولىغا مېڭىشىدىن باشلانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇپتا ھاۋائى نەپس ۋە دۇنيا مەئىشەتلىرىگە قاتتىق چەك قويۇلاتتى. ھەقنى تونۇش، روھىي كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن نەپسنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش زۆرۈر ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئۆدغۇرمىش دەل بۇ دۇنيانى ئۆتكۈنچى بېكەت، دۇنيا مەئىشەتلىرىنى ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ئالۋۇن دەپ قارايدىغان تەقۋادار زاھىد ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەنزىرىسىنى ئىپادە قىلغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن «ئۆدغۇرمىش» دېگەن بۇ ناممۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي تەقۋادار زاھىدلىق ئوبرازى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنىدى. «ئۆدغۇرمىش» قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئويغىنىش» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. ئۆدغۇرمىشنىڭ تەلىماتلىرىدىكى ھەقىقىي «ئويغىنىش» قانداقتۇر بۇددىزم تەلىماتىدىكى «نىرۋانا» ياكى يەھۇدىي - خرىستىيان دىنلىرىدىكى مىستىك تەلىماتلار بولماستىن، بەلكى ئىسلامىيەتتىكى تەسەۋۋۇپ قارىشىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى ئىدى. ئۆدغۇرمىشنىڭ قارىشىچە، تەننىڭ پاراغىتى ۋە دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن مۇستەسنا بولغان ئىنسان روھىنىڭ ئاللاغا بولغان ئىلاھىي ئىشق ئىچىدە، ئۆزلۈكنى تامامەن يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىشى - ھەقىقىي ئويغىنىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۆلۈم ۋە ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئويغىنىش ئەمەلىيەتتە بىئولوگىيىلىك ئۆلۈم بولماستىن، بەلكى نەپسنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزلۈك (ego) نى يوقىتىش ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن خالىي چەكسىزلىككە، پارلاقلىققا ۋە ھەق ۋۇجۇدىغا يېتىش ئىدى. مانا مۇشۇ دەقىقىدىلا ئىنسان غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ ھەق ۋۇجۇدىدىكى مەڭگۈلۈك ئويغىنىشقا ئېرىشەلەيتتى:

5408. ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ئىي ئېلىگ ئويغان،
كېلۇر تېزلا بىر كۈن، سەن قىلما گۇمان.

5421. بۇ دۇنيا ئۇ زىندان ئىچىدۇر يىلان،
بۇنى قوي يۈرۈق چىن جاھانغا ئۇلان.

6046. ئۈچۈپ كۆككە ئۆرلەپ تولۇق چىقىنىڭ،
خۇدا بەرگىسىدۇر ئۈمىد قىلغىنىڭ.

6075. غاپىلدۇر بۇ ئىنسان، بىلۇر ئۆلۈشتىن،
يوقاتماس ئۆزىدىن غەپلەت ئۇيقۇسىن.

6377. ئىي، نېمەت ئىگىسى ئۆلۈم مېھنەتىڭ،
ئىي، مېھنەت ئىگىسى ئۆلۈم نېمەتىڭ.

مانا بۇ ئۆدغۇرمىشنىڭ باياندىكى ئۆلۈم ئېڭىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرى ئىدى. بۇ خۇددى بايەزىد بەستامى (ئۆلۈمى 875 - يىل) نىڭ تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» (يوق بولۇش، ئۆلۈش) تەلىماتىنى ئەسلىتەتتى. «فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، ئۇنىڭ توپ ئىدىيىسى ئىلاھىي ئىشق يولىغا كىرگەن ئاشىق (ئىنسان) نىڭ ئۆز مەشۇق (ئاللا) ىغا يېتىشتە، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ ياكى ئۆلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. لېكىن «فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپتىكى ناھايىتى چىگىش مەسىلە بولۇپ، نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىدۇ:

دېدىڭ: «فەنانىبدۇدۇر» مۇختەسەر دېيىن! «ئۆلمەك» !
كى شەرھىن تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر (63).
(فەنا نېمىدەپسورىدىڭ، قىسقىلادېسەم «ئۆلمەك» !
ئەمما شەرھىنى سورىساڭ يۈز رىسالە بولىدۇ.)

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئۆدغۇرمىش ئوبرازىدا ئىپادە

قىلىنغان سوپىستىك خاھىشلارنى گەرچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ خېلىلا زور تەسىرىنى ئۆزىگە جۈغلىغانىدى. بولۇپمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىدا بۇ نۇقتا تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئېگى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئەسەردىكى بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدىنىڭ باياندىن يەنە بىر قېتىم بېرىدۇ:

1135. نېمە بۈتىرىكلىك، نېمە بۇ ئۆلۈم؟
قەيەردىن كېلىپمەن، قەيەرگە يولۇم؟

1140. ئۆلۈم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۈۋى،
قاراپ كۆرسە ئۇ تۈۋى يوق پېتىق.

1210. ئۆلمەككە تۇغۇلدى، تۇغۇلغان بارى،
كى قانچە قىلسىمۇ، كېتەر ئاخىرى.

1443. بۇ دۇنيا قونالغۇ، ئۆزۈكمەن كارۋان.
قونالغۇدا كارۋان قانچىلىك تۇرغان؟

1425. قۇرۇق تەن قالۇر، ئۇچۇپ كەتسە جان،
خۇدالا بىلۇر نەگە بارغاي بۇ جان.

دېمەك، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈم گويا بىر دېڭىزدەك تۈۋى ۋە ئۇچى يوق پايانسىزلىق، چەكسىزلىك ئىدى. ئىنساننىڭ قىسقىغىنە ھاياتى ۋە بۇ دۇنيالىقى ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، سەپەردىكى كارۋاننىڭ بىر كېچىلىك «قونالغۇسى» بولالايتتى، خالاس. شۇڭا ئۆلۈم ئەمەلىيەتتە چەكسىز ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئۆزلۈك نەپسى بالادىن كەچكەن، جىسمانىي مەئىشەتنى يوقاتقان روھلا مەڭگۈلۈك تۇغۇمغا ۋە ئويغىنىشقا ئىگە بولالايتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇغۇلۇش ئۆلۈمنى، ئۆلۈم يەنە قايتا تۇغۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇڭا ئىنسان ئەقىدىسىنىڭ «فەنا» (ئۆلۈم) قايىنمى ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئويغىنىشقا ئېرىشىشى بىر خىل مىسلىسىز يۈكسەكلىك ۋە چەكسىز گۈزەللىك ئىدى. . .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە يېڭى گۈللىنىشكە ئېرىشكەن تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىدە ھەم ئۆلۈم تېمىسى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (ئۆلۈمى 1037 ـ يىل) مۇشۇ دەۋردىكى داڭلىق تىببىي ئالىم، مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تىببىي ئىلىم تەتقىقاتى داۋامىدا ئىنسان ئۆلۈمىنى بىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن چوڭقۇر كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلدى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ خىل قاراشلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى:

قارا يەر قەرىدىن تا ئەرشى زۇھەل،
كائىناتى سىرلىرىن بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۇل تۈگۈننى يەشتىم چۈشەندىم،
يېشىلمەي قالغىنى بىرگىنە ئەجەل [64].

ئۇ مەزكۇر شېئىرىدا ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە جىمى كائىنات سىرلىرى ئىچىدىكى يېشىلمىگەن سىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بىر تىببىي داستانىدا ئۆلۈمدىن دېرەك بەرگۈچى بەلگىلەر ھەققىدە مېدىتسىنا نۇقتىسىدىن بايان بېرىدۇ:

كۆزگە پەقەت كۆرۈنىدۇ بىر قارا قول،
ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولار پۈتكۈل.

دەردى ئېغىر قىيناۋەرسە بۇنداق كېسەل،
چوكۇۋېرەر يېقىن بولۇپ قالغان ئەجەل.

ئارامىنى بېرىپ بولماس ھالى يامان،
ئالىمگە سەۋەب بولسا ئۇيقۇ ھامان.

قانداق بىمار تىببىي تىپ قانۇنىدىن،
ھەم تاپالماس بىرەر چارە مەزمۇنىدىن [65].

ئۆمەر ھەييام (1040 ـ 1123) مۇ ئوتتۇرا ئەسىر پارس شېئىرىيىتى ۋە پەلسەپىسىدىكى بۈيۈك سىما ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قويۇق پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە رۇبائىيلىرىدا دەۋرنىڭ مەنىۋى كېسەللىكلىرىنى كەسكىن تەنقىدلىدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنى ئىپادە قىلدى:

خوشلىشىپ بەدەندىن ئەزىز جان كېتەر،
ئىككى خىش گۆرىمىز ئاغزىنى ئېتەر.
باشقىلار گۆرىگە شۇنداق قويغىلى
خىش بولۇش نۆۋىتى بىزگە ھەم يېتەر.

بىز كېلىپ كەتكۈچى، دۇگىلەك جاھان،
نە بېشى مەلۇممۇ نە سوڭى ئايان.
ھېچكىممۇ راستىنى ئېيتىپ بېرەلمەس،
بىز نەدىن كەلدۇقيۇ، كېتىمىز قايان [66].

XI ئەسىرلەردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىدا تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) تەلىماتىنىڭ يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. خوجا ئەھمەد يەسەۋىي (1116 ـ 1205) مۇشۇ دەۋر تۈركىي تىلىدىكى سوپىستىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پېشۋالىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پەلسەپىسىدە تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. بولۇپمۇ غەربتە پەلسەپە چۈشكۈنلەشكەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئېقىمى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئەدەبىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەردىكى تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى باشقا ھەر قانداق دەۋر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. ناھايىتى ئەپسۇس، تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت بۇ پەلسەپىۋى تەلىمات XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ماۋرە ئۇننەھر ۋە بەدەخشان رايونلىرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە سۈرۈلگەن سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خۇسۇسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى ۋە سىياسىي غەرەزلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلدى. نەتىجىدە، ئىسلام دىنىدىكى يۈكسەك پەلسەپىۋى تەلىمات بولغان تەسەۋۋۇپ، كېيىنچە خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رېڭىنى يوقىتىپ،

تەسەۋۋۇپ تونى كىيدۈرۈلگەن بىممەنە سەپسەتىگە ئايلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىلەن كېيىنكى خوجا - ئىشانلارنىڭ ئەسەبىي پائالىيەتلىرى بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئابدۇراھمان جامى، نىزامى، ھاپىز شىرازى، غەززالى، جالالىددىن رۇمى، ئەھمەد يەسەۋىي، نەۋائىي ۋە مەشرەپ قاتارلىق بۈيۈك كلاسسىكلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرلىرىنى ھەرگىزمۇ ئاپاق خوجا ۋە شۇنىڭدەك «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ مەنىۋى مالىمانچىلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. خوددى نىزامىددىن ھۈسەيىن ئەپەندىم «جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا» ناملىق ماقالىسىدە قەيت قىلغىنىدەك، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دىيارىمىز تۇپرىقىنى مالىمان قىلغان ئاشۇ خوجا - ئىشان ۋە ئاتالمىش سوپىلار، ئەمەلىيەتتە سېپى ئۆزىدىن بولغان «جاھالەت پەرلىرى» (67) ئىدى. ئەھمەد يەسەۋىيمۇ ئۆز دەۋرىدىلا ھەقىقىي، ساپ تەسەۋۋۇپ مەيدانىدا تۇرۇپ، ۋۇجۇدىغا «ئىلاھىي ئىشق» نىڭ ئوتى تۇتاشقان تەقۋادار ئاشىق بىلەن ئالدامچى، ئىككى يۈزلىمچى رىياكار سوپى - شەيخلەرنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ساختىپەز سوپىلارنى قاتتىق سۆككەن:

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆرۈپ تەپكۈم كېلۇر،
ھەقدىن يۈزمىڭ بالا تىلەپ سەپكۈم كېلۇر.
شەمشەر ئالىپ باشلىرىنى چاپقۇم كېلۇر،
قايدا بارىپ ئىشىق دۇكانىنى قۇردۇم مانا (68).

ئۇلۇغ شائىر نەۋائىيمۇ ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە مەخسۇس بىر بابنى ئاشۇ رىياكار سوپى - ئىشانلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشكە بېغىشلىغان. موللا مۇسا سايرامىمۇ سوپى - ئىشانلارنىڭ ساختا تەقۋادارلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىن جاھاندارچىلىق ۋاستىسى ئۈچۈنلا پايدىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

ھەممە ئىشان تەمەئدىن خالىي ئېرمەس،
يەنە ئۇشبۇ رىيادىن خالىي ئېرمەس.

رىيا دېگەن ئىبادەت قەرچەسىدۇر،
تەختى كۆللى ئەمەلنى كەسكۈچىدۇر.

بۇ كۈندە نەپسىگە قۇل ھەممە ئىشان،
نەيەردە نەپسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟

تاپىلماس خالىس ئىشان مىسلى ئەنقا،
ئۆزىنى مەخپىي تۇتۇپ كۆرسەتمەس ئەسلا (69).

شۇڭا بىز مىللىتىمىز پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىنى تەشكىل قىلغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ۋە كلاسسىك مۇتەپەككۇرلىرىمىز قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرى بىلەن كېيىنكى خوجا - ئىشانلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئاپاق خوجا ۋە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلار ۋەكىللىكىدىكى رىياكار سوپى - ئىشانلارنىڭ بىممەنە تەرغىباتلىرى ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغىلا زىت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى بولغان ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» گىمۇ زىت ئىدى. شۇڭا موللا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە قەتئىي قىلىپ: «ئاق تاغلىق ئەھلى بىلەن قارا تاغلىق ئەھلى تا بۇ زامانىدىمۇ بىر - بىرىگە قارشى ئىدى. بۇ تايپىلەر كاشغەردە ناھايىتى كۆپ. ھەر ئىككى تايپىنىڭ ئېتىقادى خاتا ۋە بىھۇدىدۇر» (70) دەپ يازغانىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئالەم، مەۋجۇدىيەت، ئىنسان، ئەخلاق ۋە ھايات - ئۆلۈم ھەققىدىكى تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىدە يۈكسەك بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنىدى. گېگېلمۇ ئۆز دەۋرىدىلا جالالىددىن رۇمىنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە چوڭقۇر قىزىقىپ، يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. تەسەۋۋۇپ بىر خىل دىنىي پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» دىن ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. گەرچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن دىنىي مەۋقەنى ئىپادە قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئۇمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشى ۋە ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ئىدى. ئۇ تۈپ ماھىيەتتە ئاللانى ھەقىقىي بىردىنبىر بارلىق، ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىمى شەيئىلەر ئۇنىڭ تەجەللىسى دېگەننى تەشەببۇس قىلسىمۇ، لېكىن ئىنساننى يەنىلا جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي مەخلۇق سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشنى تەرغىب قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرى باشقا ھەر قانداق دىنىي پەلسەپىلەردە بولمىغان گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرىدۇ.

«قۇرئان» نىڭ 2 - سۈرىسى «بەقەر» دە، ئاللا ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقاندىن كېيىن، ئەرشتىكى بارلىق مالائىكە - پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. پەقەت ئىبلىس (شەيتان) ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقىنى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك لەنەتكە دۇچار بولغان (71). كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىسلام دىنىدا ئىنسان يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغان. ئىسلامدىن ئۇزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدا باشتىن - ئاخىر ئىنساننى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى) بولالايتتى. شۇڭا، ئىنسان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) بولۇپ، ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» نىڭ چەكسىز گۈزەللىكى ئادەم ھۆسنىدە ئىپادە قىلىنغانىدى. ھەتتا گېگېل «شەرقنىڭ بۈيۈك ئەقىل - پاراسىتىنى ئىگىلىگەن دانا سكېپتىك» (72) دەپ باھا بەرگەن

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولغان غەززالى (1111 ـ 1058) مۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر ئەسىرىدە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: «ئاللا ئادەم (يەنى تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى ئۆزىگە ئوخشىتىپ ياراتقان» دېگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ (73).

دېمەك، ئىنسان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مەيدانىغا كېلىشكە باشلىشى بىلەنلا پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغان. ئۆز دەۋرىدىلا ئۆمەر ھەييام شۇنداق دەپ يازىدۇ:

«دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرىمۇ بىز،
ئەقىل كۆزى قارىسى - جەۋھىرىمۇ بىز.
دۈگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى - گۆھىرىمۇ بىز.» (74).

شۇنىسى ئېنىقكى، تەسەۋۋۇپتا ئىنسان ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مۇجەسسىمى ۋە ئاللا ھۆسنىنىڭ ئەڭ يۈكسەك تەجەللىسى ئىدى. شۇڭا جالالىددىن رۇمى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «سەن ئىلاھىي سىرلارنىڭ نۇسخىسىدۇرسەن، ئالەمدىكى ھەر قانداق نەرسە سەندىن تاشقىرى ئەمەستۇر. سەن نېمىكى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن» (75) دەپ يازىدۇ. تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى - دەل ئىنساننىڭ «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى»، يەنى ئىنساننىڭ قەلبى ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، ئىنسان ھەق (ئاللا) نى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا جالالىددىن رۇمى:

ئايا سىز جان چېكىپ ھەر لەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھنى،
ئۇنى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى - سىز، ئىلاھى - سىز! (76)

دەپ يازسا، تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولغان يۇنۇس ئەمرە (1320 ـ 1240) مۇ:

كۆپ تىرىشىپ ئىزدىدىم، يەر - كۆكنى ئىزدىدىم،
ھېچ ماكاندىن تاپمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىندە (77)

دەپ يازىدۇ. نەۋائىيمۇ ئۆزىنىڭ «لىسا نۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىدە:

ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەپەككۇر ئەيلەگىل،
ھەر نە ئىزدەرسەن، ئۆزۈڭدىن ئىزدەگىن (78).

دەپ نىدا قىلىدۇ.

دېمەك، تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) تەلىماتلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسان ئاللا ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى، شۇنداقلا كائىناتتىكى جىمىي شەيئىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۈيۈك «كىتاب» ئىدى. ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ۋە تونۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بىلىش جەريانىنىڭ سىرتقى دۇنيادىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىشى ياكى ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۆزىنى تونۇشقا ئۆتۈشى - بىلىش تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىدى. مانا مۇشۇنداق يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىلا ئىنسان ئاندىن «فەنا» (يوقلۇق، ئۆلۈم) قايىنىمىغا كىرەلەيتتى ۋە ئۆزلۈك (ego) نى پۈتۈنلەي يوقىتىپ ياكى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ، بىردىنبىر مەۋجۇدلۇق بولغان - ئەسلى ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدى) قا قوشۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئۆزلۈك يوقالغان، نەپس ئۆلتۈرۈلگەن، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يۈكسەك باسقۇچتا «مەن» ئۇقۇمى مەۋجۇد بولمايتتى. بەلكى «مەن» ۋە «سەن» ياكى ئاشىق بىلەن مەشۇق، ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى. ھەممە نەرسە ئاشۇ يېگانە بارلىققا مەركەزلىشەتتى. . . ئىنسان «فەنا» (ئۆلۈم) ئارقىلىق نەپسى - بالاغا چىرمالغان تېنىنىڭ قاراڭغۇ قەپىزىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، مەڭگۈلۈك روھىي پارلاقلىققا ئېرىشەلەيتتى. بۇ باسقۇچ ئىنساننىڭ ھەق ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشكەن باسقۇچى - يەنى چەكلىك ھاياتلىقتىن چەكسىز ھاياتلىققا، ئۆزلۈك ئالەمىدىن ئۆزلۈكسىزلىك ئالەمىگە ھالقىغان باسقۇچى ئىدى. بۇ چاغدا ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ - دە، مەنسۇر ھەللاجى (922 ـ 857) غا ئوخشاش «ئەنەلھەق» (مەن ھەقمەن) دەپ خىتاب قىلىدۇ (79). مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) تەلىماتى ئەمەلىيەتتە بايەزىد بەستامىنىڭ «فەنا» قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. چۈنكى «فەنا» ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىپ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىنسان ۋۇجۇدى - ئاللانىڭ ۋۇجۇدى ئىدى. شۇڭا «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) دېيىش، ئەمەلىيەتتە «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، مەنلا مەۋجۇت» دېگەن ئۇقۇمنى ئەمەس، بەلكى «مېنىڭ قەلبىم ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنداق بولغاچقا مەن مەۋجۇت ئەمەس، ئاللا مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچىنى بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى «ئەنەلھەق» سۆزىنىڭ ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقان. ئىبنى ئەرەبىي (1240 ـ 1165) مۇ ئۆز دەۋرىدىلا «مىسىر فىرئەۋنىنىڭ ‹مەن خۇدا› دېيىشى بىلەن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ‹ئەنەلھەق› (مەن خۇدا) دېيىشى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار» (80) دېگەنىدى. ئەھمەد يەسەۋىيمۇ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە چوڭقۇر ئېچىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنىڭ «مەن خۇدا» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «ھەقىقىي يېگانە بارلىق ‹مەن› يەنى ‹ئىنسان› ئەمەس، ‹ھەق› يەنى ‹ئاللا› دۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى:

ئەپسۇس، مەنسۇر خورلۇق بىلەن بولدى ئەدا،
بىر سۆز بىلەن يارەنلەردىن بولدى جۇدا.
ھالى دىلىن ھېچكىم بىلمەس، تەڭرى گۇۋاھ،
قانلار يۇتۇپ مەن ھەم گۇۋاھ بولدۇم مانا (81).

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» نى ئۆزىگە ئەسلى مەنبە قىلغان دىنىي پەلسەپە بولغاچقا، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى يەنىلا يېگانە بارلىق - ئاللاغا مەركەزلىشەتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنىڭ تاشقى پوستىغا قاراپلا، خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى ئەھلى سۈننەت مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى «خۇدالىق دەۋاسى

قىلدى» دەپ خاتا چۈشەنگىنىدەك، ئۇنى قانداقتۇر «ئاتېئىستىك پەلسەپە» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پېشىۋالىرىنىڭ «ئىنساننى سۆيمەك، ئاللانى سۆيمەكتۇر»، «ئۆزىنى تونۇغان كىشى ئاللانى تونۇيدۇ» دېگەن قاراشلىرى قانداقتۇر «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، ئىنسانلا مەۋجۇت» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «‹مەن› (يەنى ئىنسان) ‹فەنا› ئارقىلىق ئۆزلۈكنى تامامەن يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا ‹مەن›، ‹سەن› دېگەن ئۇقۇملار مەۋجۇت بولمايدۇ، نەتىجىدە ئىنساننى سۆيۈش، ماھىيەتتە ئاللانى سۆيگەنلىك بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى ئالغا سۈرەتتى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تەسەۋۋۇپ باشقا دىنىي پەلسەپىلەردە بولمىغان ئىنسان ئۇلۇغلۇقى تەلىماتلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈردى. ئىنساننىڭ تاشقى دۇنيانى، كائىناتنى ۋە ئاللانى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشى زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا ئۇلار ئىنساننى «ئالەمى ئەكبەر» (چوڭ، ماكرو ئالەم)، كائىناتنى بولسا «ئالەمى ئەسغەر» (كىچىك، مىكرو ئالەم) دەپ قارىدى (82) ۋە جىمى كائىنات سىرلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىگە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇڭا بىز ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىدە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، مىللىتىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەلسەپىۋى تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئوبيېكتىپ ۋە توغرا باھا بېرىشىمىز زۆرۈر.

ئەگەردە بىز مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىگە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلالمايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا تارىختىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيمىز.

نۆۋەتتىكى مۇلاھىزە تېمىمىز يەنە ئەھمەد يەسەۋىيگە قايتىپ كەلدى. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى تارىخىدا ئۆز ئالدىغا «يەسەۋىيە تەرىقىتى» ئېقىمىنى ياراتقان ئەھمەد يەسەۋىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە چوڭقۇر. شائىرنىڭ ئاددىي خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدا ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئەسەردۇر. شائىر ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە باشتىن - ئاخىر تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تەسەۋۋۇپچە ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ:

قۇل خوجا ئەھمەد ئەر بولساڭ ئۆلگەن ياخشى،
قىزىل يۈزۈڭ قارا يەردە سولغان ياخشى،
تۇپراق سۈپەت يەر ئاستىدا بولغان ياخشى،
زاتى ئۇلۇغ خوجا سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

يەر ئۈستىدە ئۆلمەس بۇرۇن تىرىك ئۆلدۈم،
ئاتمىش ئۈچتە سۈننەت دېدى ئىشىتىپ بىلدىم،
يەر ئاستىدا جانىم بىلەن قۇللۇق قىلدىم،
ئىشىتىپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد (83).

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەھمەد يەسەۋىي بىر كەسكىن مۇتەسەۋۋۇپ (سوپىست) بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈم قارىشىمۇ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. خۇددى تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى بولغان «قۇرئان» دا: «ھەر بىر ئىنسان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» (سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت) دەپ قەيت قىلىنغىنىدەك، ئەھمەد يەسەۋىيمۇ ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىرىدە:

ئۆلۈمنىڭ شەربەتىدۇر ئاچچىق شەربەت،
جۈملە ئادەم ئىچمەي ئاندىن قالماس ئېرمىش.

دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدىغا ئىلاھىي ئىشق ياماشقان ھەقىقىي ئاشىق ئۆز جىسمى ۋە تېنىنىڭ پاراغىتىگە پەرۋا قىلمايتتى. چۈنكى تەن بىلەن بىرلەشكەن جان نەپسى - بالانىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇنىڭغا «نەپس» تىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ نەپس ئىنساننى ھەر كويلارغا سالاتتى، ھەتتا گۇناھ پاتقاقلىرىغا پاتۇرۇپ تاشلايتتى. شۇڭا ئىنسان ھەر دەقىقىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، تازىلاپ تۇرۇشى، نەپسى - بالانى يېڭىشى، «ئىلاھىي نۇر» ئارقىلىق ئۆز روھىنى پارلاقلىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئاللادىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك گۈزەللىك ئىچىگە سىڭىپ كېتىشى كېرەك ئىدى...

شۇڭا يەسەۋىي يەنە شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ:

جانىمنى تەندىن ئۈزدۈرۈپ، جاننى بۇ تەندىن بەزدۈرۈپ،
سانسىز گۆرىستان كەزدۈرۈپ ئول نېگە بولدۇم مانا.

قۇل خوجە ئەھمەد تائەت قىل ئۆمرۈڭ بىلمەم نەچچە يىل،
ئەسلىڭ نەسلىڭ ئاب كۆل يەنە كۆلگە قايتارا (84).

يەسەۋىينىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ۋۇجۇدىغا ئىلاھىي ئىشق چىرماشقان چىن ئاشىقنىڭ ھەقىقىي يېتەكچى بولغىنى ئۆلۈمدىن ھالقىغان چەكسىزلىك ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاشۇ چەكسىزلىك - ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) نىڭ ئەبەدىيلىك ۋۇجۇدى بولۇپ، ئىنساننى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان يول پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ «ساپ مۇھەببەت» (ساپ ئىشق) ئىدى. بۇنداق مۇھەببەت تەمەدىن، نەپستىن خالىي ئىدى. ئۆزلۈكتىن ھالقىپ چەكسىز ئۆزلۈكسىزلىك ئىچىدە ھەق ۋۇجۇدىنى ئەبەدىي قۇچاقلاپ تۇراتتى. «فەنا» باسقۇچىغا يەتكەن چىن ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى، ئەمەلىيەتتە ھەق ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز پارلاق ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇڭا يەسەۋىي قىلچە ئىككىلەنمەستىن «نۆۋەت كەلسە ئول شەربەتتىن ئىچەر بىزا» دەپ خىتاب قىلىدۇ...

يەسەۋىي گەرچە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. «يەسەۋىيە» تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئوتتۇرا شەرق، يىراق شەرق ۋە كىچىك ئاسىيا رايونلىرىغىچە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

يەسەۋىيدىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسى گويا دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشاش گاھ يۇقىرى

كۆتۈرۈلسە، گاھ پەسكويغا چۈشۈپ تۇردى. تاكى نەۋائىي (1501 - 1441) دەۋرىگە كەلگەندىلا بۇنداق تەكشىسىز ھالەتكە خاتىمە بېرىلىپ، بۈيۈك بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. لېكىن يەسەۋىيدىن نەۋائىيغىچە بولغان جەرياندا مىللىتىمىز بەدىئىي تەپەككۇرىدا يەنىلا تەسەۋۋۇپ مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنىدى. دەرۋەقە، نەۋائىي بۇ خىل ئىزچىللىقنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ پۈتكۈل بەدىئىي ئىجادىيىتى داۋامىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ چوڭقۇر قاينىمىغا چۆككەنىدى. بىز ئۇنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»، «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئۇنىڭ ئاددىي بىر ھەۋەسكار ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇپ بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. نەۋائىي ياشلىقىدا پارس شائىرى پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە يازغان «لىسا نۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى شۇنىڭ تەسىرىدە يېزىپ چىقىدۇ. نەۋائىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇ (پەرىدىددىن ئەتتار) ماڭا قۇش تىللىرىنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىشىپ يېتىلدىمكى، قۇشلار سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم» (85).

دېمەك نەۋائىي ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن، ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئاتمىش يېشىدا «لىسا نۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. خۇددى مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ: «چىن ئاشىقلىق ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ» دېگىنىدەك، نەۋائىيمۇ بىر ئۆمۈر ئىرىشىش ئارقىلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا ئاندىن «بۇ تىلنىڭ ئۇستازى» بولالىغان. بۇ تىل - قۇشلار تىلى، يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ تىلى ئىدى!...

نەۋائىينىڭ ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» بايانلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ناھايىتى روشەنكى، فەنا (ئۆلۈم ياكى يوق بولۇش) - تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى بىر خىل يۇقىرى باسقۇچ ئىدى. بۇ ئاتالغۇنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بايەزىد بەستامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپكى «ئىلاھىي ئىشق» تەلىماتىنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى ئىدى. ھەقىقىي ئاشىق ئەڭ ئاخىرى ئىنسانىي نەپسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىلا، ئاندىن «فەنا» (ئۆلۈم) لىق دەرىجىسىگە يېتەلەيتتى. شۇنداق بولغاچقا «فەنا» — «ھۆسنى مۇتلەق» كە ئاشىق بولغان چىن ئاشىقنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئىدى. گەرچە تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ يۇقىرى باسقۇچى «فەنا» (ئۆلۈم) دىن ئىبارەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى شەرھلەش ئۈچۈن نەۋائىي ئېيتقاندەك: «يۈز رىسالە كەملىك قىلاتتى».

«فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپتىكى مۇرەككەپ چۈشەنچە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەۋائىي غەزەللىرىدە «فەنا»، يەنى ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىك ۋە چەكسىزلىككە ئېرىشىش ئىدىيىسى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن:

ئەي نەۋائىي، دەۋلەتى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسىپ ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئالغۇەت (86).

دېمەك جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،
نەۋائىي جان بېرىپ ئول جامى چەكمەكتۇر ئەرمانىم (87).

كىم نەۋائىينىڭ فەنا ۋادىسىدا ئېتەر ھۇزۇر،
كەچۈن ئۆزىدىن بەلكى خود ئۆزلۈكىنى ھازىر كۆرمەسۈن (88)

دېمەك، نەۋائىي يۇقىرىقى مىسرالىرىدا ھەق ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقىي مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن «فەنا» لا ئىنساننى ئۆزلۈكتىن، ئىنسانىي نەپسى - بالادىن ھالقىتىپ، ئەبەدىيلىككە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ نەزىرىدە ئۆزلۈكتىن ھالقىغان «فەنا» (ئۆلۈم) قاينىمى ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ ئىدى. بىز بۇنى تۆۋەندىكى غەزەللەردىن ئېنىق كۆرەلەيمىز:

قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋائىي، مۇنى بىل تەرىفى تەسەۋۋۇپ (89).

مەندە يارەب قويما مەنلىكتىن نىشان،
ئۆزلۈكۈمدىن مەھۋ قىل دامەنگە شان (90).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىنسان مەڭگۈلۈك گۈزەللىك بولغان ھەق ۋۇجۇدىغا يېتىشتە، «مەن» دىن كېچىش كېرەك. چۈنكى «مەن» - «ئۆزلۈك» تىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۆزلۈك» تىن قىيالمىغان ئىنسان مۇقەررەر يوسۇندا ئادىمىي نەپسى — بالاغا ئەسىر بولاتتى. شۇڭا «فەنا» (يوقلۇق، ئۆلۈم) ئىنساننى چەكلىك «ئۆزلۈك» دۇنياسىدىن چەكسىز «ئۆزلۈكسىزلىك» دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىشتىكى كۆۋرۈك ئىدى. ئىنسان «فەنا» ئارقىلىقلا ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ ئەبەدىيلىك ھەق ۋۇجۇدىغا ئېرىشەلەيتتى... مانا بۇ نەۋائىي تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، نەۋائىي پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىغا «فانىي» (فەنا) تەخەللۇسىنى قوللانغان. نەۋائىي ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكىنىمدە، قەلىمىم ئىستىداتى تۈپەيلىدىن نەزم گۆھەرلىرىنى چاچقىنىمدا نەزملىرىمگە ‹نەۋائىي› دېگەن تەخەللۇسنى نىشانە قىلىپ قوللاندىم. پارس تىلىدىمۇ شېئىرغا قەلەم تەۋرىتىپ، شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئەسەرلەرنى يازدىم. ئۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا «فانىي» تەخەللۇسى ماڭا نىشانە بولدى» (91) دەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەۋائىينىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىگە قوللانغان «فانىي» (فەنا) تەخەللۇسى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» ئاتالغۇسى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى «فەنا» قاراشلىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن نۇرغۇن مىسرالارمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ.

بىز تېما ئېتىبارى بىلەن نەۋائىي ئىدىيىسىدىكى ئۆلۈم

ئېچىشى ئۈچۈن «فەنا» تەلىماتلىرى بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق. ھالبۇكى، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى «فەنا» تېرمىنى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، نەۋائىي بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىمىزدىكى بۈيۈك «كىتاب». بىز تېخى بۇ كىتابنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، خالاس. ئاۋادا بۇ كىتابنى ئىچكىرىلەپ ۋاراقلاشقا مۇۋەپپەق بولالىساق، تەپەككۇر تارىخىمىزنىڭ يېڭى سىرلىرى ئېچىلغۇسى. . .

9

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە شەرق بىلەن غەربنىڭ تارىخىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندى. ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقى ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە شېئىرىيەتتىكى ئالەمشۇمۇل ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئىتالىيىدىن باشلانغان «ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش» ھەرىكىتىنىڭ ياڭراق ساداسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىدە يەتكۈچە ئۇخلىغان ياۋروپالىقلارنى ئويغاتقان چاغدا، شەرق ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلۈك قاينىمىغا چۆكۈشكە باشلىغانىدى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى غەرب دۇنياسىنى ئەقلىلىك دەۋرگە ئېلىپ كىردى. ئەدەبىياتتىكى قايتا گۈللىنىش بىلەن تەبىئىي پەنلەردىكى پارتلاش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر ئۇلاردىكى ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن پەلسەپىۋى روھنىڭ قانىتىنى يەشتى. نەتىجىدە، «يۇنان - رىم دەۋرى» دىن كېيىنكى قايتا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلدى. . .

ناھايىتى ئەپسۇس، شەرقتە تامامەن باشقىچە بىر خىل تۇرغۇنلۇق ھالىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشى قۇرۇقلۇقتىكى «يىپەك يولى» نى خەلقئارا ئالاقىدىكى ئالەمشۇمۇل ئورنىدىن مەھرۇم قىلدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ شەرق - غەرب ئالاقىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك ئورنىنى يوقىتىپ، دۇنيادىكى چەت، خىلۋەت ۋە ئۇنتۇلغان زونىغا ئايلىنىپ قالدى. ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغان تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىمۇ ئۆزىنىڭ شەرقچە پىنھان سۈكۈتلىرىگە غەرق بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنى قاپلىغان، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان بۇ ئۇزۇن دەۋر كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇراتتى. بىر مەھەل گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا قانداق قىلىپ چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالدى؟ ئىسلام دىنى بىر ئەقلىي دىن بولۇشقا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى نېمىشقا تەرەققىي قىلالمىدى؟ نەۋائىيدىن كېيىنكى بەدىئىي ئىجادىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى؟. . .

دەرۋەقە، سوئاللار ساناقسىز ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاقساق تېمۇر ھاكىمىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى، تارىم ۋادىسىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ھەمدە ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىپ، سىياسىي سەھنىگە چىقىشى نەتىجىسىدە، مىللىتىمىز گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان جاھالەتلىك دەۋر ئىچىدە قېپقالدى. سىياسىي تىنچسىزلىق، مەنىۋى چۈشكۈنلۈك، دىنىي تەرەپبازلىق، ئىقتىسادىي قاششاقلىق ۋە ئەسەبىي سوپى - ئىشانلىق مۇشۇ دەۋر جاھالىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى. بەدەخشان ۋە ماۋرەئۈننەھر رايونلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن ئاتالمىش سوپى - ئىشانلار بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك ۋە ھوقۇق تالىشىپ تىنىمسىز ئۇرۇشلار ئېلىپ باردى. يۇتكۇل ئالتە شەھەر خەلقىنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىككى لاگېرغا بۆلۈپ، بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ قويدى. تەسەۋۋۇپ ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل چىن ئېتىقاد يولى ئەمەس، بەلكى قانداق پايدىلانسا بولۇۋېرىدىغان سىياسىي كوزىرغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا مۇشۇ دەۋر خوجا - ئىشانلىرى تەرغىب قىلغان تەسەۋۋۇپ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىن چەتنىگەن، پەلسەپەگە يات بولغان ۋە سىياسىي تۈس ئالغان جاھالەت شوئارى ئىدى. موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆز دەۋرىدىلا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن خوجا - ئىشانلارنىڭ ئەسەبىي تەرەپبازلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ: «. . . ھەر ئىككى تايىپىنىڭ ئېتىقادى خاتا ۋە بىھۇدىدۇر» [92] دېگەنىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئاتالمىش «خوجىلار دەۋرى» دىن كېيىن، بىزدە پەلسەپە نامراتلىقى باشلاندى. مىللىتىمىزنىڭ خوراپاتلىق بىلەن قېتىلغان، ئەسەبىي تەرەپبازلىقتىن گاڭگىرىغان كاللىسىدا ئەقلىي تەپەككۇردىن ئەسەر قالمىدى. ئۇلار «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجا - ئىشانلارغا ئەگىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا، بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، مازار - خانىقالاردا تۈنەشكە رازى بولدىكى، ھەرگىزمۇ: «بىز ئىنسان، بىز تەپەككۇر ئىگىسى، بىز ھەممىمىز تىلى، دىنى، قېنى بىر بولغان قېرىنداش، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش ھوقۇقىمىز بار!» دېگەنلەرنى ئويلاپ قويمىدى. ئىسلام دىنى گەرچە ئەقلىنى تەشەببۇس قىلغۇچى دىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنى، تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىشنى، سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىدى. نەتىجىدە، بىزدىكى ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. شۇڭا، بىزدە ھەم ئۆزىمىزنى تونۇيدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان جۈرئەت يوق ئىدى. ھەتتا مىللىي ئېڭىمىز شۇ قەدەر پەسكويغا چۈشتىكى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدۇق. «"ئۇيغۇر" دېگەن ئېتنىك نام XV - XVI ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى» [93]. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تىلىمىزنىڭ ساپلىقى زور دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ شىددەتلىك خىرىسىغا دۇچ كەلدى. ھەتتا نەۋائىي تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈك تەرەپدارى بولغان سۇ ھەيلى بىر ئېشەككە توقۇم توقۇپ، ھىرات شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا «پالانى ئەلشىر» (ئەلشىرنىڭ توقۇمى) دەپ جار سېلىپ، نەۋائىينى

مەسخىرە قىلىنغانىدى [94]. شۇڭا مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئەپەندىم بۇ ھەقتەتوختىلىپ: «نېمە ئۈچۈندۇر- بىزدە ئىسلامىيەت شارائىتىدا ئۆز تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىستىكى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، غورۇر كېمەيگەن. . . » [95] دەپ ئۆچۈق ئېيتقانىدى.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بىزدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئىسلام دىنىنى مەنبە قىلغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمى بىر خىل مىستىك تەلىمات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا قويغانىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ بۈيۈك پېشۋالىرىدىن بولغان غەززالى، ئىبنى ئەرەبىي، جالالىددىن رۇمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قاراشلىرىدا ئەقىلنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، لېكىن ئەقىل بىلەن ھەقىقەت (يەنى ۋۇجۇدى مۇتلەق) نى بىلگىلى بولمايدۇ، ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن قەلب كۆزى بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. ھەتتا جالالىددىن رۇمى شۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل سېنى ھەقنىڭ بوسۇغىلىرىغا ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ شۇنداق قالتىس ھەم مەقسەتكە مۇۋاپىق. لېكىن بۇ بوسۇغىغا يەتتىڭمۇ، ئەقىلنى قوي (ئۆزۈڭدىن يىراق قىل)، ئۆزۈڭنى ھەققە تاپشۇر. ئەمدى ‹قانداق›، ‹نېمە ئۈچۈن› دەپ سوراش بىھۇدىدۇر» [96]. دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەقىل دۇنيانى بىلىشتە مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتنى بىلىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. پەقەت پاكلانغان، ئىشق بىلەن ئورالغان قەلب (كۆڭۈل) لا ھەقنى تونۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولالايتتى. شۇڭا ئەقىلدىن ھالقىغان بىر خىل ئىچكى بىۋاسىتە سېزىم بىلىشتىكى ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىدى. لېكىن تەسەۋۋۇپ ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايتتى.

ئېھتىمال تەسەۋۋۇپتىكى بۇ خىل قاراشلار مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەقلىي تەپەككۇرىنىڭ نامراتلىشىپ، ئەسەبىي ھېسسىيات مىللىتى بولۇپ قېلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تەسەۋۋۇپتىكى نۇرغۇنلىغان ئىلغار پىكىرلەر «خوجىلار دەۋرى» گە كەلگەندە زور دەرىجىدە بۇرمىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى يوقاتتى. نەتىجىدە خوجا - ئىشانلار تەرغىب قىلغان ئاتالمىش «تەسەۋۋۇپ» ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئورنىنى يوقىتىپ، خەلقنى تەركىي دۇنياچىلىققا باشلايدىغان روھىي كىشەنگە ئايلاندى. شۇڭا بىزدە ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى بىلەن كېيىنكى خوجا - ئىشانلار دەۋرىدىكى بۇرمىلانغان تەركىي دۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان كۆز بولۇشى كېرەك.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسان - تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە مەخلۇق. سپىنوزا نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئىنسان - پىكىر قىلغۇچىدۇر» [97]. ئەسلى ماھىيىتىدىن كۆزەتكەندىمۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئىختىرا قىلىش تارىخىدۇر. شۇنداقكەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىشى ھەر قانداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئېغىر پاجىئە. ئەقلىيلىك ئۈچقۇنلىرىدىن ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر روھىدىن ئايرىلغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مىللىتىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ پاجىئەلىك دەۋرلەر ئىدى. نەۋائىيدىن كېيىن تاكى بىزنىڭ ئەسىرىمىزگىچە پۈتكۈل مىللىتىمىز تەپەككۇرىنى ئالغا باشلىيالايدىغان ئۇلۇغ پەلسەپە مەيدانىغا كېلەلمىدى. ھەتتا بىزدىكى مىللىي ئاڭ شۇ دەرىجىدە چۈشكۈنلەشتىكى، مىللىتىمىزنىڭ نامىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويدۇق. نەتىجىدە ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇش، ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش غايىلىرىمىز يوقالدى. ئىنساننىي تەلەپ ۋە ھاياتىي ئىستەكلىرىمىزنىڭ غوۋۋا سادالىرىمۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھالىتى ئىچىدە كۆمۈلۈپ كەتتى. «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن ھەدىسنى ھەممەيلەن ئاڭلاپ باققان، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىش خىيالىمىزغىمۇ كىرمىدى. دەرۋەقە، ئۆزىنى بىلمىگەن مىللەت قانداق قىلىپ رەببىنى بىلەلەيدۇ!؟ . . .

يۇنان پەيلاسوپى سوقرات: «ئۆزۈڭنى تونۇ!» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ شاگىرتى پلاتون بۇ سۆزنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «بىز سىرتقى دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنى ناھايىتى تەستە تونۇيمىز» دېگەنىدى. مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پاجىئەسى دەل ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزنىڭ كەمچىللىكىدە ۋە ئەقلىي تەپەككۇرىمىزنىڭ سۇسلۇقىدا ئىدى. شۇڭا بىزدە ئىنساننى، ھاياتلىقنى ۋە ئۆلۈمنى ئويغاق سەزگۈدە تۇرۇپ كۆزىتىدىغان، مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئىپادە قىلالايدىغان، روھىي دۇنيايىمىزنى نۇرلاندۇرالايدىغان ئىرادە بولمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قانچىلىغان تارىخىي پاجىئەلەر، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر ۋە تراگېدىيەلىك قىسمەتلەر گويا يوقالماس سايىدەك مىللىتىمىزنىڭ كەينىدىن سوزۇلۇشىپلا كەلدى. خۇددى ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك: «بۇ دەۋر ئويغۇدەۋرى ئەمەس، ئويغاق دەۋر» [98] ئىدى. غەپلەت ئۇيقۇغا غەرق بولغان مىللەتنىڭ تەپەككۇر قانىتىمۇ بوغۇلاتتى. سوقرات ناھايىتى ئۆچۈق دېگەن: «تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» [99]. ئۇنداقتا، ئەقىل روھىدىن مەھرۇم بولغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مەدەنىيەت تارىخىمىزنى قانداق تىلغا ئالىمىز؟ دەرۋەقە، بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن بىللە يەنە ئۆز زەئىپلىكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. پاسكال مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم تەبىئەتتىكى ئەڭ ئاجىز ۋە ئەڭ نازۇك قومۇش، لېكىن ئۇ تەپەككۇر قىلالايدىغان قومۇش» [100]. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر داۋامىدا مىللىتىمىز گويا تەپەككۇردىن ئايرىلغان ئاجىز قومۇش بولۇپ قالغاچقا، 20 - ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىمىزدىن چىقارغان يەكۈنىمىز دەل ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزنىڭ كەملىكى ۋە ئاجىزلىقى، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش غايىمىزنىڭ سۇسلۇقىدا ئىپادىلىنەتتى. ناۋادا

بىر مىللەت ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشمىسا، ئۇنى كىم قۇتقۇزالايدۇ! ؟ «قۇرئان» دا بۇ ھەقتە تولىمۇ ئېنىق بايان بېرىلگەن: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» [10] .

10

ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھالاكەت سىنىقىغا بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادە مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۆلۈم تېمىسىدىن ۋە سەنئەتنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پەلسەپە قايىنىمىغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى سەنئەت ئۆلۈمنى نوقۇل ھېسسىي نۇقتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي خۇلاسە نۇقتىسىدىنمۇ ئىپادە قىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىدىكى سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئاندېرسېننىڭ «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» ناملىق بالىلار ھېكايىسىدىكى ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان كىچىككىنە قىزنىڭ ئاخىرقى بىر تال سەرەڭگە يورۇقىدا كۆرگەن ئاجايىپ گۈزەل خىيالىي دۇنياسى؛ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە ئاخىرقى تىنىقى قالغان لىن دەييۈنىڭ ئۈنسىز يىغا ئىچىدە شېئىر ئوقۇشى؛ ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان كۈمۈش بىبىنىڭ كۈندىشى تەرىپىدىن زەھەر ئىچۈرۈلۈپ ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئىچىدە جان ئۈزۈشى؛ ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا، قورالىم» رومانىدا سېستىرا قىز كاسېرىننىڭ تۇغۇت ئازابىدا ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن ئېلىشىپ ئەڭ ئاخىرى مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇشى. . . قاتارلىق نادىر بەدىئىي تەسۋىرلەر بىزنى شۇنچىلىك ئازابلىق ھاياجانغا سالىدۇكى، كىتابخان پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشۇ مىسلىسىز تراگېدىيىلىك زوق ئىچىدىن ئۆز ـ ئۆزىنى ئويغىتىدۇ. ئەسلى ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان، ئەمما بىۋاسىتە ھېس قىلىنمايدىغان، ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببەتلىك چۇقانىغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. سەنئەت مانا مۇشۇنداق ئۆلۈم سىنىقىنى بەدىئىي يول بىلەن ئىپادە قىلىش ئارقىلىق ئىنساندىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئۆلۈم مەنزىرىسى ئادەمنىڭ پىنھان روھىي دۇنياسىنى لەختە ـ لەختە قىلىپ، مەنۋىيەتتە مىسلىسىز ئازابلىق زىلزىلە قوزغايدۇ. ئادەم ئۆلۈم ئۇقۇمىنى ھېس قىلىش جەريانىدا قاتتىق جىددىيلىشىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان قىسقا دەقىقە ئىچىدە بۇ دۇنيانىڭ جىمى رىيازەتلىرىنى بىراقلا سىلكىپ تاشلىۋېتىپ، ھاياتقا يېپيېڭى مۇھەببەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ھېسسىيات تازىلىنىپ، روھ بىر قېتىملىق كۆتۈرۈلۈشكە ئېرىشىدۇ.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئاز بولمىغان يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆلۈمگە بولغان يوشۇرۇن ۋە مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلدى. مەشھۇر شائىر ئالان پوئې، «جەسەت شائىرى» دەپ نام ئالغان بېدلېر ۋە دوستويېۋسكىيلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئۆلۈمنى مۇھىم بىر تېما قىلدى. دوستويېۋسكىي چار پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ جازا ئىجرا قىلىنىشقا بىر نەچچە مىنۇت قالغاندا، كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە ھېس قىلغان ئاشۇ «قورقۇنچلۇق چەكسىز ۋەھىمىگە تولغان، ئەزرائىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئېغىر پەيتتە» ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدىن «ھايات بىر سوۋغات، ئۇنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى بەختلىك دەۋرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن تەسراتقا ئېرىشىدۇ. كېيىن دوستويېۋسكىي ئۆزىنىڭ «سارالڭ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر مەھبۇسنىڭ جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدىكى ۋەھىملىك روھىي دۇنياسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان مەشھۇر ئەسەرنى يارىتىدۇ.

سەنئەت ئۆزىنىڭ ئۆلۈم سىنىقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئىپادە مەسئۇلىيىتى جەھەتتىن، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تەقدىرىگە يېقىندىن ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى. بەزى سەنئەتكارلار، نوقۇل شەخس ھاياتىدىكى ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدىن ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مەلۇم مەنىدىن ئىنسانىيەتكە ھالاكەت ئۈستىدىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. نورۋېگىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى، ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ سەركەردىسى مىنك دەل مۇشۇنداق سەنئەتكارلار تىپىدىن ئىدى. ئۇ بەش ياش چېغىدا ئانىسى سىل كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېيىن دادىسى ۋە ئۇكىسى ئارقا ـ ئارقىدىن جان ئۈزىدۇ. يالغۇز قالغان سىڭلىسى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ بالىلىق چاغلىرىدا ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنى بىر ئۆمۈر ئورىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ھايات ۋە ئۆلۈم، مۇھەببەت ۋە ۋەھىمىنىڭ كۆلەڭگۈسى ھامان گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. 1895 ـ يىلى ئۇنىڭ «چۇقان» ناملىق رەسىمى ئېلان قىلىنىدۇ. «قان رەڭلىك قىزغۇچ ئاسمان، غۇۋا گىرىمسەن سىزىقلار، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز قورقۇنچىدىن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئادەم. . . » . بۇ رەسىم نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا بۇ رەسىمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ھېچكىممۇ چۈشەنمىدى ھەم چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، شۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ رەسىمدىكى ۋەھىملىك مەنزىرە ياۋروپادا رېئاللىققا ئايلاندى. قان ـ ياشلىق 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىر پارتلىدى.

لۇشۈنمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغان ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق، مەنىۋى تەسەللىيچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان ئېھتىياجىنى يوقاتقان ئا Q نى ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈم سىرتمىقىغا سالدى. «دورا» ھېكايىسىنى دەھشەتلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن سۇغاردى. ئۇ ئۆلۈم سىنىقىنى غەپلەت ئۇيقۇ ئىچىدە كۈتۈۋالماستىن، بەلكى ئويغاق ھالەتتىكى سەزگۈر ئاڭ بىلەن ھېس قىلىشنى تەكىتلىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ھاياتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى

ئۆلۈمدىن ھالقىشتىن ئىبارەت. ئۆلۈم - بىر ئۆمۈر سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەر قانداق سەنئەتكار ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرۇش تەس بولغان تېما. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تارىخى تەرەققىياتى باشقا ھەر قانداق جانلىقلارنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ روشەن ۋە تەرتىپلىك ئۆرلەش باسقۇچىغا ئىگە. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەمنىڭ جىسمى ھاياتى كۆچىنى يوقاتقاندىن كېيىن يەنىلا بىر خىل روھ ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئۆلۈمدىن ھالقىشتىن ئىبارەت. چوڭقۇر تەجرىبىگە ئىگە سەنئەتكارلار ئۆلۈمنى مۇشۇ نۇقتىدىن ئىپادە قىلدى. ئۇلار ئۆلۈمنى ھاياتلىق روھىنىڭ ئەڭ كەسكىن سوتچىسى ۋە تازىلىغۇچىسى سۈپىتىدە قارىدى.

سەنئەت ئۆلۈمدىن ھالقىغان ئۇلۇغۋار روھنى يۈكسەك ئېستېتىك رەڭ بىلەن بويىدى. سەنئەتكارلار ئۆلۈمگە كىشىلىك ھايات نۇقتىسىدىكى پوزىتسىيىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېستېتىك نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار بىردەك: ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىدىكى بىر خىل چەك - چېگرا ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىدىكى بىر خىل مەنزىل. بۇ ئالاھىدە مەنزىلدىكى ھاياتلىق روھى ھاياتلىق ۋە ماماتلىقتىن تامامەن ھالقىپ، ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەڭ ئاخىرى ئىرادە قۇياشى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئېگىزدە تۇرۇپ ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىنى يورۇتىدۇ ۋە ئالغا باشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھېمىڭۋاي ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار روھنى ئىپادە قىلغان بۈيۈك سەنئەتكار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار كىشىلىك پەزىلىتى ئارقىلىق ھاياتلىق بىلەن ئىجادىيەتنى، ئۆلۈم بىلەن سەنئەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى. دەرۋەقە، ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى شەخسىي چەكلىملىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتىدا ئۈچ قېتىم ئۆلۈم سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى. ھايات تۇرۇپ ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى يازدى. ئەڭ ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى نامايان قىلدى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. خۇددى مەشھۇر ئوبزورچى O. بېئىس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ھېمىڭۋاينىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىرلا تېمىسى بار. بۇ تېما ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا يوشۇرۇنغان. ئۇ ‹چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم› ناملىق ھېكايىسى بىلەن ‹ئەلۋىدا، قورالىم› ناملىق رومانىدا ئۆلۈم ئېڭىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىغا يېقىنلاشتى. ھېمىڭۋاينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ جېنى بىلەن ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئۇقۇم جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن زور بولغان، گويا جۈپ قۇتۇپلۇق ماگنىتتەك بۈيۈك سىر ئىدى».

ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىياتىدىكى گىگانت شەخس ئەزىز نەسىنمۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك بەدىئىي ئىجادىيىتى داۋامىدا، ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر چۈشەندى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 75 ياشقا تولغان خاتىرە كۈنىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆتمۈشۈمدىن، بالىلىقىمدىن بېرى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىشكە مەجبۇر بولغان سىرلارنىڭ بىرى - ئۆلۈمدۇر. مەن ئۆلۈمنى ناھايىتى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغان بىر ئىنسانمەن. ئۆلۈمنى چۈشىنىشنى ئىزدىگەن ئىنسان ئۆلۈمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۆلۈم مېنى ئىزدىنىشكە، تەپەككۇرغا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتكە مەجبۇر قىلغان بىر ئۇلۇغ كۈچتۇر. بەزى ئوقۇرمەنلەردىن ماڭا مەكتۇپ كەلدى، ئۇلار مەكتۇپلىرىدا ماڭا: ‹سەن ئۆلۈمنى تولىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىنسانسەن›، دېگەنىدى. مېنىڭ ھاياتىم - ئۆلۈم، زامان، سۆيگۈ، ئىنسان ۋە بارلىقتىن ئىبارەت بۇ بەش نۇقتا ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ بەش نۇقتا مېنىڭ ھاياتىمنى پۈتۈنلەي چۈشەنچىلىرىم ۋە تۇيغۇلىرىمدۇر...» (102).

بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر بۈيۈك نامايەندە، ئۇلۇغ قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ 1970 - يىللاردىن كېيىن يازغان «ئاق پاراخوت»، «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، «ئەلۋىدا گۈلسارى»، «قىيامەت» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ رېئاللىقىنى، يەنى تراگېدىيىلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى. «ئاق پاراخوت» تا، يەتتە ياشلىق سەبىي بالىنىڭ بوۋىسىدىن بۇغا ئانا ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىلىق ۋىجدانى بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بىر - بىرىنى زادىلا سىغدۇرالمىغانلىقى؛ ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ «تاشلاندۇق بالا» نىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنى ئىسسىق كۆلگە تاشلاپ بېلىقلارغا قوشۇلۇپ يىراقلارغا ئۈزۈپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. «ئالا ئىت قىياسى» دا، ئەمدىلا بېلىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان قىرسىقنىڭ دېڭىزدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ھالاكەتلىك كەچمىشى بىلەن پەرىزات بېلىق ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەت ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. «قىيامەت» تە، چەكسىز ئازابلىق كەچۈرمىشلەردىن كېيىن چۆچۈپ ئويغانغان بوستوم ئۆلۈم ۋە رېئاللىقتىن تامامەن ھالقىپ پايانى يوق چەكسىزلىك ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئايتماتوۋنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆلۈمگە بولغان مۇرەككەپ چۈشەنچىسى ۋە ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادە قىلىدۇ.

## 11

ئۆلۈم - ھاياتتىكى ئوبيېكتىپ ھادىسە. ئۇ، ھاياتنىڭ قارشى قىرغىقى. سەنئەت ھاياتنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپادە ئوبيېكتى قىلغانىكەن، مۇقەررەر يوسۇندا ئۆلۈمگە نىسبەتەنمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا، سەنئەت ۋە پەلسەپىدە ئۆلۈمنىڭ ئىزچىل ئىپادە قىلىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھاياتقا ئوخشاشلا ئۆلۈممۇ ئىنسان ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىل. شۇڭا، ئادەمنى ئۆز مەقسىتى قىلغان سەنئەت، ئادەمنى ئىپادە قىلالايدىغان ھەر قانداق تېمىغا ئېتىبارسىز قارىمايدۇ. ئۆلۈمنىڭ سەنئەتتە باشتىن - ئاخىر ئىپادە قىلىنىشى ۋە

سەنئەتنىڭ ئۆنى ئىنچىكە مۇھىم تېمىسى سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئۇنىڭ ئىنسانغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى سەنئەت ئىنساننى غەپلەت ئۇيقۇدا ئەمەس، سەگەك سېزىمدا تۇرۇپ ھالاكەت سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تۈرلۈك ئۈمىدسىزلىكلەرنى يوق قىلىشقا، ئۆز - ئۆزىدىكى كىرىزىس تۇيغۇسىنى قامچىلاپ، روھىنى ئويغىتىشقا مەجبۇر قىلغان. سەنئەت يەنە ئۆزىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بەدىئىي قۇدرىتىگە تايىنىپ ھالاكەت ۋە ئۆلۈم سىناقلىرى ئارقىلىق ئىنساندا مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى جۇغلاشقا چاقىرىق قىلىدۇ. شۇڭا، سەنئەت دەۋرىنىڭ قان تومۇرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق مىللەتكە ئورتاق ئېستېتىك زوق بېرەلەيدىغان مەردانە ناخشىلارنى ياڭرىتالايدۇ.

## ئىزاھاتلار


① ئارىستوتىل: «پوئېتىكا»، 19 - بەت، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

② ئەسئەت سۇلايمان: «تراگېدىيە تۇغقان سوئال» - «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 2 - سان، 18 - بەت.

③ سىگموند فرېئۇد: «روھىي ئانالىزچىلار يىلنامىسى»، 5 - جىلد، 148 - بەت، لوندون 1953 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

④ كولىن: «ئۆزلۈك نەزەرىيىسى»، 334 - بەت، «سەنلىيەن» نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە - ئۆلۈمگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، 33 - بەت، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑥ «ئىنجىل. دۇنيانىڭ يارىلىشى» - «ۋارات. جەننەتتىن قوغلىنىش»، ستوكھولم «ئىنجىل تەرجىمە ئىنستىتۇتى»، 1993 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

⑦ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەر، 35 -، 36 - ئايەتلەرگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑧ جامېس فرازېر: «كونا ئىنجىلدىكى فولكلور»، 17 - بەت، لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى.

⑨ «كونا ئىنجىل، دۇنيانىڭ يارىلىشى»، 3 - سۈرە 1 - ئايەت.

⑩ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت.

⑪ مورتىمېر ئادلېر تۈزگەن «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 143 - بەت، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑫ «دىن ئىنسىكلوپېدىيىسى»، 4 - توم، 252 - بەت، ماكمىللان نەشرىيات شىركىتى، نيۇ - يورك، 1987 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

⑬ شوپېنخا ئۇئېر: «مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ رىيازەتلىرى»، 149 - بەت، جۇڭگو تىنچلىق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑭ «فرېئۇدنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «خۇشاللىقتىن ھالقىش پرىنسىپى» غا قاراڭ، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑮ پلاتون: «فېدرۇ»

⑯ پلاتون: «ئاقلاش»

⑰ پلاتون: «فېدرۇ»

⑱ سىسېرو: «مۇلاھىزىلەر توپلىمى»، I جىلد، 39 - بەت. «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 143 - بەتكە قاراڭ.

⑲ سىسېرو: «قېرىلىق ھەققىدە»، XXII.

⑳ سىسېرو: «قېرىلىق ھەققىدە»، XIX.

㉑ مونتاگنى: «نەسىرلەر توپلىمى»، I.

㉒ مونتاگنى: «نەسىرلەر توپلىمى»، II

㉜ روسسۇ: «ئېمىل»، II.

㉔ سپىنوزا: «ئىلاھىيەت پولىتىكىسى»، XII باب.

㉕، ㉖ شوپېنخا ئۇئېر: «مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ رىيازەتلىرى» - «ئۆلۈم ھەققىدە» ناملىق قىسمىغا قاراڭ.

㉗ نىتزى: «قارا، بۇ ئادەمگە!» (Ecco Home) «دىن ۋە پەلسەپە لۇغىتى» 437 -، 438 - بەتلەر، لوندون، 1989 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

㉘ ۋ. كافمان: «مەۋجۇدىيەتچىلىك» (- دوستويېۋىسكىيدىن سارتىرغىچە)، 106 - بەت، سودا نەشرىياتى، 1994 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉙ ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە - ئۆلۈمگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، 32 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

㉚ سىگموند فرېئۇد: «روھىي ئانالىزچىلار يىلنامىسى»، 5 - جىلد، 148 -، 149 - بەتلەر، لوندون، 1953 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

㉛ فرازېر: «ئۆلمەسلىك ئېتىقادى ۋە ئۆلگۈچىگە تېۋىنىش»، 1 - جىلد، 5 - بەت، لوندون، 1961 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

㉜ سۇڭ ياۋلياڭ: «سەنئەتكارنىڭ ھاياتىي كۈچى»، 4 - بابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ. شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉝ جاڭ ۋېنچۇ: «ئۆلۈم ھەققىدىكى سۈكۈتلۈك ئويلار»، 29 - بەت، خېنەن نەشرىياتى، 1994- يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉞، ㉟ داۋىد لىمىڭ / ئېدۋىن بېلدا: «ئەپسانىشۇناسلىق»، 1 - بۆلۈم، 3 - بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.

㊱ ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە - ئۆلگۈچىگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، 14 -، 15 - بەتلەر.

㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 16 - بەت.

㊳ يۇقىرىقى كىتاب 17 - بەت.

㊴ يې شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش» - «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھاكىمە مۇنبىرى»، 1986 - يىل 1 - سان، 33 - بەت.

㊵ نىلسېن (N.o.Nielsne): «دۇنيادىكى دىنلار»، 55 - بەت، 1983 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

㊶ ئالان داندېس: «دۇنيانى سۇ ئاستىدىن قۇتقۇزغۇچىلار - ئەپسانە دەۋرىدىكى ئەرلەرنىڭ ياراتمىسى» - «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 1 - سان، 58 - بەت.

㊷ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 1 - قۇر.

㊸ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شىمال تەرەپ، 10 -، 11 - قۇر.

㊹ ئابدۇقادىر ئىنان (تۈركىيە): «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، 16 - بەت، ئىستانبول، 1976 - يىل تۈركچە نەشرى.

㊺ ئىبراھىم مۇتىئى: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» - «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى»، 36 -، 37 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

㊻ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 16- بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㊼ «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، 50 - جىلد.

㊽ ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، 28 -، 29 - بەتلەر، تاشكەنت، «چولپان» نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى؛ رەشىدىدىن (ئىران): «جامىئۇل تەۋارىخ»، 1 - قىسىم، 1 - كىتاب، 251 -، 252 - بەتلەر، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ - 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㊾ شۆزۇڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، 753 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

(50) بوك: «يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك» ـ «غەرب مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن تېزىسلار»، 203 ـ، 204 ـ بەتلەر، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى، 1957 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

(51) شۆز ۋىڭجىلڭ: «تۈرك تارىخى»، 752 ـ، 753 ـ بەتلەر.

(52) «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 12 ـ قۇر.

(53) «تۈركولوگىيە تەتقىقات يىللىقى»، 1968 ـ يىللىق سانى، 39 ـ، 40 ـ بەتلەر، ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.

(54) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» 499 ـ، 500 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

(55) گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 134 ـ بەت، «سەنلىيەن» نەشرىياتى، 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

(56) جېلك يۈەنخې: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، 195 ـ بەت، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

(57) «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 313 ـ، 316 ـ بەتلەر.

(58) رەشىد رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر، ئەنقەرە، 1986 ـ يىل تۈركچە ئىككىنچى نەشرى.

(59) «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 171 ـ، 172 ـ بەتلەر.

(60) يۇقىرىقى كىتاب، 174 ـ بەت.

(61) «قۇتادغۇبىلىك»، مۇقەددىمىسى، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

(62) فوئاد كۆپرولۇ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى مۇتەسەۋۋۇپلار»، 19 ـ بەت، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل تۈركچە نەشرى.

(63) ئىبراھىم ھەققۇل: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت» 27 ـ بەت، تاشكەنت، 1991 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

(64)، (65) «ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ شېئىرلىرى ۋە تىببىي داستانلىرى»، تاشكەنت، 1981 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

(66) «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ ئۆمەر ھەييام: «روبائىيلار»، تاشكەنت، 1976 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

(67) نىزامىددىن ھۈسەيىن: «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ سانلىرىغا قاراڭ.

(68) ئەھمەد يەسەۋىي: «دىۋان ھېكمەت» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى 14 ـ سان، 161 ـ بەت.

(69) «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 15 ـ سان، 203 ـ، 204 ـ بەتلەر.

(70) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، 142 ـ، 143 ـ بەتلەر، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(71) «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەر، 30 ـ، 34 ـ ئايەتلەر.

(72) گېگىل: «ئەسەرلەر»، I توم، 105 ـ بەت، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1935 ـ يىل روسچە نەشرى.

(73) غەززالى: «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» (روسچە تەرجىمە). 214 ـ، 215 ـ بەتلەر، موسكۋا، 1984 ـ يىل نەشرى.

(74) ئۆمەر ھەييام: «روبائىيلار»، 5 ـ بەت، تاشكەنت، 1976 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

(75) «تۈرك تىلى تەتقىقاتى يىللىقى» (TDAY)، 70 ـ بەت، ئەنقەرە، 1971 ـ يىل تۈركچە نەشرى.

(76) رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى»، 46 ـ بەت، تاشكەنت، 1986 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

(77) «يۇنۇس ئەمرە شېئىرلىرىدىن تاللانما» ـ «تۈرك تەتقىقاتى خەۋەرلىرى (TurKish Review)، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان، ئەنقەرە، ئىنگلىزچە نەشرى.

(78) نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» ـ «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە)، 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(79) مەنسۇر ھەللاجى ـ ئىسلام تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدىن بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا «ئەنەلھەق» (مەن خۇدامەن) دېگەن قاراشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دەۋرىدىكى ئەھلى سۈننەت پاكى ئىسلام شەرىئىتى ئۇنى «خۇدالىق دەۋاسى قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ زىندانغا تاشلىغان. لېكىن ئۇ «ئەنەلھەق» تەلىماتىدىن قەتئىي يانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى خەلىپىنىڭ تەستىقى، باغداتتا قازىسىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ھىجرى 309 ـ يىلى (مىلادى 922 ـ يىلى) ئەتىيازدا باغداتتا دارغا ئېسىلغان.

(80) سەلچۇك ئەرايىددىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 149 ـ بەت، ئىستانبول، 1981 ـ يىل تۈركچە نەشرى.

(81) ئەھمەد يەسەۋىي: «ھېكمەتلەر كۈللىياتى» ـ «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە)، 13 ـ بەت، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(82) رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 46 ـ بەتتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن جالالىددىن رۇمىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا قاراڭ:

«گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ ، ئالەمى ئەسغەر ،
ھەقىقەتتە سەندۇرسەن ، ئالەمى ئەكبەر ،».

(83) ئەھمەد يەسەۋىي: «دىۋان ھېكمەت» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق ئومۇمىي 14 ـ سان.

(84) يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

(85) نەۋائىي: «لىسانۇتتەير»، موللا سىددىق يەركەندىي نەسرلەشتۈرگەن نۇسخىسى ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان، 77 ـ بەت.

(86)، (87)، (88) نەۋائىي: «غەزەللەر»، 205 ـ، 397 ـ، 401 ـ بەتلەر، ت. ئېلىيوپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

(89) ئىبراھىم ھەققۇل: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 5 ـ بەت.

(90) نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان، 84 ـ بەت.

(91) يۇقىرىقى كىتاب، 88 ـ بەت.

(92) ـ (70) ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

(93) ئىبراھىم مۇتىئى: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» ـ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى»، 34 ـ، 35 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

(94)، (95) ئەھمەد زىيائى: «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق ئومۇمىي 11 ـ سان، 200 ـ، 199 ـ بەتلەر.

(96) م. ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، 30 ـ، 31 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ، 1987 ـ يىل روسچە نەشرى.

(97) سپىنوزا: «ئېتىكا» I ، «غەرب تەپەككۇر خەزىنىسى» ، 423 ـ بەت، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

(98) ئابدۇقادىر داموللام: «نەسىھەتى ئامما» ـ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 4 ـ توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

(99) خۇاڭ يەن: «قارا ئۆڭكۈردىن ھالقىپ ئۆتۈش»، 1 ـ بەت، شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

(100) پاسكال: «تەپەككۇر خاتىرىلىرى»، I ـ «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 347 ـ بەت.

(101) «قۇرئان كەرىم»، سۈرە رەئىد، 11 ـ ئايەت.

(102) «ئەزىز نەسىن 75 ياشتا»، 50 ـ، 51 ـ بەتلەر، ئىستانبول، 1990 ـ يىل تۈركچە نەشرى. **(M1)**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ماگىستىر

## مۇھاكىمە




ئابدۇقادىر جالالىددىن

# ئەنئەنە ۋە تارىخ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

**ئاپتوردىن:** 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «گۆڭگا شېئىر» ھادىسىسىنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كىشىلىرىمىز ئەنئەنە ۋە ۋارىسلىق ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشقانىدى. غۇلغۇلىنىڭ مەزمۇنى گەرچە ساددا بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى ئويلىنىشىمىزنىڭ پىلتىسىگە يېقىلغان تۇنجى قېتىملىق ئوت بولۇپ قالدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئەنئەنىنى ئاساسەن ئۆتمۈشنىڭ باغرىدا دۈۋىلىنىپ ياتقان جۇغلانما دەپ چۈشەندى ھەمدە ياشلارنىڭ دەسلەپكى تەۋەككۈلچىلىكى ۋە سىناقلىرىنى نېگىلىزم (ئىنكارچىلىق) نىڭ چارمىقىغا مىخلاشقا ئۇرۇندى. مەزكۇر ماقالە دەل ئەنە شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇپ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئېلان قىلىنمىغانىدى. بۈگۈنكى كۆزۈم بىلەن قارىغاندا، ماقالىدىكى قاراشلار تېزىسلاشقان ھالەتتىكى بىخلانما ئىدىيىلەر بولسىمۇ، يىرىك تارىخىي ئۆچېرك (ئاپتورنىڭ قارىشى ـ مۇھەررىردىن) «ئويغانغان زېمىن» شۇنداقلا «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان تارىخىي ئەسلىمىلەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، جەمئىيەتتە تارىخ بىلەن تارىخىي شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرچە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان خاراكتېرى ھەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىلىش شەكىللىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، مەلۇم دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارايمەن. ئەمما دەۋر تارىخ، تارىخىي شەخس، ئەنئەنە، مەدەنىيەت، سىياسىي ـ ئىقتىساد قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە پىشقان، ھازىر جاۋاب، ئۆتكۈر نەزەرلىك پىكىرلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشىگە جىددىي تەقەززا بولماقتا. مەن ئەينى ۋاقىتتا چېلىققان بۇ «سەرگەردان شولا»نى ئۆز سالاپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئەينەن بىر تەرىزدە ئوتتۇرىغا سۇندۇم.

* * *

قەدىمكى يۇناننىڭ بىر پەيلاسوپى: «قۇياش ھەر كۈنى يېڭى» دېگەنىكەن. روشەنكى، بىز كالېندار ۋارىقىنى بىر قېتىم ئۆرىگىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ مۇئەييەن ماكان، زامان بىلەن بولغان پسىخىكىلىق ۋە فىزىكىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بىر تەرەپ قىلغان بولىمىز. بۇ جەرياندا «بۈگۈن» دېگەن ئۇقۇم ئۆتمۈشكە قارىتا ئىنكارلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ھەر بىر قەدەم بىر ئويلىنىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر بىر بۇرۇلۇش ئۆتمۈشكە قارىتا قايتا ئويلىنىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ سان ئوقىدا ئۆز يۆنىلىشىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرىدۇ. ئالايلى، «پۇت» ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يول مېڭىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىردىنبىر ۋاستىسى ئىدى، كېيىنچە بەزى ھايۋانلار (ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار) قوشۇمچە ۋاستە بولدى. بارا ـ بارا قۇرۇقلۇق، سۇ ۋە ھاۋادىكى ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرى مەيدانغا كېلىپ «مېڭىش»نىڭ ئۇقۇم مەزمۇنى ئاستا ـ ئاستا بېيىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالەم قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كېڭەيتىمەكتە. بۇ جەريان ناھايىتى ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ھادىسىلەر دېڭىزىنىڭ بىر تامچىسى سۈپىتىدە بىر پۈتۈن تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىز «پۇت» بىلەن «چاق»نىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقايلى: «پۇت» ئادەمنىڭ «مېڭىش» (ئالاقە، ھەرىكەت) ئېھتىياجى بىلەن تۇغما مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «چاق» ئۇنىڭ تەقلىدىيەتلىك تۈرلىنىشىدۇر. «چاق»نىڭ سۈبيېكتىپ بىلەن بولغان ئالاقىسى «پۇت»نىڭكىدەك بىر تۇتاش ۋە تەبىئىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سۈبيېكتىپقا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن ئىككىلەمچى رول ئوينايدۇ.

دېمەك، «پۇت» بىلەن «چاق»نىڭ ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىكى ئىنكارلىق مۇناسىۋەت ماھىيەتتە مېڭىشنىڭ

تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى راۋاجىمۇ دەل ئاشۇنداق رەۋىشتە داۋاملىشىدۇ. ئادەم ۋاقىتنىڭ چەكسىز ئېقىنىدا ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈسىنى يەڭگۈشلەيدۇ، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىنى يېڭىلايدۇ. روشەنكى، تەرەققىيات دېگىنىمىز ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ يا ئۇ خىل يا بۇ خىل ئۆزگىرىشىنى بەلگە قىلىدۇ. ئەنئەنە گويا تەرەققىياتقا نىسبەتەن بىر مەنىداش سۆز بولۇپ، ئۇ «تۈنۈگۈن»گە ئايلىنىۋاتقان «بۈگۈن»، «بۈگۈن»گە ئايلىنىۋاتقان ئەتە. ئۇ، مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بارىدۇ، مەنىسىنى تولۇقلايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنە ئاڭنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھاياتىي كۈچ بولۇپ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. گېگېل تارىخ ھەققىدە توختالغاندا: «تارىخ مۇئەييەن زامان ئىچىدە سىرتلاشقان روھ» دېگەنىدى. ئەنئەنىنى تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ ئىلمىيلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

بىزدە «تارىخ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى» دېگەن گەپ بار. دەرۋەقە، مەلۇم بىر دەۋردە بەزى نەرسىلەر ئىجابىي تېرىزدە، بەزى نەرسىلەر سەلبىي تېرىزدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەمما ئۇ كېيىنكىلەرنىڭ نەزىرىدە باشقىچە سۈپەتكە ئائىل بولىدۇ. ستالىن ۋە بۇخارىن قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر بۇنىڭ ئوبدان مىسالىدۇر.

تارىخنىڭ باھاسى ماھىيەتتە ئەنئەنىنىڭ ئەنئەنىگە بولغان باھاسى بولۇپ، ئۇ، خەلقنىڭ خاھىشى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. مەلۇمكى، ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بۇرۇنقى ئەنئەنە ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە كەسكىن تەنقىدىي پوزىتسىيىدىن تۇغۇلغان.

ئەپسۇسكى، بىز تېخى ئويلانمىدۇق. ئۆتمۈشنىڭ شان ـ شۆھرىتى بىزنى غەرق مەست قىلىۋەتتى. باشقىلار قانچىلىك ئىلگىرىلىمىسۇن ئۇلارنى قالاق ۋە زەيىپ ھالىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەڭ قىلىمىدۇق. ھەتتا ئۆز تارىخىمىزنىڭ ئىگىسىمۇ بولالماي باشقىلارنىڭ بىر تۇغرىلىق ئېيتقانلىرىغا ھەمدۇسانا ئوقۇدۇق. ئۆتمۈش ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىن ئىزدىدۇق. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخى نۇرغۇن شان ـ شۆھرەت بىلەن تولغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن داغلارنىمۇ يوشۇرغان بولىدۇ. ناۋادا پەخىرلىنىش بىلەن يۈزۈشنىڭ بىرلىكى بولمايدىغان بولسا، بۇ ھەقتە پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي يەكۈن چىقىرىلمايدىغان بولسا، بۇ ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم تارىخىي مىراسلىرىمىز رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. تارىخىي جەھەتتىكى تەتقىقاتلار راۋاجلىنىپ، تارىخىمىزدىكى ھەر قايسى دەۋرلەرنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ، پېشقەدەم ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن نەتىجە.

تارىخ ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايدۇ. ۋە ھالەنكى، بۇنىڭ بىلەنلا ئۆتمۈشنى تونۇش چوڭقۇرلاشقان بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى زور ئېھتىياجنىڭ بەدىلىگە كەلگەن قىمىرلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاز ساندىكى ئويغاق زىيالىيلارنىڭ ئېڭىدىكى نەرسە بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن ياشلار ساۋساۋ ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرەلىسىمۇ، بابۇرنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. تارىخ ئاستا ـ ئاستا قېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئاچقۇچى يوقاپ كەتكەن يەر ئاستى ئۆيىگە ئوخشايدۇ. تارىخنىڭ يورۇقشى بۈگۈن ۋە كېلەچەكنىڭ يورۇقشىدىن ھەمدە مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە ھەققىدىكى توغرا تونۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭچە، «تارىخ»، «مەدەنىيەت»، «ئەنئەنە» دېگەن ئۇقۇملار بىر ـ بىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن مەنىداش كېلىدۇ. ئەنئەنە مەدەنىيەتنى يادرو قىلغان مەنىۋى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئامىللىرى قىلىپ داۋاملىشىدۇ. شۇڭا «تارىخ» ئۇقۇمىنى توغرا چۈشىنىپ ئالالىساقلا «ئەنئەنە»نىڭ جانلىق نەرسە ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. «فائۇست»تا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

ھەر قەدەمدە ئىستەر ئادەم شادلىق ۋە ئازاب،
بىراق ھەر چاغ ھەممىسىدىن تاپماس قانائەت.

ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتكەنسېرى ئۆزىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۆزگەرگەن ئېڭى ئەسلىدىكى شارائىتنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ۋولىس: «ئىنسانىيەت تارىخى ماھىيەتتە ئىدىيە تارىخى» دېگەنىدى. بۇ، ئىتالىيىلىك يېڭى گېگېلىزمچى كىروچىنىڭ: «تارىخ ھەر بىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت» دېگەن سۆزى بىلەن ۋارىيانتداش كېلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تارىخ ئارقىغا تاشلانغان يىللارنىڭ خاتىرىسى دەپ قارالسا، ئۇ سۆڭەكتەك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ھەم ئەجدادلارنىڭ خاتىرە تېشى ھەم ئەۋلادلارنىڭ يول خېتى. دېمەك ئۇ تىرىك نەرسە. بىزدە ئۆتكەنلەرنى قەدىرلەش ئىستىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن توغرا يول تاپالمىدۇق. بۈگۈن ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن گىرىم ئىزدىدۇق. تارىخ تەتقىقاتىمىز ئاساسەن دېگۈدەك يىلنامە خاراكتېرىنى ئېلىپ قالدى. ئۇلۇغلارنىڭ ئىدىيىسى، سەرگۈزەشتىلىرى، تۆھپىلىرى، تارىختىكى ئورنى تەتقىق قىلىنمىدى. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە لايىق كېلىدىغان، ئۇلارنى خەلقپەرۋەر روھ بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئوقۇشلۇقلار يېزىلمىدى. بۇلارنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ھەتتا يىلنامە خاراكتېرىدىكى تارىخنامىلەرمۇ ئىزچىللىققا ئىگە بولمىدى. بۇنىڭدا ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەرىبىر چېكىنىش ۋە كېچىكىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تارىخنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇپەسسەل ۋە ئۇزۇل ـ كېسىل پرىنسىپلىرى يوق؛ تارىخ ھەر بىر زامان تەرىپىدىن مۇستەقىل چۈشىنىلىدۇ، شەرھلىنىدۇ، ھەل قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تارىخىي تەتقىقاتىمىز ئەسلەش بىلەنلا چەكلەندى، ئەينى يىللارنىڭ قۇپقۇرۇق ئىزناسىلا بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى مەنىۋى قىياپىتىمىز گەۋدىلەنمىدى. تارىختا بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ

ئىلمىي باھا بېرەلمىدۇق. تارىخ شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدا ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كېلەچەكنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ئەكس ئېتىدۇ. ئۆتمۈشنىڭ ئۆزىلا تارىخ بولالمايدۇ، بەلكى كەلگۈسىنى يارىتىشقا قادىر بولالايدىغان رېئاللىنى روھىي ھالەتنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ھەقىقىي تارىختۇر. شۇڭا، «بارلىق تارىخنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى زامان تارىخىدۇر» (كىروچ). «بارلىق تارىخنىڭ ئۆزى ئىدىيە تارىخىدۇر» (كوللىڭۋۇئود). ئەگەر بىرەر ئىدىيىۋى جەريان ھاسىل قىلغان ئىچكى تەرەپ تولۇق نەزەرگە ئېلىنمىسا، تارىخنىڭ نېگىزىنى تونۇش تەس.

ئۇنداق بولسا، بۈگۈنكى رېئاللىنى روھىي ھالەت تارىخىي ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىنىدىمۇ؟ نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! بىزدە تېخى تارىخ ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بولغىنى يوق، شۇڭا ئەنئەنە ھەققىدە توغرا تونۇشنىڭ بولۇشىدىن سۆز ئېچىشمۇ قىيىن. ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ھاياتتىكى رېئاللىنى ئورنىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەنئەنە ھەققىدە گەپ ئېچىشنىڭ ئۆزى كەلگۈسىدە تارىخ ئۈچۈن ئېيتقاندا، «تەۋەررۇك ساددىلىق»[1] بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسىلەر بار، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. ئەمما، ئۇنى قانداق تونۇش، قانداق تونۇتۇش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل بولماي كەلدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئېپتىدائىي ئوۋ قوشاقلىرىدىن بۈگۈنكى «گۈڭگا شېئىر» لارغىچە بولغان پۈتكۈل ئەدەبىيات قايسى خىل ئىدىيە ۋە ئېتىقادنىڭ مەھسۇلى بولمىسۇن، بىر سىستېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى دەل مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن كۆپ قاتلاملىققا ۋە بىر قەدەر مۈرەككەپلىككە ئىگە. ئۇنىڭ يورۇتۇلۇشى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەسىرلەرگە ماياك بولالايدىغان ئالاھىدە بىر تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى تالانت پەۋقۇلئاددە ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئالساق، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەدەنىيىتىنىڭ روھىنى ئۆز ئەسىرىدە مۇجەسسەم قىلىپ شانلىق مۆجىزە ياراتتى. روشەنكى، «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سالماق بىر نۇقتىسىنى تەتقىق قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى نەچچە مىڭ يىللىق ئاساسلار ئاشكارىلىنىدۇ. مورگان: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈكلۈكتۇر. قاچانكى شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» دېگەنىدى. بۇ ئاچقۇچ ئىلمىي ھەقىقەت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان شىر يۈرەك ئادەملەر تەرىپىدىن تېپىلىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئەجدادى ۋە ئەۋلادىغا قاتتىق مەسئۇل بولالايدىغان، ئۆزىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى تارىخنىڭ خۇداسىغا ئايلاندۇرالايدىغان جاسارەتلىك خەلق تەرىپىدىن تېپىلىدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە تۇرىۋاتقاندا پەننى دەپسەندە قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى ساتىدىغان، نوپۇزچىلىق قىلىپ «ھەقىقەت» تۇرغۇزۇپ بېرىدىغان خاھىشلار ئەۋجەرىمەكتە.

دانىيىلىك بىراندىس: «روھىي جەھەتتىكى گاسلىق گاچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنداق خاھىشتىكىلەر دەل مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرىشتىلىرىنى ئەنە شۇنداق نادانلارنىڭ ئارىسىغا تۇغۇۋەرسە، ئۇلارمۇ ئەنە شۇنداق بەندىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق!

بىزدە تالانت يوق ئەمەس، ئەمما تالانتنى بايقاش يوق. تالانتنى ئاسرايدىغان، پەرۋىش قىلىدىغان روھ يوق. سەبىيلەرنىڭ ئەركىلەشلىرىگە زوقلىنىپ تىكىلىدىغانلار يوق. نوقۇل ھالدا ئۆتمۈش بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئەنئەنە چۈشەنچىسى شىپە كەلتۈرۈلىۋەرسە، كەلگۈسى زامانغا كۆز تىكىپ يېڭى بۇلاق كۆزلىرىنى ئىزدەۋاتقانلارمۇ پېشىنى قاقىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مائارىپ ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە. تۈزۈلگەن كونسپېكت ۋە كىتابلار ئالىي مەكتەپ مۇنبىرىدە 20 ـ 30 يىل سارغىيىپ تۇرۇپ جان باقىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەر ھېسابسىز تەكرارلىنىپ بويۇنتۇرۇققا ئايلىنىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بولسا، مۇنەك بولۇپ كەتكەن تەبىرلەرنى بالىلارنىڭ ئېڭىغا تاڭىمىز، ئۇلا ئۆگىتىپ قويۇشتەك بىر تەرەپلىمە مېتودولوگىيىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۆزىگە خاس تەپەككۇر شەكلىنى يوقىتىدۇ. جەمئىيەت يېڭىلىققا موھتاج بولغىنىبىرى، يېتىشىپ چىققان كۈچلەر كونا رامكىلارنىڭ ئىچىدە تېپىرلايدۇ.

تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان مائارىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان نەتىجىگە ئىگە بولماقتا. سەھنىلەردە، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئامىللار ئاز ـ تولا بولسىمۇ، ئىجابىي نومۇرلارنىڭ ئازلىقى قاتتىق مەيۈسلەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، «ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانى» ئۆز بېشىنى قاتتىق سىلكىۋەتسە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزدە مۇشۇلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باسىدىغان ئادەملەر قانچىلىك باردۇ ـ ھە؟ بۇ، قايسى ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلىكىن؟ ئويلىنىش كېرەك، ھەممە نەرسە ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىش كېرەك! بۇ ئويلىنىش، كۆز ئېچىپ ئەتراپقا باققاندىلا ھەقىقىي ئىشقا ئاشىدۇ.

① «تەۋەررۇك ساددىلىق» ـ چېخ سىياسىي، دىنىي ئەربابى يان گوسنى كاپىرلىققا ئەيىبلەپ ئوتتا كۆيدۈرۈۋاتقاندا، بىر ساددا دىل مومايمۇ ساۋابلىق ئۈچۈن گۈلخانغا بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلىغانىكەن، شۇ چاغدا يان گوس يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتقان («فائۇست» تىكى ئىزاھاتتىن ئېلىندى).

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي، ئىقتىسادىي ئالاقە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، يەر شارى خاراكتېرىدە كېڭىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق توغرىسىدا ئىزدەنمەي بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا قارىتا پاراللېل تەتقىقات، تەسىر تەتقىقات، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات قاتارلىق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق مۇستەقىل ئورنىمىزنى بايقىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى ئەللەر ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بىز تېخىچە ھومېردىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ياۋروپا ئەدەبىيات سىستېمىسىنى ئانچە ئۇقمايمىز. ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىز ئۈچۈن تېخىچە مەۋھۇم. بىزدە ئەپلاتون، ئارىستوتېل، شېكىسپىر، روسسو، نېتزى، سارتېرى، فىرئود قاتارلىقلارنى بىلىدىغانلاردىن قانچىسى بار؟ مۇشۇلارنى بىلگەن بولساق ئۆزىمىزنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن بولاتتۇق. ئارىستوتېل بىلەن فارابى، شېكىسپىر بىلەن نەۋائىي، روسسو بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سېلىشتۇرغىلى، ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى تونۇتقىلى تامامەن مۇمكىن بولاتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ شىجائىتىمىز بولسىلا بۇ سوئال ھېلىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ.

# داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟

(ئەبجەش خاتىرىلەر)

«نامراتلىق كىشىلەرنى خاتا ئىشلارغا ئۈندەيدۇ.»

- سېنىكا

## I

شەھىرىمىزنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى (نەنمېن) دا قالتىس بىر كۆرۈنۈش بار: بىر تەرەپتە مىللىي ئۇسلۇبتىكى «خەلق تىياتىرخانا» بىناسى، بىر تەرەپتە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنخۇا كىتابخانا بىنالىرى، يەنە بىر تەرەپتە ئېگىز بانكا ۋە ستراخۇۋانىيە بىناسى، ئوتتۇرىدا پاكارغىنە ئەينەك پىرامىدا ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان چىملىق، چىملىق ئاستىدا يەر ئاستى سودا شەھەرچىسى... بۇلار ماددىي ۋە مەنىۋى ئىستېماللارنىڭ ئۆتكۈر گىرەلەشمىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىر - ئىككى يىل ئىلگىرى مەزكۇر سودا شەھەرچىسىنىڭ ئۈستى ئۇزاق يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن يېشىل ئورمانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى بازار ئىگىلىكى ئىگىلىگەن بولۇپ، مىسىر پىرامىداسىغا قىلىنغان ناھايىتى ئاددىي بىر تەقلىدنىڭ شاھىدى - ئەينەك پىرامىدا تۇزانلارغا مىلەنگەن ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. پىرامىدا ئاستىدا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە بۈگۈنكى مەدەنىيەتنىڭ ئالامىتى بولغان ماددىي ئىستېمال مۆجىزىلىرى قايناپ تۇرىدۇ.

ھەممىدىن قىزىقى، ئېگىز بانكا بىناسىنىڭ بىر تەرىپىدە «خانتەڭرى جامەسى» قىسىلغان ھالدا بوي سوزۇپ تۇراتتى. بۇ بىنالارنىڭ بىرىدە كىشىلەر بۇ دۇنيانىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن پۇل، نوپۇز توپلىماقتا ئىدى، يەنە بىرىدە ئۇ دۇنيانىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن مەشغۇل بولاتتى، جامە ئاستىدىكى دۇكاندا بولسا پانىي دۇنيانىڭ غېمى. قارالڭ، مەدەنىيەت دېگەن شۇنداق نەرسە. ئۇ ھايات بىلەن ئۆلۈم ئارىلىقىدىكى تەشۋىشنىڭ مۇنتازلىق بىر ىكمىسىگە ئايلانغانىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇربان قىلىش ۋە قۇربان بېرىشتىن ئىبارەت ھايات - ماماتلىق سۈرەتنى ئاشكارا نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ئاشۇ بانكا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئانچە - مۇنچە ئۆتۈپ قالاتتىم، لېكىن ھەرگىزمۇ پۇل قويۇش ئۈچۈن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بىرسى بولالمايتتىم. چۈنكى بىز ئەر - ئايال ئاددىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئائىلىمىز ماائارىپتىكى نامراتلىق، شەرەپ ۋە ھەسرەتنى تولۇق ئۈستىگە ئالغان ئائىلە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بىچارىلىكنى، ئۇنىڭدىكى پىغاننىمۇ قوشۇپ ئۈستۈمگە ئالغانىدىم.

قار چۈشۈپ تۇراتتى، بانكا بىناسىنىڭ ئالدىدا قېلىن جۇۋا ياكى پەلتو كىيىشكەن كىشىلەر شۇمشەرەپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار زايومچىلار ياكى دوللارچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئالدىمغا كېلىپ:

- دوللار بارمۇ؟ - دېدى.
- يوق، - دېدىم مەن كەسكىن ھالدا.
- زايوم بولسىمۇ ئالىمىز.
- يوق.

مەن ئۆتۈپ كەتتىم. خۇداغا مىڭ شۈكرى، مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دوللارغا ئىگە ئادەملەرگە ئانچە - مۇنچە ئوخشىغانىدىم. يانچۇقۇم ئۇنچىلىك ئالىي ھەممەتكە ھازىرغىچە ئېرىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئاشۇ گەپلەر تۈپەيلى روھىي لەززەت ھېس قىلدىم، گەرچە بۇ لەززەت ناھايىتى ئەخمىقانە ۋە نادانلارچە بولسىمۇ. تۇرمۇشنى كۆزەتكەن كىشىلەرگە مەلۇمكى، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ تاپقانلىرى ياشاش زۆرۈرىيىتىدىن نېرىغا ئاشمايدۇ. بانكا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىمغا ياشقىنە بىر تىلەمچى ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ قولىنى ئۇزاتتى، ئۇمۇ مېنى خېلى يىراقتىنلا كۆزلەپ كەلگەندەك تۇراتتى. يانچۇقۇمنى ئاقتۇرسام ئىككى موچەن چىقتى - دە، ئۇنىڭغا بەردىم، ئاندىن مېڭىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

- پادىشاھ بولۇپ كېتەرلا، ئىلاھىم، - دېدى ئۇ ئارقامدىن. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن سەمىمىي ئەمەس، مۇغەمبىرانە كۈلكىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

- ئەگەر مەن پادىشاھ بولغان بولسام، سەن تىلەمچىنىڭ كۈنىگە قالمىغان بولاتتىڭ، سەن بۇنى چۈشىنەمسەن؟ - دېدىم مەن.

تىلەمچى مېنىڭ گېپىمنى تەھدىت ياكى تەئەددى ھېس

قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر تۇرۇپلا قالدى. مەن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىپ قالدىم.

كوچىدا كىشىلەر ئالدىراش ئىدى. قار بولسا ئاستا ۋە لەرزان چۈشمەكتە ئىدى.

# II

زامانىمىزنىڭ باياشاتچىلىق تەنتەنىسىگە غەرق بولغىنىغا خېلى ئۇزاق يىللار بولدى، ئەمما كوچا - كويلار ۋە تاۋاپ - سەيلىگاھلاردىكى، مەسچىت - ئىبادەتخانىلار ئالدىدىكى غېرىب - غورۋالار، ئاجىز - مېيىپلار، پېقىر - مىسكىنلەر زادىلا ئازايمىدى، ئەكسىچە كۆپەيدى. نەتىجىدە بۇ، ئۇزلىرىنى مەلۇماتلىق، ئالىيجاناب ۋە ساغلام ھېس قىلىشقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەتەي مولچىلىق يېغىپ تۇرغان داستىخان ئالدىدا چىشلىرىنىڭ ئاراچلىرىغا كىرىۋالغان گۆشلەرنى تازىلىغاچ ۋاپادارلىق، ساداقەت ئەھدىنىسىدىن دېرەك بېرىدىغان شارابلارنى ئىچكەچ قىلىشىدىغان ھەر تۈرلۈك پاراڭلىرىنىڭ بىر تېمىسىغا ئايلاندى.

- ئۇلار ناھايىتى ھىيلىگەر، - دېيىشەتتى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش ئالاھىدىلىكىنى نامايىش قىلىپ، - ئۇلار سېنى كۆرۈشى بىلەنلا مۆمىن، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، دۇئا - تىلاۋەتلىرى بىلەن دىلىڭنى يۇمشىتىشقا ئۇرۇنىدۇ، تەقى - تۇرقۇڭغا قاراپ مىجەزىڭنى، تەقدىرىڭنى مۆلچەر قىلىدۇ - دە، ئارزۇ - تىلەكلىرىڭگە ماس بىرەر مۇراجىئەتنى دەرھاللا ئاغزىدىن چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سېنىڭ نەچچە پۇل بېرىشىڭنى ئويلاپ ئولتۇرىدۇ.

- ئەگەر سەدىقە بەرمەي كېتىپ قالساڭ، ئۇلار سېنى قارغىشىمۇ مۇمكىن، - دەيتتى بىراۋ.

- راست، ئۇ تۇرغانلا گەپ.

- ئۇلار سەن - بىزدىن باي، ئۇلارنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى سېنىڭ ئون نەچچە يىللىق مائاشىڭدىن جىق.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى تىلەمچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت ئاجايىپ ۋەقەلەر، ئۇلارنىڭ قالتىس بېيىپ كېتىشىدىكى سىرلار، ئۇلارنىڭ ئۇستىلىقلىرى گېزىتلەرگە يېزىلىدىغان بولدى. كاتتا ئەدىبلىرىمىزمۇ ئۇلارنى قەلەمگە ئېلىشتى. ئۇلاردا پەقەت مۇنۇ گەپلەر: ئۇلار قالتىس، ئۇلار قارانىيەت، ئۇلار ئىنساپسىز ۋە ھىيلىگەر.

بەلكىم، ئۇلارنىڭ گېپىدىن ئاز - تولا ئەمەلىيەت پۇراپ تۇرسا كېرەك (گەرچە ئىپتقانلىرىنى تەلتۆكۈس ھەقىقەت دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ). مەنمۇ زامانىمىزنىڭ ئاددىي بىر ھاياتلىق ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئادىمىزات دۇنياسىدىكى يېڭى قىلىقلاردىن ئاز - تولا خەۋەردار. شۇڭلاشقا، كىشىلەرنىڭ يەكۈنلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدە باغلاپ قارىيالايمەن. دەرۋەقە، زامانىمىزدىكى تىلەمچىلەر خېلى قۇۋ، ئۇلار ئۆزىگە يارىشا ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تەھلىل قىلالايدۇ، ئۆزىنى تەتبىقلىيالايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئادەملەر دىيانەتكە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئانچە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ۋىجداننىڭ خىتابىنى ئاڭلىيالماس دەرىجىدە پاڭ بولۇپ ياشايدۇ. ئۇلار ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئانچە خەۋپسىرەپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئەرۋاھلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن، ئۆلۈم كۆلەڭگىسىدىن ھەرھالدا ھېيىقىدۇ، ئاخىر مەجبۇرلانغان ھالدا جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن دىيانەتنى بىرە - بىرە قولىغا ئېلىپ قويىدۇ. تىلەمچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بۇ ئازغىنە دىيانەت بىلەن پۈتمەيتتى. ئۇلار يەنە تەشەببۇسكار، ھۇجۇمكار ۋە رىقابەتكار بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار زامانغا يارىشا ئەقىللىق بولغان ۋە تاۋلانغان. قايسى بىر كىنودا تەسۋىرلىنىشىچە، كىشىلەر زىياندash ھاشاراتلارغا قارشى ئەجەللىك دورىلارنى ئىشلەتكەن، ئەمما زىيانداش ھاشاراتلار يىللار سېرى تېخىمۇ زەھەرلىك بولۇپ كەتكەنكى، ئىنسانلارنىڭ زەھىرى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا قاشلا قىلالماس بولۇپ قالغان، بەلكى ھاشاراتلار بولسا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، چاقسا ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان قىساسكارغا ئايلانغان. روشەنكى، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ئۇششاق مەنپەئەتپەرەسلىككە پاتىدىغان ئامىللار ۋە ئەخلاقتىن يالتايغان چارىلەرگە باي بولغانسېرى ئۇلاردىن تىلەپ جان باقىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بەس كېلەلىگۇدەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. مەن سەدىقە بەرمىگەن ئادەملەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد تىلەمچىلەرنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن مۇغەمبەرلىك يېغىپ تۇرىدۇ، قىياپىتىدىن غېرىبىنىش، ئارىسىنىش ئالامەتلىرىنى مۇتلەق ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلار كىشىلەرنى مات قىلىپ تاشلايدىغان تەكەببۇرلۇق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن سۆز تاشلايدۇ.

مەن بۇلاردىن ھەيران قالمىدىم، تۇيغۇم تەئەججۇپلۇك ھاللاردىن يىراق ئىدى. نېمىشقا؟ زامان مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى شەپقەتسىزلىك، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك نومۇسسىزلىقلاردىن كەلگەن يىرگىنىشلەر بىلەن تويۇندۇرۇۋەتتى. ئاز - تولا ئەقىل پەيدا بولۇشقا باشلىغان تونجى ياشلىق يىللىرىمدا غۇبارسىز كۆڭلۈمگە سىغمايدىغان ناپاك ئىشلاردىن ئىچىم ئاچچىق بولۇپ يۈرەتتىم، كېيىن بۇ ئاچچىقتىن مەست بولۇپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالاي دېدىم، گويا رەزىللىكنى سېزىدىغان نۇرانە كۆزۈم بولمىسىمۇ بولىدىغان بولدى. رەزىللىك دېگەن بۇ نەرسىلەر پۈتۈنمىغا پۈتلىشىپلا يۈرەتتى. مەنمۇ ئادىمىزاتقا تەۋە جانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئازاب چېكىش تۇيغۇسىنى رەت قىلىپ، ھەممىدىن بىخەۋەر ياشاشقا تىرىشىپ باققان بولسامىمۇ، يېڭىدىن پەيدا بولۇپ ياشناپ تۇرغان ھۇجەيرىلىرىم زامان ناھەقلىقلىرىنى ماڭا سەزدۇرۇپ تولا چاتاق قىلاتتى. نېمە ئامال، يىللار بالىلىقتا خاس زەكىلىكنى نابۇت قىلىپ تۇرسىمۇ، زەكىلىك ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن بىراقلا قالمايتتى، ئۇ يەنىلا زامانىمىز ۋۇجۇدىدىكى خۇنۇك ئۆسمىلەرگە ۋە ئاللىقانداق مەۋھۇم ئالامەتلەرگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرۇۋالاتتى، بۇلار ئومۇمەن ئىنسان بالىسىنىڭ يالتىراپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسىمۇ، بۇنداق سەزگۈرلۈك ۋە نارەسىدىلىكنىڭ دەردىنى پاكىز يۈرەك بىھۇدە تارتاتتى، نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئارامخۇدا، يەڭگىل سوقىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولاتتى.

مەن تىلەمچىلىكنى ياخشى خۇلق دېمەكچى ئەمەسمەن. بۇرۇنلاردا ئەۋلىيالار ۋە دانىشمەنلەرمۇ تىلەمچىلىك قىلىپتىكەن. ئۇلار خىلۋەت روھىي كۆزى بىلەن مەئىشەت

دۇنياسىدىكى چەكسىز قانائەتسىزلىكلەرنى، قىزىلكۆزلۈك تويەيلى كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي بالايى - ئاپەتلەرنى، روھىي گادايلىقلارنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولۇپ، پانىي ئالەم ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان ۋە ئارتۇقچە مال - دۇنيا يىغىشتىن ۋاز كەچكەن. ئۇلار ئۈچۈن يەيدىغان - ئىچىدىغانلىرى ئۇدۇللۇق بولسىلا بولىدىغان بولغان. ئۇلار خەلق ئىچىدىكى مۇقەددەس ئوبرازى بىلەن تىلىگەن ۋە ھېچقانداق خىجىللىق ھېس قىلمىغان، كېيىن بۇ ئاستا - ئاستا ئۇدۇمغا ئايلىنىپ، بىچارىلەرنىڭ جان بېقىش دەستىكى بولغان. مانا بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇ ھېچقانداق جىسمانىي ئەيىبى بولمىغان بىر قىسىم ھورۇن ئادەملەرنىڭمۇ ئەنگۈشتەرى بولۇپ قالغان. خەيرىيەت، ئاشۇ ئۇلۇغلار «توقكۆزلۈك»نى بەك ئاشۇرۇۋەتكەن، ئۆزىنى كارامەت خاكسار قىلىۋېتىشكەن. ئۇلار ئاددىيسى تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلەر ئىچىدە ئاقسۆڭەك ھېسابلىنىدىغان ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇدرىتىگە لايىق كىشىلىك ئەمگەك نېسىۋىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئېغىر ئالمىغان.

ئەي، روھىيەت دۇنياسىغا سەپەر قىلغان دانىشمەنلىرىمىز، سىلەر ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىن قانچىلىك ئۇزاپ كېتەلىدىڭلار، قېنىڭلاردىكى شەيتاندىن قۇتۇلالىدىڭلارمۇ؟ قاراڭلار، بۈگۈنكى ۋارىسىڭلارغا، ئۇلار ئەمدى ساھابە ئەمەس، نوقۇل تىلەمچى، ئۇلارنىڭ ئالقانلىرىغا تۇتقۇزغىنىڭلار قورتلاپ كەتكەن گۆش پارچىسى.

تىلەش، روشەنكى گۈزەل خۇلق ئەمەس. مىڭ ئەپسۇس، ئۇ، زامانىمىزنىڭ 90 - يىللىرىدىكى كەسپلەرنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا. ئادەم ماددىي جەھەتتىن موھتاج بولغاندا، ئۇ، ئازابنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئالىدۇ، بۇنى ئۇنىڭ روھى ئېنىق سېزىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇنداق موھتاجلىق تۈگىمىسە، ئۇ يىلدىن يىلغا ئېشىۋېرىپ روھىمۇ كاردىن چىقىدۇ. روھ ماددىي ھاجەت ئۈچۈن ئۆزىنى دو تىكىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا روھىي گادايلىقمۇ باشلىنىدۇ. ۋاي ئىسىت، ئاللا ئۆزىنىڭ ھەر بىر بەندىسىگە روھ بىلەن تەن ئاتا قىلغان. پانىي دۇنيادىن ئىبارەت بۇ كالتا كۆۋرۈكتە بەزىلەر تەن ھاجەتلىرىگە مۇۋاپىق مەنقۇلاتلارغا يېتەرلىك ئېرىشەلمەي ئۆتىدىكەن، بەزىلەر روھىيەت قەبرىسىنىڭ كۆرۈنمەس دائىرىسىدىن چىقالماي، ئەمتىرەپ ياشايدىكەن، بەزىلەر ھەر ئىككىسىدىن ناقىس بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنداقلار ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ماكاندا بولۇپ تۇرغان.

ئەمدى مەن بۇ تاغدىن - باغدىن قىلغان پاراڭنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان ھېلىقى «توق قورساق» كىشىلەرنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك تۈس ئالغان تىلەمچىلەرنىڭ ماددىي بايلىقى نەگە كەتتى؟ ئۇلار قاۋۇل ۋە ساغلام تۇرۇپمۇ تىلەشنى كەسىپ ئەتتى، بۇ روھىي ناكارلىقمۇ - قانداق؟ ئۇلارنىڭ روھىنى كىم تالان - تاراج قىلدى؟ فرانسوز مۇتەپەككۇرى ژان. ژاك رۇسسو «ئىنسان تۇغۇلغاندا ئەركىن ئىدى، بىراق ئۇ ھەر جەھەتتىن بوغۇلدى» دېگەنىدى. تەبىئىيكى، ئىنسانلار مۇشۇ بوغۇلۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تېخى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشقان ئىقتىسادىي، سىياسىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى، باراۋەرلىك، ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دېگەن ئىبارىلەرنى كەشىپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن قانلارنى ئاققۇزدى. ۋەھالەنكى، ئىنسان زاتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىدىكى ھەق - ھۆرمىتىنى ئەمەس، ئەقەللىسى ئۆزىنىڭ بىر جاندار مەنىسىدىكى ھاياتلىقىنى قوغداش ھەم داۋام ئەتكۈزۈش ئىنتىلىشلىرىمۇ دەخلى - تەرۇزدىن قۇتۇلۇپ بولالمىدى.

راست، سىز مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئورۇنغا (بۇ ئورۇننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ۋە ئىجتىمائىي مەنىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئىگە، سىزنىڭ پۇلىڭىز ئۈچ ۋاق تاماققا يېتىدۇ، توي - تۆكۈن ۋە رېستوران ئولتۇرۇشىغا ئەپلەپ بىر ئامال قىلىسىز. بىراق، ساياھەتكە چىقىشقا، ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك تەربىيىلىنىشكە، ئادىمىيلىك سۈپىتىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كەلگەندە، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن پۈتىدۇ، سىزدە بۇلارغا يېتىشكۈدەك ئىقتىسادىي قۇۋۋەت يوق، بولغان تەقدىردىمۇ يوللار ناھايىتى مۈرەككەپ. ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىشقا توغرا كەلگەندە، پۇل مەسىلىسى دەھشەتلىك مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. جۇڭگو يازغۇچىسى ئەي ۋۇ بىلەن شادېگلار جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىدېئولوگىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بولۇشىغا كەتمەن چاپقانلار ئىدى، بىراق ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا داۋالىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇلغا ئېرىشەلمىدى. ياش يازغۇچىمىز ئەسئەت ئەمەت جىگەر قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇۋىدى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خەزىنىسىدىن باشقا نىجادچىغا ئېرىشەلمىدى، بىراق بۇ خەزىنىمۇ ھېچنېمىگە دال بولمىدى. نامراتلىق تەقدىرى ئۇنىڭ ئورۇق جىسمىگە ھەدەپ چاڭ سېلىۋاتقاندا، «باياشات» دەۋر قاراپ تۇردى.

خوش، ئەمدى ئۆزىڭىزگە كېلىڭ، سىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش پەللىڭىز قانچىلىك كۆپ بەدەل ئۈستىگە قۇرۇلغان؟ مېنىڭچە، سىز ئاشۇ تۇرمۇش ئۈچۈن ۋىجدانىڭىز ئېغىر ئالىدىغان نۇرغۇن يوللارنى باستىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئەتەي خورلىدىڭىز، سىز ئاشۇنچىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قاتىرىدىڭىز، ئاخىر چارچاپ ھالىڭىزدىن كەتتىڭىز.

بىز سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەۋىسى بويىچە «خاتىرجەم - ئالىيجاناب» كىشىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئىززەت - نەپسىڭىز ئىشتەيدىن ھالقىپ ئۆتەلىدىمۇ؟ ئەگەر ھالقىغان بولسا، سىز ئەركىن پىكىر ۋە مۇھاكىمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىسىدە ياشىدىڭىز؟ سىزدە مۇھاكىمە بولغان بولسا تىلەمچىلەر ھاياتىدىكى ساختا ئالامەتلەر ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر بولغان بولار ئىدى.

ئالىيجانابلىقنىڭ دەرىجىسى پۇلدا ۋە توقلۇقتىلا ئەمەس، پىكىردە. مۇھاكىمە بولمىغانىكەن، ئەمەلىيەتچىل پىكىرمۇ بولمايدۇ. نىھايەت پۇل، مەنسەپ دېگەنلەر ئالىيجانابلىقنى مۇكەممەل مەنىگە ئىگە قىلالمايدۇ.

خۇدا ئەلمىساقتىن بېرى شۇنداق قىلىپ كەپتۇ: مەڭزى ۋە قوۋزى پارقىراپ تۇرىدىغان زەردارلار بىلەن لەۋلىرىدىن شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان نامراتلار ھامان مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇلار ھېچقاچان بىر - بىرىسىز ياشىيالمىدى. بۇ، تەقدىرنىڭ ئادالەتسىز تەقسىماتىمۇ ياكى

تۇرمۇش دۇنياسىنىڭ غەيرىي تەڭلىمىسىمۇ؟ مۇشۇنداق بولۇش يوللۇقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ پەيلاسوپلار ۋە سىياسىيونلار ھەر نېمىلەرنى دېيىشتى، بۇ ئەھۋال بەرىبىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. لېكىن، بايلار ئۆزلىرىنى پۇلنى ئادا قىلىپ قوغداپ كەلدى. ئۇلار تاپتىن چىقىپ كەتتىمۇ، پۇل ئۇلارنى ئاقلىدى، شۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى يورۇق قىلىپ يورۇۋېرىشتى، نامراتلاردا بۇنداق قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچ بولمىغاچقا، دىيانەت ۋە ئەخلاقنى دەستەك قىلىپ ياشاپ كەلدى. بۇلار قوشۇلۇپ بىر دەۋر، بىر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇۋازىنەتلىك قۇتۇپلارغا ئايلاندى.

زەئىپلىك ۋە رەزىللىكنى جۇل - جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر، نامرات بىچارىلەردىن ئىزدەپ تېپىش ئاسان، چۈنكى ئۇلاردىكى ئاجىزلىق، ئۇلاردىكى پاجىئە، ئۇلاردىكى خاراكتېر مېيىپلىقى، ئۇلاردىكى ئاددىي نەيرەڭ خۇددى يېقىمسىز ئۇستىباشلىرىغا ئوخشاشلا كۆزگە ئوچۇق - ئاشكارا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق ئەمەلدارلار، زەردارلار (پۇلدارلار)، ئاتالمىش زىيالىيلاردىكى زەئىپلىك ۋە مەينەتچىلىك دىنىي ھال، ئەخلاقىي تون، ئالىيجانابلىق رەڭلىرى، دىيانەت زىغ - زىغلىرى، تەلىمات ھەشەملىرى بىلەن توسۇلۇپ قالىدۇ.

ئەمدى بىز ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: شىر - يولۋاسلارنى ۋەھشىي دەيمىز، ئۇلار ئېچىرقىغاندا چوڭ بولامدۇ، كىچىك بولامدۇ قۇدرىتى يار بېرىدىغان ھەر قانداق مەخلۇقنى تەپارتىماستىن ئوچۇق - ئاشكارا ئۆلتۈرىدۇ، خام تالاش قىلىپ يەۋېرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە قانخورلۇقىنى ئادەملەرگە ئوخشاش ھەر خىل پەتىۋا، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن، پەيغەمبەرلەردىن، مەشھۇر ئەربابلاردىن، داھىيلاردىن قالغان گۈزەل ئەقىدە - ئېتىقادلار بىلەن بېزەپ ئولتۇرماي ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى قانداق بولسا، شۇ پېتى ياشاۋېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. ئۇلار ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست دېگەننى بىلمەيدۇ. توغرا، ھىيلە - مىكىر ۋە سۇيىقەست خىرىس بىلەن تولغان دۇنيادا بىر خىل قورال. ھىيلە - مىكىر ئەسلى تەبىئىتى خوراپ كەتكەن ئاجىزلارنىڭ قورالى بولۇپ، ساددا، تۈز كەتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالىغان. بۇ بېرىپ ئاخىر ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايدىغان ئادىمىزاتنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتىغا ئايلاندى.

ھەيھات، ئادىمىزاتنىڭ قانخورلۇقى جۇلالىق رەڭگە نېمىدېگەن باي. مەن تىلەمچى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغۇچىلارنىڭ «ئالىيجاناب» كىشىلەردىكى بىچارىلىككە كۆز ئاغدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شېكسپىرمۇ: «پارقىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس» دېگەنىكەن.

تىلەمچىلەر بىلەن ئالىيجانابلاردىمۇ ئاجايىپ بىر بېقىنىش بار - ئەگەر دۇنيادا «ئالىيجانابلار»غا قول تەڭلەيدىغان تىلەمچىلەر بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساخاۋەتكار، پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوبيېكتتىن قىسلىغان بولار ئىدى. بايلىق ھېرىسىدە يورۇپ، نامراتلىقتىن كۆڭلى داغ بولۇپ يۈرگەنلەر تىلەمچىلەرنى كۆرۈپ تەسەللى تېپىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە سەدىقە ئۆز ئارا ئالمىشىۋاتاتتى. روھىي يەڭگىللىك بىلەن ئاز - تولا سەدىقە تېگىشىلمەكتە ئىدى.

تۇرمۇش قىمار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداقتۇ بىر نەرسىلىرىنى دوتىكىدۇ، بەزىلەر ئۇتىدۇ، بەزىلەر ئۇتتۇرىدۇ. بىراق ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش مەڭگۈ شۇ پېتى داۋاملىشىدىغان قانۇن ئەمەس. ئۇتقانلار ئۇتتۇرۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇتتۇرغانلار ئۇتۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئۆزىدە يۈز بەرمىسە ئەۋلادىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەرىبىر ئىنسانلار روھىي ماھىيەتكە ئىگە بولغانىكەن، ئۇ بەخت بىلەن بەختسىزلىك، يورۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، مۇكاپات بىلەن جازا، خىيانەت بىلەن ئىزا، ئاچلىق بىلەن غىزا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈنچى ھالەتتە ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئۇلارنىڭ چېھرىدىن مەڭگۈلۈك تەبەسسۇمنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ چېھرىدە غەم - غۇسسە، مۇسىبەت بىلەن ھەسرەت كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ. دېمەك، شادلىق ۋە ئازابتىن ھەر بىر ئىنساننىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسى بار. ئۇنى كىشىلەر قانچىلىك دۆلەتمەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تارتماي قالمايدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان روھىي زىددىيەت دېڭىزىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچى. شۇنداق ئىكەن، بىراۋنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەبىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىش ئانچە ئادىللىق بولمىسا كېرەك، شۇنداقلا بىراۋنىڭ قىممىتىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىپ قاراشمۇ ئانچە ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك.

بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىغا قاراپ ئۆزىگە تەسەللى تېپىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىكى ئىرادە كۈچىنى كەمسىتكەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىكى جەڭگىۋارلىقنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۆھتەرەم «ئالىيجاناب» ئەپەندىلەر ۋە خانىملار ئۆزگىلەرنى كەمسىتىش تەس ئەمەس، ئۆزگىلەرنى سوغۇققان مۇھاكىمە كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلاردىكى روھىي زەئىپلىكنى ھەقىقىي مەنىدە تېپىپ تۇرۇپ كەمسىتىش، مانا بۇ تەس. سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ روھىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى كەمسىتىڭلار، بۇ كەمسىتىشتىن يىتتۇرۇۋەتكەن مەغرۇرلۇقىڭلارنى تېپىۋېلىڭلار.

ئەتراپىڭىزدىكى ئەڭ پاجىئەلىك ئىشلارمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس دەرىجىدە سىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە روھىي قۇۋۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سىزدىكى مۇھاكىمە ھوقۇقىنى ھېچكىم تارتىۋالغان ئەمەس. سىز ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىز ۋاز كەچمىگەن بولسىڭىزلا، ئۇنى ئىشقا سېلىڭ - دە، غايىل پرىنسىپلار ۋە ئەخلاقىي مىزانلاردىن خوشلىشىڭ.

تىلەمچىلەر - پارلاقلىق ئۈچۈن رەڭ ئىزدەۋاتقان دەۋر ئۈچۈن يوشۇرغىلى بولمايدىغان جاراھەت. ئۇلاردىكى ماددىي، روھىي كەمبەغەللىكنىڭ سايىلىرى ھەممىمىزگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۇتىشىپ كەتكەن. بىز ئۇنى نوقۇل تىلەمچىلەر مەسىلىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئورتاق مەسىلىمىز سۈپىتىدە تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. (M1)

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى




مۇتەللىپ سېيىت

## مۇقەددىمە

دولانلار ئاساسەن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە جايلاشقان مەكىت ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا مارالبېشى، يەكەن، يوپۇرغا قاتارلىق مەكىت بىلەن چېگرىلىنىدىغان ناھىيىلەرنىڭ مەكىتكە يېقىن كۆپلىگەن كەنتلىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

دولان ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق ۋە ئەھمىيەتلىك بىر تارىخنىڭ ھەقلىق ئىگىسى بولغىنىدەك، قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە گۈزەل، باي خەلق سەنئىتىنىڭمۇ ھەقلىق ئىگىسىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان توغراقلىق ۋە جاڭگاللىقتىن ئىبارەت بۇ ئىپتىدائىي زېمىندا تارىختىن بۇيان ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق، كېيىنچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بىھېساب ماددىي بايلىق يارىتىپ، تەكلىماكان ئېتىكىدىكى بۇ قەدىمىي ماكاننى گۈللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇ بولسىمۇ، ئاشۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دۇردانىسى ھېسابلانغان ھېكمەتلىك مەنىدار، سەنئىتى مەپتۇنكار، ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق، ئىلمىي سەنئەت شەكلى دولان مەشرەپ - مۇقامىدۇر.

دولان مەشرەپ - مۇقامى دولان ئۇيغۇرلىرى قەلبىنىڭ زىلزىلىسى، شادلىق - نالىشى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ئۈمىد - ئارزۇلىرى تويۇنۇپ يارىتىلغان مېلودىك فونتان بولۇپ، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن بىرىككەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى، مۇقام - نەغمىلىرىنىڭ قەدىملىكى، بىر قەدەر ئىپتىدائىيلىقى، يېزا - يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس، مەردانە، سالماقلىقلىقى، كۈچلۈك مىللىيەتلىكى بىلەن قەدىمىي ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرىدۇر.

## 1. مۇقاملارنىڭ ئىسىملىكى

دولان ئۇيغۇرلىرى ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىس، مەشرەپخۇمار كېلىدۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەر - ئايال ھەممىسى ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ. دولانلار نەچچە ئون كۈنلەپ ئېغىر ئەمگەك قىلىپ بىرەر قېتىم مەشرەپ ئوينىۋالسىلا ھاردۇقى چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەشرەپ دېسە جېنىنى بېرىدۇ، مەشرەپنى ھەممە ئويۇندىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. مەشرەپسىز توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام، تۈرلۈك داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

دولان مەشرىپى كۆپ ھاللاردا ئاخشىمى باشلىنىپ تۈن تەڭگىچە ۋە بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ، چۈنكى كېچىسى خەلق ئاممىسى ئىشتىن ئارىسال بولىدۇ. بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان مەشرەپخانىلاردا، ياكى كەڭ دالا، سەينا - مەيدانلارغا گۈلخان - چىراغلارنى يېقىپ مۇقامچىلارنىڭ مۇقام باشلىشى بىلەن مەشرەپنى باشلايدۇ. كېچىسى مەشرەپ ئويناش دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەركىسىز ئادىتىدۇر.

دولان مەشرىپىدە دولان مۇقامى ئورۇندىلىشى شەرت. مەشرەپ بىلەن مۇقام بىر - بىرىگە قان بىلەن گۆشتەك زىچ باغلانغان بولۇپ، مەشرەپسىز مۇقام، مۇقامسىز مەشرەپ

**خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى**

بولمايدۇ.

دولان مۇقامى ئەسلىدە 12 يۈرۈش بولۇپ، تۈرلۈك تارىخىي قىسمەتلەر ۋە مۇقامچى - ئەلنەغمىچىلەرنىڭ قېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈشى سەۋەبلىك ئۈنىڭدىكى ئۈچ مۇقام يوقالغان. شۇڭا مەشرەپلەردە ھازىرغىچە «باش باياۋان»، «زىل باياۋان»، «چۆل باياۋان»، «ئۆتەڭ باياۋان»، «بوم باياۋان»، «سىم باياۋان»، «جۇلا»، «خۇدەك باياۋان»، «دۇگامەت»* قاتارلىق توققۇز مۇقام ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

دولان مۇقامىنىڭ يەنە بىر خەزىنىسى بولغان ئاۋات ناھىيىسىدە بۇ مۇقاملار: 1. «باش مۇقام» («راك» مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 2. «بوم باياۋان» مۇقامى، 3. «موغال» مۇقامى، 4. «سىم باياۋان» مۇقامى، 5. «ساموۇق» مۇقامى، 6. «جۇلا» مۇقامى، 7. «چۆل - باياۋان» مۇقامى، 8. «دۇگامەت» مۇقامى، 9. «باياۋان» مۇقامى دەپ ئاتىلىپ، مەكىت، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى دولان مۇقامىنىڭ ئىسمى ۋە رەت تەرتىپىگە قارىغاندا قىسمەن پەرقلىنىدۇ.

دولان مۇقامىنىڭ ھەر بىرى «مۇقەددىمە»، «چېكىتمە»، «سەنەم»، «سەنقەس»، «سېرىلما» دىن ئىبارەت بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان بەش خىل ئۇدارلىق نەغمىدىن، پۈتۈن مۇقام بولسا يۇقىرىقىدەك 45 نەغمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ دولان راۋابى، دولان قىل غىجەكى، قالۇن، نەغمە دېپىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا شوخ ئورۇندىلىدۇ.

مەشرەپ دولان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدۇ. «مۇقەددىمە» باش مۇقامچى (نەغمىچى) تەرىپىدىن يۇقىرى ئاۋازدا مەردانە ئېيتىلىدۇ. «مۇقەددىمە» ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن داپەندىلەر داپ بىلەن مۇقامنىڭ «چېكىتمە» قىسمىنى باشلايدۇ. بۇ باسقۇچ بىر قەدەر سالماق، ئاستا بولىدۇ. «چېكىتمە» گە داپ ئۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۇسسۇل باشلىنىدۇ. ئەرلەر قولىنى ئوڭ - سولغا تاشلاپ، ئوڭغا يېرىم، سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ. ئاياللار بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەنە بىر قولى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يەڭگىل تۇتۇپ، ئەرلەرگە بېقىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا ئوينايدۇ. مۇقام «سەنەم» گە كەلگەندە ئۇسسۇل رىتىمى ئۆزگىرىپ ھەرىكەت تېزلىشىدۇ. ئەر - ئاياللار ئوڭ - سولغا نۆۋەتلىشىپ ئايلىنىدۇ. مۇقام «سەنقەس» (سەلىقە) كە كەلگەندە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئاستا - ئاستا چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ. مۇقام «سېرىلما» غا كەلگەندە بولسا، نەغمە رىتىمىغا ئەگىشىپ چوڭ ھالقىسىمان دۈگىلەك پارچىلىنىدۇ - دە، ھەر بىر ئۇسسۇلچى ئايرىم چۆرگىلەپ ئويناشقا باشلايدۇ. يەككە ئۇسسۇلچىلارنىڭ سۈرئىتى تېزلەشكەنسېرى بىشى قېيىپ ياكى چارچاپ كەتكەنلەر ئۆزلۈكىدىن ئۇسسۇل مەيدانىدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىدۇ، ئاخىرىدا بىر ياكى بىر قانچە ئۇسسۇلچى قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇسسۇلچىلار بىلەن نەغمىچىلەر مۇسابىقىلىشىدۇ. بەزى ئۇسسۇلچىلار نەغمىچىلەرنى ھارغۇزۇپ قويۇپ ئۇتۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ماھارەتلىك ئۇسسۇلچىلارنى مەشرەپ ئەھلى چاۋاك چېلىپ قىزغىن ئالقىشلايدۇ.

## 2. دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى

دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر مۇقام ياكى مۇقامنىڭ نەغمىلىرى ئۈچۈن مۇقىم، قېلىپلاشقان تېكىست بولمايدۇ. مەشرەپنىڭ ۋەزىيىتى، مۇقامچىنىڭ كەيپىياتى ۋە قوشاقچىلىق ماھارىتىگە قاراپ مۇقام تېكىستلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

دولان مۇقامىغا سېلىپ ئېيتىلغان تېكىستلەر خەلق قوشاقلىرى بولغاچقا، بۇ قوشاقلاردىكى نىسبىي مۇستەقىللىق مۇقام تېكىستلىرىنىڭ رەڭدارلىق، مول مەزمۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان. شۇڭا، ھەر بىر مۇقامدا باي ۋە رەڭدار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن كۆپ خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار، ھەر بىر مەشرەپتە بولما يېڭىدىن يېڭى قوشاق بايلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەشرەپ جامائىتىنىڭ ئىنتىلىش ۋە ھەۋەسلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە قاندۇرىدۇ. شۇڭا دولان مەشرىپىنى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەكتىپى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ماقالىمىزدا بايان قىلماقچى بولغانلىرىمىز 1986 - يىل 25 - سېنتەبىر مەكىت ناھىيىلىك دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۈمىكى تەرىپىدىن رەتلىنىپ ئورۇندالغان، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى لېنتىغا ئالغان دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىگە ئاساسەن، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 1993 - يىل 3 - فېۋرال ناھىيە بويىچە دولان مەشرەپ - مۇقامى ۋەكىللىرىنىڭ مۇقاملار ئىسمى ۋە مۇقام تېكىستلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىدا بىرلىككە كېلىپ بېكىتكەن مۇقام ئىسمى ۋە مۇقام تېكىستلىرىدىن ئىبارەت.

### 1. «باش باياۋان» مۇقامى

مۇقەددىمە:

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟

چېكىتمە:

بارساڭلار سالام دەڭلار،
شۇل يارغا مېنى دەڭلار.
شۇل يارىم سوراپ قالسا،
شەھرىدە ئامان دەڭلار.

سەنەم:

ئاق توشقان، قارا توشقان،
جاڭگالدا ئۇنىڭ جايى.

* دولان مۇقامىنىڭ بۇ رەت تەرتىپى مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 1993 - يىل 3 - فېۋرال ناھىيە بويىچە دولان مەشرەپ - مۇقامى ۋەكىللىرىنىڭ مۇقاملار ئىسمى ۋە مۇقام تېكىستلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىدا بىرلىككە كېلىپ بېكىتكەن مۇقاملار ئىسمى بويىچە تىزىلدى.

پات - پات كەلسىلە يارىم،
بىزمۇ بارىمىز گاھى.

كۆن ئېگىلدى كەچ بولدى،
تال ئېگىلدى پەس بولدى.
ئارىلىق يىراق بولغاچ،
كۆرۈشمەكمۇ تەس بولدى.

چىنىدە شاراب بولسا،
تەخسىدە كاۋاپ بولسا.
مەن تولا ئۆكۈنمەيتتىم،
يارىمدىن جاۋاب بولسا.
نەقىرات:
مەستان يار جېنىما،
چاقچان يار جېنىما.
سەنىقەس:
چىرايىم زەپىرەڭ بولدى،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.
جۇدالىق چۈشتى باشىمغا،
قاچان كۆرىمەن يارىمنى.
سېرىلما:
يارىمنىڭ قارا قويى
ئويناپدۇ تېرىقلىقتا.
يارىم كېتىپ مەن قالدىم،
بۇ يۇرتتا غېرىبلىقتا.

تۇخۇم كۆمدۈم ئوچاققا،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاغقا.
يىراقتىكى شۇل يارىم،
سېغىنغاندۇ بۇ چاغقا.

**2. «زىل باياۋان» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭغا يىغلايمۇ؟
ئاھ، غۇربەت ئىچىدىكى
يېتىمنىڭ ھالىنى دەيمۇ؟
چېكىتمە:
تاغدىكى گىيالىنى
كەكىدە كەسمەيلىمۇ؟
سەن غېرىب بولساڭ ئەگەر،
قول تۇتىشىپ كەلمەيلىمۇ؟

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى
پەسلى باھاردىن سوراڭ.
مەن غېرىبنىڭ ھالىنى
كۆڭلۈمدىكى ياردىن سوراڭ.
نەقىرات:
ئاللا ئەھۋالىم خاراب،
جىگەرلەر كاۋاپ.
سەنەم:
بۇ راۋاپقا تارى يوق،

تار سالاغا چارە يوق.
دەردى بار دەرد تارتىدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

مەن بازارغا بارمىسام،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.
ئىزدىمەي يارنى دېسەم،
ۋاي ئىنتىزارىم ئارتىدۇ.
نەقىرات:
مەستان يار جېنىمغا،
چاقچان يار جېنىما.
سەنىقەس:
ۋاي ئۆلمەمدۇ كىشى،
ئۆلسە تىرىلمەمدۇ كىشى.
ئۆلگەندىن كېيىن يارنى
ۋاي كۆرەلەمدۇ كىشى.
سېرىلما:
ئات ئالدىم ئىگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
دەردىم تولا ئىچىمدە،
مەن بۇنداق يۈرگەن بىلەن.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك
ئېگىلمەسەن ئاق جۇۋان.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
سەن بىلمەسەن ئاق جۇۋان.

**3. «چۆل - باياۋان» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كەيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
سېنى تاشلامدىمەن يارىم.
چېكىتمە:
قارا كۆرپە تۇماقىمنى
كىيگۈم كېلىدۇ.
ھەر ناشتىدا يار لېۋىگە
سۆيگۈم كېلىدۇ.

ئويان باقسام بۇيان باقسام،
ئاكام كەلمەيدۇ.
يارىم بىلەن چۆلدە ياتسام،
قورققۇم كەلمەيدۇ.
سەنەم:
باغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئەنجۈرۈڭ ئەجەب شاخلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ؟
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

ئۇ قاتتىدا سەن بولساڭ،
بۇ قاتتىدا مەن يارىم.
ئانارگۈلى سەن بولساڭ،

يوپۇرماقى مەن يارىم.
سەنقەس:
راۋاپ چالدىم پەدىگە،
سىز يارىمنىڭ دەردىگە.
تۇرالامسىز قارا كۆز،
ئاخشام قىلغان ۋەدىگە.

ئۈستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
سۆيەي دېسەم بويۇم پەس،
ئېگىلەلمىسىز قەلەمقاش.
سېرىلما:
كۆچەت يىلتىز تارتىدۇ،
مۇنبەت يەرگە تىكىلسە.
ئۈزۈلمەيدۇ دىل رىشتى،
لېۋەن يارغا چېكىلسە.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
كۆڭلۈمنى ئاتاپ قويدۇم،
سىز يارىم چىرايلىققا.

**4. «ئۈتەڭ باياۋان» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
ئىچىم قاينايدۇ - قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
سىنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم،
ئېچىلماي توزىغان گۈلدەك.
چېكىتمە:
ھاۋادا ئۇچار قۇشمەن،
خېنىم گەپ قىلماڭ، بىھۇشمەن.
قەدرىمنى بىلەر بولساڭ،
ئالتۇن بىلەن كۆمۈشمەن.

مەن كىمنى دەپ ئولتۇردۇم،
شۇل يارنى دەپ ئولتۇردۇم.
ئوقەتكە كويىش قىلماي،
ئارقامغا زوك ئولتۇردۇم.
سەنەم:
سىنى يارىم دەپتىمەن،
توك ئالمىنى يەپتىمەن.
سەن بىۋاپا يارىمنى
ئايرىلمايدۇ دەپتىمەن.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام سەن كۈلىسەن.
ھەممە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن.
سەنقەس:
قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارىمۇقىنىڭ قاسىرىقىدەك
گۇناھ مەندە يوق.

سىم - سىم دەيدۇ، سىم - سىم دەيدۇ،
سىملا قوينۇمدا.
قىلدەك گۇناھ مەندە بولسا،
قىلىچ بوينۇمدا.
سېرىلما:
سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى،
مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى.
بىر مەلىدە چوڭ بولۇپ،
ھېچ بىلمىدىڭ قەدرىمنى.

كەت دېسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
«ئۇردا خېنىم» غا يېتىمەن.

**5. «بوم باياۋان» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
دولان دەريا سۇلىرى
ئاقىدۇ تارام - تارام.
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
باشقىنى سۆيمەك ھارام.
چېكىتمە:
ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ؟
باشتا قىسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ؟
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق.

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.
سەنەم:
ئايغا ئوخشاش ئۆزىڭىز،
چولپانغا ئوخشاش كۆزىڭىز.
خەلقى ئالەم قىزلىرىغا،
ئوخشىمايسىز ئۆزىڭىز،

ھويلاڭدىكى تېرەكنىڭ
تۈۋىدە كاساك بولۇر.
ئىككى يار تۇتقان كىشىنىڭ
كاللىسى ساراڭ بولۇر.
نەقرات:
قارا كۆزلەر ئوينايدىكەن،
ئويناپ - ئويناپ تىنمايدىكەن.
سەنقەس:
ئالما گۈلى گۈل ئەمەس،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار ئەمەس،
ھېجىيىپ تۇرغان بىلەن.

مېڭىشىڭنى يولدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ
بەلبېغىمنىڭ ئۇچىدا.
سېرىلما:
كېتىپ بارىدۇ يولدا،
شايى ياغلىقى قولدا.
كېتىپ بارسا توسماڭلار،
نامەھرەم بولۇر يولدا.

يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.
سېرىقگۈلنى سۆيمەيمەن،
مېنىڭ گۈلۈم قىزىلگۈل.

**6. «سىم باياۋان» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
كېلىڭلار يارۇ دەردمەنلەر،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغان يارنىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.
چېكىتمە:
ئاتام مېنى، ئانام مېنى
بالام دېمىسۇن.
سالار كويغا خۇدا سالدى،
يامان دېمىسۇن.

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن
مۇز داۋان بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن
بىر يامان بىلەن.
سەنەم:
ئۇنداق ئەتمەڭلار مېنى،
بۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولارمىز،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

تورغاي قوندى يانتاققا،
قۇشقاچ قوندى زاغزاققا.
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاققا.
نەقرات:
ئاللا، ئاللا، كۆلەلا،
دەرد كەلگەندە بىلەلا.
سەنقەس:
ئۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل،
بۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل.
ئىككى گۈل ئاراسىدا
سايراپ تۇرىدۇ بۇلبۇل.

باغىم بار دېگەن بىلەن،
ئانارى بولسا بولمامدۇ.

يارىم بار دېگەن بىلەن،
ۋاپا قىلسا بولمامدۇ؟
نەقرات:
ئاھ، يار پەلەك،
كۆيىدۇ يۈرەك.
كېلىڭ ئوينايلى
چوكان سىڭىلەك.
سېرىلما:
ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭنىڭ پاتقىنى پاتقان.
ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلىپ،
بېشىڭنىڭ قاتقىنى قاتقان.

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى.

**7. «جۇلا» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
سېرىق سەبدە تولۇنئايدەك
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.
چېكىتمە:
باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

چىللاڭ توخام، چىللاڭ توخام،
يارىم ئويغانسۇن.
لەۋلىرىڭدىن چىشلىۋالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.
سەنەم:
دولاننىڭ بازارىدا
رەڭمۇرەڭ تاۋارى بار.
چۆرگىلەپ كېتەلمەيسەن،
ياخشى يارنىڭ خۇمارى بار.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەچ بولسىمۇ كەل يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.
نەقرات:
ۋاي ـ ۋاي مەستان يارەي،
ۋاي ـ ۋاي چاققان يارەي.
سەنقەس:
جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام،
قايان بارۇرسەن.
نامازشامدا گۈلنى قىسىپ،
جاننى ئالۇرسەن.

نەقرات:
ۋاي باغ بىلەن بوستان،
كېلىڭ ئويناپلى ۋاي يار بىلەن چوكان.
سېرىلما:
سارايىمۇ ساراي
كۆرگىلى كەلدىم.
ياخشى يارىمنى
سۆيگىلى كەلدىم.

مەن يارنى كۆرمەي،
قالمىدى تاقەت.
ھەر جايدا بولساڭ،
بولغىن سالامەت.

**8. «خۇدەك باياۋان» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
ئاتام بۇ يولنى كۆرسەتتى،
ئانام بۇ يولنى كۆرسەتتى.
كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن،
بىھوش دوزاخنى كۆرسەتتى.
چېكىتمە:
تۇتما دېسەم خويمۇ تۇتتى
بىلەكلىرىمنى.
ئىشقى ئوتۇڭ كۆيدۈردى
يۈرەكلىرىمنى.

مەيلى قانداق تېۋىپ بولسۇن
تومۇرنى تۇتار.
يار ئاغرىقى يۈرەكتە،
ئۇنى كىم ئۇقار.
سەنەم:
دولاننىڭ بازارىدا
بىر بالىغا كۆيدۈممەن.
شۇ بالىغا ئېيتىڭلار،
مۇنداق جاندىن تويدۇممەن.

كېتەيمۇ چىقىپ چۆلگە،
بىر موللاق ئاتاي كۆلگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
ئايلاندىم كۆيۈپ كۆلگە.
سەنقەس:
مەن يارنى كۆردۈم،
مەستانە بولدۇم.
ئەقلىي - ھوشۇم يوق،
دىۋانە بولدۇم.

دىۋانە قىلغان
قارا كۆزۈڭدۇر.
ئوتلارغا سالغان
شېرىن سۆزۈڭدۇر.
نەقرات:
ئاھ، شېرىنجان - قارا كۆز،
ئاھ، ئالتۇنجان - قارا كۆز.
ئالما - ئانارنىڭ ياپراقىدەك
كۆيناڭ قارا كۆز.
سېرىلما:
ئالمىنىڭ تاياقىمۇ؟
بېھىنىڭ تاياقىمۇ؟
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ؟

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
كۆرۈنگەن دەرەخ سىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
كۆيدۇ يۈرەك بىزنىڭ.

**9. «دۇگامەت» مۇقامى**

مۇقەددىمە:
ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام.
چېكىتمە:
ئىرمىشايلى، چىرمىشايلى،
شايى كۆڭلەككە.
شايى كۆڭلەك تۈگمىلىرى
تەگسۇن يۈرەككە.

يارىم بىلەن ئوينىغان
ۋەسلىگە تويۇپ.
ئەندى قېنىپ ئوينىۋالاي
ئۇيقامنى قويۇپ.
سەنقەس:
گۇل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئوسما تېرىدىم كۆرسىلە.
بىر سىقىم ئوسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

بېغىمدىكى كۆلچەكتە
مۇز تۇتۇپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرىمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.
نەقرات:
مەستان يارەي،
چاققان يارەي.
سەنقەس:
ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
ئاچىلغان قىزىلگۇلدەك.
كەلگىن يارىم ئوينايلى،
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بىللە ماڭىمىز قاشتا.
مەن يارىمنى بىر سۆيسەم،

ھەپتىلىك بولۇر ناشتا.
سىرىلما:
جۇپ قولۇمدا قوش كەكە،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئاخشاملىقتا سەگەك يات،
تۈن تەڭ بىلەن توۋلايمەن.

ئات ئوقۇردا ئامانمۇ؟
بىدە يەمدۇ سامانمۇ؟
خەق ئۈينىسا ھېچگەپ يوق،
بىز ئۈينىساق يامانمۇ؟

## 3. دولان مەشرىپىدىكى «ئۇششاق پەدە» تېكىستلىرى

دولان مەشرىپىدە بىر دۆرە (قېتىم) ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ماھىر ئۇسسۇلچىلار مەيدانغا چۈشۈپ «ئۇششاق پەدە» ئۇسسۇلى ئويناپ نەغمىچىلەر بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ. «ئۇششاق پەدە» ئۇسسۇل - مۇزىكا تېكىستلىرى ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىگە ئوخشاش مۇقىم قېلىپلاشمىغان بولىدۇ. ئۇ، ھەر قېتىملىق مەشرەپ سورۇنلىرىدا قوشاقچى - ئەلنەغمىچىلەر ئۆزى توقۇپ، ئۆزى ئوقۇغان تېكىستلەر بولۇپ، مەشرەپ سورۇنىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. «ئۇششاق پەدە» ئاھاڭلىرىمۇ ئىنتايىن ئاممىباب بولۇپ، ئۇنى مەشرەپتىمۇ، سەھنە، ئېتىز - ئېرىق، كوچا - كوي، زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردىمۇ ئېيتىشقا ماس كېلىۋېرىدۇ. ماقالىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا بايان قىلماقچى بولغانلىرىمىزمۇ مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 1993 - يىل 3 - فېۋرال ناھىيە بويىچە دولان مەشرەپ — مۇقامى ۋەكىللىرىنىڭ مۇقاملار ئىسمى ۋە مۇقام تېكىستلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىدا بىرلىككە كەلتۈرگەن دولان خەلق «ئۇششاق پەدە» تېكىستلىرىدىن ئىبارەت.

### 1. قەمبەرخان

قەمبەرخاننىڭ سازىمەن،
كۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

قەمبەرخاننىڭ نېمىسى،
قوللىرىدا خېنىسى.
خېنە قويسا قويامدۇ،
يۈز ئۆرۈگىنى نېمىسى.

قەمبەرخان سېخىي بوپتۇ،
دەردمەنلەر كېلىپ سۆيسۇن.
بىزنى ئايرىغان دۈشمەن
دوزاخ ئوتىدا كۆيسۇن.
ياندۇرما:
لائىلاھە ئىللەللا

لائىلاھە ئىللەللا

### 2. بىكىلىكە قاراكۆز

(مۇناجات)

سىم - سىم ئارىلاپ، سىم - سىم ئارىلاپ،
دەريانى بويلاپ.
ئىككى كۆزۈم ئەما بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.
قاينۇرما:
بىكىلىكە قارا كۆز، باغدا ئوينايلى،
چىرمىشىپ ئوينايلى.

ئۇيان باقسام، بۇيان باقسام،
ئاكام كەلمەيدۇ.
يارىم بىلەن بىللە ياتسام،
قوپقۇم كەلمەيدۇ.
قايتۇرما:
بىكىلىكە قاراكۆز، باغدا ئوينايلى،
چىرمىشىپ ئوينايلى.

دارى دەيدۇ، دارى دەيدۇ
قىچىنىڭ ياغىنى.
ئەقلىڭ بولسا سۆيمە ھەرگىز
كىشىنىڭ يارىنى.
قايتۇرما:
بىكىلىكە قارا كۆز، باغدا ئوينايلى،
چىرمىشىپ ئوينايلى.

### 3. يارىم قېشىمدا

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدىن
سىرىلدىم تۈزگە.
بىلەمسىزكى - بىلمەمسىزكى،
مەن كۆيدۈم سىزگە.
ياندۇرما:
ئاق بىلەكىم بويىنۇڭدا، دوپپام باشىمدا،
ئاخشام ياتىپ سەھەر قوپسام سەن يوق قاشىمدا.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
قورغۇي ئەگىيدۇ.
چىن ۋاپادار يارىڭ بولسا،
يۈرەك سەگىيدۇ.
ياندۇرما:
ئاق بىلەكىڭ بويىنۇمدا، دوپپام باشىمدا،
ئاخشام ياتىپ سەھەر قوپسام سەن يوق قاشىمدا.

ئۇيان ئۆتۈپ - بۇيان ئۆتۈپ
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
قارچۇغىنىڭ بالىسىدەك
ئېگەي بويىنۇڭنى.
ياندۇرما:
ئاق بىلەكىڭ بويىنۇمدا، دوپپام باشىمدا،
ئاخشام ياتىپ سەھەر قوپسام سەن يوق قاشىمدا.

### 4. گويىناسۇن

ئۆيانىغا تاشلاپ ئويناسۇن،
بۇيانىغا تاشلاپ ئويناسۇن.
ساپىغا ئاسقان لېپتىسنى
يانىغا تاشلاپ ئويناسۇن.

كېلىڭلار قاتار ئوينايلى،
ھېچكىم چەتتە قالماسۇن.
كىمنىڭ كۆڭلى كىمگە بولسا
قويۇپ بېرىڭ، ئويناسۇن.

ھويلاڭدىكى قۇدۇققا
قىزىلگۈلنى تاشلايمىز.
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا
كۆز تاشلىشىپ ئوينايمىز.

5. ئويناڭ سارىخان

ئورمىنى ئوراي دېسەم
چېچىلارمىكىن دەيمەن.
بىللە ئوينىساق كۆڭلۈڭ
ئېچىلارمىكىن دەيمەن. ئويناڭ سارىخان.

كۆيدۇما - كۆل بولدۇما،
ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدۇما.
بۇ سېنىڭ پەيلى خۇيۇڭغا
ئۆلگۈچە قۇل بولدۇما. ئويناڭ سارىخان.

ساندۇقۇم تۆمۈر تاختا،
ئۇنىڭ ئىچىدە پاختا.
بىزنى قەستلىگەن دۈشمەن
قان قۇسقاي ئۆلەر ۋاقتا. ئويناڭ سارىخان.

6. تومۇچۇق خېنىم

ئۇ قاتتىمۇ يارىم بار،
بۇ قاتتىمۇ يارىم بار.
ئۇ قاتتىكى يارىمدىن
ئۆلگۈچە ئامايىم بار. تومۇچۇق خېنىم.

ئېرىق چاپتىم قاش قويۇپ،
ئىككى يانغا تاش قويۇپ.
بىرگە ئۆتسۇن ئۆمرىمىز،
بىر تەكىيگە باش قويۇپ. تومۇچۇق خېنىم.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
غوجىئاۋاتنىڭ تېرىكى.
بىز ھەقىقى جۇپ بولساق،
پۇلنىڭ نېمە كېرىكى. تومۇچۇق خېنىم.

7. ئاللا باللا

ئۇسما قويغان قىز باللا
قاشلىرىنى داڭلايدۇ.
يۈرەكتىكى دەردىمنى
كىمگە ئېيتسام ئاڭلايدۇ. ئاللا باللا.

يار تېپىپتۇ باشقىنى،
بىلگەندىن خەۋەرلەندىم.
خەقلەر غەيۋەت قىلمىسۇن،
دەرد بىلەن زەھەرلەندىم. ئاللا باللا.

بۇ دۇتار كىچىك دۇتار،
ئاۋازى چوڭچوڭ دۇتار.
دەردى بارلار ئاڭلىسۇن،
دەردى يوق نېرى تۇلتار. ئاللا باللا.

8. بوستان چاچ بالا

1 - ئۆزگىرىش

قېشىڭ بىلەن قارايسەن،
زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن.
مەن ساڭا نېمە قىلغان، بوستان چاچ بالا،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.
ياندۇرما:
ئوينىۋالاي ئايدىڭدا.
مەنمۇ بارمۇ يادىڭدا.

قارچۇغام قونۇۋالدى
ئارقىدىكى تېرەككە.
تاتلىق - تاتلىق گەپ قىلىپ، بوستان چاچ بالا،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە.
ياندۇرما:
ئاللا - ئاللا، لەيلىگىلار،
ئوينىماساڭلار مەيلىڭلار.

2 - ئۆزگىرىش

باغدا يوچۇق بار ئىدى، جېنىما - خېنىما،
بەختىخان كېلىڭ دېدى.
ئانىڭىز باردۇ دېسەم، جېنىما - خېنىما،
ھۆددىسى ماڭا دېدى.

كىچىككىنە باغچىدا، جېنىما - خېنىما،
مايسا كۆك بولدىمىكىن.
كىچىككىنە يارىمغا، جېنىما - خېنىما،
يار كېرەك بولدىمىكىن.

3 - ئۆزگىرىش

جۇۋان ئالىلام، چوكان ئالىلام،
سېنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن.
سېنىڭ مەلەڭگە بارغاندا،
ساڭا يالغانچى بولمايمەن.
ياندۇرما:
ھەي ئاچا، جېنىم ئاچا،
دەرد تولا، يۈرەك پاچا.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى زەي سۇ،
خېنىم پەشمەتنى كەيسەڭچۇ.
ناۋات ئاغزىڭ تۇرۇپ تۇرسۇن،
شېكەر ئاغزىڭدا سۆيسەڭچۇ.
ياندۇرما:
ھەي ئاچا، جېنىم ئاچا،
دەرد تولا، يۈرەك پاچا.

**9. ئاشنام قارا كۆز**
ئۆيان ئۆتىدۇ بىر كۆل،
بۇيان ئۆتىدۇ بىر كۆل.
ئىككى كۆل ئاراسىدا
سايراپ ياتىدۇ بۇلبۇل.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئەنجۈرۈڭ ئەجەب شاخلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

ئايغا ئوخشاش يۈزىڭىز،
چولپانغا ئوخشاش كۆزىڭىز.
خەلقى ئالەم قىزلىرىغا
ئوخشىمايسىز ئۆزىڭىز.

**10. ھەي ئاللا**
بۇلبۇل سايرىغان باغدا
غۇنچە پورەك ئاچمامدۇ.
مەن يامۇلدا ياتقاندا،
يارىم ھەسرەت چەكمەمدۇ.

چىرايىم زەپىرەڭ بولدى،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.
ئارامىزدا مۇسۇلمان يوق،
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

كېچە ياتىمەن غەم بىلەن،
كۆزۈم ياشۇ - نەم بىلەن.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز،
مېھرىبانىم سەن بىلەن.

**11. ھاجى ئاتام ئاللىسى**
پىچىقىمنىڭ دەستىسى
يىلان بېشى، كەكلىك قېشى.
ھاجى ئاتامنىڭ ئويىنىشى
ئاقساقمارال - مارالبېشى.
ياندۇرما:
ھەي ئاللا، جان ئاللا،
قۇرباندۇر ساڭا جانلار.

ھاجى ئاتام كىردى باغقا،
سەللىسىنى ئىلدى شاخقا.
كەتتى ئۆزى جەننەت ياققا،
بىزنى قويۇپ ھەسرەت - داغقا.
ياندۇرما:
ھەي ئاللا، جان ئاللا،
قۇرباندۇر ساڭا جانلار.

ئوينىدۇقا - ئوينىدۇق،
ئاقسۇ - كۇچادا ئوينىدۇق.
قارا كۆزگە ياش ئېلىپ،
ئاھ، ئىسىت! دەپ يىغلىدۇق.
ياندۇرما:
ھەي ئاللا، جان ئاللا،
قۇرباندۇر ساڭاجانلار.

**12. ئىگمەي ئاللا**
كۆل ئېچىلسا نېمە بولۇر،
غۇنچە ئېچىلسا نېمە بولۇر.
بىر قېتىم قىلغان گۇناھنى
يارىم كەچۈرسە نېمە بولۇر. ئىگمەي ئاللا.

يارنىڭ بېغىدا بىر كۆل
يانغا قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ. ئىگمەي ئاللا.

قاش - كۆزۈڭنى ئوخشىتاي
ئېقىپ تۇرغان بۇلاققا.
بولسا قانچە گۇناھىم،
ئۆزۈڭ ئالغىن سوراققا. ئىگمەي ئاللا.

**13. ئاختام پەدىسى I**
لاچىن قونمىغان تېرەك،
سويما سالمىغان پىلەك.
ئۇن بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا قانمىغان يۈرەك.

ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
ئالتە ئاي بولدى كۆيگىلى،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ
يېڭى ھويلىغا چۈشتۈم.
مەن ئۆزۈم كىچىك تۇرۇپ،
يارنىڭ كويىغا چۈشتۈم.

**14. ئاختام پەدىسى I**
مەن راۋابنى چالىمەن
كەلسە - كەلمەس پەدىگە.
ئۇن جېنىمنىڭ بىرسى يوق،
سەن خېنىمنىڭ دەردىدە.

مەن شۇنداق بولارمەنمۇ،
ئوتۇڭدا كۆيەرمەنمۇ.
خۇدايىم كىمگىز بەرسە،
سېلىپمۇ ياتارمەنمۇ.

كېتىپ باردۇ دەردمەن،
قولىدا يوغان كەتمەن.
دەردىڭنى ماڭا ئېيتما،
مەن سەندىن يامان دەردمەن.

**15. ئامبال بولامىلا**
(قوش تېپىك)
ئامبال ئويناىدۇ،

چۈگۈن قاينايدۇ،
خام قايماق چايني
ئىچكىلى بولمايدۇ.

ئامبال بولاملا،
دوتەي بولاملا.
دارغا چىققاندا
چاققان بولاملا.

ئامبالنىڭ قىزى،
دوتەينىڭ قىزى.
چوقۇر دېمەڭلار،
چېچەكنىڭ ئىزى.

ئامبال ئالدىدا،
دوتەي كەينىدە.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ،
تامنىڭ كەينىدە.

**16. ۋاي دادەي**

(سارىڭ جومباق)

يارنىڭ ئۆيى يىراقتا،
ئۆيىنىڭ يېنىغا ئۆي سالسام.
يار كېلەرمۇ - كەلمەسمۇ،
پاخلان يېغىدا بوي سالسام. ۋاي دادەي.
ياندۇرما:
ئېتىم ئورۇق، چىلان تورۇق،
ساماندىن ئون تاغارنى يەپ يەنە ئورۇق.

يارنىڭ ئۆيى يىراقتا،
كۆيدۈم ئوتى پىراقتا.
سۇرىتىگە قارايمەن،
كۆندۈزى ھەم چىراغتا. ۋاي دادەي.
ياندۇرما:
ئوتۇڭدا مەن، كويۇڭدا مەن،
غەم قىلما يارىم يېنىڭدا مەن.

ئاي مەسەللىك يارىم سەن،
كۈن مەسەللىك يارىم سەن.
ئون كۈن بولدى كۆرمىدىم،
ساق - سالامەت بارمۇ سەن. ۋاي دادەي.
ياندۇرما:
ئوتۇڭدا مەن، كويۇڭدا مەن،
غەم قىلما يارىم يېنىڭدا مەن.

**17. گۈل يارىمنىڭ باغلارى**

ئۆستەڭ بويىغا چىقسام،
گۈلنىڭ شىخى ئېگىشكەن.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ،
سىز يارىمدەك كېلىشكەن.
ياندۇرما:
گۈل يارىمنىڭ باغلارى ئەشەلدە،
سىزدەك سەتەڭ بارمىدۇ بۇ شەلدە.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا،
ئۈن تاسقايدۇ لەگزىدە.
بىزنىڭ قاراقاش يارنىڭ
قان توختايدۇ مەگزىدە.
ياندۇرما:
گۈل يارىمنىڭ باغلارى ئەشەلدە،
سىزدەك سەتەڭ بارمىدۇ بۇ شەلدە.

زەپمۇ ئىللىق خۇش پۇراق
يار بېغىنىڭ ھاۋاسى.
شۇ باغدىلا تېپىلار
يۈرىكىمنىڭ داۋاسى.
ياندۇرما:
گۈل يارىمنىڭ باغلىرى ئەشەلدە،
سىزدەك سەتەڭ بارمىدۇ بۇ شەلدە.

**18. چىرايىڭنى ئاچ**

دەريانىڭ ئوتتۇراسىغا
تال ئۈنۈپتۇ تولغىماچ.
ئۈچىغا چاڭگا تىزىپتۇ
ناچا گۈللۈك قارلىغاچ.

ناچا گۈللۈك قارلىغاچنىڭ
بويىندا زەنجىرى بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
بويىندا تۇمارى بار.

سېنىڭ ئاغزىڭدا ناۋات بار،
مېنىڭ قورسىقىم ئاچ.
بەرمىسەڭمۇ بەرمىگىن،
چىرايىڭنى ئاچ.

**19. دوستلىرىم ئامان يارلار**

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
يار ئۆيىگە ۋاسىلا(ر).
خەير، خۇداغا ئامانەت،
قايسى يۇرتقا بارسىلا. دوستلىرىم ئامان يارلار.

جان خېنىم، جانان خېنىم،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جان تەندە ئامان بولسا،
كۆرۈشكەيمىز سالامەت. دوستلىرىم ئامان يارلار.

باغدا سەيلى قىپمىدۇق،
ئالما ئۈزۈپ يەپمىدۇق.
مۇرادقا يەتمەي تۇرۇپ
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق. دوستلىرىم ئامان يارلار.

## 4. مەشرەپ ئويۇنلىرى

دولان مەشرىپىدە نەغمە - ئۇسسۇلدىن باشقا، خەلق سەنئىتىنىڭ ھەر خىل ئويۇن شەكىللىرىمۇ چوڭقۇر

ئۆزلەشكەن. بۇنداق ئويۇنلار مەشرەپلەرگىلا خاس بولغانلىقى، باشقا سورۇنلاردا ئوينالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار «مەشرەپ ئويۇنلىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئويۇنلارنىڭ بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرى «دەررە ئويۇنى» ، «پىيالە ئۆرۈپ چاي تۇتۇش» ، «قوشاق ئېيتىش» قاتارلىقلار بولۇپ، مەشرەپتە بىر قېتىملىق نەغمە - ئۇسسۇلدىن كېيىن مەشرەپ ئەھلىگە ئارام بېرىش ھەم كۈلكە قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئويۇنلارنىڭ بىرسى، دائىرىسى كەڭرەك مەشرەپلەردە بولسا، بۇ ئويۇنلار ئاساسەن تولۇق ئوينىلىدۇ.

## 1. پىيالە ئۆرۈپ قوشاق ئېيتىش

مەشرەپتە ھەر بىر ئۇسسۇل ئارىلىقىدا نەغمىچىلەرنى كىچىككىنە ئارام ئالدۇرۇش يۈزىسىدىن يىگىتبېشى پىيالىگە چاي قۇيۇپ (چاي يېرىم قۇيۇلغان بولىدۇ) مەشرەپ ئەھلىگە تۇتىدۇ. پىيالىنى توپ ئىچىدىكى يىگىتتىن بىرسى ئالىدۇ. ئۇ، پىيالە تۇتقان قولىنى ئەپچىللىك بىلەن قولتۇق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر پۈتۈن چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئۆرۈپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزغا تۇتىدۇ. پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرىگەندە ئىچىدىكى چاي تۆكۈلمەسلىكى شەرت. مۇبادا چاي تۆكۈلۈپ كەتسە قىز پىيالىنى ئالمايدۇ. دەۋاگەر ئوتتۇرىغا چىقىپ يىگىت بېشى (پادشاھ) غا ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلىپى بويىچە يىگىتنى جازاغا تارتىدۇ. ئەگەر چاي تۆكۈلمەي ئەپچىللىك بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈلسە، قىز يىگىتتىن رازى بولىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپ قىزغا تۇتىدۇ:

باغىمدىكى كۆلچەكتىن
چېلەك بىلەن سۇ تارتتىم.
ئۆزۈم كىچىك بولساممۇ،
دەردىڭىزدە ئۇھ تارتتىم.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
چاي ئىچىشسەك نېمە بولا (ر) ؟

قىز پىيالىنى ئالغاندىن كېيىن يىگىتكە جاۋابەن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيدۇ:

ئاق تاۋاردا كۆڭلىكىم،
كۆك تاۋاردا كۆڭلىكىم.
مەن يارىمغا بەرگىنىم
ئالما ئەمەس يۈرىكىم.
چاينى ئىچسەك ئىچەيلى،
گەپلىرىدە تۇرالامىلا؟

يىگىت:

پىيالىنى ئۆرۈدۈم،
سىز يارىمغا تۇتقىلى.
ئوتتۇز ئوغۇل ئالدىدا
كۆڭلىڭىزنى ئۇتقىلى.
چاينى ئىچسەك ئىچەيلى،
ئۆمۈرلۈك يار بولالامىلا؟

ئاندىن قىزمۇ يىگىتكە ئوخشاشلا پىيالىنى قولى بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈيدۇ. ئۇ، پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرىگەندىمۇ چوقۇم ئىچىدىكى چاي تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى شەرت. قىز پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن چايدىن بىر ئوتلاپ كۆڭلى خالىغان بىرسىگە تۇتىدۇ. پىيالىنى تۇتۇش ۋە ئېلىش ئالدىدا بېيىت ئېيتىشقاندا قىز - يىگىتلەر سورۇننىڭ كەيپىياتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوشاقچىلىق ماھارىتىگە قاراپ ئۆزى بىلگەن ياكى توقىغان قوشىقىنى خالىغانچە ئېيتىدۇ:

مەسىلەن قىز:

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر
غۇنچە بويلۇق بىر يىگىت.
ئالما بەرسەم ئۇنىمايدۇ،
بۇلبۇل خۇيلۇق شوخ يىگىت.

بۇلبۇل سۆھبەت شوخ يىگىتنىڭ
سۈرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە خال چۈشۈپتۇ،
ئېچىلمىغان غۇنچەچە بار.

يىگىت:

ئېشىك ئاچتىم، تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
بەللىرى بىر قىلچە يوق.
بۇ كۆڭۈل سىزگە چۈشۈپتۇ،
باشقىسى بىر پۇلچە يوق.

قىز:

دەريادا بېلىق،
تاغاردا تېرىق.
گۈلدەك يۈزىڭىز
نېمىشقا سېرىق؟

يىگىت:

ئاسماندىكى ئاي،
چەينەكتىكى چاي.
مەن سىزگە كۆيدۈم،
ۋاي، يۈرىكىم ۋاي.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىيا بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك گەتتىم،
لەھەل بىلەن كۆز.
تۇندە يېزىپ خەت گەۋەتتىم،
بولمىسىمۇ تۇز.
تۇز بولسىمۇ - بولمىسىمۇ
ئوقۇڭ ئانار يۈز.
خەت يازغانغا تۈگەمدىكىن
يۈرەكتىكى سۆز.
ھەر كىشىنىڭ تۇتقان يارى
ئۆزىگىدۇر ئۆز.

پۇرىغلى خوش پۇراق

قىزىلگۈلۈم سىز.
قۇشلىغىلى قولۇمدىكى
جان قورغىيىم سىز.

كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي
تېرىككىمىزدە.
بېلىق بولۇپ ئويناۋالاي
يۈرىكىمىزدە.

كۆك ئىشكىنىڭ قانتىنى
سىرچىلارغا سىرلىتاي.
مەلىگە كەلگەن يىگىتنى
هويلا - ئارامغا چىللىتاي.
مەلىگە كەلگەن يىگىتنىڭ
تونى بار ئىمچاسى يوق.
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ،
بەرگى بار غۇنچەسى يوق.

شۇل بەرگىنى قىسقىچە،
غۇنچە قىسقان ياخشىراق.
بىۋاپا يار تۇتقۇچە،
يارسىز يۈرگەن ياخشىراق.

## 2. دەررە (پوتا) ئويۇنى

دەررە (پوتا) ئويۇنى - مەشرەپ ئارىلىقىدا نەغمىچىلەرنى هاردۇق ئالدۇرۇش، چالغۇلارنى سازلىۋېلىش هەمدە مەشرەپ ئەهلىنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

دەررە كۆپىنچە نەغمىچى ياكى ئۇسسۇلچى يىگىتلەرنىڭ بەلباغلىرىدىن تاللاپ ئىشلىنىدۇ. ئۆي مەشرەپلىرىدە بولسا دەررىنى ئۆي ئىگىسى يېڭى - پۇختا ماتا (رەخت) دىن ئىشىپ تەييارلايدۇ. دەررە بەلباغ ياكى ئىككى مېتىردىن ئىككى يېرىم مېتىرغىچە ئەن ماتا (رەخت) نى ئىككى ئەر كىشى ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ تولغاپ ئېشىش، ئاندىن ماخوار (تولغىما ساڭزا) شەكلىدە قاتلاپ بىر چېگىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. دەررىنى چىڭ توگۈش ئۈچۈن بەزىدە قوم ياكى سىم ئارىلاشتۇرۇپمۇ ئىشلىنىدۇ. مەشرەپتە بىر دۆرە (قېتىم) ئۇسسۇل ئاخىرلىشىپ هەممە كىشى ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن يىگىت بېشى (مەشرەپ باشقۇرغۇچى) تاۋار بەلباغدا ناهايىتى چىڭ قىلىپ ئىشلىگەن دەررىنى ئىككى پىيالە چاي بىلەن بىر پەتنۇسقا ئېلىپ سورۇنغا چۈشىدۇ. ئاندىن پۈتكۈل مەشرەپ ئەهلىگە تەبەسسۇم ئەيلەپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

- مۇشۇ مەشرەپ كەچلىكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئاتا - ئانىلار، ئاچا - سىڭىللار، ئاكا - ئىنىلەر، قىز - يىگىتلەرنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك ئەيلەپ، مۇشۇ مەشرەپ كەچلىكىمىزنىڭ ساهىبخانى $x$ $x$ نىڭ مەشرەپ ئەهلىگە بىر پىيالە رەهمەت چېيى بار ئىكەن، قوبۇل كۆرۈلسە دەپ ئىلتىماس قىلىنىۋىدى، - دەپ مەشرەپ ئەهلىگە ئېهتىرام بىلدۈرىدۇ. مەشرەپ ئەهلى بىردەك: «هەشقاللا» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت بېشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىغان ئادىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەررىنى تۇتۇپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى بېيىت ئارقىلىق ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ:

چىڭماس قولىدا پەرىسى بولمىسا،
قىزىماس مەشرەپ دەررىسى بولمىسا.
بۈگۈنكى يىغىلىش كۆڭۈللۈك مەشرەپ،
كۆڭلىمىزدە يوقتۇر غەيرىي نىيەت.
تالىشىپ ئوينىساق قانداق؟

شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان دەررە ئويۇنى باشلىنىدۇ - دە، ئويۇن بېيىت - قوشاقلار بىلەن داۋاملىشىدۇ:

دەررە ئېشىپ يىپەكتىن،
ئىزدەپ كەلدىم يىرەكتىن.
تەگسە دەررەم بەللىرىڭگە،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن.

كېلىپ قالدى دەررىمىز،
تۈرۈلمىسۇن تەرىمىز.
بۇ مۇهەببەت قامچىسى،
يوقتۇر ئۆزگە قەهرىمىز.

ئىشىك ئالدىدا يوللىرى،
زەيتۇن تاۋاردا تونلىرى.
دەررە ئېلىپ كېلىپ قالدۇق،
تېگەرمىكىن چوللىرى.

دەررە تۇتقۇچى يىگىت بېشى يۇقىرىقى بېيىتلارنى ئوقۇپ مەيلى ئەر، مەيلى ئايال ياكى ياش - قېرى بولسۇن ئۆزى خالىغان بىر كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەررە ئويناشقا تەكلىپ قىلىپ:

- قېنى ئۆزلىرىگە مەرهەمەت، - دەيدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىت بېشىغا تازىم قىلىدۇ. يىگىت بېشى تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە دەررە بىلەن ئۇرۇپ چۆرگىلەيدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچىمۇ تەڭ چۆرگىلەيدۇ. ئەگەر چۆرگىلىمىسە دەررە تېخىمۇ قاتتىق تېگىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپنى قاتتىق كۈلكە قاپلايدۇ. چۈنكى دەررىنىڭ زەربىسىدىن تەكلىپ قىلىنغۇچى هودۇقۇپ تولغىنىپ كۈلكىلىك هالغا كېلىپ قالىدۇ. يىگىت بېشى ئوڭ تەرەپكە چۆرگىلىسە، تەكلىپ قىلىنغۇچى سولغا چۆرگىلىشى، ئەگەر يىگىت بېشى سولغا چۆرگىلىسە، تەكلىپ قىلىنغۇچى ئوڭغا چۆرگىلىشى، بىرلا چۆرگىلەپ تازىم قىلىپ قول ئۇزىتىپ: «هەشقاللا» دېيىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، دەررە تېخىمۇ قاتتىق تېگىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى تېنى قانچە ئاغرىسىمۇ بەرداشلىق بېرىشى، چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇشى، چىرايىدىن تەبەسسۇمنى يوقاتماسلىقى، تاماشىبىنلار بىلەن تەڭ خۇشال بولۇشى، هەرگىز تېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن «بولا» بولۇپ «جازاغا تارتىلىدۇ». بۇ ئارىدا يىگىت بېشى دەررىنى هەر خىل پىرقىرىتىپ تەكلىپ قىلىنغۇچىنى هودۇقتۇرىدۇ، گوللايدۇ. بۇ هەرىكەتلەر ناهايىتى قىزىقارلىق بولغاچقا، مەشرەپ ئەهلى تولا كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. دەررە شۇنداق داۋاملىشىپ بىردەمدىن كېيىن، يىگىت بېشى تەكلىپ

قىلىنغۇچىنىڭ «ھەشقاللا» دەپ تازىم قىلىشى بىلەن دەررىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى ئەمدى ساھىپخانغا ئايلىنىپ، ئۆزى خالىغان كىشىدىن بىرىنى تەكلىپ قىلىپ دەررە ئوينايدۇ. ساھىپخان، مەيلى پېشقەدەم ئادەم بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ياكى ياش بولسۇن، ياكى ئاتا - ئانا، ئاكا - سىڭىل بولسۇن دەررىگە تەكلىپ قىلىپ ئويناۋېرىدۇ. ئاساسەن ئويناش ئوبيېكتى چەكلەنمەيدۇ. بۇ ئويۇننى تا كىشىلەر زېرىككۈچە نۆۋەتلىشىپ ئوينايدۇ. يىگىتلەر كۆڭلىدىكى قىزلارنى دەررىگە تارتىپ، شۇ ئارقىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

### 3. «چىنە گۈل» ئويۇنى

مەشرەپتە چۆرىدەپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى قولىغا گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئۈچ قېتىم «چىنە گۈل» دەپ توۋلايدۇ. يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچى كىشى يەنە بىر گۈلنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ. شۇنداق قىلىپ مەشرەپ ئەھلى كەلگەن رېتى بويىچە بىردىن گۈلنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقىدۇ. شەرت شۇكى، بىر قېتىم ئاتالغان گۈلنىڭ نامىنى ئىككىنچى كىشى تەكرارلىماسلىقى شەرت. مۇبادا تەكرارلاپ قويسا، ئۇ يېڭىلگەن بولۇپ، مەشرەپ قائىدىسى بويىچە قوشاق - بېيىت ئېيتىپ بېرىشكە ياكى قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دولان مەشرىپىدە «ئىككى مۇشۇكنىڭ بەز تالىشىشى»، «يولۋاس ئويۇنى»، «تۆگە ياساش» قاتارلىق قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ.

## 5. دولان مەشرىپىدىكى جازا

دولاندا ھەر بىر مەشرەپ بىر ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر مەشرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا قاتتىق ۋە مۇكەممەل تەرتىپ - ئىنتىزامى بولۇپ، بۇنداق تەرتىپ - ئىنتىزام ئۆز زامانىسىنىڭ قانۇن - قائىدىسى، جەمئىيەت كىشىلىرى ئېتىراپ قىلغان ئەخلاق تۈزۈملىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مەشرەپ ئىنتىزامى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان ئىجرا قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇ ھەممە مەشرەپلەر ئۈچۈن تەركىسىز ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەشرەپنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق ئىنتىزامى بولغاچقىلا دولان مەشرىپى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى ساقلاپ قالالىغان. مەشرەپ ئىنتىزامى بىر تەرەپتىن، ھەر بىر مەشرەپنىڭ قائىدە بويىچە تەرتىپلىك ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار ئەخلاقىنى نامايان قىلىشنى، ئەخلاق ۋە ئۆرپ - ئادەتكە خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپ ئىنتىزامى ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتنىڭ ياش ئەۋلادلارغا قائىدە - يوسۇن ئۆگىتىدىغان ئەدەب - ئەخلاق مەكتىپى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ ئىنتىزامىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە ھەر بىر مەشرەپنىڭ قاتناشقۇچىلىرى يىگىت بېشى (مەشرەپ باشقۇرغۇچى - پادىشاھ)، قازى بەگ، مىرشاپ، دوغا بەگكە ئوخشاش تەرتىپ باشقۇرغۇچىلارنى سايلاپ چىقىدۇ. ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەرنىڭ نىيىتى خالىس، ئادىل، ئەل ئىچىدە ئىناۋەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئۆھدىسىدىن چىقالمىسا، مەشرەپ ئەھلى ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ باشقا بىرىنى سايلىۋالىدۇ.

ئېيتايلۇق، بىرەرسى سەۋەبسىز قاتار مەشرەپكە كەلمىسە، مەشرەپكە كېچىكىپ قالسا، مەشرەپ سورۇنىدىن ئىجازەتسىز چىقىپ كەتسە ياكى نەغمە - ئۇسسۇل بولۇۋاتقاندا تەرتىپنى بۇزسا ۋە ياكى ئەخلاقسىزلىق قىلسا، ئۇنداقلار «جازا» غا تارتىلىدۇ. ئاۋۋال، مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغۇچى ئۈستىدە مەشرەپ ئەھلىدىن بىرسى يىگىت بېشىغا «ئەرز» قىلىدۇ. يىگىت بېشى سوراق قىلىشنى قازى بەگكە تاپشۇرىدۇ. قازى بەگ شاھىدلار ئارقىلىق «ئەيىبكار» نىڭ «گۇناھ» سىنى دەلىللەيدۇ ۋە كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەيىبلەنگۈچىگە «جازا» كېسىدۇ. قازى بەگ كەسكەن «جازا» مەشرەپ ئەھلى ماقۇل كۆرگەن ۋە جازالانغۇچى رازى بولغان شەرت ئاستىدىلا ئاندىن دوغا بەگ تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. مەشرەپتە بېرىلىدىغان جازا ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان ناماقۇللۇق جازاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەيىبلەنگۈچىنىڭ قىلغان «گۇناھسى» نىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىقتىسادىي سېلىق سېلىنىدۇ. بۇنداق سېلىقلارنىڭ كۆپى يېمەك - ئىچمەك، مېۋە - چېۋە بولۇپ، بۇلار يەنە شۇ مەشرەپ ئەھلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزىبىر «گۇناھسى» ئېغىرلارغا بىرەر قېتىم نۆۋەتتىن سىرت «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ بېرىش سېلىقى سېلىنىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. مەشرەپ جازالىرىنىڭ يەنە بىرى، «سەۋەنلىك» جازاسى بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىگە «گۇناھسى» نىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ھەم كۈلكە، ھەم ئىبرەت بولىدىغان ھەر خىل جازالار بېرىلىدۇ. بەزىلىرىنى قوشلارنىڭ سايرىشى، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى ۋە قىلىقلىرىنى دوراتقۇزسا، بەزىلىرىگە قوشاق ئېيتىش ياكى لەتىپە سۆزلەپ، مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈش «جازاسى» قوللىنىلىدۇ. جازالار ئىچىدە مەشرەپ ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ھەتتا كومېدىيە تۈسىگە كىرىدىغان «جازا» لار تېخىمۇ خاراكتېرلىكتۇر. بۇنداق جازالار «سامسا يېقىش»، «ئۆپكە قويۇش»، «جۇۋازغا قېتىش»، «مونەك تۈگۈش»، «سۆرىتىنى تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» گە ئوخشاشلار بولۇپ، بۇنداق جازانى شۇ جازانىڭ ماھىرلىرى ئىجرا قىلىدۇ (بۇ جازالار ماقالىمىزنىڭ «دولان مەشرىپىدىكى كومېدىك ئويۇنلار» قىسمىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز - مۇھەررىردىن). بۇ مەشرەپ «جازالىرى» ئەمەلىيەتتە مەشرەپ ئويۇنلىرىدۇر. چۈنكى بۇ جازالار خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇلگەن ۋە «سەنئەتلەشتۇرۇلگەن». بۇنداق «جازا» ئويۇنلىرىدا دولان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، ھۈنەر - كەسپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى ناچار ئىللەت - قىلىقلارغا بولغان نەپرەت - مەسخىرىسىمۇ ئەكس ئەتكەن. ھەتتا بەزى «جازا» لار خەلق ئويۇنلىرىغا ئايلىنىپ

كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق «جازا» ئويۇنلىرىنى كىشىلەر ئېغىر ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ياقتۇرىدۇ ۋە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش، دەپ قارايدۇ.

دولان مەشرىپىدە «سەۋەنلىك» ئۆتكۈزۈش سەۋەبى بىلەن «جازا» غا تارتىلغان كىشىلەر ھەرگىز رەنجىمەيدۇ، بەلكى «جازا» نى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن «جازا» مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. دېمەك، دولان مەشرىپىدىكى «جازا» لارنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىر خىل جەلپكار، ئامما ياخشى كۆرىدىغان ئويۇن ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

## 6. دولان مەشرىپىنىڭ تۈرلىرى

دولان مەشرىپى باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈن ئىلمىي سەنئەت شەكلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىگە قاراپ بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

### 1. ھېيت - بايرام مەشرىپى

ھېيت - بايرام مەشرىپى ئاساسەن چوڭ بايرام ياكى ھەممىگە ئورتاق بولغان تەنتەنە قىلىش، تەبرىكلەش، خاتىرە - مۇراسىم كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنداق مەشرەپنىڭ دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى چوڭ بولۇپ، ھازىر دولان دىيارىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا، بولۇپمۇ مەكىت ناھىيىسىدە مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ۋە خەلق سەنئەت بايراملىرى ئۆتكۈزۈلۈش ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بۇ بايراملاردا ياشلار ۋە ياشانغانلار ئۇسسۇل ئەترەتلىرى دولان مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ ماھارەت كۆرسەتسە، ياشلار ئەلنەغمە ئەترىتى بىلەن ياشانغانلار ئەلنەغمە ئەترىتى دولان مۇقامىنى نەغمە قىلىپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. 1990 - يىلى دېكابىردا مەكىت ناھىيىسىنىڭ توققۇز يېزىسىدا مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 30 مىڭغا يېقىن دېھقان دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا قاتناشتى.

### 2. توي - تۆكۈن مەشرىپى

توي - تۆكۈن مەشرىپىنىڭ ھېيت - بايرام مەشرىپىگە قارىغاندا دائىرىسى تارراق بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن توي قاتناشچىلىرى ئارىسىدىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

توي مەشرىپى دولانلاردا بىرەر ئائىلە قىز چىقارغاندا ياكى ئوغۇل ئۆيلىگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا تويغا كەلگەن ھەممە مېھمان قاتنىشىدۇ. تويى بولغان قىز - يىگىت مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى شەرت. قىز بىلەن يىگىت ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئۇنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ. توي تۈگەپ قىزنى يۆتكەيدىغان چاغدا يىگىت ئېسىل جابدۇلغان ئاتقا مىنىپ، قىزنى كەينىگە ئالىدۇ، يىگىت تەرەپتىن ئىككى كىشى ئاتنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئاستا يېتىلەپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا نەغمىچىلەر «جولا» مۇقامىنى تۇۋلاپ، يول بويى نەغمە قىلىپ، ياشلار بولسا تاكى قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغۇچە ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ.

توي مەشرىپى يالغۇز قىز - يىگىت تويى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، يەنە ھەر خىل تويلار بولغاندا شۇ تويغا مۇناسىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. دولانلارنىڭ قائىدىسىدە قىز ياتلىق بولغاندىن كېيىن چوكان بولدى، بىرىنچى تۇغقاندىن كېيىن جوۋان بولدى ھېسابلىنىپ، قىز جوۋان بولغاندا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تەييارلىق قىلىپ ئۇنىڭ جوۋان تويىنى («چاچباغ تويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ تويىنى ئۇلار گەدىنىمىزدىكى ئاتا - ئانىلىق قەرز، دەپ ھېسابلاپ قىزىغا يېڭى كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈپ، كۈمۈشتىن چاچ چاتقۇسى ياسىتىدۇ. قىزنىڭ ئېرىمۇ ئالاھىدە خاتىرە سوۋغا تەييارلايدۇ. «جوۋان تويى» قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. جوۋان بولغان قىزغا توي كۈنى مەخسۇس بەلگىلەنگەن ئاياللار گىرىم قىلىدۇ، يۈزلىرىنىڭ سېرىق تۈكلىرىنى ئېلىپ، قاشلىرىنى تېرىدۇ. ئۇنىڭ چوكان ۋاقتىدا ئۇششاق ئۆرۈلگەن تال - تال چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، كۈمۈش چاتقۇ بىلەن چاتىدۇ. «جوۋان تويى» غا تەييارلانغان كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، يۈزىنى يېپىپ، جامائەت سورۇنىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «جوۋان مەشرىپى» باشلىنىدۇ. نەغمە باشلانغان زامات يىگىت بېشى جوۋان بىلەن ئېرىنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، ئېرى ئايالىنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئاستا تارتىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ چاغدا مەشرەپ سورۇنىدا ئۆزگىچە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزى ۋە كۈيئوغلىغا بەخت تىلەپ ئەلگەككە قاچىلانغان ئۈچ - تۆت جىڭ ئاپئاق پاختىنى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. ئارقىدىنلا يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ پۇل ئۆرۈيدۇ. ئۆرۈلگەن پاختا ۋە پۇللار نەغمىچىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەغمە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ:

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
چاچباغنى ئۇزۇن سالىپ،
بىر ياخشى جوۋان بولدى.

ئاق بوز ئاتنى داڭلايدۇ،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
ئەل قىزىنى داڭلايدۇ،
ئاق جوۋانغا يەتمەيدۇ.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جوۋان مېنىڭ بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام.

يېڭى باغنىڭ شاپتۇلى،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرەر
ئاق جوۋاننىڭ ئوتلىرى.

دېگەندەك قوشاقلار بىلەن مەشرەپ جانلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا سورۇندىكى پۈتۈن قىز - يىگىتلەر كەينى - كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

### 3. كۈتۈۋېلىش مەشرىپى

بۇ ئاساسەن بىرەر ئائىلە مول ھوسۇل ئالغاندا، بىرەر تىجارەتتە ئالغان پايدىسى كۆپرەك بولغاندا، پەرزەنتلىرى چوڭ بولۇپ ياشلار قاتارىغا قوشۇلغاندا، يىراقتىن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەر، ئەل - ئاغىنىلىرى مېھمان بولۇپ كەلگەندە مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىپ ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپتىن ئىبارەت.

### 4. قاتارى مەشرەپ

«قاتارى مەشرەپ» ئاساسەن ئىش - ئوقەت ئارسال ۋافىتلاردا ياشلار زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن، يىگىت بېشىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەتلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپتۇر.

بۇنداق قاتارى مەشرەپنى بىرى: «مەن ئۆتكۈزىمەن» دېسە، يەنە بىرى: «مەن ئۆتكۈزىمەن» دەپ تالىشىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت بېشى ئالدىنقى مەشرەپ ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ بىر پىيالە چاينى ئەكىلىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدۇ. بۇ، دولاندا «قۇۋان چىيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چاينى كىم بۇرۇن قولغا ئېلىۋالسا، ئۇنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىچىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېلەر قېتىمقى مەشرەپنى شۇ كىشى ئوبدان تەييارلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

قاتارى مەشرەپنىڭ قائىدە - تۈزۈمى نىسبەتەن چىڭ بولىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقان ئەر - ئايالنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئۇلارنىڭ ياش قورامى ۋە سالاھىيىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. يىگىت بېشى مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ھوقۇقلۇق باشلىقى سانىلىدۇ. ھەممە ئىش ئامىنىنىڭ رازىلىقى ۋە يىگىت بېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئەھلىنى مېھمان قىلىدۇ، بۇنىڭدا مەجبۇرىي بەلگىلىمە بولمايدۇ. بىر قاتارى مەشرەپنىڭ ئۆزى بىر بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن سىرت، ھەر قېتىم يىغىلغاندا مەشرەپ قاتناشچىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ، مەسلىھەت بېرىدۇ. بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولسا ھال سورايدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ. يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ. قاتارى مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈم كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ قالغانلار پۈتۈن يۇرتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنداق مەشرەپنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى - بىرەر كىشىنى مەشرەپ كوللېكتىپىدىن چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. مەشرەپتىن ھەيدەلگەنلەر مەشرەپ ئەھلى ئالدىدا باش ئېگىپ ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ، ناماقۇل بولغاندىلا ئاندىن مەشرەپكە قايتا قاتناشتۇرۇلىدۇ. دولان ئۇيغۇرلىرى قاتارى مەشرەپنى: «بالا تەربىيىلەشنىڭ قېلىپى» دەپ قارىغاچقا، ھەممە كىشى دېگۈدەك ئاشۇ مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدۇ.

### 5. تەكلىپ مەشرىپى

بۇ، بىرەر كىشى تەرىپىدىن بىرەر مەشرەپ كوللېكتىپىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپتۇر. بۇنداق تەكلىپ مەشرىپىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى - بىرەر ئائىلە بويىغا يەتكەن ئوغۇل ياكى قىزىنى مەشرەپ كوللېكتىپىگە قوشۇش ئۈچۈن بولىدۇ. دولان ئۇيغۇرلىرىدا، چوڭ بولۇپ قاتارىغا قېتىلغان ئوغۇل - قىزلىرى مەشرەپ ئەھلى بولمىسا، ئۇنى ئېغىر ئالىدىغان ئادەت بار. شۇڭا ئۇلار بىر قېتىملىق تەكلىپ مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ قىزى ياكى ئوغلىنى مەشرەپكە قاتناشتۇرۇشنى يىگىت بېشى ۋە مەشرەپ كوللېكتىپىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ياكى قىزى «قاتارغا قېتىلدى» ھېسابلىنىپ، مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

### 6. ناماقۇللۇق مەشرىپى

ناماقۇللۇق ياكى جازا مەشرىپى قاتارى مەشرەپتىكى نۆۋەتتىن تاشقىرى مەشرەپ بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن «جازالانغۇچى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا، بىرەرسى مەشرەپ تۈزۈمىنى ئېغىر ھالدا بۇزسا ياكى بىرەر ئەخلاقسىزلىق قىلمىشى سادىر قىلسا، مەشرەپ باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا جازا ئورنىدا بىر «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاشۇ جازالانغۇچى ئۆتكۈزگەن مەشرەپ «ناماقۇللۇق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 7. بولا (جازا) لىق مەشرىپى

ھەر خىل مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە مەشرەپ ئىنتىزامىنى بۇزغان ياكى بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشى كۆپچىلىك تەرىپىدىن بولا (جازالىنىپ) قىلىنىپ سەۋەنلىكى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى ئەيىبىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۇنى يۇيۇش ئۈچۈن كېلەر قېتىم ئۆز ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ، «بولىلىق مەشرىپى» دېيىلىدۇ. بولا قىلىش - بولا بولۇش دېگەن سۆز دولان شىۋىسى بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش، جازالىنىپ قېلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دولان مەشرىپىدە بۇ سۆز كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

### 8. دەردمەنلەر مەشرىپى

دولان ئۇيغۇرلىرى ئەزەلدىن ئىناق ياشاپ كەلگەن خەلق بولۇپ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ھال - ئەھۋالىغا يېتىش ئۇلارنىڭ تەركىسىز ئادىتىگە ئايلانغان. شۇڭا، بىرەر ئائىلىدە بىرەر چوكان ياكى جۇۋان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن لايىق تاپالماي ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالسا ۋە ياكى بىرەر يىگىت خوتۇنىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، كۆڭلىگە ياققۇدەك لايىق تاپالماي يۈرگەن بولسا، ياشلار مەسلىھەتلىشىپ خوتۇنى يوق ئەرلەر بىلەن ئېرى يوق چوكان - جۇۋانلارنى بىرەر ئائىلىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ مەشرەپكە ئاساسەن بويتاقلار قاتنىشىدۇ. شۇڭا، بۇ مەشرەپ «دەردمەنلەر مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەشرەپ جەريانىدا ئەر - ئايال دەردمەنلەر بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تونۇشىدۇ؛ ئۆزئارا دەردلىرىنى تۆكۈشۈپ ھال - مۇڭ بولۇشىدۇ؛ بىر - بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ توي قىلىشقا ۋەدىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى ئۇسسۇل، دەررە ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ؛ ئۆزئارا چاي تۇتۇشىدۇ؛ ھەر خىل سۆز ئويۇنلىرى، تېپىشماق تېپىشىدۇ؛ قوشاق توقۇش ۋە تۈرلۈك ئويۇن - تاماشا پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، خاپىلىق بىلەن كەلگەن ئەر - ئايال بويتاقلارنى خۇش قىلىپ ئۇزىتىدۇ.

### 9. ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى

بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا، يۇرت ئەھلى يىگىت بېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قېتىملىق

مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەشرەپكە ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى چاقىرىلىدۇ. مەشرەپ جەريانىدا يىگىت بېشى ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەت سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ، بىر - بىرىنى كەچۈرۈشىنى، ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلارنى بىر - بىرىگە چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئۆزئارا چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقاندىن كېيىن، ئاداۋەت يۇيۇلغان ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ شاد - خۇراملىق بىلەن داۋام قىلىدۇ. ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئىچىدە بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار، ياكى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلىپ، كۆڭلىدە يەنە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارنى كىشىلەر يامان كۆرىدۇ. شۇڭا بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشتا رولى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ.

### 10. قارلىق مەشرىپى

دولاندا تۇنجى قار ياغقان كۈنى يېڭى ياغقان قارنى مۇبارەكلەش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ قارلىق مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا بىر ياكى بىر قانچە كىشى بىرلىشىپ «قارلىقنامە» يېزىپ، ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن كىشىنىڭ ئۆيىگە تاشلايدۇ. قارلىق تاشلاشقا ناھايىتى ھوشيار، ئايىغى چاققان كىشى تاللىنىدۇ. قارلىق تاشلىغۇچى كۆزلىگەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قارلىقنى شۇ ئۆينىڭ مۇھىم يېرىگە قىستۇرۇپ قويۇشى، ئاندىن ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىگىسىگە: «قارلىق بېسىۋالمىسۇن» دەپ ئېيتىپ چاققانلىق بىلەن قېچىشى كېرەك. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسا، قارلىق مەشرىپىنى تۇتۇلۇپ قالغان كىشى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. تۇتۇلماي قايتىپ كەلسە، قارلىق قوبۇل قىلغۇچى كىشى قارلىقتىكى تەلەپلەر بويىچە جامائەت خۇشال ھەم رازى بولغۇدەك كۆڭۈللۈك مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

## 7. دولان مەشرىپىدىكى كومېدىيىلىك ئويۇنلار

### 1. ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش

بىر دۆرە (قېتىم) مەشرەپ ياكى دەررە ئويۇنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئالدىنئالا قويۇپ قويۇلغان مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپ باشقۇرغۇچى (پادىشاھ) نىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ:

- داد، پادىشاھىم! مېنىڭ ئەرزىم بار، - دەيدۇ.

- ماۋۇ سولتەكنىڭ نېمە ئەرزى بار؟ - دەيدۇ مەشرەپ باشقۇرغۇچى (پادىشاھ) تەييارلانغان كورستا ئولتۇرۇپ.

ھۆدەيچى بەگ مەشرەپ نازارەتچىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ھەي ئاغزى مايماق، بوينى ساپاق، كۆزى چاپاق، بېشى قاپاق، بۇرنى پاناق، تىلى قاداق، دىلى چاتاق، نېمە دەردىڭ بار؟ سۆزلە! - دەيدۇ.

ھۆدەيچىنىڭ بۇ قاپىيىلىك ئوخشىتىشلىرىدىن مەشرەپ ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ. پادىشاھ ئالدىدىكى تاقىلداقنى قاتتىق ئۇرۇپ تۇرۇپ:

- تىنچلىنىڭلار، ھاي خالايىق، تىنچلىنىڭلار، بولمىسا ھەممىڭلارنى قارا ئېتىپ، ئاغزىڭلارنى يارا ئېتىپ يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، - دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. شۇئان ھۆدەيچى بەگ ھودۇققان ھالدا:

- ۋاي داد، پادىشاھىم! ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىسىلا، ئاچچىقلىرىغا ھاي، يۇقىرىلىرىغا ساي بەرسىلە* بولمىسا ئوردىلىرىغا ئىت كىرىۋالىدۇ، - دەپ پادىشاھنى ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

- ۋاي داد، مېنىڭ ئەرزىمنى سورىمامدۇ - يوق؟ بولمىسا توكۇر خورىزىمغا مىنىپ ئەنجانغا كېتىمەن، - دەپ ۋارقىرايدۇ مەشرەپ نازارەتچىسى.

- ھە، سۆزلە! - دەيدۇ پادىشاھ.

- ماۋۇ سېلىم دوڭغاق ئۇلۇغ شاھىمىز قەدەم تەشرىپ قىلغان، يۇرت ئەھلى قاتناشقان مۇشۇنداق بىر كاتتا مەشرەپتە بىر جۇۋانغا قاش ئېتىپ، كۆز بېقىشىپ، شەرمى ھايانى تاشلاپ، شېرىن سۆزنى باشلاپ، ئۆزىنى جۇۋانغا تاشلاپ، مەشرەپ ئەھلىنى كۆزگە ئىلماستىن ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ، يۇرت ئەھلى ۋە پادىشاھىمىزغا قىلىنغان ئەدەبسىزلىك. ئەگەر بۇ ئەدەبسىز كاززاپ جازالانمايدىكەن، مەشرەپنى تاشلاپ، يۇرت ئەھلىنى باشلاپ، توكۇر خورازغا مىنىپ ئەنجانغا كېتىمەن، - دەيدۇ.

پادىشاھ:

- ھاي ھاشىم تاختاق، قاسىم چاقچاق! - دەپ چاقىرىدۇ.

ئىككى چوماقچى سەكرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ:

- لەببەي شاھىم.

- سېلىم دوڭغاق بىلەن ئۇنىڭغا ئامراق يۈزسىز جۇۋاننى دەرھال كەلتۈرۈڭلار!

- خوش شاھىم! - ئۇلار يۈگۈرۈشكەنچە بېرىپ قەستەن دوڭغاق بولۇۋالغان قىزىقچى بىلەن ئايالچە ياسىنىۋالغان قىزىقچىنى سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئايالچە ياسىنىۋالغان قىزىقچى تۈرلۈك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن تولغىنىپ پادىشاھقا كۆز تاشلايدۇ. پادىشاھمۇ جۇۋاننىڭ ئەركىلەشلىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ ھوزۇرلىنىدۇ.

- داد، خالايىق! پادىشاھ مېنىڭ ئاشنام بىلەن كۆز بېقىشىۋاتىدۇ، - دەپ ۋارقىرايدۇ سېلىم دوڭغاق.

پادىشاھ چۆچۈپ ئۆزىگە كېلىدۇ.

- ئاغزىڭنى يۇم دوڭغاق! شاھ ئائىلىلىرى سەندەك تېگى پەسنىڭ پاخمىباش ئاشنىسىنى نېمە قىلىدۇ؟

ھۆدەيچى بەگ شۇنداق دەپ سېلىم دوڭغاقنى ئۇرىدۇ. ئەتراپتىن قىقاس - كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.

- ھەي ئەبگار، بۇ ئەدەبسىزلەرنى قانداق جازالاپ بەرسەك دەردىڭ چىقىدۇ؟ - دەپ سورايدۇ پادىشاھ.

- مېنىڭچە، ئۆزى مۇشتەك، قۇيرۇقى نوغۇچتەك بۇ خوتۇنغا ئامراق دوڭغاققا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، خوتۇنغا تويغۇزۇپ، ئىككىنچى قېتىم خوتۇننىڭ قارىسىنى كۆرسە ئون ئىككى كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغان قىلىۋەتمىسەك، ھەتتا سىلىنىڭ خانىشىمۇ ئازدۇرۇپ

---

* ساي - دولان شىۋىسىدە سايە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

كەتكۈدەك بۇ دوڭغاق، - دەيدۇ ئەرز قىلغۇچى.

- هاي هاشىم تاقتاق، قاسىم چاقچاق، مۇشۇ تەۋەلىكىمىزدىكى، ئادەم بىر قارىسا ئىككىنچىلەپ ئايالغا قارىماس بولۇپ كەتكۈدەك بەتبەشىرە - سەت خوتۇندىن بىرنى ئەكىلىپ، قىچىشقاق باسقان ئەر خومار جۇۋاننى قوشۇپ سېلىم دوڭغاققا نىكاھ قىلىپ قويۇڭلار.

- خوش شاھىم! - ئىككى چوماقچى ئايالچە ياسىنىۋالغان يەنە بىر قىزىقچىنى سۆرەپ چىقىدۇ. سېلىم دوڭغاق قاچماقچى بولىدۇ. ئىككى چوماقچى ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ، پادىشاھ ئايالچە ياسىنىۋالغان ئىككى قىزىقچىغا:

- ئىككىڭلار بۈگۈندىن ئېتىبارەن سېلىم دوڭغاقنىڭ خوتۇنى بولىسىلەر، قېنى قايسىڭلار ئېرىڭلارغا ئامراق، مەرھەمەت، - دەيدۇ.

ئىككى «ئايال» شۇئان بىر - بىرىدىن قىزغانغاندەك قىلىقلارنى قىلىشىدۇ. ئېتىلىپ بېرىپ سېلىم دوڭغاققا يېپىشىدۇ: ئۇنى تالىشىپ سۆيگەندەك قىياپەتنى دوزايدۇ. بوينىغا گىرە سېلىپ ئۆزلىرىگە تارتىدۇ. تارتىشا - تارتىشا يېقىنلىشىدۇ. ئاخىر ئىككى «ئايال» سېلىم دوڭغاقنى بېسىۋېلىپ تالىشىدۇ. بىرى تارتىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ قولىقىدىن تارتىپ، كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ ئۆزىگە قارىتىدۇ. ئۇ ئەمدىلا سۆيەي دەپ بولغۇچە ئىككىنچىسى قولىقىدىن سوزۇپ، سېلىم دوڭغاقنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن ئۇرىدۇ. بۇ ئىش ئەنە شۇ تەرزدە ئۇن مىنۇتتەك داۋام قىلغاندىن كېيىن، سېلىم دوڭغاق ھالسىزلىنىپ:

- ۋاي داد! خوتۇنغا تويدۇم، - دەپ ۋارقىرايدۇ.

مەشرەپ ئەھلى كۈلۈشۈپ تېلىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

## 2. جۇۋازغا قېتىش

«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دولان مۇقامى باشلىنىپ، بىر پەدە مەشرەپ ئوينىلىدۇ. مەشرەپ ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ مەشرەپ نازارەتچىسى سورۇنغا سەكرەپ چۈشۈپ مەشرەپ باشقۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىدۇ.

- داد پادىشاھىم، مېنىڭ ئەرزىم بار!

- ئېيت، تىلغا ھۇنناق، گېلىغا پوقاق چىققان كالۋا!

- دەيدۇ پادىشاھ.

- ماۋۇ مەشرەپ ئەھلىنى، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ سەلتەنىتىنى كۆزگە ئىلماي، راۋرۇس ئولتۇرماي، يېنى چىقىپ كەتكەن ئېشەكتەك ما يەردە بىر ئەبگار ياتىدۇ. جامائەت ئالدىدا ئېشەكتەك ئېغىناقلاپ، كالىدەك پۇشۇلداپ ياتقان بۇ ئادەمنى جازالىمىسا، توكۇر خورىزىمغا مىنىپ، بۇنداق ئەدەبسىزنىڭ يۇرتىدىن كېتىمەن، - دەيدۇ ئەرز قىلغۇچى.

- هاي هاشىم تاختاق، قاسىم چاقچاق، بەزمىدە ئادەم سۇپەتلىك ھايۋاننىڭ ئارىمىزدا تۇرۇشى نومۇس. ئۇنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار! - دەپ ئەمىر قىلىدۇ پادىشاھ.

- خوش! - دەپ ئىككى چوماقچى سورۇننىڭ بىر بۇرجىكىدە يېنىچە يېتىۋالغان قىزىقچىنى سۆرەپ كېلىدۇ.

پادىشاھ:

- ھەي ھايۋان ئەبگا!

قىزىقچى:

- ھە، ئادەم ئەبگا.

ھۆدەيچى:

- ئاغزىڭنى يۇم كالۋا!

قىزىقچى:

- شالىڭنى چاچما غالچا.

پادىشاھ:

- ئەدەب - جازا! - دەپ ۋارقىرايدۇ.

چوماقچىلار قىزىقچىنى دەررە بىلەن بىردەم ساۋايدۇ.

پادىشاھ:

- ھەي ئەرزخور، قانداق جازا بەرسەك دەردىڭ چىقىدۇ؟

ئەرزچى:

- بۇنىڭ قىلىقى ھايۋاندەك، كۆزلىرى پىچىۋەتكەن بۇقىنىڭ كۆزىدەك چەكچىيىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ كالا نەسىللىكنى جۇۋازغا قاتماق كېرەك، شاھىم.

پادىشاھ:

- قېنى قىرانلىرىم، پۇقرالارنىڭ بۇ يىللىق قۇربان ھېيتنى مەمۇرچىلىقتا ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن كەندىر يېغى كېرەك. شۇڭا ياغنى چىقىرىدىغان جۇۋازغا مانا بۇنىڭدەك كۈچتۈڭگۈر توپاق لازىمدۇر، بۇ توپاقنى جۇۋازغا قېتىڭلار!

- خوش، شاھىم!

چوماقچىلار جازالانغۇچىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، يالاڭباش قىلىپ قويۇپ، بىر قاچا سۇنى (يازدا قىزىق، قىشتا سوغۇق سۇ ئىشلىتىلىدۇ) ئېلىۋېلىپ، بىرى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغۇزىدۇ. يەنە بىرى: «چۇ، ھۆشكە» دەپ «جۇۋاز» نىڭ يالاڭبېشىغا مۇشتۇمىنى كۈچەپ پاتۇرۇپ چۆرگىلەيدۇ، ئاندىن پات - پات سۇنى «جۇۋاز» نىڭ بېشى (جازالانغۇچى كىشى جۇۋازغا تەقلىد قىلىنىدۇ) غا قۇيىدۇ. سۇ ھەر بىر قۇيۇلۇپ مۇشت بېشىغا پاتۇرۇلغاندا «جۇۋاز» تۈگۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ قىزىقارلىق ئويۇن كىشىلەرنى تازا كۈلدۈرىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى سۇ تۈگىگۈچە ئوينىلىدۇ.

## 3. ھەر خىل جانلىقلارنى دوراش

بۇ ئويۇنمۇ ئوخشاشلا بىر پەدە مەشرەپتىن كېيىن مەشرەپ نازارەتچىسىنىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. نازارەتچى سەكرەپ سورۇنغا چۈشىدۇ - دە:

- داد، پادىشاھىم، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ئىككى كەپتەرۋاز كەپتەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، ماۋۇ بۇلۇڭدا ئىككى ئىتپەرەس ئىتلىرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، ماۋۇ بۇلۇڭدا ئىككى ئېشەكچى ئېشىكىنىڭ سۆلىتىنى داڭلىشىۋاتىدۇ، ماۋۇ يەردە بىر ۋاتىلداق خوتۇن مىكىيان توخۇدەك ۋالاقلاپ بەرسە، بىر لامزەللە قېرى خورازدەك بوغدىيىشىنى قوپۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇنى قانداقمۇ مەشرەپ دېگىلى بولسۇن! - دەيدۇ.

پادىشاھ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سورايدۇ:

- ھەي ناتېپىلار، بۇ مەشرەپنى ئوينىشامسەن - يوق؟ ئولتۇرغانلار بىردەك: «ئوينايمىز» دەپ چۇرقىرىشىدۇ.

- ئۇنداق بولسا، ھېلىقى مۇتتەھەملەرنى ئاراڭلاردىن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ چىقىرىڭلار! - دەيدۇ پادىشاھ.

شۇئان مەشرەپ ئەھلى ھېلىقىلارنى ئوتتۇرىغا مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىرىدۇ. پادىشاھ:

- ھەي گومۇش، سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ - دەپ سورايدۇ.

- ماۋۇ سەمتاخۇن بىلەن ئىشكىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ قاپتىكەنمىز، - دەيدۇ ھەيدەپ چىقىرىلغۇچىدىن بىرى.

- ھە، بىلدىم، ئۇنداق بولسا سەن ھاڭگا ئېشەك بولۇپ ھاڭرايسەن، سەن سەمەتباي مادا ئېشەكنى دوراپ ھاڭرايسەن، ھەر بىرىڭ يەتتە مەرتەمدىن ھاڭرايسەن، - دەيدۇ پادىشاھ.

بۇلار نائىلاج پادىشاھنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى دوراش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پادىشاھ:

- ھەي جۇلدۇر كېپەن، سەن نېمە ئىش قىلغان، - دەپ سورايدۇ يەنە بىرەيلەندىن.

- ماۋۇ سايلاخۇن بىلەن ئىتلىرىمىزنىڭ تالىشىشتا يامانلىقلىرىنى سۆزلىشىۋاتقاندۇق، - دەيدۇ ئىتپەرەس كىشى.

- ئۇنداق بولسا، مۇشۇ سورۇندا مېنىڭ يەرگە توكۇرگەن توكۇرۇكۇم يەرگە سىڭگىچە تالىشىسىلەر، قايسىڭلار تالىۋەتسەڭلار مۇكاپات، - دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ پادىشاھ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئىتپەرەس ئىتتەك تالىشىپ كېتىدۇ.

بۇ ئويۇن تاكى ئاشۇ ھەر خىل جانلىقلارنىڭ گېپىنى قىلىشقانلارنىڭ شۇ جانلىقلارنى دورىشى تۈگىگۈچە داۋام قىلىدۇ. ئۇلار نېمىنىڭ گېپىنى قىلغان بولسا شۇنى دورىغىلى سالىدۇ. بۇ ئويۇنمۇ ئىنتايىن قىزىق بولۇپ، ھايۋانلارنى دورىغۇچىلار ئوخشىتىپ دورىيالماي مەشرەپ ئەھلى رازى بولمىسا قايتا دورايدۇ.

## 4. مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناش

يەنە بىر پەدە مەشرەپتىن كېيىن مەشرەپ نازارەتچىسى مەلۇم سەۋەب كۆرسىتىپ، ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان قىزىقچىنىڭ ئۇستىدىن پادىشاھقا ئەرز قىلىدۇ. پادىشاھ ئەرز قىلغۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە قىزىقچىنىڭ مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئوينىشىنى بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىقچى ئالدىن تەييارلىۋالغان قىز سىياقىدىكى قورچاقنى بېلىدىكى بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچىغا چىگىپ ئاغزىدا: «لاي - لاي» دەپ مۇزىكا چېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بەلباغقا باغلانغان قورچاق ئۇسسۇلچى بىلەن تەڭ پۇلاڭلاپ «ئۇسسۇل» ئوينايدۇ. بۇ ئويۇنمۇ ناھايىتى قىزىق ۋە كۈلكىلىك تۈس ئالىدۇ.

## 5. سامسا يېقىش

ئۇسسۇل كۆرۈپ تۇرغان يەنە بىر قىزىقچى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قەستەن نان يېگىلى تۇرىدۇ. بۇنى كۆرگەن مەشرەپ نازارەتچىسى ئۇسسۇل تۈگىگەن ھامان پادىشاھقا:

- داد، پادىشاھى ئالەم! ماۋۇ يەردە بىر ئاژناپ (ئاچكۆز) خەلقى ئالەم مەشرەپ قىلىۋاتسا، قارىنىنى باققىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ماڭ - ماڭ نان چاينىشلىرى خۇددى قورسىقى ئېچىلىپ قالغان ئىنەككە، مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشكەنگە، سامسا كۆرمىگەن بالاخور سامسا يېگەنگە ئوخشايدۇ. ئەل تاماق يېمىگەن ۋاقىتتا ئەلگە كۆز - كۆز قىلىپ تاماق يېيىش ئەلنى كەچۈرگۈسىز ئەدەبسىزلىك، - دەپ ئەرز قىلىدۇ.

- ھاي ھاشىم تاقتاق، قاسىم چاقچاق، دەرھال بېرىپ ئاۋۇ ئەيسا كاساڭنى تۇتۇپ كېلىپ تونۇر قىلىپ سامسا يېقىڭلار! مەشرەپ ئەھلىنىڭ سامسا يېگۈسى بار، - دەيدۇ پادىشاھ.

ئىككى چوماقچى شۇئان ئېتىلىپ بېرىپ ئەيسا كاساڭنى تۇتۇپ كېلىپ، يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، بېلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى يالىڭاچلايدۇ. بىر ياقتىن سامسىپەزدەك ياسىنىۋالغان كىشى ئىككى شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ سورۇنغا كىرىپ كېلىدۇ.

سامسىپەز:

- ھەي شاگىرتلار!

شاگىرتلار:

- خوش، ئۇستام.

سامسىپەز:

- بۈگۈن مەشرەپ ئەھلى بىزنىڭ سامسىنى كۆڭلى تارتىپ قاپتۇ. دەرھال بىرىڭلار تونۇرنى قىزىتىڭلار، يەنە بىرىڭلار خېمىر يۇغۇرۇڭلار. تونۇر ئوبدان قىزىماي، خېمىر ئوخشىماي، سامسا ئوبدان بولماي قالسا، مەندىن ياخشىلىق كۈتمەڭلار، مەن قىيما قىلاي، - دەيدۇ.

شاگىرتلار:

- خوش، ئۇستام! - دەپ بىرى ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىگە سۇنى بولۇشىغا قۇيۇپ، قوش مۇشتىنى راسا نىقتاپ «خېمىر» تاۋلاشقا تۇتۇش قىلىدۇ. مۇشت «خېمىر»غا ھەر بىر پاتۇرۇلغاندا «خېمىر» تولغىنىپ كېتىدۇ. يەنە بىرىمۇ تونۇرغا ئوت سالغاننى دورايدۇ. سامسىپەز بولسا ئەيسا كاساڭنىڭ بېشىنى گۆش چاپايدىغان كۆتەك قىلىپ بولۇشىغا شاپىلاقلاپ قىيما قىلىشقا كىرىشىدۇ. «خېمىر» يۇغۇرغۇچى ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرىدۇ. تونۇر قىزىتقۇچى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇترۇق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر بىردەم داۋام قىلغاندىن كېيىن خېمىر يۇغۇرغۇچى شاگىرت:

- ئۇستام، خېمىر تەييار بولدى، - دەيدۇ.

- ئۇستام، تونۇر قىزىپ بولدى، - دەيدۇ يەنە بىر شاگىرت.

- ئەمسە تېز سامسا تۈگەيلى، - دەيدۇ سامسىپەز.

ئۇلار ئۈچى قول - قولىغا تەگمەي ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ چىمداپ سامسا تۈگكىلى تۇرىدۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان ئەيسا كاساڭ تولغىنىپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولىدۇ. سامسا تۈگۈلۈپ بولغاندىن كېيىن سامسىپەز:

- قېنى بالىلىرىم، تونۇرنىڭ قىزىقىدا دەرھال داپخانىنى ئېتىپ سامسىنى ياقايلى، - دەيدۇ.

بىر شاگىرت بىر ئەسكى لاتىنى ئېلىپ كېلىپ تونۇرنىڭ «داپخانىسى»غا كەپلەيدۇ. بۇ چاغدا كۈلكە

كۆتۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇ لاتىنى ئەيسا كاساڭنىڭ كۆتىگە قىستۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سامسىپەز ۋە ئىككى شاگىرت يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى سۇغا چىلاپ «تونۇر» غا (ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىگە) پاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلايدۇ. تاكى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئىچىشقاندا ئاندىن «سامسا» تۈگەپ تونۇر ئاغزىنى ياپىدۇ (چاپاننى ئەيسانىڭ بېشىغا چۈمكەپ قويىدۇ). بىردەمدىن كېيىن چاپاننى ئېلىۋېتىپ سامسىنى قومارغىلى تۇرىدۇ (ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىنى تازا ئۇۋۇلاپ تارتقۇشلاپ چىمدايدۇ). بىچارە «تونۇر» نىڭ سامسىسى چىقىپ بولغۇچە جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ ئويۇن ھەم جاپالىق، ھەم كۈلكىلىك. بۇنىڭدا «تونۇر» رولىنى ئالغۇچى ھەقىقەتەن ئېغىر جاپا بىلەن رول ئالىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئازار ھېس قىلمايدۇ، بەلكى رولنى ياخشى ئالغىنى ئۈچۈن ئويۇن ئاخىرىدا خەلق ئۇنى ئالقىش ساداسى ئىچىدە مۇكاپاتلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغانلىرىنى بۇ ياخشى ئارتىسقا تارتۇق قىلىدۇ ھەم چەكسىز ھۆرمەتلەيدۇ.

## 6. سۆرەتكە تارتىش

بۇنىڭدىمۇ، بىر پەدە مەشرەپتىن كېيىن مەشرەپ نازارەتچىسى مەلۇم بىر قىزىقچى ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. بۇنىڭدا شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مەشرەپتە مۇنداق ئەرز قىلىپ «رول» غا چىققۇچى پەقەت بىر قانچە قىزىقچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، مەشرەپكە قاتناشقان كىشى مەيلى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن، مەيلى ئابرويلۇق مۆتىۋەر، ياكى مەنسەپدار بولسۇن مەشرەپ سورۇنىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇپ، مەشرەپ سورۇنىدا مەشرەپ قائىدىلىرىگە يات ھەر قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا، كىم كۆرسە، مەشرەپ باشقۇرغۇچى (پادىشاھ) غا ئەرز قىلىپ جازالاشنى تەلەپ قىلىۋېرىدۇ. بۇنى دولانلار «بولا» بولۇش دەپ ئاتايدۇ. «بولا» بولغان كىشى ھەر قانچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسىمۇ، بۇ جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىشچان دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىجائىتىنى نامايان قىلىدۇ. «سۆرەتكە تارتىش» نى باشلاشتا بىرسى سورۇنغا سەكرەپ چۈشۈپ مەشرەپ باشقۇرغۇچىغا ئەرز قىلىدۇ:

- داد، پادىشاھى ئالەم! بۇ يەردە بىر كۆزى چوڭقۇر، يۈزى چوپۇر، بۇرۇتىنى پىلىكتە مايلايدىغان كاززاپ بىزنىڭ مەشرەپ سورۇنىمىزنى كۆزگە ئىلماي دىمىقىنى ئۈستۈن، كومشىرىنى تۆۋەن قىلىپ، كالپۇكىنى دورداپتىپ، گەدىنىنى قاپاق تىرەكتەك غادايتىپ، مەشرەپنى ياراتماي، خەلقى ئالەم ئالدىدا مىشقىرىپ، تۈكۈرۈپ، شالىنى چېچىپ ئولتۇرىدۇ. بۇنداق يات خۇيلۇق ئادەمنى جازالىمىسا بىزدىكى پەردىشەپ، شەرمى - ھايا نەگە كېتىدۇ؟

پادىشاھ:

- ئەدەب - جازا!

چوماقچىلار:

- لەببەي، شاھىم.

پادىشاھ:

- ئۇ بىئەدەب سولتەك دەرھال كەلتۈرۈلسۇن!

چوماقچىلار:

- خوش، شاھىم.

ئىككى چوماقچى شۇئان ھېلىقى غادايغاننى سۆرەپ سورۇنغا ئېلىپ كىرىدۇ.

پادىشاھ:

- ھوي گەدەنكەش، شاپتۇل قېقى مونەكباش، نېمە ئۈچۈن سەن بۇ يەردە بىزنىڭ ئەلگە يات ئىللەتلىرىڭنى بازارغا سېلىپ، جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، غەزىپىگە قالىسەن؟

غادايغاق:

- مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بولا بولامدىم؟

ھۆدەيچى:

- ئەلۋەتتە. سەن ئۆزۈڭنى ئەلدىن ئۈستۈن قىلىپ، ئەرشىئەلادىن چۈشكەندەك كۆرۈنىسەنۇ، بىراق بۇرنۇڭدىكى ماڭقا، ئاغزىڭدىكى ساڭقا سېنى ھەممە ئەلدىن بەتبەشىرە كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق يات ئىللەتنى ئىلاھىم خەلققە يۇقتۇرمىغايسەن. ئاللاھۇ ئەكبەر (دۇئا قىلىدۇ).

پادىشاھ:

- ئەدەب - جازا!

چوماقچىلار:

- لەببەي شاھىم!

پادىشاھ:

- بۇ رودىپاي ئۆزىدىكى مەرەزنى ئۆزى كۆرمەي غادىيىۋاپتۇ. ئۆزىگە ساۋاق، ئەلگە ئىبرەت بولسۇن، ھەم مەرەزلىرى يۇيۇپ چىقىرىلسۇن. ئۆزىمۇ، ئەلمۇ كۆرسۇن ئۈچۈن ئۇنى يالىڭاچلاپ تامغا سۆرىتىنى بېسىڭلار!

چوماقچىلار:

- باش ئۈستىگە، شاھىم!

شۇنىڭ بىلەن چوماقچىلار ئولىشىپ كېلىپ، غادايغاننىڭ كوسىرىدىن باشقا ھەممە كىيىملىرىنى مەجبۇرىي ھالدا سالدۇرۇپ، ئاقلانغان تامغا دۈمبىسىنى چاپلاپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ سۇ پۈركەيدۇ. بۇ ئىش تاكى تامنىڭ ھەممە يېرى ھۆل بولۇپ، «ئەيىبكار» لاغىلداپ تىترىگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئاندىن «ئەيىبكار» تامدىن ئاجرىتىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ گەۋدىسى توسۇپ تۇرغان يەردە سۇ تەگمىگەنلىكتىن ئادەمنىڭ شەكلى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئويۇن ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ رولنى ئالماقمۇ شۇنچىلىك تەس ۋە جاپالىق بولۇپ، بۇنىڭغا ساغلام ئادەم بولمىسا ئاسان زۇكامداپ قالىدۇ.

## 7. ئاموت يېگۈزۈش

مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپتە بولا بولغان كىشىنى سورۇنغا ئەكىرىپ مەيداننى ئايلاندۇرۇپ:

- بۇ كىشىنى نېمە يەيسەن دېسەم، «ئاموت يەيمەن» دەيدۇ، قېنى كىمنىڭ پىشقان ئاموتى بار؟ كىم ئۇنىڭغا ئاموت يېگۈزەلەيدۇ؟ - دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ.

مەشرەپتە ئالدىن ھازىرلاپ قويغان بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

- مانا مەن ئاموت يېگۈزەلەيمەن، مېنىڭ ئاموتلىرىم تازا پىشتى، - دەيدۇ ھەمدە بولا بولغان كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ ئاممىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- «ئاۋۇ ئاموتنى يەمسىز؟ ماۋۇ ئاموتنىمۇ؟» دەپ بىر دەم سورۇندا ئولتۇرغان مەلۇم ئادەمنىڭ بېشىنى، بىردەم

مەزكۇرنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى كۆرسىتىدۇ، مەشرەپ سورۇنىدىن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. بولا بولغان كىشى ھېرىپ - چارچاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئامۇت يېگۈزگۈچى: «سىز ھېرىپ قاپسىز، مەن ئامۇت ئۈزۈپ كېلەي» دەپ «ئامۇت ئۈزۈش» ھەرىكىتى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن بولا بولغۇچى كىشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقى ئارىسىدىن ئىككى قولىنى چىقىرىپ، مۇشتۇمىنى ئامۇت شەكلىدە تۈگۈپ: «ماۋۇ ئامۇت ناھايىتى تاتلىق پىشىپتۇ، مانى يەڭ، ماۋۇ ئامۇت ناھايىتى چوڭ ئىكەن، مانى يەڭ» دەپ ئۇنىڭ ئىككى كومشىرىغا جالاق - جۇلۇق قىلىپ تەگكۈزىدۇ. بولا بولغۇچى كىشى: «بولدى، ۋاي بولدى، ئامۇت يېگەنگە جاق تويدۇم، ئەمدى يېمەيمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ. سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشىدۇ. مەشرەپ ئەھلى رازى بولغاندىن كېيىن، ئامۇت يېگۈزگۈچى بىلەن بولا بولغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ.

### 8. ئىككى كىشىنىڭ گەپ تالىشىشى

دولان مەشرىپىدە ئىككى ئادەم بىراقلا «سەۋەنلىك» ئۆتكۈزۈپ بولا بولۇپ قالسا، مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپ ئەھلىدىن قانداق جازا بېرىش ھەققىدە مەسلىھەت سورايدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئىككى ئادەمنىڭ بىراقلا بولا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن «سەنلەردىن مەنلەر چوڭ» ئويۇننى ئويناپ بەرسۇن دەپ تەلەپ قىلىدۇ. مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلەپ پىكرىنى باشقۇرغۇچىغا يەتكۈزىدۇ. مەشرەپ باشقۇرغۇچى بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن، مەشرەپ نازارەتچىسى ئىجرا قىلىدۇ.

جازالانغۇچى ئىككى ئادەم سىرتقا چىقىپ بىر دانە چاپاننى قاتلاپ ئۇڭ ياكى سول قولىغا ئادەم شەكلىدە چېگىپ ئوتتۇرىدىن بەلباغ باغلايدۇ. يۇقىرىقى قىسمىغا تۇماق كىيدۈرۈپ ئادەم شەكلىگە كەلتۈرۈپ مەشرەپ مەيدانىغا كىرىدۇ. مەشرەپ نازارەتچىسى: «سەن كىم؟» دەپ ھەر ئىككىلىسىدىن سورايدۇ. بىرى: «مەن ھاكىم بەگ» دېسە، يەنە بىرى: «مەن بەگزادە» دەيدۇ. مەشرەپ نازارەتچىسى: «قايسىڭلار چوڭ» دەپ سورايدۇ. بىرىنچىسى: «مەن چوڭ» دېسە، ئىككىنچىسى: «مەن چوڭ» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزئارا: «سەنلەردىن مەنلەر چوڭ» دەپ بەس - مۇنازىرىگە چۈشىدۇ ھەمدە ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى يەرگە يېقىشىپ، دومىلىشىپ ھالىدىن كەتكەندەك بولغاندا مەشرەپ نازارەتچىسى كېلىپ: «خاپا بولۇشماڭلار، ئىككىڭلار تەڭ» دەپ ئاجرىتىدۇ.

دولان مەشرىپىدە يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك كومېدىيىلىك ئويۇندىن باشقا يەنە «بورا باساش»، «نوغۇچ ئوينىتىش»، «گاچا بىلەن جۇۋازچىنىڭ جوداسى»، «ئېغىزدىن ئوت پۈۋلەپ چىقىرىش»، «ئېغىزدا قوشۇق چىلىش»، «مۇھەببىتىنى چاقىرىش»، «بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى»، «لەقەم قويۇش»، «تام ياساش»، «ئۆچكە ئوينىتىش»، «چىنە ئوينىتىش»، «قەرت ئېچىپ تەلىيىنى سىناش»، «ئۆچكىنى توقماقتا چىقىرىش»، «ساراڭنى داۋالاش»، «كۆتەك يېرىش»، «ئايالچە ياساندۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىتىش» قاتارلىق ئۆزگىچە ئويۇنلارمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

## خاتىمە

دولان مەشرەپ - مۇقامى سەنئەتكە خاس سېھرىي كۈچى بىلەن ئەلمىساقتىن بۇيان روھىي دۇنياسىغا، ئۆمرى روھىغا، پسىخولوگىيىسىگە سەنئەت مۆجىزى ئۆزلەشكەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممە ئېنىق ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەتكە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن قەدىمدىن تا ھازىرغىچە دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام - مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» غا كلاسسىك كامالەت ۋە شان - شۆھرەت قوشۇپ كەلدى ۋە كەلگۈسى. (M1)

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىز سەمىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 - يىللىق سانلىرىغا تولۇقلاپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولالمىغانلار ياكى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق سانلىرىنى پارچە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ مۇشتەرى بولۇشى، پارچە سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - نومۇرلۇق قورۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى خىزمەت بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىدە) دا. تېلېفون نومۇرى: 2823622. ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

پوچتىدىن ئەۋەتىش تەننەرخى قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا ئورۇنلاردىكى ھاجەتمەنلەرگە تەھرىر بۆلۈمىمىز خەت ئارقىلىق بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، پوچتىدىن پارچە ژۇرنال ئەۋەتىش كەسپىنى بېجىرمەيدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

# بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋان

(لوپنۇر خەلق داستانى)

قەلەمگە ئالغۇچى: **مامۇت قاسىم**

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكانىنىڭ شەرقىي شىمالىي - تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى دېڭىز بولۇپ، ئەتراپى قۇمۇش - يېكەنلىك ھېسابسىز كۆللەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، كۆللەردە بېلىقلار مىغىلدىشىپ، پايانسىز يايلاقلاردا ھېسابسىز مال - چارۋىلار يايلىشىدىغان، بۈك ئورمان، غورو جاڭگاللىرى تۈرلۈك - تۈمەن ياۋايى ھايۋاناتلار بىلەن تولغان باي - ئەلۋەك ماكان ئىكەن. ئادەملىرى تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، باتۇر، ئىشچان بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۆم - ئىناق ئۆتىدىكەن. بۇ يۇرتتا جانقۇلى ئىسىملىك بىر پالۋان بولۇپ، چەۋەندازلىق، ئوۋچىلىق، سالما تاشلاش ۋە تۆمۈرچىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوقكەن. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئۇستا مەرگەن بولۇپ، بۇ ئەر - خوتۇنلار مەرد - باتۇرلۇقى بىلەن ئەل - يۇرت ئىچىدە قالتىس ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇرمىغاچقا، كۆڭلى بەكمۇ يېرىمچىلىقتا ئۆتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بالا - پەرزەنت ئىشقىدا كۆيۈپ، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جانقۇلى پالۋاننىڭ خوتۇنى يەنە ئېغىر ئاياغ بولۇپتۇ - دە، پاخلانىدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تىلىكى ئىجابەت بولغان بۇ ئەر - خوتۇنلار: «ئەمدى ئۆيىمىزنىڭ چىرىغى ئۆچمەيدىغان بولدى» دېيىشىپ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يېتىپتۇيۇ، ئەمما تۇغۇلۇپ نەچچە كۈنگىچە يىغلىمىغان بوۋاققا قاراپ: «ئاپلا، بالىمىز ئاجىز - زەۋىنسىز تۇغۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيىشىپ، بىردىنلا كۆڭلى بىر قىسمىلا بوپ قاپتۇ. بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا، ئۇلار ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ ئاش تارتىپ ئوغلىغا «بوز يىگىت» دەپ ئات قويۇپتۇ.

بوز يىگىت شۇنداق تېز چوڭ بوپتۇكى، زادىلا يىغلىمايدىكەن. ئەمما ئۇ بىر ياشقا كىرگەندە ئانىسىنىڭ سۈتىگە تويمايدىغان، ئۈچ ياشقا كىرگەندە چوڭ ئادەمدەك تاماق يەيدىغان، ھەر - ھەر ئېغىر نەرسىلەرنى ھېچبىر كۈچەنمەيلا دەس كۆتۈرىدىغان كۈچتۈڭگۈر بالا بوپتۇ، ئۇ بىر ئۇخلىسا نەچچە كۈنگىچە ئويغانمايدىكەن. ئۇ. كۆپىنچە بىر پارچە تۆمۈرنى ئاغزىغا سېلىپ غاجىلاپ، ئىككەلدەپ كېپىكىنى كاپ ئېتىدىكەن. ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ھەم ھەيران بولىدىكەن، ھەم: «بۇ بىر خىسلەتلىك بالا ئوخشايدۇ» دەپ بەكمۇ ئەتىۋارلاپ باقىدىكەن. بوز يىگىت ئالتە ياشتىن ئاشقاندا ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئۆزىدەك پالۋان بولۇپ چىقىشىغا كۆزى يېتىپ ئۇنىڭغا تىغۋازلىق، جەڭ قىلىش، چەۋەندازلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مۇكەممەل ئىگىلەپ بوپتۇ - دە، تەڭ دېمەتلىرى ئىچىدە

باتۇرلۇقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ «كۆسمۇر پالۋان» دەپ داڭ چىقىرىشقا باشلاپتۇ.

بوز يىگىت 15 ياشتىن ئاشقاندا شۇنداق كىچىك تولۇپتۇكى، نەچچە ئادەم بىرلىشىپ مىدىرلىتالمىغان ھەر يوغان تاشلارنى بىر ئۆزى كۆتۈرگەن پېتى يىراققا تاشلىۋېتىدىكەن. قۇچاق يەتكۈسىز توغراقلارنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتىدىكەن. ئۆزى يالغۇز ئوۋغا چىقىپ، ھەر - ھەر ۋەھشىي - يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ، كەڭ پېشانىلىك، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، ئاۋازى بوم، بىلەكلىرى توم، پۇتلىرى يوغان، مۇسكۇللىرى تاشتەك قاتتىق، غەزەپكە كەلگەندە تېنىگە ھېچقانداق تىغ ئۆتمەيدىغان، بەستى دىۋىدەك بەقۇۋۋەت - تەڭداشسىز بولۇپ يېتىلىپ، داڭق - شۆھرىتى يىراق - يىراقلارغا تارابتۇ.

بىر كۈنى يۇرت بېگى جانقۇلى پالۋاننى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. بەگ ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۆرگە باشلاپ ئالدىغا داستىخان سالغاندىن كېيىن:

- پالۋان، سىزنى ئالاھىدە چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت، مېنىڭ بەك ياخشى كۆرىدىغان قىرىق تۇياق قوچقىرىم بار ئىدى. ئۇنى باقىدىغان مۇۋاپىق ئادەم چىقمىدى. مېنىڭچە، پەقەت سىزنىڭ ئوغلىڭىزلا بۇ مۇشكۇل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئوغلىڭىز قوچقارلىرىمنى بېقىپ بەرسە دېگەن ئۈمىدتە سىزنى چاقىرتقانىدىم، - دەپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپتۇ. جانقۇلى پالۋان بەگنىڭ ئۆزىنى چاقىرتىشىدىكى مۇددىئاسىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن دىلىغۇللۇق بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ:

- مۆھتەرەم بېگىم، بىزگە ئىشىنىپ، ئوغلىمىزنى خىزمەتلىرىگە قوبۇل كۆرگەنلىكلىرىگە رەھمەت. بىراق، بالامنىڭ بويى بولغان بىلەن تېخى گۆدەك، كىچىك بولغان بىلەن ئەقلى چولتا. جانابلىرىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالماسمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، - دەپتۇ.

بەگ جانقۇلى پالۋاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

- ئۇنچىلىك تۆۋەنچىلىك قىلىپ كەتمەڭ، پالۋان. ئوغلىڭىز شىر يۈرەك، چېچەن، تەڭداشسىز باتۇر يىگىت بولدى. شۇڭا، پالۋانلىقتا ئۆزىڭىزدىن ئېشىپ چۈشۈپ ئوغۇل بالا چىقمىدى. بۇ ئىشقا ئوغلىڭىزلا لايىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قوچقارلىرىمغا كۆز تىككەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. تولا ئادەملەر قوچقارلىرىمنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشنى سوراشقان بولسىمۇ، رەت قىلدىم. چۈنكى بۇنداق قوچقارلار ئىقلىمدا يوق. بۇ قوچقارلارغا ئوبدان كۆز - قۇلاق بولۇپ، بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن بېقىش كېرەك. ئەگەر كۆتكىنىمدەك بېقىپ بەرسەڭلار، سىلەرگە كۆپ ئىنئام بېرىمەن، مۇبادا بىخۇدلۇق قىلىپ بىرەتى - يېرىمى يوقاپ كەتسە، بىرسىگە مىڭ تۇياق جاندار تۆلەيسىلەر، - دەپتۇ.

جانقۇلى پالۋان بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تەڭلىكتە قاپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى سېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، «ياق» دېيىشكە ئاغزى بارماي ئامالسىز ماقۇل بولۇپ، خۇددى گەجگىسىدىن تاغ بېسىۋالغاندەك غەمكىن ھالدا قايتىپتۇ. كەچتە بوز يىگىت قويلىرىنى قوتانغا سولاپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئاتىسى سۇپىدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇ، ئاتىسىنى ئەزەلدىن بۇ سىياقتا كۆرمىگەچكە، كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. جانقۇلى پالۋان پەرىشان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

- ئوغلۇم، بۈگۈن بەگ مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ قىرىق تۇياق قوچقىرىنى بېقىشنى ساڭا تاپشۇردى، شۇڭا بېشىم قېتىپ ئولتۇرىمەن، - دەپتۇ.

- ئاتا، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ غەم قىلامسىز؟ قويچىلىق - ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشىمىزغۇ. بەگ شۇنداق دېگەن بولسا بوپتۇ، بېقىپ بېرەي، - دەپتۇ بوز يىگىت ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

- بالام، - دەپتۇ جانقۇلى پالۋان بوز يىگىتنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ، - سەن بىلمەيسەن، بۇ قوچقارلار ئادەتتىكى قوچقارلاردىن ئەمەس، ئۇلار ۋەھشىيلىكتە يولۋاستىن قېلىشمايدۇ. ئىلگىرى بۇ قوچقارلارنى نى - نى كۈچتۈڭگۈرلەر بېقىپ باققان؛ مەن - مەن دېگەن ئەزىمەتلەر بۇ قوچقارلار بىلەن ئېلىشىپ باققان، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئامان قالمىغان، - دەپتۇ ئەندىشە بىلەن. بوز يىگىت ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ:

- ئاتا، غەم قىلماڭ، ئوغلىڭىزنىڭ تومۇرىدا سىزنىڭ قېنىڭىز ئاقىدۇ، مۇسكۇللىرىم تۆمۈر كېپىكى بىلەن قاتقان. قوچقارلار ماڭا بويسۇنمىسا قاۋاننى يەر چىشلەتكەن بىلەكلىرىم، يولۋاسنى قاچۇرغان پەشۋالىرىم بىلەن بويسۇندۇرىمەن، - دەپتۇ.

- بۇ ئىشنى ئۇنداق ئاسان چاغلىما، بالام، - دەپتۇ جانقۇلى پالۋان بەگ يۈكلىگەن ۋەزىپىنىڭ مۇشكۇللۇكىنى چۈشەندۈرۈپ، - بۇ قوچقارلارنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا نىيىتىنى بۇزۇپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئالىمادىس قوشقارلاردىن بىرەتى - يېرىمى يوقاپ كەتكۈدەك بولسا، ئورنىغا مىڭ تۇياق جاندار تۆلەيدىغان گەپ. جېنىم بالام، بىزنىڭ كۈنىمىز ئۇدۇللۇق تۇرسا، نەدىمۇ بەگكە تۆلىگۈدەك مال - جاندارلىرىمىز بولسۇن.

- ئاتا، دېدىمغۇ، ئەندىشە قىلماڭ دەپ. مەن سىلەرگە ھەرگىز خاپىلىق تېپىپ بەرمەيمەن. قاراپ تۇرۇڭ، بۇ قوچقارلارنى چوقۇم بەگنىڭ كۆتكىنىدەك بېقىپ بېرىمەن، - دەپتۇ بوز يىگىت ئىشەنچ بىلەن. جانقۇلى پالۋان ئوغلىنىڭ جاۋابىدىن دىلى سۆيۈنۈپ كۆڭلى ئىمىن تاپقان بولسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ. لېكىن بەگنىڭ تەلىپىنىمۇ رەت قىلالماي بۇ ئىشقا قارار بېرىپتۇ.

ھەقىقەتەن بۇنداق يوغان قوچقارلار ئىقلىمدا يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى بۇقىدەك، قويرۇقى قازاندەك، بېشى قاسقاندەك، مۈڭگۈزى ئارقارنىڭكىدەك زور - بەتھەيبەت بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، چىشلىرى قاۋاننىڭ قىيغۇچىدەك پولتىيىپ، تۇرقىدىن شىر - يولۋاستەك ۋەھشىيلىك - ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىكەن. ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەم ۋە جانلىقلارغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۈسۈپ ئۆلتۈرىدىكەن. شۇڭا، ھەر كىم بۇ قوچقارلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

بوز يىگىت قوچقارلارنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى بېرىشىغا قوچقارلار تۇرۇلۇپ كېلىپ تۇشمۇ تۇشتىن، تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئۇ، بىرىنىڭ مۈڭگۈزىدىن، بىرىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ، يەنە بىرىنىڭ بېلىدىن قاماللاپ ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. بىرىنى يىقىتىپ بولغۇچە يەنە بىرسى ئېتىلىپ كەلگۈدەك، ئىككى پۇتلاپ ئۆرە بولۇپ

ئۇسكۇدەك. شۇنداق قىلىپ بوز يىگىت قىزىق قوچقار بىلەن بىرمۇ بىر ئېلىشىپ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويۇلۇپتۇ. قوچقارلارمۇ ئۇنىڭ تەڭداشسىز مۇشتىدا دومبالىنىپ، تىللىرى غېرىچ ساڭگىلاپ، ئاخىر يوۋاشلاپتۇ - دە، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، قەيەرگە ھەيدىسە شۇ يەرگە ماڭىدىغان، ئەمدى ئۇچرىغانلا ئادەم ۋە جانلىقلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان بوپتۇ.

بوز يىگىتنىڭ يەتتە دوستى بار ئىكەن. ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ، بىرگە چوڭ بولغانىكەن. بۇ قىيامەتلىك جان دوستلار ئەقلىگە يەتكەندە، گۈلخان يېقىپ، ياغ يورۇتۇپ: «ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولىمىز، قايسىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە تەڭ تارتىمىز، ھەرگىز قەسىمىمىزدىن يانمايمىز، نامەردلىك قىلمايمىز» دەپ قەسەمياد قىلىشقانىكەن. ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ چوڭ - كىچىك ئىشلارنى با مەسلىھەت قىلىدىكەن. بىرگە ئوۋغا چىقىدىكەن. بولۇق ئوت - چۆپلۈك، پايانسىز كەڭئوت (قەدىمكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپلىرىنىڭ ئاتىلىشى - ئاپتوردىن) يايلاقلىرىدا قوي بېقىپ، چەۋەندازلىق قىلىدىكەن.

ئەلقىسسە، كەڭئوت ئېقلىمىدىن چەت - يىراق بىر يۇرتتا ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق دەيدىغان ئاكا - ئۇكىلار ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ يايلاقلىرى چەكسىز، مال - دۇنياسى سان - ساناقسىز بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن ئاچكۆز، بەدنىيەت، ياۋۇز ئىكەن. ئەتراپىغا كاللا كېسەر - چوماقچىلارنى توپلاپ، يامانلارغا يانتاياق بولۇپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، نېمىگە كۆزى چۈشسە زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالمىغۇچە قويمايدىكەن. تويۇقسىزلا قوشنا قەبىلە، يۇرت - ئايماقلارغا باستۇرۇپ بېرىپ، تىنچ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان پۇقرالارنىڭ مال - ۋارانلىرىنى ھەيدەپ كېتىپ، ئەلنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت ياغدۇرىدىكەن. شۇڭا، خالايىق بۇ لەنەتگەردى زوراۋانلارنىڭ دەستىدە يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىپ، كېچە - كۈندۈز دەككە - دۈككە، غەم ئەندىشە ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بوز يىگىت بېقىۋاتقان قىزىق قوچقارنىڭ داڭقى ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنىيەتلىرىنى بۇزۇپ، قوچقارلارنى بۇلاپ ئەكېلىش ئۈچۈن كاللا كېسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يامانلىرىنى تاللاپ يولغا سېپتۇ. بۇ ئۆكتەملەر ئۇزۇن يول يۈرۈپ بوز يىگىتنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قوچقارلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ دەرھال بۇلىماقچى بوپتۇيۇ، بىراق بوز يىگىتنىڭ غايەت زور كۈچتۈڭگۈر پالۋان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قول سېلىشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭ يوق ۋاقتىنى پايلاپ تۇرۇپ قوچقارلارنى ئوغرىلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى بوز يىگىت دوستلىرى بىلەن مال - چارۋىلىرى ۋە قوچقارلارنى يۇرتتىن يىراق، ئوت - چۆپى مول يايلاقلارنىڭ بىرىگە ئاپىرىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ شىكارغا مېڭىپتۇ. ئۇلار كۈن ئولتۇرغاندا ئوۋ نېمەتلىرىنى ئۇلاقلىرىغا ئارتىشىپ، جاندارلىرى ئوتلاۋاتقان يايلاققا كەپتۇ - دە، بوز يىگىتنىڭ دوستلىرى ئۆز ماللىرىنى ھەيدىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. ئەمما ئۇ قوچقارلىرىنى قويغان جايغا كەلسە، ئۇلار يوق تۇرغۇدەك! بوز يىگىتنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ، پۈتۈن يايلاقنى ئىزدەپ قېزىۋەتكەن بولسىمۇ ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. بىر چاغدا بوز يىگىتنىڭ ئات تۇياقلىرى چەيلىۋەتكەن ئوت - چۆپلەرگە كۆزى چۈشۈپ، قوچقارلارنى ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭ ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى جەزملەپ، كەينىدىن قوغلاپ بېقىپتۇ. بىراق ئۇلار ئۇزاپ كەتكەچكە يېتىشەلمەي، يېرىم كېچە بولغاندا ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

جانقولى پالۋان ئوغلىنىڭ ئادەتتە بۇنداق كەچ قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغانمىدۇ، دېگەن ئەندىشىدە ئۆيدە ئولتۇرالماي ئالدىغا چىقىپ ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ، ئوغلىدىن قوچقارلارنىڭ يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىمانى ئۇچۇپتۇ. ئەمدى قىزىق قوچقار ئۈچۈن قىزىق مىڭ تۇياق جاندارنى نەدىن تاپارمەن، بەگكە نېمىمۇ دەپ جاۋاب بېرەرمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشى قېتىپ، شۇ ئاچچىقىدا بوز يىگىتنى قىزىق چىۋىق ئۇرۇپ: «قىزىق قوچقارنى نەدىن تاپساڭ تېپىپ كەل، بولمىسا كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما» دەپ ۋارقىراپتۇ. بوز يىگىتنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇمۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇقۇپ بېشى قېتىپ: «ئاتاڭنىڭ نەسىھەتىنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇتماي، بىخۇدلۇق قىلىپ، مانا ئەمدى بىزگە تۈگىمەس ئېغىر خاپىلىق تېپىپ بەردىڭ» دەپ ئاچچىقىدا جان جىگەر ئوغلىنى قىزىق چىۋىق ئۇرۇپتۇ. شۇ كېچە بوز يىگىتنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەي تاڭنى بىدار ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئىزچىلارنى ئېلىپ قوچقارلارنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا چىرايلىرى توپا تاھارەت، ئەخمەللىرى (كىيىملىرى) تىتىلغان بىر توپ يولۇچىلار ئۇچراپتۇ. بوز يىگىت ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى، يولدا قوچقارلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. يولۇچىلار:

- بىز ئېلىپ - ساتارلار ئىدۇق. كېتىۋاتساق، ئالدىمىزغا بىر قوتان كەلگۈدەك بەتھەيۋەت قوچقارلارنى ھەيدىگەن بىر توپ ئاتلىقلار ئۇچرىدى. ئۇلارنى تېخى مالچىلارمىكىن، دەپ ئويلاپتىكەنمىز. نەدىكىنى، ئۇلار كەلگەن پېتى بىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، مال - دۇنيالىرىمىزنى بۇلاپ - تالاپ قاقسەنەم قىلىپ قويدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ قاراقچىلىرى ئىكەن. شۇڭا سىلەرمۇ يولدا ھېزى بولۇڭلار، - دەپتۇ.

بوز يىگىت ئالقازاق بىلەن چولقازاقنىڭ بۇلاڭچىلىرى قوچقارلارنى ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ دەرغەزەپكە كېلىپتۇ - دە، قوچقارلارنى قەتئىي قايتۇرۇپ كېلىشكە بەل باغلاپ، دوستلىرىدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن كەينىگە يېنىپ، ئۇلارنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ، بىر دوستىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ئاتام ئۇرىدۇيەي قىزىق چۇۋۇق (چىۋىق)،
ئىنەم (ئانام) ئۇرىدۇيەي قىزىق چۇۋۇق.
يۇرۇڭ، دوستلار بارالى (بارايلى)،
ئالقازاقنىڭەي يىلقىسىنى
ھايداپ كەلسەكەي بولماسمۇ؟

دەپتۇ. بۇ دوستى بوز يىگىتنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتقان بولسىمۇ، بىراق ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ ئالامەت كۈچتۈڭگۈرلەردىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، ئۇ يەرگە بارسا تەڭ كېلەلمەي جېنىدىن جۇدا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ:

ئاتاڭ ئۇرسايەي قىرىق چۇۋۇق،
ئىنەڭ ئۇرسايەي قىرىق چۇۋۇق.
ئالقازاقنىڭەي يىلقىسىنى
هايداپ كەلسەكەي ئۆلتۈرەر،
مەن بارماسمەن ئۆزۈڭ بار.

دەپتۇ. بوز يىگىت بۇ يەردىن چىقىپ يەنە بىر دوستىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ - دە، ئۇنىڭغىمۇ:

ئاتام ئۇرۇدۇيەي قىرىق چۇۋۇق،
ئىنەم ئۇرىدۇيەي قىرىق چۇۋۇق.
يۈرۈڭ دوستلار بارالى،
ئالقازاقنىڭەي يىلقىسىنى
هايداپ كەلسەكەي بولماسمۇ؟

دەپتۇ. بۇ دوستىمۇ بوز يىگىتنىڭ بېقىۋاتقان قوچقارلىرىنى ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ بۇلاڭچىلىرى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاغىنىسىگە ھەمدەملىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، «ئۇ يەرگە كەتسەم ماللىرىمنى باقىدىغان ئادەم يوق» دەپ ئويلاپ بىللە بېرىشقا ئۇنىماي:

ئاتاڭ ئۇرسايەي قىرىق چۇۋۇق،
ئىنەڭ ئۇرسايەي قىرىق چۇۋۇق.
قىرىق قوچقارچۇن جان بەرسەك،
جاندارىمنى كىم باقار.
مەن بارماسمەن ئۆزۈڭ بار.

دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوز يىگىت كەينى - كەينىدىن تۆت دوستىنى ئىزدەپ بارسا، ئۇلار: «ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ لەشكەرلىرى ھەددى - ھېسابسىز تۇرسا، يەتتە ئادەم ئۇلارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيمىز؟ ئۇ يەرگە بارساق قايتىپ كېلەلمىكىمىز مۈشكۈل» دېيىشىپ بىللە بېرىشقا ئۇنىماپتۇ.

بوزيىگىت ئالتە دوستىنىڭ جاۋابىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ: «ئەڭ ئاخىرقى بىر دوستۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ باقاي، ئۇمۇ بىللە بېرىشقا ئۇنىمىسا ئۆزۈم يالغۇز ماڭاي» دەپ ئويلاپ، ئۇ، دوستىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ئاتام ئۇرۇدۇيەي قىرىق چۇۋۇق،
ئىنەم ئۇرىدۇيەي قىرىق چۇۋۇق.
يۈرۈڭ دوستلار بارالى،
ئالقازاقنىڭەي يىلقىسىنى
هايداپ كەلسەكەي بولماسمۇ؟

دەپتۇ. بۇ دوستى باشقىلىرىغا قارىغاندا ۋىجىك، تېنى سەل ئاجىزراق، لېكىن جىگەرلىك يىگىت ئىكەن. ئۇ، بوز يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ: «ئاغىنە دېگەن مۇشۇنداق باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىسا، قانداقمۇ ئۇنى قىيامەتلىك دوست دېگىلى بولسۇن» دەپ ئويلاپ:

ئاتاڭ ئۇرسايەي قىرىق چۇۋۇق،
ئىنەڭ ئۇرسايەي قىرىق چۇۋۇق.
سەن بارغان يەرگە مەن باراي،
ئۆلسەك بىللە ئۆلەلى (ئۆلەيلى).
ئالقازاقنىڭ يىلقىسىنى
بۆلۈپ هايداپ كەلەلى.

دەپتۇ. بوز يىگىت بۇ دوستىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، بىرلىكتە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. قالغان ئالتە دوستى بۇنى ئاڭلاپ ئۆز قەسەملىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇشۇپ، بوز يىگىتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا يېتىشىپ، ئەپۇ سوراپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ بوز يىگىتنىڭ كۆڭلى بەكمۇ سۆيۈنۈپ بىرلىكتە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كۆكلەمدىن ئېشىپتۇ، كۆللەردىن ئۈزۈپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، خەتەرلىك تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپتۇ. ئوزۇقلىرى تۈگىسە ئوۋ ئوۋلاپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر ئېگىز تاغقا دۇچ كەپتۇ. بوز يىگىت دوستلىرىغا قاراپ:

- ئاغىنىلەر، ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ - چارچىدۇق، مۇشۇ يەردە ئازراق ھاردۇق ئالايلى، - دەپتۇ - دە، يەنە بىر دوستىغا، - سەن ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ باق، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئالقازاقنىڭ يىلقىلىرى كۆرۈنسە، قولۇڭنى ئوڭ تەرەپكە بولغاپ ئايلاندۇرۇپ بەلگە بەر، بىز كەينىڭدىن يېتىپ بارىمىز. ئەگەر يىلقىلار كۆرۈنمىسە قولۇڭنى سول تەرەپكە بولغاپ قايتىپ كەل، - مەسلىھەتلىشىپ باشقا تەرەپكە ماڭايلى، - دەپتۇ.

ئۇ دوستى ئاتلىق تاغ سايان چېپىپ كېتىپتۇ. ئېتىنى قورام تاشقا باشلاپ قويۇپ، مىڭبىر جاپادا تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چەكسىز كەتكەن يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن سان - ساناقسىز يىلقىلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئالقازاقنىڭ يىلقىسىنى ئەمدى تېپىپتۇق، دەپ خۇشال بولۇپ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ يۇڭ چەكمىنىنى سېلىپ، ئوڭ تەرەپكە بولغاي دېيىشىگە بوران سوقۇۋېتىپ تاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تاغقا چىقىپ كەتكەن دوستىدىن بىرەر خەۋەر بولمىغانلىقىغا قاراپ، بوز يىگىت ئۆزى بېرىش قارارىغا كېلىپ:

- ئاغىنىلەر، تاغقا چىقىپ كەتكەن دوستىمىزدىن تېخىچە خەۋەر يوق. ئەمدى ئۆزۈم چىقىپ قاراپ باقاي. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئالقازاقنىڭ يىلقىسى كۆرۈنسە قولۇمنى ئوڭ تەرەپكە بولغاپ بەلگە بېرىمەن، سىلەر ئارقامدىن دەرھال ئات سېلىڭلار. ئەگەر كۆرۈنمىسە قولۇمنى سول تەرەپكە بولغىۋېتىپ قايتىپ كېلىمەن، مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كەلگەندىن كېيىن باشقا تەرەپكە بېرىپ ئىزدەيمىز، - دەپ قويۇپ تاغقا مېڭىپتۇ.

ئۇ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەستە - يايلاقتا پېتىشماي ئوتلاپ يۈرگەن يىلقىلارنى كۆرۈپتۇ - دە، قولىنى ئوڭ تەرەپكە بولغاپ دوستلىرىغا بەلگە بېرىپتۇ. تاغدىن چۈشۈپ يىلقىلارنىڭ ئىچىدىكى سېمىز تايچاقتىن بىرنى تۇتۇپ سويۇپ، قارنىنى ئادالاپ سۇ قۇيۇپ پاتقىچە گۆش سېلىپ ئوتقا قازانچىلاپ ئېسىپتۇ. قالغان گۆشلەرنى گۈلخاننى ياقىلىتىپ كاۋاپ قىلىپ دوستلىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار گۆش - كاۋاپلار بىلەن قورساقلىرىنى توقلىغاندىن كېيىن، بارلىق يىلقىلارنى يىغىپ ھەيدەپ

يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بوز يىگىت يىلقىلارنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى توساپ تۇرۇش ئۈچۈن قاپتۇ. ئۇ، دوستلىرى يولغا چىققىش ئالدىدا بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

ساي داۋانغا بارغاندا سايلاپ - سۈرۈپ هايداڭلار،
قۇم كېچىككە كەلگەندە قاملاپ - قۇملاپ هايداڭلار،
ئاجىز - ئورۇققا قارىماڭلار، قاچقان - قالغانغا
ساقلىماڭلار،
ئامان بولسام بىر كۈنى ئارقاڭلاردىن يېتۈرمەن.
ئاتام باغرى قاتمىغاي، ئىنەم ياشى ئاقمىغاي،
قىرىق مىڭبىر يىلقىنى بەگ ھەققىگە بېرىڭلار.
ئالقازاقنى كۈتەرمەن، قوغلاپ كەلسە توسارمەن،
ئامان قالسام بىر كۈنى ئىزدەپ تېپىپ بارۇرمەن.

كەچتە، يىلقىلارنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرگەن يىلقىچىلار شۇ هامان ئالقازاققا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق دەر غەزەپكە كېلىپ، يىلقىچىلارنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپتۇ - دە، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ: «بىزنىڭ مال - دۇنيايىمىزغا خىرىس قىلغۇچى پەقەت بوز يىگىت» دېيىشىپ «قاۋان» ئىسىملىك ئەڭ كۈچتۈڭگۈر - ئەڭ يامان پالۋاننى بوز يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ، يىلقىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

بوز يىگىت دوستلىرىنى يولغا سالغاندىن كېيىن بىر چول (سۇيى چوڭقۇر كۆل) نىڭ بويىدا تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ چۈش مەھەلدە، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان دېۋىدەك بىر زور پالۋاننى كۆرۈپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن پىلدەك ئارغىمىقىنىڭ بېلى يادەك ئېگىلىپ كېتىپتۇ. بوز يىگىت كۆڭلىدە: «ئۇ، يىلقىلارنى ئىزدەپ كېلىۋاتقان پالۋان ئوخشايدۇ» دەپ جەزملەشتۈرۈپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن كىشىدەك بىخارامان هالدا چۈرۈقىنىڭ يىپىنى ئەتكەن بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. «قاۋان» پالۋان يېقىنلاپ كېلىپ:

- ھەي بالا، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم سەن؟ نېمە ۋەجىدىن بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

- مەن بىر يولۇچى، يولدىن ئېزىپ قېلىپ ھېرىپ - ئاچقىنىمدىن بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئولتۇرىمەن. ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇنچە ئالدىراپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟

- مەن ئالقازاق ئاغامنىڭ «قاۋان» ئاتلىق باتۇرى بولىمەن. بوز يىگىت ئاغامنىڭ يىلقىلىرىنى هايداپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يىلقىلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىراش كېتىۋاتىمەن. سەن يىلقا هايداپ كېتىۋاتقانلارنى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپتۇ ئات ئۈستىدە.

- ياق، كۆرمىدىم. ئاڭلىشىمچە، بوز يىگىتنى تەڭداشسىز باتۇرمىش، دەيدۇ. ئۇنىڭغا كۈچۈڭ يېتەرمۇ؟ ھەي. . . ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسسەنمىكىن؟ - دەپتۇ بوز يىگىت ئۇنى سىناپ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان «قاۋان» پالۋان ئاچچىقىدا كۆزلىرىنى جامدەك كېرىپ:

- ئاڭلىسام، بوز يىگىت دېگەن نېمە ئەمدى 18 ياشقا كىرگەن شۇمتەكمىش. ئۇنداق ئاغزىدىن ئىنەسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن موزاينى سىمچىلاق قولۇمغا قىستۇرۇپ سالما ئاتقاندەك پىرقىرىتىپ ئوينايمەن. كۈننىڭ ئىسسىقىدا بەكمۇ ئۇسساپ كەتتىم، سۇ ئېلىپ بەرگىنە، تولا ساقال غىربىچلىماي، - دەپتۇ كۆرەڭلەپ.

- مەنمۇ سەندەك بىر يولۇچى، يولۇچى يولۇچىغا سۇ ئېلىپ بەرگەن نەدە بار؟ ئۇسسىغان بولساڭ ئېتىڭدىن چۈشۈپ ئۆزۈڭ سۇ ئېلىپ ئىچ، - دەپتۇ بوز يىگىت ئۇنى مەنسىتمەي.

«قاۋان» پالۋان بۇنداق شۇمتەك بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئالقازاق ئاغامنى رەنجىتىپ قويماي يەنە، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئېتىدىن چۈشۈپ سۇ ئىچىش ئۈچۈن چولنىڭ قىرىغا بېرىپتۇ. قارىسا، چولنىڭ قىرى بەك تىك ئىكەن. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئىچەلمەپتۇ. ئۇ، بوز يىگىتكە قاراپ:

- سەن مېنىڭ پۇتۇمدىن تۇتۇپ تۇر، مەن دۈم يېتىپ سۇ ئىچىۋالاي، - دەپتۇ.

بوز يىگىت: «ماقۇل» دەپ ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. «قاۋان» پالۋان چولغا ئېڭىشىپ ئەمدىلا سۇ ئىچەي دېيىشىگە بوز يىگىت كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى قاماللاپ سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ غايىبانە ئاشىقى ئاق جوۋاننىڭ يۇرتىغا قاراپ سەپەر قىلىپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ تاغنىڭ مەشرىق تەرىپىدە ناھايىتى چوڭ - كاتتا بىر بەگلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپلىگەن يۇرت - ئايماقلار قارايدىكەن. بەگنىڭ ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار بىر جۈپ ساھىبجامال قىزى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئاقنار ئايىم، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئاق جوۋان ئىكەن (بەلكى ئاقىنز، ئاق ئايىم بولۇشى، بوز يىگىت بىلەن توي قىلىپ بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىن ئاق جوۋان دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر داستاندا ئەسلىي بويىچە ئاق جوۋان دەپ ئېلىندى - مۇھەررىردىن) . بۇ ئاچا - سىڭىللار تۇغۇلۇشىدىنلا زېرەك - ئەقىللىق، بېيىت - قوشاق ئېيتىشتا تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇلار كىچىكىدىنلا چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، سالما تاشلاش، ئوۋ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇ بەگلىكتە ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىكەن. ئاي - يىللار ئۆتۈپ بۇ ئاچا - سىڭىللار بويىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ داڭقى جاهانغا تاراپ، نى - نى خانزادە - بەگزادىلەر، كۈچتۈڭگۈر پالۋانلار ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ زادىلا ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ. بىراق يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئاچا - سىڭىللارنىڭ پەسەنتىگە سىغماپتۇ. ئامالسىز قالغان بەگ قىزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپتۇ.

ئاقنار ئايىم يېتىلگەن مەرگەن، ئەھلى دانىش قىز بولۇپ، بىلىم - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاشىق بولغۇچى چوقۇم ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشى شەرت ئىكەن. ئاق جوۋان ئەلەمپەزلىك ۋە شىكارغا خۇشتار بولۇپ، ئالەمدىكى تەڭداشسىز باتۇرلا ئۇنىڭ شەرتىگە مۇناسىپ كېلىدىكەن. شۇڭا، ئەلچىلەر ئۇلار قويغان شەرتلەرنى ئورۇندىيالماي نائۇمىد يۇرتلىرىغا قايتىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ ئەلچىلىرىمۇ بار بولۇپ، سېسىق نامى پۈتۈن ئىقلىمغا پۇر كەتكەن بۇ ئاكا - ئۇكا نائەھلىلەرنىڭ قاراقچىلىق خۇي - پەيلى، رەزىل قىلمىش - ئەتمىشلىرى بەگكىمۇ، ئاچا - سىڭىللارغىمۇ ئايان بولغاچقا بەگمۇ، ئاچا - سىڭىللارمۇ ئۇلارنى زىنھار خوپ كۆرمەپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋېرىپ بەگنى

بىزار قىلىۋېتىپتۇ. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئالقازاق بىلەن چۇلقازاق ھەر خىل قۇۋلۇق - شۇملۇقلار بىلەن بۇ ئاچا - سىڭىللارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن نېرى كەتمەپتۇ. ئاخىر قىزلار بۇ ئىككى مۇتتەھەم - زوراۋاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزىنى ساقلاپ، كۆڭلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ئاتىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، تىنچ - پىنھان جاي ئىزدەش ئۈچۈن مۇلازىم قىزلار بىلەن يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بوز يىگىتتىن ئاڭلايلى. ئۇ، تاغ ياقىلاپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ، مىڭ - تۈمەن خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن پايانسىز كۆكۈلمەيدانلىققا يېتىپ كەپتۇ. بۇنداق ھاۋاسى ساپ، گۈزەل مەنزىرىلىك جاينى كۆرۈپ ۋۇجۇدى يايراپ كەتكەن بوز يىگىت مۇشۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئېتىنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ ئەتراپقا نەزەر ساپتۇ. قارىسا، كۆز يېتىم يەردىكى زۇمرەتتەك جىمىرلاپ تۇرغان كۆلنىڭ ئۇ قېتىدا قاتار تىكىلگەن ئاپئاق چېدىرلار كۆزىگە تاشلىنىپتۇ. ئۇ، كۆل بويىدا ئادەمزات بارلىقىنى جەزملەپتۇ - دە، ئېتىنى يېتىلەپ يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇيەرگە بىر جۈپ ھەشەمەتلىك چېدىرنى چۆرىدەپ يەنە يەتتە چېدىر تىكىلگەنىكەن. بوز يىگىت خېلى تۇرۇپ بېقىپتۇ، بىراق چېدىر ئىچىدىن ھېچكىم سىرتقا چىقمىغاندىن كېيىن بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

ئاقارىپ (ئاقىرىپ) تۇرغانەي ئاق چادىر (چېدىر)،
كۆكەرىپ (كۆكىرىپ) تۇرغانەي كۆك چادىر؛
ئىچىگىدە نە جان بولسا،
جاۋاب بەرسەڭەي ھەي چادىر.

ئاق جۇۋان ئاللىبۇرۇنلا ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ چېدىر قېشىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئالقازاقنىڭ پايلاقچىسى بولۇپ قالمىغاي دەپ گۇمان ئىچىدە كۆزىتىپ تۇرغانىكەن. ئۇ، قوشاقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنۇ قوشاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ئاقارىپ (ئاقىرىپ) تۇرغانەي ئاي ئەمەس،
كۆكەرىپ (كۆكىرىپ) تۇرغانەي كۈن ئەمەس،
ياتنى بىلمەيەي سۆزلىمەس،
ئۆزەڭ كىم سەنەي ئەي ئاكە (ئاكا).

بوز يىگىت چېدىر ئىچىدىن ئېيتىلغان قوشاقنى ئاڭلاپ، ئادەم بارلىقىنى بىلىپ بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

ئۆزەم ئازغانەي بىر يىگىت،
كۆڭلۈم سۆزۈكەي خاس يىگىت.
توققۇز چادىر كۆرۈندى،
مېھمان بولسامەي بولماسمۇ؟
ئاق جۇۋان:
چادىر قىزلارەي چۈشكۈنى،
ياتلار تۇرارەي جاي ئەمەس.
خەستە كۆڭلۈڭ ئاق بولسا،
ساڭا مەيلىمۇ يوق ئەمەس.

بوز يىگىت قىزلارنىڭ مەيلىنى بىلمەك بولۇپ يەنە - قوشاق ئېيتىپتۇ:

ناراق (نېرىراق) ئولتۇراي ئۆزغىنام،
بەرەك (بېرىرەك) ئولتۇراي قىزغىنام.
قىزغىناڭنىڭ تۇرقىنى
كۆرەي يانايەي قىزغىنام.
ئاق جۇۋان:
ئۇ نەمە (نېمە) دەيدۇيەي ئۇ ئاكە،
بۇ نەمە دەيدۇيەي بۇ ئاكە.
كۆڭلىنىڭ شوۋقىيەي نۇرىنى
كۆرمەپتۇمۇ يەي بۇ ئاكە.
بوز يىگىت:
ناراق ئولتۇراي ئۆزغىنام،
بەرەك ئولتۇراي قىزغىنام.
نۇرلۇق جولا - سىنىڭنى
كۆرەي يانەيەي قىزغىنام.
ئاق جۇۋان:
ئۇ نەمە دەيدۇيەي ئۇ ئاكە،
بۇ نەمە دەيدۇيەي بۇ ئاكە.
تۈندە يانغانەي تولۇنئاينى
كۆرمەپتۇمۇيەي بۇ ئاكە.
بوز يىگىت:
ناراق ئولتۇراي ئۆزغىنام،
بەرەك ئولتۇراي قىزغىنام.
ساچقىرناڭنىيەي تۇرقىنى
كۆرەي يانەيەي قىزغىنام.
ئاق جۇۋان:
ئۇ نەمە دەيدۇيەي ئۇ ئاكە.
بۇ نەمە دەيدۇيەي بۇ ئاكە.
قوڭۇر ئاتىڭەي يايلىنى
كۆرمەپتۇمۇيەي بۇ ئاكە.
بوز يىگىت:
ناراق ئولتۇراي ئۆزغىنام،
بەرەك ئولتۇراي قىزغىنام.
تال چىۋىقتەك بويۇڭنى
كۆرەي يانەيەي قىزغىنام.
ئاق جۇۋان:
ئۇ نەمە دەيدۇيەي ئۇ ئاكە،
بۇ نەمە دەيدۇيەي بۇ ئاكە.
كۆكتە چىققانەي ئەشمەنى
كۆرمەپتۇمۇيەي بۇ ئاكە.
بوز يىگىت:
سۆزى تالتىقەي (تاتلىقەي) ئۆزغىنام،
كۆزى خۇمارەي قىزغىنام.
قايسى گۈلشەننىڭ غۇنچىسى،
بىلەي يانايەي قىزغىنام.
ئاق جۇۋان:
تۈندە يانغانەي ئاي جۇگان،
گۈزەللىكتەيەي تاق جۇگان.
قىزلار شاھىيەي ئاق جۇگان،
ئۆزەڭ كىمسەنەي ئەي ئاكە.
بوز يىگىت:
كۆكتە شۇڭقارەي شوخ يىگىت،
چۆلدە يولۋاسەي مەرد يىگىت.
ئەل ئىچىدە يەي بىر يىگىت،
ئاتىم پالۋانەي بوز يىگىت.

رىۋايەتتە، قەدىمي لوپنۇر ئەھلى بىر - بىرى بىلەن

كۆرۈشكەندە قوشاق ئېيتىشىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدىكەن. بوز يىگىت بىلەن ئاق جوۋان قوشاق ئېيتىپ تېپىشىپتۇ. ئاق جوۋان چېدىر ئالدىدا تۇرغان ئەزىمەتنىڭ ئەل ئىچىدە تەڭدىشى يوق پالۋان بوز يىگىت ئىكەنلىكىنى جەزملەپتۇ - دە، كۆڭۈل قۇشى پەرۋاز قىلىپ بوز يىگىتكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ، بۇرۇنلا بوز يىگىتنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، باغرىدا كۆيۈك ئوتى لاۋۇلدار ئىكەن. شۇدەمدە ئۇزاقتىن كۈتۈپ كەلگەن ئاشىقىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىھېساب شادلىنىپتۇ.

بوز يىگىت چېدىر ئىچىدە قوشاق ئېيتىۋاتقان قىزنىڭ جاھاندا تەڭدىشى يوق ساھىبجامال قىز، ئۆزى غايىبانە كۆيۈپ يۈرگەن ئاشىقى ئاق جوۋان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ۋىسال تەشنالىقىغا چۆمۈلۈپتۇ. ئۇ، ئاق جوۋاننىڭ نامىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بولغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، بەختىنى سىناپ بېقىشنى كېچە - كۈندۈز ئويلايدىكەن. قانداق شەرتى بولسا ئىككىلەنمەي ئورۇنداشقا، ئەگەر ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يولىدا جاندىن كېچىشكە توغرا كەلسە، ئىككىلەنمەي جان تەسەددۇق ئەيلەشكە تەييار ئىكەن.

ئاق جوۋان بوز يىگىتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ، بۇ قوشاقنى تاشلاپتۇ:

ھاۋادىقى (ھاۋادىكى) بۇلۇتنۇ (بۇلۇتنى)،
يىغىۋالۇرەي ئەر بارمۇ؟
تاغ ئىچىدەكى (ئىچىدىكى) پولاتنۇ (پولاتنى)
ئۆرۈپ سوقارەي ئەر بارمۇ؟
سورۇكتەيەي كىيىكنى
قوغلاپ ئاتۇرەي ئەر بارمۇ؟

بوز يىگىت:

ھاۋادا قىيەي بۇلۇتنۇ
يىغىۋالۇرەي جاداچى (ياداچى).
تاغ ئىچىدە كىيەي پولاتنۇ
ئۆرۈپ سوقارەي تۆمۈرچى.
سورۇكتەكيەي كىيىكنى
قوغلاپ ئاتورەي پالۋانچى.

ئاق جوۋان بوز يىگىتنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، مۇلازىمىدىن بىر پەتنۇستا سۇتلۇك چاي، بىر پەتنۇستا چىلىم چىقارغۇزۇپتۇ. بوز يىگىت پەتنۇس كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ ئاق جوۋان ئەمەسلىكىنى جەزملەپتۇ - دە، شۇنچە يىراقتىن ئاق جوۋاننى ئىزدەپ كەلسەم ئۆزى چىقماي، مۇلازىمىدىن چاي چىقارغىنى نېمىسى دەپ كۆڭلىگە كېلىپ، مۇلازىمنىڭقولىدىكى چاينى ئالماي بۇ قوشاقنى تاشلاپتۇ:

قۇل بالاسىيەي مەن ئەمەس،
قۇل قولىدايەي ئاش يېمەس.
خار بالاسىيەي مەن ئەمەس،
خار قولىدايەي چاي ئىچمەس.

ئاق جوگان - ئاپئاق جوگان،
ئىشقىڭدا كۆيەدۇر جانىم.
مەن كەلسەم ئۆزەڭ چىقماي،
مەيلەڭ يوقمۇ ئاق ئايىم.

دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ياناماق بولۇپتۇ. ھەممە ئىشنى ئۆز چېدىرىدا كۆرۈپ تۇرغان ئاقنار ئايىم دەرھال ئاق جوۋاننى چاقىرىپ:

- ھەي جانجىگەرىم ئاق جوگان، بۇ نېمە قىلغىنىڭ. كەلگەن بۇ ئەزىمەت ئەل - يۇرت ئىچىدە «تەڭدىشى يوق پالۋان» دەپ شۆھرەتلەنگەن بوز يىگىت ئىكەن. تاشلىغان قوشاقلىرىدىن ئۇنىڭ ساڭا كۆڭلى بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. قارىغاندا، ئۇ ساڭا غايىبانە ئاشىق بولۇپ سېنى ئىزدەپ كەلگەن چېغى. دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئۇنى چادىرىڭغا تەكلىپ قىل. ئىشىك ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىش ئادەمگەرچىلىكنىڭ نىشانىسىدۇر. بىر يىراقتىن كەلگەن بۇ ئەزىز مېھماننى ياخشى كۈتۈپ ئالايلى، - دەپتۇ.

ئاق جوۋان ئاپىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، شۇ زامات تەقەززادا يوقاتقان ھوشىنى يىغىپ، ئۆزى بىر قولىغا سۈتلۈك چاي، بىر قولىغا گۈل ئېلىپ خاس مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بوز يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەپۇ سوراپ، چېدىرىغا تەكلىپ قىلىپ بۇ بېيىتنى تاشلاپتۇ:

چاي تۇتۇپ تەكلىپ قىلايمەن،
مېھمان بولغايسەن.
كۆڭۈل ئىزدەپ گۈل تۇتايمەن،
مەڭگۈ قىسقايسەن.

بوز يىگىت:

ئىچسەم - ئىچسەم قاناماس كۆڭلۈم
يارنىڭ چايىنى.
ئايلاپ - يىللاپ ئاران تاپتىم
تورار جايىنى.

ئاق جوۋان:

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
چاينى ئىچىپ گۈلنى قىسقىن،
ئېگىپ بوينۇڭنى.

بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ
نەگە بارۇرسەن؟
چاينى تۇتۇپ، گۈلنى بېرىپ،
جاننى ئالۇرسەن.

ئاق جوۋان:

ئىشىك ئالدىم بۆك دەرەخلىك،
يولۋاس كىرەلمەس.
قىزلىگۈلنىڭ تىكەنى بار،
ھېچكىم ئۈزەلمەس.

بوز يىگىت:

ئىشىك ئالدىڭ بۆك باراقسان،
باتۇر ئۆتەدۇر.
ئۆز لەۋزىدە تۇرغان يىگىت
گۈلنى ئۈزەدۇر.

ئاق جوۋان:

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
يولى بارمىكىن؟
دەرد ئاغرىقى بولغانلارغا
داۋا بارمىكىن؟

بوز يىگىت:
دەرد ئافرىقى بولغانلارنىڭ
داۋاسى مەندە:
سەھەر تۇرۇپ گۈلنى تۇتۇپ
يارنى سۆيگەندە.
ئاق جۇۋان:
ئېگىز تاغدىن كەلسە تاشقىن،
ئاقادۇر سايغا.
يارنىڭ قاراپ كۆزى تالدى،
ئاشىقى قايدا؟
بوز يىگىت:
يارنىڭ يولى ئۇزاق ئىكەن،
داۋانى كۆپتۇر.
مەن يارىمنى ئەمدى تاپتىم،
ئارمانىم يوقتۇر.
ئاق جۇۋان:
ئوتتۇز ئالتە تارام سۇيى
بىر بولۇپ ئاقتى.
مىسران قىلىچ ئاسقان يىگىت
كۆڭلۈمگە ياقتى.
بوز يىگىت:
ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگىسى
سايىنى تالىشۇر.
ئاشۇق - مەشۇق بىر بولغاندا،
كۆڭۈل تاپىشۇر (تېپىشۇر).
ئاق جۇۋان:
ئېگىز داۋان ئاشماغۇنچە
چۆللەر كېزىلمەس.
ياخشى يارنى تاپماغۇنچە
كۆڭۈل يېشىلمەس.
بوز يىگىت:
ئاسماندىكى ئايغا باقتىم،
شەيدا بولاي دەپ.
قىزىلگۈلدەك شوخ يارىمغا
ھەمراھ بولاي دەپ.
ئاق جۇۋان:
كەلگەن كىشى قانداق كەتسۇن يارىنى تاشلاپ،
كەتەر (كېتەر) بولسا ئالىپ (ئېلىپ) كەتسۇن
يارىنى باشلاپ.

بوز يىگىت:
يولۋاس يانماس ئۆز يولىدىن،
يىگىت سۆزىدىن.
ئىككى ئالەم ئاشنا بولاي
ئىگەم يۈزىدىن.
ئاق جۇۋان:
ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
قورغۇي سالىشتۇق (سېلىشتۇق).
سۈزۈككىنە كۆل قاشىدا
كۆڭۈل تاپىشتۇق.
بوز يىگىت:
قوشنى كۆكتە ئۇچۇرغان
كۈچلۈك قاناتى.
ئىككى ئاشىق بىللە ئۆتسۇن،
قوشماق ھاياتى،
.............

ئاق جۇۋان بىلەن بوز يىگىت بېيىت - قوشاق تاشلىشىپ، بىر - بىرىگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقاندىن كېيىن، ئاق جۇۋان ئۇنى ئۆز چېدىرىغا تەكلىپ قىلىپتۇ.

ئاق جۇۋاننىڭ چېدىرى رەڭدار يىپلاردىن توقۇلغان بولۇپ، تۈۋرۈكى ئالتۇندىن، كەرىگە - قاناتلىرى كۈمۈشتىن ئىكەن. يەرگە يولۋاس، يىلپىز، ئېيىق تېرىلىرى سېلىنىپ، بۈگلۈكلەرگە كەشتىلەنگەن ماموق، تۇزغاق تەكىيەلەر قاتار قويۇلغانىكەن. بوز يىگىت تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. مۇلازىم قىزلار ھەش - پەش دېگۈچە ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ياغاچ ئاياغ - جاملاردا تۈرلۈك - تۈمەن ئېسىل تائاملار، نادىر مېۋىلەر، قېتىق - قايماق، قىمىز - ئايرانلارنى كەلتۈرۈپ، بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋاننىڭ ئالدىغا تىزىۋېتىپتۇ. بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋان بىر - بىرىنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىزلا ئاشىقى بىقارار بولۇپ بىر - بىرىگە بېقىشىپ قېنىشماپتۇ. ئىككىسى بىرگە ئولتۇرۇپ غىزالىنىپ، قىمىز - قېتىق ئىچىشىپ، بىر - بىرىگە سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ، ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلۈپتۇ. ئۆزلىرىگە بۇ مۇقەددەس سۆيگۈ ئوتىنى سالغان ۋە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەن قۇدرىتى بۈيۈك تەڭرىگە مىڭلارچە مەدھىيە - ھەمدۇسانا ئېيتىشىپتۇ. بىر كۈن ئاشۇنداق خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بوز يىگىتنى ئۇنىڭغا ئاتاپ تىكىلگەن خاس چېدىرغا باشلاپتۇ. بوز يىگىت ماموق چۈشەكتە ھۇزۇرلىنىپ ھاردۇق ئېلىپتۇ.

ئەتىسى ئاقنار ئايىم ئۆز چېدىرىدا ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ سىڭلىسى بىلەن بوز يىگىتنى چىن قەلبىدىن مۇبارەكلەپتۇ. مۇلازىم قىزلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك خىزمەتتە بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بەزمە - تاماشا، بېيىت - قوشاق تاشلىشىش، ئات چېپىشىش، شىكار قىلىشلار بىلەن كۈنلەر بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى بوز يىگىت قارا نىيەت ئالقازاق بىلەن چولقازاقنىڭ چوقۇم كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى، ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ خىيالىنى ئاق جۇۋان بىلەن ئاقنار ئايىمغا ئىزھار قىلىپتۇ. ئاقنار ئايىم بوز يىگىتنى ماڭغۇزۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىسىمۇ، بىراق ئادەم سىياقىدىكى ئۇ ئىككى چىلبۆرىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە ئۇ لەنتىگەردىلەرنىڭ بىرەر بالا - قازا تېرىشىدىن كۆڭلى ئەنسىرەپ، بوز يىگىتكە ئاق جۇۋاننى قوشۇپ يولغا سالماقنى قارار ئەيلەپتۇ. ئىككىسىنىڭ توي يوسۇنلىرىنى كېچىكمەي بەجا كەلتۈرۈپ، يول تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىپ، خەيرلىك بىر كۈننى تاللاپ يولغا ساپتۇ. ئاق جۇۋان ئۆزى كىچىكىدىن باققان «كۆك يورغا» ئېتىغا، بوز يىگىت ئاقنار ئايىم سوۋغا قىلغان «تۇن يورغا» غا مىنىپتۇ. بۇ ئاتلار تۇلپار نەسلىدىن بولغاچقا، ناھايىتى سەزگۈر، ئايىغى شامالدەك تېز ئاسىل ئارغىماقلار ئىكەن. ئاقنار ئايىم سىڭلىسى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان خاسىيەتلىك تاشنى سوۋغا قىپتۇ

ھەمدە:

— سىڭلىم، بۇ كۆكلەمدىن چىقىپ نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئالقازاقنىڭ تەۋەسىگە يېتىپ بارىسىلەر. سەپىرىڭلاردا ئۇلارنىڭ قىلىن جاڭگال ئىچىدىكى «تارچۇق ئۆتكەل»، توختىماي چۆرگىلەپ تۇرىدىغان «قارا بوران تۈگمەن»، ئاخىرىدا دەم تارتىپ ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدىغان «ئەجدىھا تاغ» دىن ئىبارەت ئۈچ خەتەرلىك توسقىنغا دۇچ كېلىسىلەر. ئۇ يەرلەردىن ئۆتكەندە ئالاھىدە پەخەس بولۇڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ.

بوز يىگىت ئاقنار ئايىمغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئاق جۇۋان بىلەن ئاتلىرىنى مۇلازىم قىزلار ياققان گۈلخان ئۈستىدىن مەكرىتىپ ئۆتۈپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئاقنار ئايىم ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قاپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋان يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇلار يېشىل مەخمەلدەك پايانسىز يايلاقلارنى، ئۈچ - چېتى كۆرۈنمەس گۈل - گۈلىستانلارنى ئارىلاپ، باشلىرىدا مىڭ - تۈمەن خىل قۇش - قاناتلار جۈپلىرى بىلەن ئايلىنىپ سايراپ، ئەتراپىدا جەرەن - كېيىكلەر ھەمراھلىقىدا كۆڭۈللىرى يايراپ، شاد - خۇراملىق بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سانسىزلىغان ئېقىن - كېچىكلەرنى كېچىپ، تالاي تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، نەدە كەچ بولسا شۇ جايدا چۈشكۈن قىلىپ، ساپ ھاۋادا مەستخۇش بولۇشۇپ بىردە قاتارلاشسا، بىردە قوغلىشىپ، بىردە قول تۇتۇشسا، بىردە ئۆپۈشۈپ، شېرىن مۇھەببەت لەززىتىدە ماڭغان يولى بىلىنمەپتۇ. شۇ تەرزدە نەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار غورۇ جاڭگال، قىلىن ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئورمانلىقتا خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن ئاق جۇۋان ئاچىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، غەمگە چۆكۈپ، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن تەئەججۈپلەنگەن بوز يىگىت سەۋەبىنى سوراپتۇ:

— ئى ئاق جۇگانىم، نېمە ۋەجىدىن يىغلاۋاتىسىز؟ قەۋم - قېرىنداش، يۇرت - بۇرادەرلىرىڭىزدىن ئايرىلغانغا كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇۋاتامدۇ؟ ياكى سەپەر ھاردۇقى تېنىڭىزنى ئەزدىمۇ؟

— ئى جانجىگەرىم، — دەپتۇ ئاق جۇۋان بوز يىگىتكە قاراپ، — سىز يېنىمدا ھەمراھ بولغاندا، قانداقمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولسۇن؟ ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق كېلىپ - كەتكەنلەرنى توسۇش ئۈچۈن بۇ جاڭگالنىڭ «تارچۇق» دېگەن ئۆتكىلىگە ئىنتايىن يامان بۆغرا تۆگە بىلەن ۋەھشىي يولۋاسنى باغلاپ قويغانىمىش. بىز بۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتىدىغان يەر يوق. شۇ يەردىن ئۆتكۈچە بىزنى يەپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئى ئامرىقىم، تەڭرىم بىزگە مەدەت قىلىپ بۇ يەردىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتەرمىز. ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ بوز يىگىت ئاق جۇۋانغا.

ئۇلار تازا چىڭقى چۈش بولغاندا «تارچۇق» دېگەن ئۆتكەلگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئۆتكەلنىڭ بىر تەرىپىدە ئاغزىدىن ماغزاپ پۇرقۇپ تۇرغان يوغان بىر بۆغرا تۆگە بوينىنى يولۋاسنىڭ ئالدىدىكى ئوتقا سوزۇپ، يەنە بىر تەرەپتە خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى قاراسلىتىپ، ئاغزىنى يوغان ئاچقان بىر يولۋاس تۆگىنىڭ ئالدىدىكى گۆشكە ئېتىلىپ، ئاچلىقتا چىدىماي بىر - بىرىنى يەپ كېتىدىغان ئەلپازدا خىرىس قىلىشىپ تۇرغۇدەك. بۆغرا تۆگە بىلەن يولۋاسنىڭ تۇمشۇقلىرى بىر - بىرىگە تېگەي - تېگەي دەپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىن چۈمۈلىمۇ ئۆتۈپ كېتەلمىگۈدەك. بوز يىگىت: «ئاھ ئىگەم، ماڭا يول بەرگىن» دەپ نىيەت قىلىپ ئاستا - ئاستا تۆگە بىلەن يولۋاسنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ بېرىپتۇ - دە:

— ھەي، ئىگەمنىڭ جاندارلىرى، سىلەرنى بۇنداق ئاچلىقتا قىينىغان نائەھلى - تاش يۈرەكلەرگە لەنەت! قايتىشىمدا چوقۇم سىلەرنى ئازاد قىلىۋېتەي. ھازىر بىزنى ئالدىڭلاردىن تىنچ - ئامان ئۆتكىلى قويۇڭلار، — دەپ بۆغرا تۆگىنىڭ ئالدىدىكى گۆشنى يولۋاسنىڭ ئالدىغا، يولۋاسنىڭ ئالدىدىكى ئوت - چۆپنى بۆغرا تۆگىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئاچلىقتا قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن بۆغرا تۆگە بىلەن يولۋاس بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئالدىغا تاشلانغان گۆش بىلەن ئوتنى يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋان تەڭرىگە شۈكرى - سانا ئېيتىپ، «تارچۇق» ئۆتكىلىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماڭا - ماڭا يەنە بىر يەرگە كەلگەندە، ئاق جۇۋان يەنە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بوز يىگىت يەنە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ ئۈچ - چېتى كۆرۈنمەس ئىككى كۆل ئوتتۇرىسىدىكى ھەيۋەت شارقىراتمىغا ئورناتقان تۈگمىنى كېچە - كۈندۈز توختىماستىن قۇرۇق چۆرگىلەپ تۇرارمىش. تۈگمەن تېشى بەك تېز پىرقىرىغاچقا، سۈرئىتىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماسمىش. بىز مۇشۇ تۈگمەننىڭ يېنىدىن ئۆتىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتىدىغان يول يوق. ئۇ يەردىن ئۆتكۈچە تۈگمەن تېشى قىيقىۋېتىپ ئۆلۈپ كېتەرمىزمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ يىغلاۋاتىمەن، - دەپتۇ غەم ئىچىدە.

بوز يىگىت ئاق جۇۋاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— يولدا بىزگە ئىگەم يار بولۇپ «تارچۇق» ئۆتكىلىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتتۇق. بۇ يەردىنمۇ تىنچ - ئامان ئۆتۈشكە بىرەر چارە - ئامال تېپىلىپ قالار، - دەپتۇ.

ئۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىنلا ھەيۋەتلىك گۈركىرەش ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۆپۆقتا تۇتاشقان كۆپكۆك سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق يوغان بىر جۈپ تۈگمەن تېشى ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ئايلىنىپ تۇرغۇدەك. پىرقىرىغاندا چىققان بوران ئىككى پاقتىكى سۇنى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىككە ئېتىپ، ئەتراپقا چېلەكلەپ ياغقان قارا يامغۇردەك سۇ چاچقۇدەك. بوز يىگىت ئېتىدىن چۈشۈپ:

— ئى قۇدرىتى ئۇلۇغ تەڭرىم، شاپائەت قىلىپ، قۇدرەت - كامالىڭ بىلەن تۈگمەننىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلغايسەن، - دەپ ئىلتىجا قىپتۇ - دە، ئېتىنىڭ توۋرىسىدىن بىر ئوچۇم ئارپىنى ئېلىپ، دولقۇنلارنى يارغان پېتى تۈگمەننىڭ قېشىغا

بېرىپتۇ. ئارپىنى تۆگمەن تېشىنىڭ دان چۈشىدىغان ئېغىزىغا تاشلاپ، تاشنى قوزغاتقىلى پېتى ئالدىغا تارتقانىكەن، شۇ ھامان تۆگمەننىڭ پىرقىرىشى ئاستىلاپتۇ؛ بوران توختاپ، دولقۇن ئاستا - ئاستا پەسلەپتۇ. ئۇلار «ئەجەل ئاغزى» دىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، تەڭرىگە شۈكۈر - سانا ئېيتىپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ، بىر مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە ئاق جۇۋان تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوزيىگىت: «ئالدىمىزدا يەنە قانداق مۈشكۈلات باردۇر؟» دەپ ئويلاپ ئاق جۇۋاندىن يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ:

- ئى بوز يىگىتىم، سۆيگۈ - مۇھەببەت باغرىمدا ئوت بولۇپ يانغان شۇ كۈنلەردە يار بىلەن تارتقان جاپا ماڭا راھەت، بەختىمىز ئەمدى ئېچىلغاندا بۇ ئۆمۈر بىزگە قىممەت بىلىنۇر. بىراق جاڭگالنىڭ تۈلكىسى كۆپ، ياۋۇزنىڭ ھىيلىسى دېگەندەك، بىز ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى - ئەڭ خەتەرلىك توسىقى «ئەجدىھا تاغ»قا يېقىنلىشىپ قاپتۇق. ئالدىمىزدا ئۇچرايدىغىنى ناھايىتى ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرغاچقا، ئارىلىقىدىن ھېچقانداق ئىنس - جىن، ئۇچار قاناتمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەسىمىش. ئەمدى بىز بۇ تاغدىن ئۆتەلمەي بەختىمىز قارا بولۇرمۇ، دەپ قايغۇرۇپ يىغلاۋاتىمەن، - دەپتۇ.

- مەشۇقەم، - دەپتۇ بوزيىگىت ئاق جۇۋاننى باغرىغا بېسىپ، - ئانچىمۇ قايغۇرۇپ كەتمەڭ. يول بويى بىزگە ئۇلۇغ تەڭرىم غايىۋى مەدەت، چىن سۆيگۈ - پاك مۇھەببىتىمىز تۈگىمەس - پۈتمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېرىۋاتقان يەردە بىزنى ھېچقانداق ياۋۇز كۈچ توسۇيالمايدۇ. قانچىلىغان تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، خەتەرلىك توساقلاردىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇ قېتىممۇ بىرەر ئامال تېپىلىپ قالار، - دەپتۇ.

ئۇلار ماڭا - ماڭا چوققىسى بۇلۇتقا تاقاشقان بىر ئېگىز تاغقا توسۇلۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تاغ ئوتتۇرىسىدىن بۆلۈنۈپ خۇددى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ، ئاجايىپ تېزلىكتە ئېچىلىپ - يېپىلىپ، تاش - توپا، ئوت - چۆپلەرنى ئۇچۇرۇپ، جاھاننى خۇددى توپا ياغقاندەك بولغاپ تۇرغۇدەك. بوز يىگىت بۇ يەردىن قانداق قىلىپ ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ، بىراق ھېچقانداق چارە تاپالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئاق جۇۋاننىڭ ئېسىگە ئاچىسى سوۋغا قىلغان خاسىيەتلىك تاش كەپتۇ - دە، ئۇنى يېنىدىن چىقىرىپ بوز يىگىتكە بېرىپتۇ. ئۇ، خاسىيەتلىك تاشنى قولىغا ئېلىپ: «يائىگەمنىڭ ئەمرى، پىرىمنىڭ دېمى، بىزنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشكە نېسىپ قىلغايسەن» دەپ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىغانىكەن، بۆلۈنگەن تاغ جايىدا چىپپىدە توختاپتۇ. بوزيىگىت ئىككى تاغنى ئىككى قولىدا تىرەپ تۇرۇپ، ئاق جۇۋان بىلەن ئاتلىرىنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزىۋالغاندىن كېيىن خاسىيەتلىك تاشنى ئېلىپلا سەكرەپ ئارىلىقتىن چىقىۋاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تاغ يەنە بۇرۇنقى ھالىغا كېلىپ، شۇنداق تېز سۈرئەتتە ئېچىلىپ - يېپىلىپ قاپتۇ.

ئەلقىسسە، ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق بوز يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ، يىلقىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغۇزغان باتۇرىدىن خەۋەر كەلمىگەندىن كېيىن، كەينىدىن ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئايغاقچىلار قايتىپ كېلىپ ئۇلارغا، بوز يىگىتنىڭ «قاۋان» پالۋاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئاق جۇۋاننىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ شېرىن خىياللىرى تۇتەكتەك چېچىلىپ، ئىمانى ئۇچۇپ، غەزىپى پەلەككە يېتىپتۇ. دەرھال نەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ، ئالدىغا ئىزچىلارنى سېلىپ بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. «تارچۇق» ئۆتكىلىگە كەلسە، قورساقلىرى تويۇپ بىخارامان ئۇخلاپ ياتقان بۆغرا تۆگە بىلەن يولۋاسنى كۆرۈپ ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق دەرغەزەپتە ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىپ تاشلاپتۇ. كۆل بويىغا كەلسە، «قارا بوران تۆگمەن» ئاستا ئايلىنىۋاتقان. بۇ ئۆتكەلدىنمۇ بوزيىگىت بىلەن ئاق جۇۋاننىڭ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق تۆگمەننى قومۇرۇپ سۇغا تاشلاپتۇ. لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇچقاندەك مېڭىپ «ئەجدىھا تاغ»نىڭ ئالدىغا كەلسە، بۇ يەردىمۇ ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈدەك. ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ كۆزىگە قان تولۇپ، ئۇلارنى قوغلاپ دەريا بويىغا كەلگەندە بوزيىگىت بىلەن ئاق جۇۋان دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئوتلاقتا چۈشكۈن قىلىپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىگە ئۇلارنى ئوقيا تۇتۇشقا بۇيرۇق قىپتۇ. يا ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ دەريانىڭ قىرىغا چۈشۈپتۇ. ئوقلارنىڭ تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئاق جۇۋان قارىغۇدەك بولسا، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا مىڭلاپ لەشكەرنىڭ ئوقيا ئېتىپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى جەزىملەپ دەرھال بوزيىگىتنى ئويغىتىپتۇ. بوزيىگىت ئادەتتە نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىمايمۇ چىدايدىكەن. ئۇخلىغاندا بولسا نەچچە كۈنگىچە ئويغانمايدىكەن. ھېچقانداق قىلىپ ئۇنى ئويغىتالمىغان ئاق جۇۋان: «بۇ يەردە ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇق» دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ، ئېتىكى يېشىغا تولۇپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئېتىكىدىكى يېشى بوزيىگىتنىڭ يۈزىگە تۆكۈلۈپتۇ - دە، ئۇنى سەگىتىپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. بوزيىگىت كۆزىنى ئېچىپ قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان ئاق جۇۋاننى كۆرۈپتۇ - دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ غەزەپ بىلەن شۇنداق قەھرلىك نەرە تارتىپتۇكى، يېقىنلاپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ. بوزيىگىت قىلىچىنى ئېلىپ لەشكەرلەرنى قەھر - غەزەپ بىلەن سۈر - توقاي قىلىپ شۇنداق قىرىشقا باشلاپتۇكى، ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى خۇددى تاشقا تەگكەندەك ئۇنىڭ تېنىدىن قاڭقىپ كەينىگە يېنىۋەرگۈدەك. ئېلىشىش ئۈچ كۈن داۋام قىپتۇ، بىراق ھېچقانداق لەشكەر بوزيىگىتكە يېقىن كېلەلمەپتۇ. ئۇ، قولىغا يۈز پاتمانلىق ئوقياسىنى ئېلىپ ھەر بىر ئوق ئۈزسە، ئونلاپ - يۈزلەپ لەشكەرنىڭ

كۆكرىكىنى تېشىپ، ئۇلار خۇددى زىخقا ئۆتكەزگەن كاۋاپ توغرامچىسىدەك قاتارلىشىپ يىقىلغۇدەك. يەنە ئىككى كۈن ئېلىشقاندىن كېيىن لەشكەرلەرنىڭ تەگدىن تولىسى قىرىلىپ، ساق قالغانلىرى جېنىنى ئېلىپ بەدەر قېچىپتۇ، دەريا جەسەتكە تولۇپ، سۈيى قىپقىزىل بولۇپ ئېقىپتۇ. ئاخىر ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق بوزيىگىتكە تەڭ كېلەلمەي، ئەلەم بىلەن قان يۇتۇپ، قالدى - قاتتى لەشكەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەينىگە قايتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىلەن ئاق جوۋان ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ خەتەرلىك ئۇچ توسقىدىن پەم - پاراسەت بىلەن ئۆتۈپ، مىڭلاپ لەشكىرىنى بەرباد قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماڭا - ماڭا سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، ئوت - چۆپى بولۇق، ئادەمزات ئايىغى يەتمىگەن پىنھان جاينى تاللاپ ماكانلىشىپتۇ ۋە بۇ يەردە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇلار بىر قىز، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ؛ مال - چارۋىلىرىمۇ تېز كۆپىيىپ يايلاققا تولۇپتۇ.

ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق بوز يىگىتكە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن ئىچى قان - زەرداپقا تولۇپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئانىسى يۈز ياشتىن ئاشقان، سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىردە كامالەتكە يەتكەن، قولىدىن ھەربالا كېلىدىغان يالماۋۇز دەللە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكتە ئۇچىدىغان «تەتۈر ئازما» دەيدىغان دۇلدۇلى بار ئىكەن.

ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق ئانىسىغا بوزيىگىتنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرى ھەققىدە شىكايەت قىلىپ:

- بوزيىگىت دېگەن بۇلاڭچى شۇنچە جىق يىلقىلىرىمىزنى ھەيدەپ كېتىپ، بىز تويلىشىشقا نىيەت قىلغان ئاچا - سىڭىللاردىن ئاق جوگاننى تارتىۋالسا، ئۇنى ئاز دېگەندەك، تېخى ھېلىغان لەشكەرلىرىمىزنى قىرىۋەتسە، سەن بىزنىڭ قىساسىمىزنى ئېلىپ بەرمەكتە يوق، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخارامان ياتامسەن يەنە، - دەپتۇ قاتتىق خاپا بولۇپ.

- قېرىپ، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندىمۇ مېنى ئارامىمغا قويمىدىڭلار. ئەمدى سىلەرگە يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ، باللىرىم، - دەپتۇ ئۇ ھەييارلىق بىلەن چېقىر كۆزلىرىنى قىسىپ.

- سەن دائىم: مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم دۇنيادا تەڭدىشى يوق باتۇرلار، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى «تاك» ئېتىپ چېكىشىگە ھەددى ئەمەس، دەيتتىڭ، ئەمدىلىكتە بوزيىگىت دېگەن بۇلاڭچى بىزنى شۇنچە بوزەك قىلىۋاتسا، كۆرۈپ تۇرۇپ كارىڭ بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئۆچىمىزنى ئېلىپ بەرمەيدىغان بولساڭ ئالدىڭدىلا ئۆزىمىزنى بوغۇزلاپ ئۆلۈپ بەرمىگىنىمىزنى كۆر، - دەپتۇ ئاكا - ئۇكىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ.

- ھەي باللىرىم، نېمانچە دۆتلۈك قىلىدىغانسىلەر، - دەپتۇ كۈلۈپ يالماۋۇز دەللە، - «كۈچ ئىشلەتسە چاشقان تۇتۇلماس، ھىيلە ئىشلەتسە ئارسلان قۇتۇلماس» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ بوز يىگىت دېگەن شۇمتەك ئادەتتىكى پالۋانلاردىن ئەمەس. ئۇ تۆمۈر يىگەچكە بەدەنلىرى قۇيۇچەتەك چىلەك، شۇڭا تېنىگە ئوق بىلەن تىغ ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ھىيلە بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. مەن بۇ يەردە بىكار ياتقىنىم يوق، چارە - ئامال ئىزدەۋاتىمەن، سىلەر چىقىپ ئارامىڭلارنى ئېلىڭلار.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ كۆڭلى تەسكىن تېپىپ: «قېنى، بوزيىگىت دېگەن مۇتتەھەم قاراقچى، ئون جېنىڭ بولسىمۇ، ئانامنىڭ چاڭگىلىدىن تىرىك قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقايلى» دېيىشىپ خۇشال چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت ھەر كۈنى شىكارغا چىقىدىكەن. ئاق جوۋان ئۆيدە باللىرىغا قارايدىكەن. ئۇ شىكاردىن كەلگۈچە ئاق جوۋان ئىنتىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرىدىكەن. بوز يىگىت ھەر قېتىم شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە ئاق جوۋان ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئېتىنى قولىدىن ئالىدىكەن، چۈچىلىق ياغلىقتا ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىكى توپا - چاڭلارنى ئېرتىدىكەن. ھەش - پەش دېگۈچە تاماق پىشۇرۇپ ياكى پىشۇرۇپ تەييار قىلىپ قويغان تاماقلىرىنى تاۋا - ئاياغلارغا ئېلىپ بوز يىگىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدىكەن. باللىرى ئاتىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئەركىلىشىپ قانمايدىكەن.

بىر كۈنى بوزيىگىت شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتسا ئۆتەر يولدا ئولتۇرغان بىر ناتونۇش مومايىنى كۆرۈپتۇ. موماي ئۇنى كۆرۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ پىنھان ماكاندا يالغۇز ئولتۇرغان مومايغا ھەيران بولغان بوزيىگىت:

- ھەي موما، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟ ساڭا نېمە دەرد يەتتى؟ - دەپ سوراپتۇ.

موماي قاقشالدەك قوللىرىدا ياشلىرىنى ئېرتىپ:

- ۋاي بوتام، مەن يا ئوغلۇم، يا قىزىم يوق بىر بىچارە تۇل خوتۇن. ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق دېگەن ئۆكتەم - بۇلاڭچىلارنىڭ دەستىدىن خانىۋەيران بولۇپ، ئۆي - روزىغارىمدىن ئايرىلدىم. باش تىققۇدەك ماكانىم يوق. خەقتىن: «بوزيىگىت دەيدىغان بىر ئاقكۆڭۈل - مەرت يىگىت بارمىش، ئۇ، ئاجىز - يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلايدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پاناھ ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. بىر ئاي بولدى يۇرتتىن چىققىلى، ماڭا - ماڭا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھېرىپ ھېچ بولالماي، دېمىمنى ئېلىپ ئولتۇردۇم، - دەپتۇ ھاسىراپ.

بوزيىگىت قېرىلىقتىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ مومايغا قاراپ ئىچى سېرىلىپ: «ئۆيگە ئېلىپ كەتسەممۇ كېتەي، بېرىپ ئاق جوگانغا ھەمراھ بولسۇن، چوڭ ئانىسىدەك بۇ بىچارە مەزلۇمنى كۆرسە خۇش بولار، ھەقىچان» دېگەن خىيالغا كەپتۇ. ئۇ، مومايىنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋالاي دېيىشىگە «تۇن يورغا» كىشنەپ، پۇشقۇرۇپ، چىچاڭ ئېتىپ قەتئىي يېقىن يولاتماپتۇ. يۈگىنىنى ھەر قانچە تارتىپ باقسىمۇ ئامال بولماپتۇ. بوز يىگىت ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي ئەزەلدىن قامچا تەگكۈزمىگەن «تۇن يورغا»غا نەچچە قامچا سېلىۋېتىپتۇ. «تۇن يورغا» ئامالسىز ئىگىسىنىڭ رايىغا بېقىپ جىم تۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ، مومايىنى كەينىگە مىندۈرگەندىن كېيىن ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. ئۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن «تۇن يورغا» يەنە چىچاڭلاپ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. ئېتىنىڭ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرىي خۇي - پەيلىگە ھەيران بولغان بوزيىگىت شۇنداق كەينىگە قارىسا، موماي ساچپىغىغا سانجىيدىغان تۆمۈر

زىخنى ئاتنىڭ سافرىسىغا سانجىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، دەر - غەزەپ بىلەن:

- ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان دەججال، ھالى - كۈنۈڭگە ئىچىم ئاغرىپ، ئۆيۈمگە ئېلىپ ماڭسام، ئەزەلدىن بىر قامچا تەگمىگەن تۇلپارىمنى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن تاياق يېسە، ئەمدى كېلىپ ۋاپاغا جاپا قىلىپ تۆمۈر زىخىڭ بىلەن تېخى ئېتىمنىڭ تېنىنى زېدە قىلغۇچى بولدۇڭما؟ ئەپتىڭدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ، ئاتتىن چۈش، - دەپ ۋارقىراپتۇ.

يالماۋۇز دەللە ياۋۇزنىيىتىنىڭ سېزىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن پۇت - قولى تىترەپ، تىلى كالۋالىشىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ھىيلە - مىكىرگە توشاق بۇ ئەييار دەرھال ئۆزىگە كېلىپ:

- ۋاي جانىم ئوغلۇم، خاپا بولما. مەن قېرىپ ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان قېرى مەزلۇممەن، ئۇزاق يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، ئات ئۈستىدە بېلىم ئاغرىپ، پۇتۇم تالىپ (تېلىپ) پەقەت بولالمىدىم. مەن تېخى بالدۇرراق مەنزىلگە يېتەرمىزمىكىن، دەپ ئويلاپ شۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىپقويۇپتىمەن، - دەپتۇ بىچارىلىك بىلەن.

بوز يىگىت بۇ دەللىنىڭ سۆزىگە يەنە ئىشىنىپ ئىچىدە: «خەير، بوپتۇ» دەپ ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ.

بۇ گۈنىمۇ ئاق جوۋان بوز يىگىتنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىغا ئۈلگۈرتۈپ تاماقنى پىشۇرۇپ تاۋىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتىكەن، يىراقتىن دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، ئادىتى بويىچە قولىغا چۈچىلىق ياغلىقىنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپتۇ. قارىسا، بوزيىگىتنىڭ كەينىدە ياشاڭغۇراپ تۇرغان كىرپىكسىز كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان، مەڭزى سېرىق، ھەڭگاڭ چىش، ئەتلىرى قاغداپ كەتكەن، تۇرقىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغان جادۇگەر سىياق بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئاق جوۋاننىڭ پۈتۈن ئەت - يېنى تىكەنلىشىپتۇ - دە، ئاتنىڭ بېشىنىمۇ تۇتماي، بوزيىگىتنىڭ يۈزىنىمۇ ئېرتماي، بارغان پېتى مومايىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ، ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەيران بولغان بوزيىگىت:

- ئى ئاق جۇگانىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بۇ قېرى مەزلۇمە ئۆتەر يولۇمدا يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇقسام، ئۇ سەرگەردان مومايكەن، قېرىپ شۇ ھالغا كەلگەندە قارىغۇچىسى يوق، تەس كۈنگە قاپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىم ئاغرىپ ئېلىپ كېلىشىم، - دەپتۇ.

- ئى بوزيىگىتىم، - دەپتۇ ئاق جوۋان ساراسىمە ئىچىدە، - ئۇنىڭ تۇرقى - سىياقىغا قاراپ باقتىڭىزمۇ؟ چىرايىدا تامچە خۇن يوق، يۈگەل (بىر خىل ئوت - چۆپ) دەك سېرىق؛ كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، قاراشلىرى سىرلىق؛ بەدەنلىرى قاغداپ كەتكەن؛ ئادەم سىياقى كۆرۈنمەيدۇ، تۇرقىدىن قۇۋلۇق - شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قۇتقىنە (ھىيلىگەر - جادۇگەر موماي) دىن بىزگە ھەربالا كېلىدۇ.

بوزيىگىت ئۆزىنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ قويغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ:

- ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، بۇنداق قېرى قۇتقىنەنىڭ قولىدىن ئانچە چوڭ ئىشمۇ كەلمەس، - دەپتۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

- ئۆزى قېرى - ئاجىز بولغىنى بىلەن، بۇنداقلارنىڭ ئاغزى قايماق، دىلى مايماق، ھىيلىسى كۆپ بولۇر، - دەپتۇ ئاق جوۋان ئۆز گېپىدىن يانماي.

- ئۇغۇ شۇنداق. مەن تېخى سىزنى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتمە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر سۆزلىشىپ ھەمراھ بولۇرمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن. مۇبادا ئۇنىڭ بىرەر يامانلىقىنى سەزسەڭ شۇ زامات قوغلىۋېتەرمىز، - دەپتۇ بوزيىگىت كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ، ئىچى زەھەر، تىلى شېكەر، ھىيلە - مىكىردە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان بۇ يالماۋۇز دەللە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بۇ يالماۋۇز دەللە قەست قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئاق جوۋاننىڭ زېرەكلىكىدىن زەھەرلىك قولىنى سالالماپتۇ. ئۇ ھەر خىل ياغلىما گەپلەر بىلەن ئاق جوۋاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتماق بولىدىكەن، لېكىن ئاق جوۋان ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ، بوزيىگىت شىكارغا چىقىپ كەتكەندە ئاق جوۋانغا:

- كەل قىزىم، سەنمۇ زېرىككەنسەن، ئولتۇرۇپ باش بېقىشايلى، - دەپتۇ. ئاق جوۋان چىرايىنى ئاچماي:

- سەندەك چىركىن بىلەن كىم باش بېقىشقۇدەك. مېنىڭ بېشىمدا پىت تۇگۇل كېپەكمۇ يوق. پىتلاپ كەتكەن بېشىڭنى باقمەن دەپ سېنىڭ سېسىق قېنىڭدا سۈزۈك تىرناقلىرىمنى بۇلغاشنى خالىمايمەن، - دەپ ئۇنى قېقىۋېتىپتۇ.

بۇ قېتىممۇ ھىيلىسى كارغا كەلمىگەن بۇ يالماۋۇز دەللە كۆڭلىگە يەنە بىر شۇملۇقنى پۈككۈپتۇ - دە، بىر كۈنى ئاق جوۋان ئۇخلاپ قالغاندا ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى پىت - سىركىلەرنى تېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا سېلىپ قويۇپتۇ. «ياتنىڭ پىتى ئاچچىق چاقىدۇ» دېگەندەك، ئېچىقاپ كەتكەن بۇ پىتلار ئاق جوۋاننىڭ سۈتتەك ئاپئاق تېنىنى ئاچچىق چېقىپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. بەدىنىنىڭ چىدىغۇسىز قىچىشىشىغا زادىلا چىدىيالمىغان ئاق جوۋان پەگادا تۈگۈلۈپ ياتقان يالماۋۇز دەججالغا قاراپ:

- سېنىڭ پىتىڭ مېنىڭ چېچىمغا كىرىۋالغان ئوخشايدۇ، چېقىپ زادىلا ئۇخلاتمىدى. كېلىپ بېشىمنى بېقىپ قوي، - دەپتۇ.

ھىيلىسىنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن بۇ دەللە ئىچىدە كۈلۈپ ھەييارلىق بىلەن:

- ۋاي بوتام، مەندەك پاسكىنا دەللە قانداقمۇ سۈتتەك ئاپئاق جوۋاننىڭ بېشىنى باقالىسۇن؟ - دەپ قەستەن ئۇنىمىغان بولۇپ باتناپ يېتىۋاپتۇ.

ئاق جوۋاننى بولسا پىت چېقىپ زادىلا ئارامىنى قويماپتۇ. ئاخىر ئامالسىزلىقتىن:

- ۋاي موما، مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنى كۆڭلۈڭگە ئالما، سەن بىلەن چېقىشىپ شۇنداق دېگەنىدىم. تېزراق كېلىپ بېشىمنى بېقىپ قويە، - دەپتۇ يېلىنىپ.

- ماقۇل، - دەپتۇ يالماۋۇز دەللە، - مەن ئاۋۋال تالاغا بىر چىقىپ كىرەي، - دەپ سىرتتىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىرغاۋۇلنى چاتىرىقىغا قىسىپ كىرىپتۇ - دە، ئاق

جوۋاننىڭ بېشىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بېقىشقا باشلاپتۇ. سەل ئۆتۈپ ئۇ چاتىرىقىدىكى قىرغاۋۇلنى قىسقانىكەن، غىقىلدىغان ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان ئاق جوۋان بېشىنى كۆتۈرۈپ «بۇ نېمە ئاۋاز؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— خانقىز، ھېچنېمە، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، جىم يات، بېشىڭنى ئوبدان بېقىپ قوياي، — دەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە قىرغاۋۇلنى قىسقانىكەن ھېلىقىدەك غىقىلدىغان ئاۋاز چىقىپتۇ. ئاق جوۋان يەنە ھەيران بولۇپ سورىغانىكەن، بىراق يالماۋۇز دەللە زادى ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئاق جوۋان بۇنىڭدا بىر سىر بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستاۋېرىپتۇ. يالماۋۇز دەللە:

— بەكمۇ قىستاپ تۇرۇۋالدىڭ، قىزىم. خەير، بوپتۇ، ئېيتىپ بەرسەممۇ بېرەي. مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا سەندەك گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق پەرى ئىدىم، ئەتراپىمدىن يىگىتلەر پەرۋانىدەك ئەگىپ كېتەلمەيتتى؛ ئوتۇمدا كۆيۈپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشاتتى. كېيىن بىر باتۇر يىگىتنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتا - ئانامنى تاشلاپ كېتىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىلغىچە ئاتا - ئىنەم، يۇرت - بۇرادەرلىرىمنى كۆرمەي، ئۇلارنىڭ ئىشقى - پىراقىدا ئىچىم زەردابقا تولۇپ، ئاقىۋەت مۇشۇنداق سەۋدايى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. بىرەر جايدا بىردەم ئولتۇرالمايمەن. ئازراقلا ئولتۇرسام ئىچىم كورۇلداپ توختىمايدۇ. ئابايامقى ئاۋاز شۇ كورۇك كېسىلىمنىڭ ئاۋازى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاق جوۋاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ:

— موما، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان ئادەم سەندەك كېسەلگە گىرىپتار بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يالماۋۇز دەللە:

— شۇنداق، قىزىم، ئۇزۇن ۋاقىت ئاتا - ئىنە، ئاغا-ئىنى (ئاچا)، ئەل - يۇرتنى كۆرمەي، ئۇلارنى سېغىنىپ، ئەسلەپ ھەسرەت چەكسە، دەرد قورسىقىغا تولۇپ، مەندەك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ ئۇ «ئۇھ» تارتىپ.

— بۇنىڭ ئامالى بارمۇ؟ — دەپتۇ كۆڭلى غەش بولغان ئاق جوۋان.

— ئامال تېپىلىپ قالار. قارىسام، سەنمۇ ئۇزۇن يىل يۇرتۇڭدىن ئايرىلىپ ئاتا - ئىنەڭنى كۆرمەپسەن. شۇڭا، يالغۇزلۇق دەردىنى تارتىپ ئۇلارنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيىدىكەنسەن. سەنمۇ مەندەك كېسەلگە گىرىپتار بولماي دېسەڭ، بوزيىگىت شىكاردىن كەلگەندە تاماق ئەتمەي، ئالدىغا چىقماي، ئۆيۈڭدە خاپا بولۇپ يىغلاپ، باللىرىڭنى ئۇرۇپ - تىللاپ ئولتۇرساڭ، بوزيىگىت ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سورايدۇ. سەن خاپىلاپ: «ئۇزۇن يىللار بوپ كەتتى، ئاتا - ئىجەمنى سېغىندىم، قەۋم - قېرىنداشلىرىمنى، يۇرتۇمنى كۆرگۈم كەلدى، ئۇلارنى ئەسلەپ يۈرىكىم ئېزىلدى، بىرەر قېتىممۇ كۆرسىتىپ كېلەي دېمىدىڭىز، شۇنىڭغا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلاۋاتىمەن» دېسەڭ، سېنى يۇرتۇڭغا ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل بولىدۇ، ئۇ چاغدا مەندەك كېسەلگە گىرىپتار بولمايسەن، — دەپ يالغاندىن كۆز ياش تۆكۈپ، ئاق جوۋاننىڭ كۆڭلىگە شەيتان ۋەسۋەسىنى سېپتۇ.

بوزيىگىت بۇگۈن شىكاردىن بالدۇرراق يېنىپ، سۆيۈملۈكى ئاق جوۋان بىلەن جانجىگەر ئوغلى ۋە قىزىنى تېزرەك كۆرۈش ئىستىكىدە ئىشىكى ئالدىغا كەلسە، بۇرۇنقىدەك خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىدىغان ئاق جوۋان بىلەن باللىرىنى كۆرمەپتۇ. «نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ يۈرىكى ئېغىپ، ئالدىراپ ئېتىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە كىرسە، باللىرىنى سىلكىشلەپ، يىغلاپ ئولتۇرغان ئاق جوۋاننى كۆرۈپتۇ. ئۇ، تەقەززالىق بىلەن ئاق جوۋاندىن يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئاق جوۋان:

— ئى بوزيىگىتىم، ئۆزىڭىز يالغۇز شىكارغا چىقىپ، كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ كېلىسىز، مەن بولسام ئۆيدە يالغۇزچىلىق تارتىپ زېرىكىمەن، ئاتا - ئىجەمنى كۆرگۈم كېلىپ، ئەل - يۇرتۇمنى ئەسلەپ يۈرىكىم ئېزىلىدۇ. شۇنچە يىللار بولدى، بىرەر قېتىممۇ يۇرتۇمغا ئاپىرىپ ئاتا - ئىجە، قەۋم - قېرىنداشلىرىمنى كۆرسىتىپ كېلەيمۇ، دېمىدىڭىز، شۇنىڭغا ئىچىم پۇشۇپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلاپ ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ.

— ئاق جوگانىم، شۇنىڭغا يىغلاۋاتامسىز؟ بولدى، خاپا بولماڭ. مەنمۇ بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان بولسامۇ، بىراق بۇ قېرى دەججالغا ئۆيىمىزنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا تازا خاتىرجەم بولالماي، كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئەتىلا يولغا چىقايلى، — دەپتۇ ئاق جوۋاننىڭ يېشىنى ئېرتىپ، باللىرىنى بەزلىگەچ.

ئۇلار كېچىلەپ تەييارلىق قىلىپ، يالماۋۇز دەللە بىلەن قىزىنى ئۆيدە قويۇپ، ئوغلىنى بىللە ئېلىپ، تاڭ سوزۇلمەستىلا يولغا چىقىپتۇ. يول يېرىملاشقاندا يالماۋۇز دەللە «تەتۈر ئازما» دۇلدۇلىدا ئۇچۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەپتۇ - دە:

— ھەي جانىڭ چىققۇر بوز يىگىت، بىلىپ قوي، مەن ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ ئىنەسىدۇرمەن. سەن باللىرىمنى بوزەك قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سەنلەرنىڭ جېنىڭنى ئېلىپ، ئۇرۇق - پۇشتۇڭنى قۇرۇتۇش مۇددىئاسىدا ھىيلە بىلەن ئۆيۈڭگە كەلگەنىدىم. ئەپسۇس! ھەر قايسىڭنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ كۆزلىگەن نىيىتىمگە يېتەلمىدىم، لېكىن قىزىڭنىڭ قېنىنى شوراپ ئىچىۋېلىپ، ئۆلۈكىنى تاغنىڭ ئارقىسىغا تاشلىۋەتتىم. قايتىپ بېرىپ جەسىتىنى بولسىمۇ تېپىۋال. خەپ توختاپ تۇرۇش! ھامىنى بىر كۈنى سەنلەرنىڭمۇ قېنىڭنى ئىچىپ ئەنتىمنى ئالمايدىغان بولسام، — دەپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بوزيىگىت بىلەن ئاق جوۋان يالماۋۇز دەللىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. ئاق جوۋان جانجىگەر قىزىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ خامۇش بولۇپ: «دەرھال قايتىپ بېرىپ قىزىمىزنى تاپايلى» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بوزيىگىت قىزىنىڭ ماتىمىدە يۈرەك - باغرى لەختە - لەختە قان بولغان بولسىمۇ، كەينىگە يېنىشقا قوشۇلماي: «بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى قايتقىنىڭمۇ پايدىسى يوق. ئاۋۋال ئاتىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن دىدارلاشقاندىن كېيىن، چوقۇم بۇ يالماۋۇز دەللىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزىمنىڭ ئەنتىنى ئالماي قويمايمەن» دەپ

قەسەم قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماتەم - مۇسىبەت ئىچىدە بولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر ئاق جوۋاننىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ.

ئاق جوۋاننىڭ ئاتىسى - بەگلەرنىڭ بېگى، پالۋانلارنىڭ پالۋانى، ئۆز يۇرتىنىڭ پاسىبانى، ئۇرۇش - يېغىلىقلاردا زور خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردە بولغانلىقى ئۈچۈن قاغان تەرىپىدىن كۆپ ئىنئام - يارلىق ئالغان شانۇ - شۆھرەتلىك ئەزىمەت ئىكەن. خەلقى ئۇنى ئۇلۇغلاپ چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ‌ەگكە قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ، قېرىغانچە ئۆز ئۆزىدىن بېرى كۆرمىگەن قىزى ئاق جوۋاننى كۆرگۈسى كېلىپ، پەرزەنت ئىشقىدا يۈرەك - باغرى چاك - چاك بولۇپ، كۈنلىرىنى سېغىنىش، ئۈنىڭ يولىغا قاراش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى ئايغاقچىلار بەگكە ئاق جوۋان بىلەن بوزيىگىتنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يولدا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بېشى كۆككە يەتكەن بەگ يۇرت ئەھلى بىلەن بىرىم كۈنلۈك يول ئالدىغا چىقىپ، قىزى، كۈيئوغلى ۋە نەۋرىسىنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىدىن ئۆپۈپ داغى پەرزەنت ئىشقىدا پارە - پارە بولغان دەردلىك يۈرىكىگە شىپا تېپىپتۇ. بالىلىرى بىلەن ساق - سالامەت دىدارلاشقانلىق شەرىپىگە پۈتكۈل ئەھلى يۇرتقا ئاش تارتىپ، توي - مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

بەگنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، بوزيىگىتنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ ئەزىزلەپتۇ. ئىچەسى ئاقنار ئايسم ئۇلارنى قوتلۇقلاپ، كۈندە دېگۈدەك تۇرلۇك بەيگە - مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، سەيلى - تاماشا ۋە شىكارغا ئاپىرىپ، ماتەم - مۇسىبەت بىلەن شىكەستىلەنگەن كۆڭلىنى ئېچىپتۇ. بەگ بوزيىگىتنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى، مەرت، ئاقكۆڭۈللۈكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا بەگ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. يۇرت ئەھلىمۇ بوزيىگىتكە ئىجىل بولۇپ، ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەتلەپ چوڭ بىلىپتۇ؛ قاتار مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپتۇ.

بىر كۈنى بوزيىگىت بىلەن ئاق جوۋان جانجىگەر قىزىنى ئەسلەپ، ئاران پەسلىگەن ئىچ ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپتۇ. دەرھال قايتىپ يالماۋۇز دەللىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزىنىڭ ئەنتىنى ئالماق بولۇشۇپتۇ. بوزيىگىت ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئاق جوۋاننىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە بېرىشىغا قوشۇلماپتۇ.

- ئى ئاق جوگانىم، - دەپتۇ بوزيىگىت چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە ئۇنىڭ چېچىنى سىيلاپ، - بىرگە سەپەر قىلساققۇ ناھايىتى ئوبدان بولاتتى، چۈنكى سىزسىز كۈنۈم خۇش ئۆتمەس، باغرىم چىدىماس. بىراق نەچچە يىللار ئۆتۈپ، ئەمدىلا بەگ ئاتىمىز ۋە قەۋم - قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئاران بىر دىدارلاشتۇق. بەگ ئاتامنىڭمۇ سىزگە باغرى قانمىدى. سىز بەگ ئاتامنىڭ قېشىدا ئۆزۈنراق تۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ رازى قىلىڭ. مەن يالماۋۇز دەللىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزىمىزنىڭ قىساسىنى ئالغاندىن كېيىنلا ھايال بولماي قايتىپ كېلىپ سىزنى ئېلىپ كېتىمەن، - دەپتۇ قىيماسلىق بىلەن.

ئاق جوۋان بوزيىگىتنى يالغۇز يولغا سېلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي:

- ئى بوزيىگىتىم، - سىز دېگەندەك قىلسام تولىمۇ ئوبدان بولاتتى، بىراق بۇ يالماۋۇز دەللە ھىيلىسى كۆپ، ئىچى زەھەر مەلئۇن. يەنىلا سىز بىلەن بىرگە بارغىنىم، سىزگە ھەمدەم بولغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ. سىزنى يالغۇز يولغا سېلىشقا ھېچ خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، كۆڭلۈم ئۇيۇپلا تۇرىدۇ، - دەپتۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ.

ئەمما بوزيىگىت يەنىلا ئاق جوۋاننىڭ رايىنى قايتۇرۇپ، قېيىن ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ قايتىشقا ئىجازەت سوراپتۇ.

بەگ كۈيئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىش مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ، بۇ ئايلاردا يولغا چىقىشنى مۇۋاپىق تاپماپتۇ. بىراق ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرالماي، قولىغا كېيىك دولىسىنى ئېلىپ دورۇت ئوقۇپ، ئوتقا تاشلاپ پال ساپتۇ. ئەندىشە ئىچىدە، ئوتتا كۆيگەن دولىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دولا يۈزىدىكى چاكلار گىرەلىشىپ، يول تۈيۈق چىقىپ، سەپەرنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بەگنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، بوزيىگىتنىڭ مېڭىشىغا قەتئىي قوشۇلماپتۇ. بىراق بوزيىگىت قىزىنىڭ دەرد - پىراقىدا ئۆرتىنىپ ھېچ بولالمايۋاتقانلىقىنى، بالدۇرراق يالماۋۇز دەللىنى جېنىدىن جۇدا قىلىپ، قىزىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ بۇ نەزمىنى ئېيتىپتۇ:

بۇ ئايلارەي سات ئايدۇر ئاتا،
بۇ ئايلاردا يەي ماڭساچۇ ئاتا.
كېيىنكى ئايلارەي ناس (نەس) ئايدۇر ئاتا،
ئۇ ئايلاردا يەي تۇرساچۇ ئاتا.

قېيىن ئاتىسى:

بۇ ئايلارەي ناس ئايدۇر بالام،
بۇ ئايلاردا يەي تۇرساڭچۇ بالام.
كېيىنكى ئايلارەي سات ئايدۇر بالام،
ئۇ ئايلاردا يەي ماڭساڭچۇ بالام.

دەپ ئۇنىڭ مېڭىشىغا ئۇنىماپتۇ. لېكىن «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس» دەپ، بوزيىگىت جاھاننىڭ شۇم بۇيىسى، ئىنسانلارنىڭ يالماۋۇزى، ھايۋاناتلار ئالىمىنىڭ زەھەرلىك يىلىنى بولغان بۇ يالماۇۇز دەللىنى پاك زېمىندىن يوقاتماي تۇرۇپ نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قېيىن ئاتىسىدىن قايتا - قايتا ئىجازەت سوراپتۇ. بەگ كۈيئوغلىغا شۇنچە نەسىھەت قىلىپمۇ توسۇپ قالالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، يولغا چىقىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. بوزيىگىت يولغا چىقىش ئالدىدا قېيىن ئاتىسى ئۇنىڭغا: «بالام، ئۆزۈڭ يالغۇز خەتەرلىك يولغا كېتىۋاتىسەن. ئۇلۇغ قاغان ئىنئام قىلغان بۇ جەڭ قوراللىرىنى ھەمراھ قىلىۋال» دەپ بوقاريا (ئوقيا) سىنى بېرىپتۇ، بوزيىگىت ئالماپتۇ. ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدىغان، ئەقىللىق «تولۇن قوش»نى بېرىپتۇ، ئۇنىمۇ ئالماپتۇ. شاپەرەپ تۇلپارنى بېرىپتۇ، ئۇنىمۇ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. كىيىۋالسا ئوق ئۆتمەيدىغان، ياتسا مىدىرلىتالمايدىغان تۆمۈر تونىنى بېرىپتۇ، ئۇنىمۇ ئالماپتۇ. بەگنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىمايدىغان بىر قاتلىما قىلىچى بار ئىكەن. بۇ قىلىچ قاتلىسا بىر غېرىچ، تۈزلىسە يەتتە گەز ئۇزىرايدىكەن، ھەر قانداق نەرسىنى خۇددى قىياقنى ئورىغاندەك كېسىدىكەن. بەگ بۇ قىلىچنى

يېنىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتۇپتۇ. بوزيىگىت يەنە قېيىن ئاتىسىنىڭ قولىنى قايتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي كامالىي ئېھتىرام بىلەن قىلىچنى ئېلىپ ئېتىغا مىنىپتۇ. قېيىن ئاتىسى بوزيىگىتنى يالغۇز يولغا سېلىشقا ئىشەنچ قىلالماي، كۆڭلى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكتىن ئۈيۈپ كۆزىگە ياش ئېلىپ: «بالام، كۈنچىقىش تەرەپ بىلەن مېڭىڭ، ھەرگىزمۇ كۈنپېتىش تەرەپ بىلەن مېڭىپ قالماڭ» دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلاپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خىزمەتكارى ـ «تاي يېتىم» ئاتلىق تازنى ھەمراھ قىلىپ يولغا ساپتۇ. بوزيىگىتنىڭ يالغۇز يولغا چىقىشىغا ئاقنار ئايىممۇ قارشى ئىكەن. ئۇنىڭغا ھەر قانچە نەسىھەت قىلىپمۇ مەپەردىن توختىتالماپتۇ. ئۇنىڭ يولغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ خىيالىدا: «بوزيىگىتنى ياردار قىلسام كېتەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپ ئالدىدىن بىر ئوق ئۆزگەنىكەن، بوزيىگىت ئوقنى چىشى بىلەن چىشلىۋاپتۇ. كەينىدىن بىر ئوق ئۆزگەنىكەن، يانداپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. يان تەرىپىدىن بىر ئوق ئۆزگەنىكەن، قولىدا تۇتۇۋاپتۇ. ئاتقان ئوقى ئەزەلدىن زايا كەتمەيدىغان ئاقنار ئايىم ئوقىنىڭ تەگمىگەنلىكىگە قاراپ بىئارام بوپتۇ. ئاخىر بوزيىگىتنى تۇتۇپ قېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاق يول تىلەپ نائىلاج ئۆزىتىپ قاپتۇ.

بوزيىگىت مەشرىققە قاراپ مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، ماڭغانسېرى چېتى يوق بىر چۆلگە چىقىپ قاپتۇ. ئۇ، قېيىن ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئويلاپ: «كۈن چىقىشقا قاراپ مېڭىڭ» دېگەنىدى، پايانى يوق چۆلگە چىقىپ قالدىم، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپ باقاي، نېمە كارامەت بار، بىر كۆرۈپ باقمايمەنمۇ، دەپ ئويلاپ ئېتىنى بۇراپ مەغرىبكە قاراپ مېڭىپتۇ. «تاي يېتىم» تاز شۇنچە گەپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئۇلار شۇ تەرزدە نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئېگىز تاغقا دۈچ كېلىپتۇ. قارىسا، تاغنىڭ قاپتىلىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئوتاق (ئاددىي ئۆي ـ قونالغۇ) نى كۆرۈپتۇ. بوزيىگىت: «ھەر نېمە بولسا ئادەم باز يەرگە كەپتىمىز» دەپ ئويلاپ، «تاي يېتىم» تاز بىلەن بارسا ئوتاقنىڭ يېنىدا بىر تۈپ باراقسان توغراق ئەتراپقا سايە تاشلاپ، ئۇنىڭ تۈۋىدىكى داش قازاندا لىققۇلىق گۆش قايناپ تۇرغۇدەك. ئەمما ئوتاقتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىسا، يانباغرىدىكى يوغان ئۆڭكۈرگە بىر قوتان كىيىك سولاقلىق ئىكەن. بوزيىگىت «تاي يېتىم» تازغا قاراپ:

ـ ئوتاقنىڭ ئىگىسى كۆرۈنمەيدۇ، ھېلىغىچە پەيدا بولۇپمۇ قالۇر. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھېرىپمۇ كەتتۇق، مۇشۇ سايىدا بىردەم ئارام ئالايلى. مەن ئازراق ئۇخلىۋالاي، سەن ئۇخلىماي ئاتلارغا قاراپ تۇرغىن. ئەگەر بىرەر غەيرىي ـ ناتونۇش ئادەم كۆرۈنسە دەرھال مۇشۇ بىگىزنى قىزىتىپ تاپىنىمغا سانجىساڭ شۇزامات ئويغىنىمەن، ـ دەپ ياتقانچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۆڭكۈر ئىچىدىن ھېلىقى يالماۋۇز دەللە كۆزلىرىدىن ئوت، بۇرنىدىن تۈتۈن پۇركۈپ بىر توپ ئادەمنى باشلاپ چىقىپتۇ. «تاي يېتىم» تاز يېنىدىن بىگىزنى ئېلىپ قىزىتىپ بولغۇچە ئۇلار تازنى گۆلمە (بېلىق تورى) گە سولاپ توغراقنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپتۇ ـ دە، قوتاز تېرىسىدىن ئېشىلگەن بىلەكتەك ئارقان بىلەن بوزيىگىتنى ماتاپ باغلاپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن بوزيىگىت ئويقۇلۇقتا ئۆرۈلگەنىكەن، ئارقان خۇددى بۆز يىپتەك پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. يالماۋۇز دەللە ئاچچىقىدا: «كۈچلۈك قال، كۈچلۈك قال» دەپ قاغاپ كالا تېرىسىدە ئېشىلگەن ئارقان بىلەن ماتاپ باغلاتقۇزۇپتۇ. ئۇمۇ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. يالماۋۇز دەللە يەنە قاغاپ، ئات تېرىسىدە ئېشىلگەن ئارقاندا باغلاشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇمۇ كارغا كەلمەپتۇ. ئۇ، جان ئاچچىقىدا ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلمەي ئامالسىز تۇرغاندا: «بۇنداق كۈچتۈڭگۈر ـ پالۋانلارنىڭ يېنىدا تورقىدا ئەشكەن ئۈزۈلمەس سىم تانىسى بولارمىش» دەپ ئاڭلىغىنى يادىغا يېتىپ، بوز يىگىتنىڭ يېنىنى ئاقتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. دېگەندەك ئۇنىڭ يېنىدىن تورقىدا ئېشىلگەن قىرىق بىر غۇلاچ سىم تانىسى چىقىپتۇ. يالماۋۇز دەللە خۇشال بولۇپ، بوز يىگىتنى قاتمۇ قات قىلىپ ماتاپ باغلاتقۇزۇپتۇ. «ئەمدى ئۈزگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي» دەپ، قىھ ـ قىھلاپ كۈلۈپ، تاغنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا، مىڭلاپ لەشكەر ـ قولچوماقلىرىنى باشلاپ ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق يېتىپ كەپتۇ ـ دە، لەشكەرلىرى بىلەن تىزلىنىپ تازىم بىجا قىپتۇ. بوزيىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ سىم تانىسىدا چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىغا بارىكاللا ئېيتىپ پۇتىنى ئۆپۈپتۇ.

توققۇزىنچى كۈنى بوزيىگىت ئويقۇلۇقتا كېرىلسە، پۈتۈن بەدىنى خۇددى قىسقۇچتا قىسقاندەك مىدىرلىيالماي ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، ئەتراپىدا قاپساپ تۇرغان نۇرغۇن لەشكەرلەرنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەسگەڭ چىشلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان يالماۋۇز دەللىنى، ئىككى يېنىدا ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنى كۆرۈپ، غەزەپتە شۇنداق نەرەتارتىپتىكى تاغۇ ـ تاشلار تىترەپ كېتىپتۇ. بىراق ھەر قانچە كۈچەنسىمۇ بەدىنىنى باغلاقتىن بوشىتالماپتۇ. ئۈستىبېشىغا قارىسا ئۆزىنىڭ سىم تانىسىدا باغلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە: «ھەي ئىسىت، غەپلەت ئۇيقۇسىدا بۇلار مېنى ئۆزۈمنىڭ تانىسىدا باغلىۋاپتۇ، ئۇنى ئۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى بۇ يەردە ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ پۇشايمان قىلىپ، كۆزلىرى بىلەن «تاي يېتىم» تازنى ئىزدىسە، ئۇنىڭ توغراق شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يالماۋۇز دەللىگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن بۇ يامانلىقنى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ، مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

ھەي جادۇ، يامان جادۇ،
پاسىق سۆڭەك ئالۋاستۇ (ئالۋاستى).
دامىڭغا چۈشۈپ قالغان
مەندەك دۆت ـ بىغەم بارمۇ؟

كۆڭلۈڭ تۈندەك قارادۇر،
ئىچىڭدە توڭغۇز قاترادۇر.
ئىنسانلارغا بەتكۈپا (بەدۋاپا)،
سېنىڭ ياخشى كۈنۈڭ بارمۇ؟

ئوتقا سالساڭ كۆيمەسمەن،
قىلىچ ـ تىغىدا ئۆلمەسمەن.
ئامان قالسام ھامان بىر كۈن،
سېنىڭ يەنە جانىڭ بارمۇ؟

يالماۋۇز دەللە دەرغەزەپكە كېلىپ، بالىلىرىغا بوزيىگىتنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

ئالقازاق كۆرەڭلەپ بوز يىگىتكە ھەيۋە قىلىپ:

- ھەي بوزيىگىت، سېنىڭ مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ ئەمدى ئەجىلىڭ توشتى. بۈگۈن سېنى.قىيما - چىيما قىلىپ، گۆشلىرىڭنى قاغا - قوزغۇنغا يەم قىلىپ، ئاق جۇگاننى قولۇمغا ئالىمەن، - دەپتۇ قىلىچىنى ئوينىتىپ.

چەكسىز غەزەپتە كۆزلىرىدىن ئوت يانغان بوزيىگىت:

- ھەي ئالۋاستىنىڭ پۇشتى، تاپ يەيدىغان ئۆلۈمتۈك مادا (قوزغۇن)، سەن مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا باغلاۋېلىپ نامەردلىك قىلىۋاتىسەن. قېنى، ئوغۇلبالا بولساڭ مەردلىكنى مەيداندا سىنىشايلى. ئەمما سەندەك تومۇرىدا ئەركىشىنىڭ قېنى يوق، خوتۇن جىنىسلىق مەلئۇندا مەن بىلەن تۇتۇشىدىغان شىر يۈرەك نېمىش قىلسۇن. سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ ھامان ئاق جۇگان بىلەن ئوغلۇم سەندىن قان قەرزىمنى ئالماي قويمايدۇ، - دەپتۇ.

ئەگەر بوزيىگىت ئۇزىنىڭ سىم تانىسىدا باغلانمىغان بولسا، مىڭ - تۇمەن لەشكەرنىڭمۇ كۈچى يەتمەيدىكەن. ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق بوزيىگىتكە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، لەشكەرلىرىگە دەرھال ئۇنى چېپىپشقا بۇيرۇق قىپتۇ. لەشكەرلەر خۇددى يۈگۈنى ساۋىغاندەك بوز يىگىتنى چېپىشقا باشلاپتۇ. چاپقان قىلىچلىرى تاشقا تەگكەندەك بىسلىرى قايرىلىپ، ھەرە چىشىدەك تىتىلىپ زادى ئۆتمەپتۇ. قىلىچلارنى يەنە بىلەپ - تۈزلەپ چاپسىمۇ بوزيىگىتكە قىلچە كار قىلماپتۇ. ئۇ، ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنى مەسخىرە قىلىپ بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

قۇتراي دەيسەنەي ئالقازاق،
ئۆلەي دەيسەنەي چۆلقازاق.
پوقتا ئۆتمەس قىڭراقتا
قىيناي دەيسەنەي ھەي قازاق.
ئالقازاق بىلەن چولقازاق:
قۇتراي دەيمەنەي بوزيىگىت،
ئۇيناي دەيمەنەي بوزيىگىت.
پوقتا ئۆتمەس قىڭراقتا
قىيناي دەيمەنەي بوزيىگىت

دەپ، لەشكەرلىرىنى داۋاملىق چېپىشقا مەجبۇرلاپتۇ.

بوز يىگىت لەشكەرلەرگە قاراپ:

ھەي چېرىكلەر، چېرىكلەر،
ئادەم سىياق تىرىكلەر.
مەن سەنگە نېمە قىلدىم،
مېنى قويۇپ بېرىڭلار.

ئاتا - ئىنەڭ بار سەنىڭ،
خوتۇن - بالاڭ بار سەنىڭ.
ئىككى جاللات ئالدايدۇ،
بىكار ئاقماسۇن قانىڭ.

بوزيىگىتنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپ لەشكەرلەر ئۇنى چېپىۋېرىشتىن يالتىيىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككى مەلئۇن لەشكەرلەرنى ئالداپ نىيىتىگە يەتمەك بولۇپ، كىمىكى بوز يىگىتنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا قوتانلاپ مال - چارۋا ۋە يايلاق بېرىشكە ۋەدە قىلىپتۇ. لەشكەرلەر بۇ ئاكا - ئۇكا جاللاتنىڭ ۋەدىسىگە گول بولۇپ، بوز يىگىتنى يەنە چېپىشقا باشلاپتۇ.

بوزيىگىت خىيالىدا، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى گوللاپ قولىدىن بوشىنىپ ئالماملا ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايمەنغۇ دەپ ئويلاپ، بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

مىڭدىن - مىڭدىنەي قويۇم بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننىقوي،
مىڭلاپ - مىڭلاپەي كالام بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننىقوي،
توققۇز توقاي ئاتىم بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننى قوي،
يۈز لوكىلىق بۇغرام بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننى قوي،
ئەللىك باشتا بەي ئىنەم بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننىقوي،
ئاتمىش باشتا بەي ئاتام بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننىقوي،
ئاللا قوشقانەي ئاق جۇگان بار، ئانى ئالىڭۋەي، جاننى قوي،
ئىگەم ھەققى چېرىكلەر، بۇ جانىمنى تىرىك قوي.

دەپتۇ. قوشاقنى ئاڭلىغان لەشكەرلەر غۇلغۇلىغا چۈشۈپ: «شۇنچە كۆپ مال - دۇنيادىن كەچسە، ئاق جۇگانىنىمۇ بەرسە، نېمە قىلىمىز بىر جاننى بۇنچىلىك قىيناپ، يا بىز بوزيىگىتتىن ھېچقانداق بىر يامانلىق كۆرمىسەك. ئۇنىڭدىن كۆرە، مال - دۇنياسىنى ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى» دېيىشىپ سىم تانىنى يېشىۋەتكىلىۋاتقاندا ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتكەن يالماۋۇز دەللە چىقىپ:

- ھەي ئەخمەقلەر، ئۇ سىلەرنى ئالدىسا قويۇپ بەرگىلىۋېتىشامسەن تېخى. ئەگەر ئۇ باغلاقتىن بوشىنىپلا ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقايسىڭ تەڭ كېلەلمەيسەن، مېنىمۇ، ھەر قايسىڭنىمۇ قىياقنى ئورغاندەك قىرىپ تاشلايدۇ، ھەرگىز تانىنى يەشكۈچى بولۇشما!، - دەپ غالجىرلىق بىلەن تۈۋلاپ داۋاملىق چېپىشقا بۇيرۇپتۇ. يالماۋۇز دەللىدىن قورقۇپ لەشكەرلەر يەنە چېپىشقا باشلاپتۇ. بوز يىگىت ئۇلارنىڭ قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، «تاي يېتىم» تازغا قوشاق سالاي، ئەگەر ئۇ ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقالىسىلا، ئاق جۇۋاننى باشلاپ كېلىپ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالار، دېگەن ئۈمىدتە:

ھاراق بەرىۋەي (بېرىۋەي) شۇ تاينى،
ئايدىن - ئايغا يەي قوغلاڭلار.
قىمىز بەرىۋەي بۇ تاينى،
قىردىن - قىرغا يەي قوغلاڭلار.

دەپتۇ. «تاي يېتىم» تاز بوز يىگىتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ھاراق بەرسەڭەي ئىچۈرمەن،
ئاياغدا شىۋەي ياتۇرمەن.
قىمىز بەرسەڭەي ئىچۈرمەن،
قىرا - قىرا يەي چاپۇرمەن.

بوز يىگىت بۇ دېۋەڭ تازغا نىيىتىنى ئۇقتۇرالمىغىنىغا قاتتىق رەللە بوپتۇ - دە، بۇ قان ئىچەرلەرنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي بېشى قېتىپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا قېيىن ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتماي، ئەلكۈندىن ئايرىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، بۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

ئاشۇ تۇرغانەي توغراقنى
كەسسەم توقماق بولماسمۇ؟
ئاتا سۆزىگە كىرمىگەن
مەندەك ئەخمەق بولماسمۇ؟

يولۋاسنىڭ يامانىدىن،
ئۆتەلمەس شىر ئالدىدىن.
ئاتا قارغىشى يامانكەن،

جۇدا بولاركەن باشىدىن.

بوزىيگىت ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ، ئۇلارنىڭ يېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىنى ئادا قىلالمىغانلىقىغا ئىچى ئۆرتىنىپ بۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

ئاتادەك غەمگۇزار قايدا،
ئانادەك مېھرىبان قايدا.
ئاتا ئەجرى ئادا بولماي،
ئاقارمۇ قانلىرىم سايدا.

ئاتام بولسا ئانام بولسا،
قاتارمىدى مېنىڭ باشىم.
ئاتامنىڭ سۆزىگە كىرسەم،
ئاقارمىدى مېنىڭ ياشىم.

ئاتامنى كۆرەي دەيمەن،
ئانامنى سۆيەي دەيمەن.
ئاتام بىلەن ئانام بولسا،
ئاياغىدا ئۆلەي دەيمەن.

بوزىيگىت خۇدا قوشقان مەشۇقى، تاللاپ سۆيگەن ئامرىقى ئاق جۇۋانى، جان - جىگەر ئوغلىنى ئەسلەپ، جۇدالىق پىراقىدا ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. يالماۋۇز دەللىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ مۇشۇ كۆلپەتلىك كۈنگە قالغانلىقىغا چەكسىز ھەسرەتلىنىپ، كۆككە تەلپۈنگەن ھالدا بۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

كەچ بولۇپ تاڭ ئاتمايدۇ،
قىيامەت بولغان ئوخشايدۇ.
ئۇچاي دېسەم ئۇچالمايمەن،
قاناتىم سۇنغان ئوخشايدۇ.

ئەتراپىمدا تۇمەن جاللات
قىلىچىنى ئوينىتار.
باشىمغا كەلگەن بالادىن
ئاق جۇگانلا قۇتقۇزار.

قارىسام سەھەر بوپتۇ،
ئىچىم غەمگە تولۇپتۇ.
ئون كۈن بولدى چاپقىلى،
تېنىم زەرداپ بولۇپتۇ.

ئاشۇ تۇرغان توغراقتا
قاغا - قوزغۇن ئولتۇرۇر.
ئاق جۇگانىم كەلمىسە،
باغرىم دەردتە تولغۇنۇر.

قۇرغۇيۇم شۇڭغۇپ ئۇچۇپ
كەتتى قاياققا قايرىلىپ؟
بۇ كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئاق جۇگاندىن ئايرىلىپ.

ھۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسا
چاراسلايدۇ، كۆيمەيدۇ.
ئاق جۇگاننىڭ ئوتلىرى
يۈرەكىمدىن ئۆچمەيدۇ.

تاغدىن چۈشكەن كەلكۈن سۇ
بوزۇپ ئۆتەدۇر ئەگمىنى.
ئاق جۇگانىم، جان بالام
ئاخىر ئالادۇر ئەنتىمنى.

كۈن ئېگىلىپ كەچ بولدى،
شاخ ئېگىلىپ پەس بولدى.
ئالۋاستىنىڭ قەستىدىن
قۇتۇلماقىم تەس بولدى.

دەريا بوپ ئاقار ياشىم،
ئەلەمدە قايار باشىم.
زەھەر ئوخشاش يېگەن ئاشىم،
دىدار كۆرمەك گۇمان يارىم.

كۆتۈرۈلگەن جۈت بوران
گۈل شاخىنى قايرىدى.
بۇ جادۇگەر يالماۋۇز
مېنى ياردىن ئايرىدى.

ئۆتتىمۇ كۆيمەس ئىدىم،
تىغدىمۇ ئۆلمەس ئىدىم.
ئۇيقۇ دېگەن غەپلەت ئىكەن،
ھەسرەتتە كۆيەر تېنىم.

كۆلپەت چۈشتى باشىمغا،
ئاغۇ چۈشتى ئاشىمغا.
«تاي يېتىم» ياتار شاختا،
قاياشىم كەلمەس قاشىمغا.

ماڭا كەلدى قازا مۇندا،
ئاق جۇگان كۆزى يولدا.
ئارمانىم ھارام بولدى،
قالارمۇ تەنلىرىم سايدا.

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
توغرى بالادا كۆيمىسۇن.
رەقىبكە سەل قاراپ ئەسلا،
ئىچى دەردكە تولمىسۇن.

ئاق جۇگانىم سەن قېنى؟
ئۆمۈرلۈك بوپ ئۆتەلمەدىم.
رازى بولغىن ئامرىقىم،
مەڭگۈلۈك كۈتەلمەدىم.

ئەي پەلەك چارقىڭ بۇزۇق،
دۈشمەنگە خار ئەتتىڭ مېنى.
دەردى يوق بىدەردىگە

خارى - زار ئەتتىڭ مېنى.

بوزيىگىت بۇ ئادەمزات دۈشمەنلىرىنى پاك زېمىندىن يوقىتالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ يۈرىكى زەرداپقا تولۇپتۇ. لەشكەرلەر دەملىشىپ توختىماي چاپقان بولسىمۇ، لېكىن بوز يىگىتكە ھېچ تىغ ئۆتمىگەندىن كېيىن، يالماۋۇز دەللە بالىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەك بوپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سىم تانا بوز يىگىتنىڭ تېنىگە پېتىپ، توختىماي ئۇرۇلغان قىلىچ - توقماقتىن جېنى قىينىلىشقا باشلاپتۇ. ئادەمسىياق ئالۋاستىلار ماكان تۇتقان بۇ خىلۋەت تاغدا ئۆزىگە ھەمدەم بولغۇدەك ئادەم زاتىنىڭ ئەمدى چىقماسلىقىغا كۆزى يەتكەن بوزيىگىت تەقدىرگە تەن بېرىپ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇ ئالقازاق بىلەن چۆلقازاققا:

- ھەي ئالقازاق بىلەن چۆلقازاق، ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ قىلىچىڭلار ماڭا ئۆتمەيدۇ، ئوتقا سالساڭلارمۇ كۆيمەيمەن. پەقەت ئۆزۈمنىڭ قىلىچىلا ئۆزۈمگە ئۆتىدۇ. ئۇ، ئۆتۈكۈمنىڭ تېگىدە قاتلاقلىق. ئۇنى ئېلىپ چاپساڭلار مېنى ئۆلتۈرەلەيسىلەر، - دەپتۇ.

ئالقازاق لەشكەرلىرىگە قىلىچنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. لەشكەرلەر شۇنچە كۈچەپمۇ ئۆتۈكنى سالدۇرالماي نەچچىسى ھالىدىن كېتىپتۇ. بوز يىگىت ئۇلارغا: «قارىسام، ئۆتۈكۈمنى سىلەر سالدۇرالمايدىغان ئوخشايسىلەر، يىراق تۇرۇڭلار» دەپ كۈچەپ تۇرۇپ پۇتىنى يەرگە بىر تەپكەنىكەن، ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى ئاجراپ، قاتلىما قىلىچ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئالقازاق قىلىچنى قولىغا ئېلىپ ھەرنە قىلىپمۇ قاتلىقىنى ئاچالمىغاندىن كېيىن تۆمۈرچىلەرگە تۈزلەشنى بۇيرۇپتۇ. بوز يىگىت:

- ھەي ئالقازاق، بۇ قىلىچنى سېنىڭ تۆمۈرچىلىرىڭ ھەر قانچە قىلىپمۇ تۈزلىيەلمەيدۇ. ياخشىسى، سىمچىلاق قولۇمنى بوشىتىپ قوي، ئۆزۈم تۈزلەپ بېرەي، - دەپتۇ.

لەشكەرلەر ئۇنىڭ چىمچىلىقىنى بوشىتىپتۇ. بوزيىگىت قىلىچنى چىمچىلىقىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ: «يا تەڭرىم، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن» دەپ بىرلا سىرىگەنىكەن، قىلىچ يەتتە گەز بولۇپ ئۈزىراپتۇ. ئۇ، قىلىچنى بارمىقىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ ئاتقانىكەن، ئۇدۇل كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ بىرسىمۇ ساق قالماي تۈگەل قىرىلىپ كېتىپتۇ. ئالقازاق قاتلىما قىلىچنى قولىغا ئېلىپ بوز يىگىتنى چاپاي دېيىشىگە بوزيىگىت ئۇنى توختىتىپ:

- ھەي ئالقازاق، بۇ خاسىيەتلىك قىلىچ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى خالامسەن؟ - دەپتۇ.

- دۇنيادا ياخشى نەرسىنىڭ ھەممىسى ماڭا مەنسۇپ. دېمىسەڭمۇ سەن ئۆلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە بۇ قىلىچ مېنىڭ بولىدۇ - دە، - دەپتۇ ئالقازاق كۆرەڭلەپ.

- سەن بۇ قىلىچقا ئۇنداق ئاسان ئىگە بولالمايسەن. بىلىپ قوي: ئۇ بەك ئىتتىك، ئەگەر قىلىچ مېنىڭ بولسۇن دېسەڭ ئاستى - ئۈستۈمگە توققۇز كۆتۈرۈمدىن ئون سەككىز كۆتۈرۈم ئوتۇن بىلەن بىردىن ئىككى تۈگمەن تېشى قويۇپ، ئاندىن قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاستا قويۇپ بەر، بولمىسا قىلىچ يەرگە كىرىپ كېتىپ ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالىسەن، - دەپتۇ.

لەشكەرلەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، غەيۇر - باھادىرلىقى يەر - زېمىننى لەرزىگە سېلىپ، سۈرھەيۋىسى بىلەن شىر - يولۋاسلارنىڭ يۈرىكىنى سىرقىراتقان، باتۇرلۇق - كۈچتۈڭگۈرلۈكتە بۇ ئىقلىمدا تەڭدىشى بولمىغان پالۋان - بوز يىگىت ۋاپاسىز دۇنيادىن كۆز يۇمۇپ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رەھلەت قىپتۇ. قىلىچى يەرگە كىرىپ كېتىپ، غېرىچ سېپىلا چىقىپ قاپتۇ. ئۇنى يەردىن تارتىپ چىقىرىمىز، دەپ تالاي لەشكەر ھالىدىن كېتىپتۇ، لېكىن قىلىچ يەردىن زىنھار چىقماپتۇ. ئۇلار بوز يىگىتنىڭ جانسىز تېنىنى چېپىپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ. يالماۋۇز دەللە: «بۇنداق باتۇرنىڭ گۆشىنى يەۋالسا ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئۇنىڭ چىمچىلىقىنى كېسىپ يەۋاپتۇ. بوزيىگىت ئۆلگەندىن كېيىن، چېچىكى چاي بولغان ئالقازاق قىن - قىنىغا پاتماي: «ئەمدى ئاق جۇگان مېنىڭ بولدى» دەپ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قىقاس - چۇقان بىلەن يۇرتىغا قايتىپتۇ. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن تۇساتتىن شۇۋۇرغان ئارىلاش قارا بوران چىقىپ، لەشكەرلەر يولدا جۇتتا قېلىپ تولىسى توڭلاپ ئۆلۈپتۇ.

ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ لەشكەرلىرى كېتىپ بىر ۋاقىت بولغاندا، «تاي يېتىم» تاز ئامال قىلىپ كۆلمىدىن بوشىنىپ توغراقتىن چۈشۈپتۇ - دە، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاق جۇۋاننىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. دەل شۇ كۈنى ئاق جۇۋان ئەھلى يۇرت ۋە دوست - يارانلىرى بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن. «تاي يېتىم» تاز سانجاق - سانجاق ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاق جۇۋانغا قاراپ:

قاغان بەرگەنەي بوقارىيا، كامانىغا سېلىنغانمۇ؟
تولۇن ئاتلىغەي شۇڭقار قۇش، قونداغىدا قونۇغلۇقمۇ؟
تۈلپار نەسلى شاپدەرەپ، ئوقۇرىدا توقۇغلۇقمۇ؟
پولات قويما تۆمۈرتون، ئاسقۇسىغا ئىلىنغانمۇ؟
چىنار بويلۇغەي بوزيىگىت، شۇ مەجلىستە بەي بارمىكىن؟

دەپ قوشاق ئېيتىپتۇ.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە «تاي يېتىم» تازنىڭ ئېيتقان قوشىقىنى ھېچكىم ئاڭلىيالماپتۇ. ئۇ يەنە نەچچە قات ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ:

قويلار كەلۈرەي (كېلۈرەي) مەرەشىپ، پاخلانلارىيەي بارمىكىن؟
پاخلان بويلۇغەي بوز يىگىت شۇ مەجلىستە بەي بارمىكىن؟
كالىلار كەلۈرەي مۆرەشىپ، موزايلىرىيەي بارمىكىن؟
موزاي بويلۇغەي بوزيىگىت شۇ مەجلىستە بەي بارمىكىن؟

«تاي يېتىم» تازنىڭ ئېيتقان قوشىقى ئاق جۇۋاننىڭ قۇلىقىغا يەنە يەتمەپتۇ. بەكمۇ تەقەززا بولغان «تاي يېتىم» تاز ئاخىر بولماي قاتمۇ قات ئادەملەر ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ:

ئاتلار كەلۈرەي ئازىناپ، قۇلۇنلارىيەي بارمىكىن؟
قۇلۇن بويلۇغەي بوزيىگىت شۇ مەجلىستە بەي بارمىكىن؟
تۆگىلەر كەلۈرەي بوقاراپ، بوزۇلار (تايلاق) ىيەي بارمىكىن؟
بوزۇبويلۇغەي بوزيىگىت شۇ مەجلىستە بەي بارمىكىن؟

«تاي يېتىم» تازنىڭ ئېيتقان قوشىقى ئەمدى ئاق جۇۋاننىڭ قۇلىقىغا ئىشىتىلىپتۇ - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، نېمە ئىش سادىر بولغانلىقىنى سوراپتۇ. «تاي يېتىم» تاز بولغان كېلىشمەسلىكلەرنى سۆزلەپ كېلىپ، بوزيىگىتنى ئالقازاقنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ تۇيۇقسىز

شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقاتقان ئاق جوۋان بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. مەشرەپ ئەھلى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ھەيرانلىقتا ھاڭ قېتىپ قاپتۇ. دوستلىرى ئاق جوۋاننى ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ قوپقان پېتى «كۆك يورغا» ئېتىغا مىنىپ، «تاي يېتىم» تازنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ «يالغۇز توغراق» دېگەن يەرگە كەلسە، قاغا - قوزغۇنلار بوز يىگىتنىڭ قىيما - چىيما قىلىنغان جەسىتىنى يەپ، ئۈستىخىنىنىلا قويغانىكەن. ئاق جوۋاننىڭ يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇپ، كۆز ياشلىرى دەريادەك ئېقىپ، ئۆزىنى بوزيىگىتنىڭ چېچىلغان سۆڭەكلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتۇ. ئۈستىخانلىرىنى يىغىپ، جاي - جايىغا تىزىپ، قۇقۇمۇشقا ئوراپ ئۈچ قېتىم ئاتلىغانىكەن، بوزيىگىت ئۇخلىغان سىياقتا كەپتۇ. ئاق جوۋان ئۇنىڭ چىمچىلىقىنى تاپالماي، ئۆزىنىڭ چىمچىلىقىنى كېسىپ سېلىپ، مېيىتنى تاغنىڭ مۇزدەك سالقىن ئۆڭكۈرىگە ياتقۇزغاندىن كېيىن، يالماۋۇز دەللە بىلەن ئالقازاق ۋە چۆلقازاقتىن ئىنتىقام ئالغىلى مېڭىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال يۇرتىغا كېلىپ، ئەھلى جامائەتكە بوزيىگىتنىڭ نەزىرىنى بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. ئالقازاق بىلەن چۆلقازاققا بولسا چاپارمەن ئەۋەتىپ: «ئۆزۈمگە جۆرە تاللاش مەشرىپى ئۆتكۈزمەكچىمەن. كىمكى مەن بىلەن تويلاشماقچى بولسا، پۈتۈن لەشكىرى بىلەن بۇ مەشرەپكە قاتناشقاي، كىمنىڭ مال - دۇنياسى كۆپ، لەشكىرى كۈچى زور بولسا شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

ئالقازاق بوزيىگىتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئەمدى ئاق جوۋاننى خوتۇنلۇققا ئالىدىغان بولدۇم، دەپ جىددىي توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي، چۆلقازاق بىلەن پۈتۈن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئاق جوۋاننىڭ يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئاق جوۋان نەچچە يۈز قوي، كالا ۋە ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىرگە كاتتا تەييارلىق قىپتۇ. نەزىرنىڭ ئالدىدا ئوغلىنى چاقىرىپ: «بالام، ئاتاڭنىڭ بوۋاڭ يادىكار قىلغان قاتلىما قىلىچىنىڭ سېپى ‹يالغۇز توغراق› نىڭ تۈۋىدە يەردىن بىر غېرىچ چىقىپ تۇرىدۇ. ‹يا، ئاتام بوزيىگىتنىڭ قولى› دەپ تارتساڭ قىلىچ چىقىدۇ. تېزدىن بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇپتۇ. نەزىرنىڭ ھەممە تەييارلىقى تولۇق پۈتۈپتۇ. بوز يىگىتنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ قىلىچىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. نەزىرگە چاقىرىلغان يىراق - يېقىندىكى بارلىق جامائەتمۇ دەل ۋاقتىدا تولۇق يىغىلىپتۇ. ئاقنار ئايىم نەزىرگە باش بولۇپ كەلگەن ھەممە ئادەمنى رەت - رېتى، جاي - جايىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. پۈتۈن ئەھلى يۇرت تەڭداشسىز پالۋان، ئەلسۆيەر ئوغلان بوزيىگىتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چەكسىز قايغۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىناتىغا دۇئا قىپتۇ.

ئالقازاق بىلەن چۆلقازاقنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئايرىم ھوجرا - چېدىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇلارغا ئاش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاق جوۋان ئالدىغا چىقىپ:

- بۈگۈن ھەر قايسىڭلارغا جورا تاللاش زىياپىتى بەردىم. كىم بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ، ئاشنى جىق يېيەلىسە شۇ مېنىڭ جۈپتۈم بولىدۇ. ئاش يەۋاتقاندا بېشىنى كۆتۈرۈشكە، ئەتراپىغا قاراشقا، گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. كىمكى خىلاپلىق قىلىدىكەن، تەخىرسىز بېشىنى ئالىمەن، - دەپتۇ.

ھەممىسى ئاق جوۋاننىڭ ۋىسالىغا يېتىش ھەرىسىدە بەس - بەس بىلەن بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇشۇپ، ئاچ قالغان بۆرىدەك بىر - بىرسى بىلەن قىزغىنىشىپ بېشىنى كۆتۈرمەي ئاشقا دۈم چۈشۈپتۇ.

ئاق جوۋان ئوغلىغا:

- ئى بالام، ئەمدى ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئالىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. ئاتاڭنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ، مەلئۇنلارنىڭ بويىندىن سۆرەپ ماڭ. - دەپ قاتلىما قىلىچنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپتۇ. بوزيىگىتنىڭ ئوغلى قىلىچنى ئۇلارنىڭ بويىنى ئۈستىدىن سۆرەپ ماڭغانىكەن، لەشكەرلەرنىڭ باشلىرى داڭگالدەك دومىلاپ ئالدىدىكى تاۋاقلارغا پوكۇلداپ چۈشۈۋېرىپتۇ. بارلىق لەشكەرلەر ۋە چۆلقازاق داستىخان ئۈستىدىلا ئۆلۈپ تۈگەپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى بوزيىگىتنىڭ روھىغا نەزىر بوپتۇ.

ئاق جوۋان ئالقازاقنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

- بوز يىگىتنىڭ ساقالى تورقامىكىن، پىلەمىكىن؟ سېنىڭ ساقالىڭ جارا (كىرپە) مىكىن، چىگەمىكىن؟ - دەپتۇ.

- قانداق قىلسام ساقالىم بوز يىگىتنىڭ ساقالىدەك يۇمشاق بولىدۇ؟ - دەپتۇ ئالقازاق ئاق جوۋانغا يارىشىپلا ئويلاپ.

- ساقالىڭنى مايلاپ ئوت قويساڭ، يېرىك ساقاللىرىڭ كۆيۈپ، ئورنىغا يۇمشاق ساقال چىقىدۇ، - دەپتۇ ئاق جوۋان. ئاندىن يەنە ئۇ ئالقازاقتىن:

- بوزيىگىتنىڭ چىشى ئۈنچەمىكىن، مارجانمىكىن؟ سېنىڭ چىشىڭ كەكەمىكىن، كەتمەنمىكىن؟ - دەپ سوراپتۇ. ئالقازاق:

- قانداق قىلسام ئۈنچە-مارجاندەك چىش چىقىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ ئاق جوۋاندىن ئۇنىڭ ۋىسالىغا بالدۇرراق يېتىش نىيىتىدە.

- بۇ ناھايىتى ئاسان. ھەممە چىشلىرىڭنى قومۇرۇۋەتسەڭ ئورنىغا ئۈنچە - مارجاندەك چىش چىقىدۇ، شۇ چاغدا سەنمۇ بوزيىگىتكە ئوخشايسەن، مەنمۇ سېنى يارىتىمەن، - دەپتۇ ئىچىگە پاتمايۋاتقان قىساس ۋە دەرغەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ. ئالقازاق ئاق جوگاننى تېزرەك ئەمرىگە ئېلىش تەقەززاسىدا نەپسى تاقىلداپ، ئۇنىڭ ھەممە شەرتلىرىگە سۆزسىز كۆنۈپتۇ. ئاق جوۋان مۇلازىملىرىغا:

- ئالقازاقنىڭ بارلىق چىشلىرىنى قومۇرۇڭلار، ساقىلىنى مايلاپ ئوت قويۇڭلار، - دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئۇلار ئالقازاقنى ماتاپ باغلاپ، چىشلىرىنى بىر - بىرلەپ قومۇرۇپ، ئورنىغا قوغۇشۇننى ئېرىتىپ قۇيۇپ، ساقاللىرىنى مايلاپ ئوت قويۇپ، «داد - پەرياد» دېگۈزۈپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئالقازاق ئۆلگەندىن كېيىن ئاق جوۋان يالماۋۇز دەللىنى ئالداپ تۇتقۇزۇپ كەپتۇ - دە، يىگىتلەرگە ئۇنى ئىشىك ئالدىدىكى چىنارغا چەمبەرچەس باغلاتقۇزۇپتۇ.

يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەمچىكىنى كېسىپ كاۋاپ قىلىپ ئۆزىگە مەجبۇرىي يېگۈزۈپتۇ. يالماۋۇز دەللە ئافرىنقا چىديالماي:

– تۇۋا قىلدىم جىنىم بوتام، يېزىپتىمەن. ماڭا رەھىم قىلغىن، ئىگەم بەختىڭنى بەرسۇن، – دەپ زار - زار قاقشاپ يېلىنىپتۇ. ئاق جۇۋان ئىچىگە پاتمىغان چەكسىز غەزەپ ۋە ھەسرەت ئىچىدە:

– ھۇ، ئادەمزات ئىچىدىن چىققان قان ئىچەر يالماۋۇز، پۈتۈن تېنىمدىن زەھەر تامىدىغان ۋەھشىي يىلان، ئادەمسىياق ئالۋاستى، ئىبىتە قېنى، بوزيىگىت ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟! نارەسىدە قىزىمچۇ؟ نە سەۋەبتىن ئۇلارنى قىيناپ ئۆلتۈردۈڭ؟ سەن مېنى بوز يىگىتتىن، روزىغارىمدىن، خاندانىمدىن ئايرىپ بەختىمنى قارا قىلدىڭ. جانجىگەر قىزىمنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىمنى داغلىدىڭ. مەن سېنى موچۇندا چىمداپ، تارماقتا تاراپ ئۆلتۈرسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، – دەپ ئۇنىڭ پۇتىدىن باشلاپ گۆشىنى شۇلگۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ ئۆزىگە يېگۈزگىلى تۇرۇپتۇ. يالماۋۇز دەللىنىڭ گۆشىنى شۇلۇپ كاۋاپ قىلىش يۈرەككە يەتكەندە مىگتەستە ئۇنىڭ جېنى چىقىپتۇ. بۇ ياۋۇز جادۇگەرنىڭ ئۆلۈمىدىن جىمى خەلق پۇخادىن چىقىپ، ئىچى بوشاپتۇ. ئۇنىڭ سۈيىقەستى بىلەن ئۆلگەن تالاي بىگۇناھ جانلارنىڭ قىساسى ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ روھى ئەمىن تېپىپتۇ.

ئاق جۇۋان بوزيىگىت بىلەن جانجىگەر قىزىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، يۇرت - ئېلىمدىن قانخورلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، كۆڭلى سەل - پەل تەسكىن تاپقاندەك بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بوز يىگىتنىڭ مېيىتىنى كۆتۈرۈپ چۆل - باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بوزيىگىت ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «قازارا، بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالسام قايغۇرۇپ كەتمەڭ. مېيىتىمنى قىرىق بىر كۈن يەرگە قويماي كۆتۈرسىڭىز تىرىلىمەن» دېگەنىكەن. ئاق جۇۋان بوزيىگىتنىڭ سۆزىنى يادىغا ئېلىپ مېيىتنى قىرىق كۈن كۆتۈرۈپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئۇ مېيىتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بىر موماي بىر ئاق، بىر قارا كىگىزنى سۇغا چىلاپ يۇيۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئاق جۇۋان گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن بولسا نەبولغاي، ئەپسۇس تەقدىر - قىسمەت ئۇنىڭ ئاغزىنى قىچىشتۇرۇپ گەپكە ساپتۇ:


– ھەي موما، ئاق كىگىزنى يۇسىغۇ ئاقىرار، قارا كىگىزنى يۇسىمۇ ئاقىرامدۇ؟ – دەپ سوراپتۇ قىزىقسىنىپ.

موماي:

– ۋاي بوتام، تىرىكنى كۆتۈرسىغۇ ساقىيار، ئۆلۈكنى كۆتۈرسىمۇ تىرىلەمدۇ، – دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئاق جۇۋان مومايدىن ئورۇنسىز سوئال سورىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، قوقۇمۇشنى يېشىپ قارىسا، ئەسلىدە بوزيىگىت تىرىلىپ بوپتىكەنتۇق، ئەمدى قايتىدىن پارە - پارە بولۇپ، بۇرۇنقى سىياقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئاق جۇۋان قاتتىق ئاھ - پەرياد چېكىپ، بوزيىگىتنىڭ سۆڭەكلىرىنى باشقىدىن جاي - جايىغا تىزىپ ئاتلاپتۇ - ئاتلاپتۇ، زادى ئۇتاشماپتۇ. سۆڭەكلەرنى قۇچاقلاپ قان - قان يىغلاپتۇ. نالە - پەريادىغا قۇم - تاشلارمۇ سۇدەك ئېرىپ، ئوت - ياشلار غازاڭ تاشلاپ قاغدا بوپتۇ، بىراق بوزيىگىت تىرىلمەپتۇ. ئاق جۇۋان ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئاۋايلاپ يەرلىككە قويۇپ، ئەتراپىغا دەل - دەرەخ تىكىپتۇ. تۇساتتىن جاھان بوغۇناقلىشىپ قاتتىق توپا يېغىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز بوران چىقىپ، قۇرۇق شاخ - شۇمبا، غازاڭ - قامغاقلارنى ئازگاللارغا تىقىپ قۇم بىلەن كۆمۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي يامغۇر يېغىپتۇ. تاغلاردىن شىددەتلىك سەل كېلىپ، كەڭ چۆل - باياۋانلارنى بېسىپتۇ - دە، يۇمران ئوت - چۆپلەر ئۈنۈپ زېمىننى يېشىللىققا پۈركەپتۇ. بوز يىگىتنىڭ قەبرىسىدىن گۈل - چېچەك، ئوت - يۆگەللەر ئۈنۈپ چىقىپ ئۈستىنى يېپىپتۇ. ئاق جۇۋان بوز يىگىتنىڭ قەبرىسى بېشىدا ھەسرەت چېكىپ، قان يىغلاپ، ئاخىرى ئۇنىڭ دەردى ۋە پىراقىدا جان تەسلىم قىلىپتۇ. (M1)

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كاندىدات تەتقىقاتچى

«بوزيىگىت بىلەن ئاقجۇۋان» داستانىنىڭ ئاساسلىق قوشاق ئاھاڭى




(بۇ داستاندىكى قالغان بېيت - قوشاقلار ئاساسەن مۇشۇ بويىچە ئېيتىلىدۇ)




## ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش - يېزا ئىقتىسادىنى تېز يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق

### - ئاقسۇ شەھىرى قاراتال يېزىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى توغرىسىدا

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال يېزىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يەر، سۇ بايلىقى مول بولۇشتەك تەبىئىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى دادىل تەڭشەپ، يېزا ئىقتىسادىنى تېز يۈكسەلدۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇستەھكەم ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە جانلاندۇردى. ھازىر بۇ يېزىدا دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى، تەنتەربىيە كوماندىسى، كىنو - تىياتىرخانا، چوڭ تىپتىكى ئۈستى ئوچۇق تەنتەربىيە مەيدانى، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان رادىئو ئۇزېلى، پارتىيە مەكتىپى، دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت - تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزى، مەدەنىيەت مەكتىپى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام مەدەنىي پائالىيەت مۇئەسسەسەلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. يېزا بويىچە 28 كەنتنىڭ ھەممىسىدە، 103 مەھەللە - گۇرۇپپىنىڭ 75 ىدە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇپ، ماتېرىيال، ئۈسكۈنە بىلەن سەپلىنىش نىسبىتى %95 كە، پائالىيەتتە ئىشلىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىمۇ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېز يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1993 - يىلى قاراتال يېزىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش يېزىسى» قىلىپ بېكىتىلگەندى. 1994 - يىلى بۇ يېزا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 125 مىليون يۈەنگە، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 25 مىڭ 600 توننىغا، پاختىنى 12 مىڭ توننىغا، چارۋا مالنى 94 مىڭ تۇياققا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمنى 1467 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازارلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. ئۆتكەن يىل يېزا بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يەنە ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنىڭ 1700 يۈەنگە يېتىپ، 1993 - يىلىدىكىدىن 589 يۈەن، 1994 - يىلىدىكىدىن 233 يۈەن ئېشىشى مۆلچەرلەندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا تەرەققىيات پۇرسىتىمۇ، چېكىنىش خەۋپىمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قاراتال يېزىلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت خىزمىتىدە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت توغرا يولدا چىڭ تۇردى. ئۇلار يېزا ئىقتىسادىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېز سۈرئەتلىك راۋاجلىنىش ئىزىغا سېلىش بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ھەم مۇستەھكەملەشنى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىڭ تۇتۇپ، يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا بولغان ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. يېزا - كەنت مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش داۋامىدا مۇستەھكەملەپ، مۇستەھكەملەش داۋامىدا راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ يېزىلاردىكى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا تۇتقان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى.

قاراتال يېزىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش جەريانىدىكى بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى:

1. **رەھبەرلىكنىڭ ماكرو جەھەتتە تەدبىر بەلگىلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە قوللىشى - يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.** قاراتال يېزىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىدا يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يېزىلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتكەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 1990 - يىلىلا يېزا - مەيدانلاردا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت، سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە بېيىتىشنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا - مەيدان باشلىقلىرى بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەر، يېزا - كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى يېزىغا چۈشۈپ نۇقتىدا تۇرغان كادىرلار ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ يىللىق خىزمەت نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي شەرتلەرنىڭ بىرى قىلدى. ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە

دائىر ئېتىبار بېرىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. قاراتال يېزىسى شەھەرنىڭ گۈزەللەشتۈرۈشىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، يېزىدا «ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى كومىتېتى» قۇرۇپ، مەخسۇس ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنى تۇتىدىغان رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە بۇ يېزىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى شەھەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بويىچە مۇنتىزىملىشىش، قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى، سېلىنما كۆپەيتىلىپ، ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، قوشۇن كۈچەيتىلىپ، پائالىيەت مەزمۇنى مولۇلىشىپ، يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرى ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

**2. ئېھتىياجغا ماسلاشقان مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش - ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.** مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى - يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ماددىي كاپالىتى. شۇڭا قاراتال يېزىسى مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئالدى بىلەن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتتى. يېزىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى بۇ خىزمەتكە ئۆزلىرى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىدا ھەر يىلى سېلىنىدىغان مەبلەغ بولۇش، ھەر يىلى يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلار مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىدا «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر تەڭ كۈچ چىقىرىش، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش بىلەن مۇستەھكەملەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقىي تۇردە يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىغا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش مەركىزىگە ئايلاندۇردى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان يېزا مالىيەسىدىن 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بىلەن كىنو - تىياتىرخانا كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. يېڭىدىن 3000 كىشىلىك سېمونت ئورۇندۇقلۇق ئۈستى ئوچۇق تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى. كەنت، مەھەللەردىكى مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇشىدا ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈش بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا بويىچە 28 كەنتنىڭ ھەممىسىدە قىرائەتخانا، مەجلىسخانا، مەدەنىي مەشغۇلات ئۆيى، رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى، تەنتەربىيە مەيدانى تولۇق بولغان مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. ھەر بىر مەدەنىيەت ئۆيى ئىگىلىگەن ئوتتۇرىچە قۇرۇلۇش كۆلىمى 120 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەككە يەتتى. 103 مەھەللە - گۇرۇپپىنىڭ 75تىدە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇپ بولدى. يېزا بويىچە كەنت، مەھەللە دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى قۇرۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 4 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**3. يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى - ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە.** يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىدە پائالىيەت ئەمەلىيلەشكەندىلا، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى، مەدەنىيەت قوشۇنىنى پائالىيەت ئارقىلىق چېنىقتۇرۇپ، ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەلىپىمۇ پائالىيەت ئارقىلىقلا قاندۇرۇلىدۇ. مۇشۇنداق تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، قاراتال يېزىسى مەدەنىيەت خىزمىتىدە مەۋقەنى ئاساسىي قاتلامغا قويالىدى، مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى جانلىق قانات يايدۇرالىدى. ئۇلار يېزا، كەنت، مەھەللەردە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ئومۇملاشقانلىقىدەك ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت بازىلىرىدا گېزىت، كىتاب - ژۇرنال كۆرۈش، شاھمات، بىليارت ئويناش، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ قويۇش، ھۆسن خەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى ھەم ئۆگىنىدىغان، تەربىيە ئالىدىغان، ھەم كۆڭۈل ئاچىدىغان، ئارام ئالىدىغان سورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇ پائالىيەتلەر داۋامىدا بايقالغان ماھىرلاردىن تەشكىللەنگەن يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق دېھقان - چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىدە ئۇدا 1 - ئىلىككە ئېرىشتى. تەنتەربىيە كوماندىسىدىكى بىر قىسىم چېلىشچى پالۋانلار كۆپ قېتىم شەھەر، ۋىلايەتكە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، يېزىغا شان - شەرەپ كەلتۈردى.

**4. ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.** قاراتال يېزىسى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى. ئىقتىسادنى تۇتۇپ، مەدەنىيەتكە سەل قارايدىغان ياكى مەدەنىيەتنىلا تەكىتلەپ ئىقتىساد بىلەن كارى بولمايدىغان خاھىشلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمىدى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا، تېز، مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەردى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇلار يېزا، كەنت، مەھەللەردىكى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ، 270 قارار ئەسقاتىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى كۇرسى ئېچىپ، 20 مىڭ 650 نەپەر كىشىنى تەربىيىلىدى. مەدەنىيەت تورى ئارقىلىق پەن - تېخنىكا مۇلازىملىق تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى تېخنىكا، بازار، باھا ئۇچۇرى مۇلازىملىقى بىلەن تەمىنلەش - قاراتال يېزىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىدىكى روشەن ئالاھىدىلىكى بولدى. بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇلار دېھقان - چارۋىچىلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن يېڭى تېخنىكا، بازار، باھا ئۇچۇرى 1756 خىلغا، بۇنىڭدىن ئەمەلىي پايدىلىنىلغىنى 561 خىلغا يەتتى. 1992 - يىلى كۈزدە باشقا جايلارغا ئوخشاش پاختا بازىرى كاساتلىشىپ باھا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش قىزغىنلىقى بىردىنلا سۇسلىشىپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى ۋە پەن - تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزى ئىچكى - تاشقى بازارلارنىڭ پاختىغا بولغان ئېھتىياجىغا دائىر ئۇچۇرلارنى توپلاپ، پاختا باھاسىنىڭ تېز ئۆرلەيدىغانلىقى، چىگىت يېغىنىڭ باھاسى ئۆسىدىغانلىقىنى ئالدىن ئىگىلىدى. يېزىلىق پارتكوم بۇ ئۇچۇرغا ئاساسەن تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى دادىل تەڭشەش ۋە مەدەنىيەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ پاختىكارلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئارقىلىق كېۋەز كۆلىمىنى يىلدىن يىلغا كېڭەيتىپ، ئۆتكەن يىل 92 مىڭ موغا يەتكۈزدى. نەتىجىدە، پاختىچىلىق قاراتال يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاساسىي كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇ، مەدەنىيەت بىلەن ئىقتىسادنى تەڭ تۇتقانلىقنىڭ، مەدەنىيەت تورى ئارقىلىق تېخنىكا، ئۇچۇر مۇلازىملىق تورىنى شەكىللەندۈرگەنلىكنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى. (M3)

غەيرەت ئۆمەر، ئۆمەر ھامۇت
(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)

# ئۆزلىمىزگە بىرنەزەر





## بىزدىكى ئىللەتلەر

### نىزامىددىن ھۈسەيىن

ئۆزىنى خارلىغان ياتتىن خارلىنار.
ـ ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

## بىزدىكى ئەۋھاپەرەستلىك

### تارىخىمىزدىن بىر بەت

بىزدىكى ئەۋھاپەرەستلىك (خوجا ـ ئىشانلار جاھالەتچىلىكى) نىڭ تارىختا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كەلتۈرگەن پاجىئەلىك قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى، قەشقەرلىق ھاجى يۈسۈپ تەرىپىدىن 19 ـ ئەسىردە يېزىپ قالدۇرۇلغان «جەمئىيىتىل تارىخ» (تارىخ يىغىندىسى) دېگەن قولىيازمىدا مۇنداق بايان بېرىلگەن: «. . . كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىزنىڭ ئەزىز يۇرتىمىزدا ئەۋھاپەرەستلىك (تەركىي دۇنياچىلىق يەنى خوجا ـ ئىشانلار جاھالەتچىلىكى ـ ئا) يەۋقۇلئاددە دەرىجىدە يايىلدىلەر. ئۇ زامان ھۆكۈمدارلىرى خوجا ـ ‹ئەۋلىيا› لار ھەمدەملىكىدە ئەل ـ يۇرت تۇتاتتىلەر. خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ياران، مۇرىت ـ مۇرشىدلىرىنىڭ ۋەتەن، مىللەتكە سادىقلىرى ۋە ھەم ئاۋام خەلقنى ئىسلام ئۇسۇلىغا دەۋەت قىلىدىغانلىرى بەك ئاز ئىدىلەر. ئۇلارنىڭ تولىسى ئاۋام خەلقنى ئۆزلىرىگە رام قىلماق ئۈچۈن دىنسىزلىق، مەسلەكسىزلىك، يالغان كارامەتچىلىك ۋە خانىقالار

ئەينەك

رىياكارلىقىنى ئۆزلىرىگە شوئار قىلىپ ئالغان دەججاللاردىن ئىبارەت ئىدىلەر. ئۇلار بۇ يول بىلەن خەلقنى ئەۋھاپەرەستلىككە ۋە يەنى تەركىي دۇنياچىلىققا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز غەرەزلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە ئالەت قىلىپ (بويسۇندۇرۇپ، رام قىلىپ ـ ئا) ئالماقتا ئىدىلەر. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بولغان ئاۋام پۇقرالار، مۆمىن بىقۇۋۇللەر (جاھالەتچىلىكنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان نادان قارا پايلەر ـ ئا) بىر تەرەپتىن، ئىسلام ئۇسۇلىنى ئۇنتۇپ، ئەلھال دىنسىزلىق يولىغا چۈشتىلەر. يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى مەزكۇر دەججاللارنىڭ ئىختىيارىدا دەپ تونۇپ، ئەقىدە قىلىشىپ، خۇدا ۋە روسۇلنى ئۇنتۇماقتا ھەم خۇدا ۋە روسۇلنىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ مۇرشىد دەججاللارنىڭ رىزاسىغا ھەممە نەرسىنى پىدا ئەتمەك... كە ئازدىلەر. بىر تەرەپتىن، مىللەت خۇسۇسىيىتىدىن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم مىللەت پىداكارلىقى ھېسسىياتلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ، روھلىرى ئۆلگەن ئىنسانلار قاتارىغا كىرىپ قېلىشتىلەر. بۇ دەججال مۇرشىدلەرنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن دۇنيا ۋە مەنپەئەت تالاشماقلىرىدىن تۇغۇلغان نىزاھ، ھەسەت، تەپرىقە، غەۋغا، خۇسۇمەتلەر ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى بولغان خەلقى ئاۋامغا تەسىر قىلىپ، روھىيەت بولۇپ، ئاقىۋەت مىللەتتە مىللىي ۋە دىنىي بىرلىك يوقىلىپ، ئاداۋەت، نىزاھ، تەپرىقات، غەۋغا، خۇسۇمەتلەر ئاۋام ئارىسىدا ئومۇملىشىپ بارماقتا ئىدىلەر. مانا بۇ سۈرئەت بىلەن بۇ يۇرت خەلقىنىڭ روھىياتى چوڭقۇر بىر زالالەتكە چۈشۈپ ئاقىۋەت ئۇلار تەركىي دۇنياچىلىق، نادانلىق (خورلۇق ـ خۇاھلىق) مالامەتلىرىدە جاھان تارىخ بەتلىرىدىن ئۆچۈپ ـ يوقىلىش... قا ئۆزلىرىنى ئاتاپ تەييارلاپ بارماقتا ئىدىلەر...» •

دەرۋەقە، ئەنە شۇ تارىخ، بىزنىڭ خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى زامانىدىكى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا مىللەت، ۋەتەن، يۇرت ئۇقۇمى ئەل قەلبىدىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن، يۇرتلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ، قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ تەقدىرى ئاقىۋەتلىرى «خوجا»، «ئىشان»، «ئۇلۇغ پىر» لارنىڭ ئىختىيارىدا جاھالەتلەشتۈرۈلگەن (خۇدايى مۇسۇلمانچىلىق «خوجا» لار «مۇسۇلمان» چىلىقىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن) زالالەتلىك تارىخ ئىدى. ئەل ـ يۇرت بىزدىن، بايلىق، مەئىشەت بىزدىن، مۇتلەق بويسۇنۇش، «تەقدىر» گە تەن بېرىش ـ «خوش» دېيىشلا ئەجدادلىرىمىزدىن، باشقۇرۇش، ئەگەشتۈرۈش، قۇل قىلىش... لار ئەنە شۇ «خوجام»، «ئىشانىم» لاردىن بولغان زاۋال تارىخ ئىدى. ئەلدە ئىلىم ـ مەرىپەت، مەدەنىيەت، تەرەققىيات، شىجائەت، كۈرەش، مەئىشەت... ئۇقۇملىرى يوقىتىلغان جاھالەتلىك تارىخ ئىدى.

### «جاھالەت پىرلىرى» يەنىلا ھەرىكەتتە

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يۈز بېرىپ ئۆتكەن يېقىنقىدەك پاجىئەلىك مىللىي قىسمەتنىڭ داۋامى تەسىرىگە 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغا جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ھازىرقى ئۇيغۇرلار تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىپ كېتەلىدۇقمۇ؟ ياق، تېخى خاتىمە بېرىپ كېتەلمىدۇق. شۇ تارىخنىڭ سەلبىي داۋامچىلىرى (شۇ زامان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ھازىرقى زامان پۇشتى ئەۋلاد ۋارىسلىرى) بولمىش «خوجام»، «ئىشانىم»، «شەيخىم»، «بۇۋۇم»، «ئۇلۇغ زات»... لار ھازىرقى چاغلاردىمۇ يەنىلا بىر قىسىم ئاۋام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «خوجام» لىق، «ئىشانىم» لىق، «شەيخىم» لىق، «بۇۋۇم» لىك، «مۇرىت» لىق... قىلىشىۋاتىدۇ. ئەۋھاپەرەستلىك قاراشلىرىنى جەمئىيەتكە يېيىشىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ قوشراپ، كاچۇڭ، چىمدىز، چوپان، خانلەنگىرى... يۇرتلىرى (30 نەچچە كەنت، 50 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسى) دا قاغىلىقلىق ئىشان x x «خوجام» نىڭ بىر نەچچە قېتىملىق «خۇدايى زىيارەت» لىرى داۋام قىلدى. بىر توپ ھەمىيارانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ «ھۇئاللا» بىلەن «زىيارەت» باشلىغان بۇ زاتنى بەرىكات بارغان ـ تورغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ھوزۇرىغا سالامغا توپلانغان مۇسۇلمانلارغا: بۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن، بۇ دۇنيا مەئىشىتىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئۆمرىنى خانىقا، مەسچىت، تۈنەكخانا، مازايى ـ ماشايىقلار... دا ئىبادەت بىلەنلا ئۆتكۈزۈشنى، دۇئا ـ تالاۋەتنى بىر تىنىقمۇ تەرك قىلماسلىقنى، بۇ ئالەم ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىدىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي خالىي تۇتۇشنى قىسمەتنى پۈتۈنلەي تەقدىردىن كۆرۈشنى، «پىر» سىز يۈرمەسلىكنى... تەۋسىيە قىلغان.

تارىخىمىزدا ئۆتكەن جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر «داھىي ئەۋلىيا» لىرىدىن بىرى بولغان ئاپاق خوجا ئەينى زامانلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا: «... مېنىڭ مۇرىتلىرىمنىڭ دىلى يۇرت، مىللەت، قەۋم، قەبىلە، گۆرۈھ، تائىپە، چېگرا، دۇنيا ـ زېمىن، دەپىن دۇنيا ... ۋەسۋەسلىرى (قايغۇسى ـ ئا) دىن پۈتۈنلەي خالىي بولغاندا، يۇرتلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ، شەرىئەت، قانۇن، قائىدىلەرنىڭ، ئادەت، يوسۇنلار... نىڭ تەسىرى دامىدىن ئۆزىنى خالىي، پاك تۇتالىغاندىلا ئۇلارنىڭ بەندىچىلىكى مېنىڭ دۇئايى نەپسىم ئارقىلىقلا جانابى ئاللاغا يېتىدۇ، ئاخىرەتلىكى ئەبەدىي خەيرلىك بولىدۇ...» («ئاپاق خوجا تەسنىقى» دىن) دەپ «ئەمرىمەرۇپ» قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلەردە x x خوجام ئۇنىڭ ھازىرقى زامان داۋامىنى «ئەمرىمەرۇپ» قىلماقتا.

x x خوجام يەنە شۇ ئەل ـ خالايىق ئارىسىدا «قازا ناماز»، «قازاروزا»، «قازا ئىبادەت»، «قازا نەزىر»،

• «جەمئىيىتىل تارىخ» (تارىخ پىشەندىسى): بۇ ئەسەرنى قەشقەر تاشمىلىق يۇرتىنىڭ قوشتۆپە مەھەللىسىدىن چىققان تارىخچى ئالىم ماجى يۇسۇپ 1908 ـ يىلى تاشمىلىقتا يېزىپ چىققان. 1838 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1914 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان بۇ ئالىمنىڭ «تارىخى ياقۇپبەگ» دېگەن ئەسىرى بىلەن «جەمئىيىتىل تارىخ» دېگەن قوليازمىسى 1910 ـ يىلى ك. زالمان تەرىپىدىن «ئاسىيا مۇزېيخانىسى» نىڭ مۇسۇلمان قوليازمىلىرى بۆلۈمىگە قويۇلغان.

«قازا دۇئا - تالاۋەت»، «قازا سەدىقە - پىتىر»، «قازا زاكات». . . لارغا، ئالاھەزەل خۇدايى بەندىچىلىكتە ئۆتۈلگەن «گۇناھ - كىبىر» لەرگە كاپارەت - سەدىقە ئاتاشنىڭ قەتئىي خۇدالىق زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئەلدىن «پىر» لىق نەپ يىغىۋېلىشقا ئامالىنىڭ بارىچە كۆچەپ كۆرگەن. شۇڭا، بۇ زىيارەتلەرنىڭ بىر قېتىملىقىدىلا ئۇنىڭ يۇقىرىقى يۇرتلاردىن «دۇئا» قىلىپ يىغىۋالغان يېڭى كىگىز، جايناماز، كۆرپە، تىبرە، ئەن رەخت، ساپمىغان تون سەرپايلىرى 30 نەچچە تېگىمىقا، چوڭ - كىچىك مېلى 30 نەچچە تۇياققا يەتكەن. خوجام پاتىھە قىلغان، قونۇپ بەرگەن ئۆيلەردە خوجامنىڭ دۇئاسى ئۈچۈنلا 40 نەچچە تۇياق مال سويۇلغان. دۇئاغا چۈشكەن نەق پۇللا 30 نەچچە مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

«بۇ زات ‹Q› يېزىسىغا بىر قېتىم بارغاندا، - دەيدۇ بۇ خوجامنىڭ يېقىن دىلدىشى ھەم سادىق مۇرىتى، قاغىلىق كاسكىلىق سەئىد ئاسىپخان خوجا، * - بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇ زاتنى خۇددى پەيغەمبىرىمنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى: ئۆي - ئۆيگە باشلاپ مال سويۇپ يېگۈزۈپ قوندۇردى. نېمەدېسە شۇنى بېرىپ، نېمە بۇيرۇسا شۇنى قىلىپ ‹دۇئا›، سىنى ئالدى. ھەتتاكى ھۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ ئۇ زاتنىڭ ‹دۇئا›، سىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە ‹ساۋاپ›، لىق قىلىقلارنى قىلىشتى. يېزىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان x x نىڭ بۇ ئىشتىكى پائالىيىتى تېخىمۇ تەسىرلىك بولدى: ئۇ، خوجامنى ھەمىيارانلىرى بىلەن بىللە ئۆيىگە باشلاپ قوندۇرۇپ، بىر كېچە تۈنەك قىلىپ بەردى. خوجاملارغا ئەركەك قوي سويۇپ، خوجامنىڭ خېنىمى (خوتۇن خەقلەرنىڭ «پىرى بۈۋىسى») گە تېخى قىرقىلمىغان قارا پاخلان سويۇپ يېگۈزۈپ، ‹خوجام›، نى يوغان ھويلىنىڭ چىڭ ئوتتۇرىسىغا توققۇز قەۋەت سېلىنچە بىلەن راسلانغان چۈشەككە ياتقۇزۇپ، ئەتراپىنى چۆرىدەپ قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇشۇپ، ئۇخلىماي تۈۋا - ئىستىغپار خەتمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى 400 نەچچە يۈەن پۇل ‹دۇئا›، قىلدۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدى. . . ». بىلىشىمىزچە، «خوجام» بۇ قېتىملىق خۇدايى زىيارىتىدە «Q» لىق ئىخلاسكارلاردىن بىر ماشىنا ئەلتىرە، يېڭى كىگىز، جايناماز، ئەن رەخت، 10 مىڭ يۈەندىن جىقراق نەق پۇل، مەلۇم ساندا چارۋا مال «دۇئا» قىلىپ قايتقان. ئەپسۇس! «خوجام» دىن «دۇئا» ئېلىشقا شۇنداق سېخىيلىق قىلىشقان ئىخلاسكارلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان بىرەر مەكتەپكە، ۋەيران بولۇپ كەتكەن مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا، كونى تەس نامراتلار. . . غا چىداپ بىرەر يۈەن ئىئانە بېرىشكە قولى بارمىغان ھەم بارمايدىغان كىشىلەر ئەمەسمىدى؟ شۇنداق يوغان بىر يۇرتتىن (10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئارىسىدىن) بۇ ئاققۇن «خوجام» غا: «مەن ئاللانىڭ ۋەكىلى» دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار؟ مەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىياسى، «خوجىسى» دېيىشكىچۇ؟ سەن يىغىۋاتقان شۇنچە مال - دۇنيا خۇدا ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ؟ ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئالغاندا، ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۆلەك ئەلچى يوقتۇر، ئەبەدىي بولمايدۇ. سەن ئۆزۈڭنى پەيغەمبىرىم بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ . . . دېگەندەك ھەقلىق سوئاللارنى قويىدىغان دىنىي ئۆلىمالار چىقمىغان، ئۇنى «دىنىي ئالدامچى» دەپ ھەيدىۋېتىدىغانلار تېخىمۇ چىقمىغان!

ئالەم - جاھاننىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان «Y» ناھىيە بازىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىرقىسىم كىشىلەر بېيىپ دەۋر سۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك تەدبىرى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ «خوجا»، «ئىشان» لىق نەسەپنامىلىرىنى يېڭىباشتىن پەيدا قىلىشىپ، بىر نەچچە جايدا «خانىقا»، «پىر» لىق نۇقتىلىرىنى چۆرۈپ جەمئىيەتتە «سوپى»، «ئىشان» لىق پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇۋېتىشكەن. يەنى ئەل - خالايىق ئارىسىدا «پىر» تۇتۇش، «دۇئا» ئېلىش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەن. ئۆزلىرىنىڭ «پىر» لىق نوپۇزىنى تىكلەشكەن. كىشىلەرنى «مۇرىت» لىققا دالالەت قىلىشقا باشلىغان.

1994-يىل 8-ئايدا بىز بۇ «خوجا»، «ئىشان»، «پىر» لارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن بىر قەدەر ئەتراپلىق تونۇشتۇق: «Y» ناھىيە بازىرىنىڭ x x ئاھالە كومىتېتىدا «خانىقا» چۆرىگەن x x ئىشاننىڭ «خانىقا» لىق ھويلىسىغا ھەر جۈمە كۈنى نۇرغۇن مىسكىن چىراي ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلارنىڭ داستىخان كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ «دۇئا» قىلدۇرۇپ، «بۈۋى»، «خېنىم» دىن «دۇئا» ئېلىپ قايتىپ چىقىۋاتقانلىقلىرىنى قايتا - قايتا ئۇچراتتۇق. 17، 18، 20 ياشلاردىكى بىر قىسىم يېزىلىق ئوغۇل باللارنىڭ ھەر جۈمە كۈنى بۇ «خانىقا» غا كىرىپ ئىبادەت قىلىپ، «خوجام» نىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشىپ رازى قىلىپ «دۇئا» ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ «خانىقا» غا يەنە 10 -، 11 - ئايلاردىمۇ يالىڭاياغ، يىلىڭ كىيىملىك دېھقان بىچارىلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ، ئوتۇن - ياغاچ، توخۇ - تۇخۇم، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات. . . كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ «پىر» ىمدىن «دۇئا» ئېلىپ قايتىپ (كېلىپ - كېتىپ) تۇرىدىغانلىقلىرىدىنمۇ خەۋەر تاپتۇق. بىز يەنە ھەر بىر يېزا، كەنتلەردە بۇ شەھەردىكى «خوجام» لار ئۈچۈن پىدائىيلىق قىلىشىدىغان، يەنى «خوجام» لارغا ۋەكالىتەن «مۇرىت»، «ياران» توپلايدىغان، «خوجام» يولىنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىدىغان، «خوجام» ئۈچۈن «دۇئا» سەدىقىسى، «خوجام نەسىۋىسى» يىغىپ تۇرىدىغان «خوجاملار كىشىلىرى» تۇرغۇزۇلغانلىقىدىن، «خوجام» لار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بۇ «خوجاملار كىشىلىرى» يىل، ئاي ئاخىرلىرىدا كۆرسەتكەن خىزمەت، ياراتقان نەتىجىلىرى ئۈچۈن «خوجام» تەرىپىدىن مۇكاپات - «دۇئا» ئېلىپ تۇرىشىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتۇق.

بۇ ناھىيىنىڭ گۈلباغ يېزىسىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى، جامائەت ئەرباپى «A» ئەپەندى بۇ ناھىيىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەتتا كېڭىيىشكە قاراپ

---

• سەئىد ئاسىپخان قاغىلىقلىق x x «خوجام» نىڭ شېرىكى. 1991 - يىلى ئورۇمچىدە ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان سۆزلەر ئۇنىڭ ساقچىغا تاپشۇرغان خاتىرىسىدىن كۆچۈرۈلدى.

يۈزلىنىۋاتقان بۇ ئەھۋالغا ئېچىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «. . . ئىزدىنىپ كۆرسەم، بۇ ناھىيىدە ‹ئىشان›، ‹خوجام›، ‹پىرىم› لارغا قول بەرگەن، ‹مۇرىت› بولغان، ‹خانىقا› لار ئىبادىتىگە كۆنۈپ تۇرغان يېزا - قىشلاقلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھازىر 10 مىڭدىن ئاشىدىكەن. بۇ سەپتە بىرمۇ باشقا مىللەت كىشىلىرى يوق. %95 تى دېھقان ياشلىرى. ‹خوجام›، ‹ئىشانىم›. . . دېگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغانلىق چوڭ زىيالىيلار، مەسئۇل خىزمەتچىلەر. . . مۇبار. ‹مۇرىت›، ‹مۇخلىس› لار ئارىسىدىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنى، ئىشسىز ھەم جەمئىيەتتىن رىيازەت چەككەن دەردمەن ياشلار. . . نىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. . .»

گۇما، پوسكام، قاراقاش ناھىيىلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەلىرىدىمۇ بىز يەنە «خوجام»، «ئىشانىم»، «پىرىم» دېگەنلەرنىڭ بىر قىسىم قەبىھ «كارامەت» لىرى بىلەنمۇ تونۇشتۇق.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسى تەۋەسىدىكى ھاراپ كەنتىگە توساتتىنلا ناھايىتى غەلىتە ئالتە نەپەر «پىر» پەيدا بولۇپ قالىدۇ. سىركىدەپ كەتكەن چۇۋۇق چاچلىرى گەجگىسىدىن ئاشقان، تەلەتى سۈرۈن، سەت كىيىنگەن، غەلىتە ياسانغان، پۇت - قوللىرى توڭرىلىشىپ كەتكەن، ئەلپازى قورقۇنچلۇق، تەلەپپۇزلىرى ۋەھىملىك كەلگەن بۇ مۇتتەھەم «پىر» لار كەنت ئاھالىلىرى توپلانغان سورۇنغا كېلىپ: «بىزلەر جانابىي ئاللانىڭ ئەلچىلىرىمىز. جانابىي ھەق بىزنى بۇ يۇرتقا مۇئەككەل قىلىپ ئەۋەتتى. بىزلەرنىڭ سۆزىمىز ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان، پەقەت خاتاسى يوق سۆزلەردۇر. بىزلەر نېمە دېسەك، سىلەر شۇنى تەخىرسىز بىجا كەلتۈرۈڭلار، بولمىسا ئېغىر بالا - قازاغا يولۇقىسىلەر. . .» دېيىشىدۇ. ھەر بىرى ئۆزىنى بىردىن «پىر»، «ئەۋلىيا» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئۆيلەرگە تارقىلىپ «دۇئا» تاپاۋىتى يىغىۋېلىشنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى دېھقان قۇربان ئاخۇننىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىۋېلىپ ئۆيگە قاراپ ۋارقىراپ: «. . . بۇ ئۆينىڭ خوتۇنى مەزلۇمە! قازناق ئۆيۈڭدىكى تەكچىنىڭ تېگىدە بىر يوتقان تېشى، قۇربان ئاخۇننىڭ بىر تونى بار، دەرھال ئېلىپ چىقىپ بىزگە دۇئا قىلدۇرۇۋەت. ئۆيۈڭلەرگە كەلگەن بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن توگەيدۇ. بولمىسا بۈگۈنلا ئۆلۈپ كېتىسەن. . .» دەيدۇ. قۇربان ئاخۇننىڭ خوتۇنى گۆھەرخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەم «پىر» نى كۆرۈپ قورقۇپ غال - غال تىترەيدۇ. «پىر» نىڭ دېگەنلىرىنى بېرىپ «دۇئا» ئېلىپ قوتۇلىدۇ. ئۇ «پىر» يەنە كەنت بوغالتىرى ئېلى ئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «. . . ساڭا يېقىندا خۇدادىن چوڭ بىر بالا - قازا كېلىۋاتىدۇ. ئېغىلدىكى ھاڭگىنى، ئۆيدىكى تەڭلىمات كىگىزنى، يېنىڭدىكى پۇلدىن 50 يۈەننى دۇئا قىلدۇرۇپ تۇۋا قىلمىساڭ بۇ بالا - قازادىن قوتۇلالمايسەن. يا سەن ئۆلىسەن، يا خوتۇنۇڭ. . .» دەيدۇ. ئېلى ئاخۇن ئۇ «پىر» نىڭ دېگىنىنى بېرىپ «دۇئا» ئېلىپ «بالا - قازا» دىن قوتۇلىدۇ. بۇ ئالتە نەپەر «پىر» دېھقان ھەبىبۇللا مۇھەممەتئېلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭغا: «مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە مۇنۇ ئوغلۇڭغا ئەجەل كېلىدۇ. شۇڭا بۈگۈن بىزگە دۇئا قىلدۇرۇۋەت. ئاللادىن ئۇنىڭغا ‹پىر› لىق نۇسىبەت بولىدۇ» دەيدۇ. ھەبىبۇللا مۇھەممەتئېلى قورقۇپ كېتىپ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئېلىنى ئۇلارغا «دۇئا» قىلدۇرۇۋېتىدۇ. ئېلى يىغلاپ قاچىدۇ. «پىر» لار بۇ يەردىن كەتكۈچە ئۆيىگە كەلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، «پىر» لار بۇ كەنتتىن 7 - 8 ئۇلاغ ئوبدان ۋە ج - ئوقەت يىغىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ «بالا - قازا» ھەققىدە تارقاتقان ئەپسانىلىرى ئەل ئارىسىدا بىر مەنىۋى ۋەھىمە بولۇپ قالىدۇ•.

بىز پوسكام، قاراقاش، ئۈرۈمچى. . . لەردىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئاتا - ئانىلىرىدىن «دۇئا» غا ئېلىپ خوتۇن قىلىپ ئوتتۇۋاتقان «ئىشانىم»، «خوجام» لار نىمۇ ئۇچراتتۇق. قەشقەر ھەززىتىلىك $x\ x$ «خوجام» (ئافاق خوجىنىڭ نەسەبلىرىدىن ئىمىش - ئا) «دۇئا» غا قىز ئېلىپ خوتۇن قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئۇيغۇر چوكانلاردىن بىر نەچچىسى ھازىر ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا «خۇدايى تىلەمچى» لىك قىلىشىۋاتىدۇ. تەركىي دۇنيالاشقان بۇ مەزلۇمەلەرنىڭ كەلگۈسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر «بۇۋى» لىرى بولۇپ يېتىشىدىغانلىقىدا گەپ يوق. بىز يەنە $x\ x$ «خوجام» نىڭ ئۈرۈمچىدە «مۇرىت»، «ھەمياران» لىرىنىڭ بارلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتۇق. «خوجام» نىڭ «دۇئا» سىنى ئېلىپ تۇرىدىغانلارنىڭ سانى ھەر ئايدا 3 - 4 يۈز كىشىدىن ئاز ئەمەسكەن.

دېمەك گەپ تولا. قىسقىسى، بۇ خىل جاھالەت كۈچلىرى مۇشۇ زاماننىڭ ئۆزىدىلا بىر قىسىم ئاۋام ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «ئۇلۇغ زات» لىقتا قەدىرلىنىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ تېۋىنىپ، تاپقان - تەرگەنلىرىنى «دۇئا» قىلدۇرۇپ «دۇئا» ئېلىپ، خىزمەتلىرىدە بولۇپ رازى قىلىپ «ساۋاپ» تېپىشىۋاتىدۇ. «نادان ئەلنىڭ ھارامدىن موللىسى بولىدۇ» دېگەن قازاق خەلق تەمسىلىنىڭ بىزنىڭ روھى ئەندىزىمىز بولۇپ قېلىۋاتقىنى قېلىۋاتقان.

دېمەك، بىزنىڭ ھازىرقى مىللىي ئېڭىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىز، مىللىي تەقدىرىمىز يەنىلا ئىسلام دىنىنى نىقاب قىلىشىۋالغان يوقىرىقىدەك جاھالەت كۈچلىرىنىڭ زەھەرلىشىگە، بۇلغىشىغا دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھالەت بىر قىسىم ئاھالىلەر ئارىسىدىكى قىسمەن ھالەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر قىسىم ئاھالىلىرىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان ئورتاق ئاجىزلىق ۋە نادانلىق ھالىتىدۇر. نادانلىق - كىشىلىرىمىزنى مىللىي غۇرۇردىن، مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن، ئىلىم - مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك. . . غايە - ھەرىكەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىككە، مىللىي ئىدېئولوگىيە ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە داغ كەلتۈرىدۇ، توسقۇن بولىدۇ. كىشىلەرنى ئەقىل -

---

• بۇ يەردە ئىستانا ئېلىنغان سۆزلەر گۇمىلىق مۇئەللىپ ئابدۇلئەھەت ئالىمنىڭ «پىرلار ھاراپ كەنتىدە» دېگەن خاتىرە ماتېرىيالىدىن كۆچۈرمە قىلىندى.

ئىشەنچ، مۇھەببەت، دوستلۇق، دىن، ئىجتىمائىي ئالاقە ئازادلىقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

جاھالەت كىشىلىرىمىزگە ماسلىشىپ، كىشىلىرىمىز جاھالەتكە ماسلىشىپ ئۆتۈۋاتقان بۇ مەنىۋى نەسلىكتىن، مىللەتنىڭ ئىستىقبال ئۇلىنى ۋەيران قىلىدىغان بۇ يوشۇرۇن ئاپەتتىن نىمە ئۈچۈن سەسكەنمەيمىز؟ نىمە ئۈچۈن جەمئىيەت خاراكتىرلىك چەكلەش كەيپىياتى تىكلەپ كېتەلمەيمىز؟

## بىزدىكى خۇراپاتچىلىق

خۇراپات ھۆكۈم سۈرگەن ئەلدە ھايات ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

ـ خەلق تەمسىلى

### بىزدىكى شامانى خۇراپاتچىلىق

شامان دىنى 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلغان دىن. بۇ دىنىنىڭ پىرى خۇداسى «باقشى» دېيىلىدۇ. «باقشى» ئۆزىنى مۇتلەق قەتئىي قىلىپ: «ھەممىگە قادىر»، «ھەممىگە قابىل» دەپ بىلىدۇ. جۈمكەشچىلىك (سېھىرگەرلىك)، پالچىلىق، تەبىرچىلىك (چۈش تەبىرچىلىكى)، شىپاگەرلىك (ئوقۇپ كېسەل ساقايتىش)... كارامەتلىرى بىلەن ئۆز ئۇممەتلىرىگە قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. «باقشى» نىڭ ئۇممەتلىرى «باقشى» نى جىن ـ شاياتۇنلارنى قوغلاپ، ئاغرىق ـ كېسەلمەنلەرنى «شىپا» تاپقۇزىدۇ، پال بېقىپ ئۇممەتلىرىگە ئىجادلىق ـ ئىجادسىزلىق، ياخشىلىق ـ يامانلىق، نەسىلىك ـ نەسىزلىك... ئاتا قىلىدۇ، تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش، قېرىش ـ ياشاش، كېسەل بولۇش، تەلەيلىك ۋە تەلەيسىز بولۇش (باي بولۇش، گاداي بولۇش، تىنچلىق ـ تىنچسىزلىق)... نى قولىدا تۇتىدۇ... دەپ بىلىشىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى شىبەلەر جۇملىدىن موڭغۇل، داغۇر، تاڭغۇت ۋە باشقا بەزىبىر مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم قەبىلە، بۆلەكلىرى مۇشۇ دىنىنىڭ ھازىرقى زامان يۈزلىنىشىدە دىندارلىق قىلىشىدۇ. بىزنىڭ بىر قىسىم ئاھالىلىرىمىز ئارىسىدا ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پالپەرەسلىك، پېرىخونلۇق، جۈمكەشچىلىك (سېھىرگەرلىك)، سۇفكەشچىلىك (ئوقۇتۇپ بەخت تېپىش، ئوقۇتۇپ يوقىتىش، ئوقۇتۇپ كېسەل ساقايتىش) قاتارلىق غەيرىي ئىسلام قىلىقلىرى ئەنە شۇ خىل باشلانغۇچ شامانى قىلىقلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىزى ۋە شەكلىدۇر.

1992 ـ يىلى كۈزدە يېقىن تۇغقانلىرىمىزدىن بىرسىنىڭ تۆت قوي، بىر كالىسىنى ئوغرى ئەپكەتتى. تۇغقانلار ئۇلاش ـ چولاش ئىزدەشتۇق، تاپالمىدۇق. ئاخىر بىچارە تۇغقىنىمىزنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى بىلەن «پال» سالدۇرۇپ ئوغرىنى تۇتۇۋالمىساق بولمىدى، دېگەن يەرگە كەلدۇق ـ دە، «پالچى» ئىزدەپ ئۇرۇمچىگە كىردۇق. ئاندا چۆرگىلەپ، مۇندا چۆرگىلەپ ئاخىر ئاق مەسچىتنىڭ يېنىدا ئالدىغا بىر سىقىم قۇمىلاقنى قويۇپ ئولتۇرغان سەرپۇش توماقلىق بىر كوسا تەقسىرنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. «پال سالىمەن، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالىنى سالىمەن. غايىۋى ئىشلارنىڭ سىرىنى ئاچىمەن...» دەپ توختىماي جاۋراپ تۇرغان بۇ «پالچى» بىزنى قوبۇل قىلدى. «بېشىمىزغا كۈن چۈشۈپ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلدۇق. پال ئېچىپ بەرسىلە...» دېدۇق. «پالچى»: «نەدىن كەلدىڭلار؟ سىلەر نېمىش قىلىدىغان ئادەملەر؟ قاچان، نېمەڭلەرنى يوقاتتىڭلار؟» دېدى. «يىراق تاغدىن كېلىمىز، كەسپىمىز مالچىلىق، تۆت كۈن بۇرۇن قوي، كالىمىزنى يوقاتتۇق» دېدۇق. «پالچى» تەقسىر ئالدىدىكى بىر سىقىم قۇمىلاقتىن 41 نى تاللاپ ئۇ يېنىغا بىر، بۇ يېنىغا بىر دۇملىتىپ، توختاپ بىزگە: «... بېخىل ئادەملەرگە پال ئارقىسىنى قىلىدۇ. ئامەت دۇئايى ئاسايىش سېخىيلەرگە ئۇچۇقتۇر. قاراڭغۇ دىللارنى كۆرۈشكە سېخىي دىللار كېرەك. بىر قېتىملىق پالغا يەتتە يېتىمنى بىر تويغۇزغۇدەك دىرەم چىقىم قىلىڭلار...» دېدى. تۇغقىنىم بۇ گەپلەرگە ئېرىپ كېتىپ يېنىدىن 30 يۈەننى چىقىرىپ «پالچى» تەقسىرنىڭ ئوڭ قولىغا تۇتقۇزدى. «پالچى» تەقسىر 41 قۇمىلاقنى توققۇز يەرگە بۆلۈپ تىزىپ، بۇ قىلىقنى تۆت قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن دېدى: «پال ناھايىتى ئوڭدىن چۈشتى. مېلىڭلارنى ئوغرىلىغان ئوغرى دەل مەھەللەڭلارنىڭ ئوغرىسىكەن. مېلىڭلارنى تېخى يوقاتماپتۇ، يۆتكەشكە تەرەددۇت قىلىۋېتىپتۇ. چاققان ئىزدىسەڭلار قولۇڭلارغا كېلىدىكەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ مەھەللىگە قايتتۇق. بۇ مەھەللىدە 100 نەچچە ئائىلە، 7 ـ 8 يۈز نوپۇس بار ئىدى. مېنىڭ تۇغقىنىم «پالچى» تەقسىرنىڭ سالغان پالىغا ئىشىنىپ، ئوغرىنى ئۆز مەھەللىسىدىن ئىزدەشكە تۇتۇندى. «ئوغرى بىر، گۇمان مىڭ» دېگەندەك، ھەممە ئۆيلەردىن، ھەممىلا ئادەملەردىن گۇمان قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ تۇغقانلار بىلەن ئۆيدىكى چوڭلاردىن 7 ـ 8 كىشىنى مەھەللىدىكى ئائىلىلەرنى، كىشىلەرنى، كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى كۆزىتىشكە قويدى. مەھەللىدە ماراش، «گۇمان» بار دېگەن ئۆيلەرگە كىرىپ كۆزىتىشكە ئادەملەرنى سالدى. كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتتى، ئوغرى تېپىلمىدى. ئاقىۋەت بۇ ھال مەھەللە جامائىتى بىلەن تۇغقىنىمنىڭ يۇرتدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ئاقىۋىتىنى ئېلىپ كەلدى. بىچارە تۇغقىنىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇششۇق نوچى» ئاتىلىپ ئەلدىن يەكلىنىش كۈنىگە قالدى. يۇرت ھارام بولدى. گۇمان ئىمانىنى قاچۇردى دېگەننىڭ ئۆزىلا بولدى، خالاس.

دەرۋەقە، بىزنىڭ ئاۋام كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئالدامچى «پالچى» تەقسىرلەرنىڭ «پال» چىلىق زۇۋانىغا ئىشىنىپ، ئەقلىدىن ئېزىپ يۈرگەن يۇقىرىقىدەك بىچارىلەرنى يەنە يوق دېيەلەمدۇق؟ «پالچى» نىڭ گېپى بىلەن ئەرلىرىنى كۈنلەپ يۈرگەن تەنتەك جۇۋان، چوكانلار، پاك خوتۇنلىرىدىن گۇمانلىنىپ نىكاھ يۆتكەش كويىدا يۈرگەن ھەۋەسخور يىگىت ـ ئەركەكلەرنىچۇ؟ بېشىغا ھەر خىل كۈن كەلگەنلەر، ئاغرىق ـ سىلاقتىن نېرى بولالمىغانلار، جاھاندارچىلىقتا پېشكەللىككە دۇچ كەلگەنلەر، بەختى ئېچىلمىغان... لارنىڭ تېۋىنىش ۋە ئىشىنىش «مازىرى» ـ «پالچى» تەقسىرلەرنىڭ «پالچى» لىق زۇۋانى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بۇزۇۋاتقان گول ئويغۇرلارنى ئۇچرىتىپ تۇرغىنىمىز تۇرغان. بارىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ، ئاشقىنىنى رەمبالغا بېرىپ كۈنۈپ كەتكەن كىشىلەرگە: سەن يوقاتقان نەرسەڭنى «پال» بىلەن تاپالمايسەن، ساڭا ئۆز ئەقلىڭدىن باشقىسى بىكار،

تەقدىرىگىنى «پالچى» غا باغلىما. . . دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىتالماي ئۆتتۇۋاتىمىزمۇ؟ بۇمۇ بىزدىكى بىر خىل ئەقلىي كەمتۈكلۈك ئەمەسمۇ؟

بىز خەقنىڭ ئارىسىدا «چۈمكەشچى - سېھىرگەر» لەرگە، «دۇئا» يى بېشارەتچىلەرگە، پىرىخون - باقشىلارغا تېۋىنىپ ۋە ئىشىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىشىدىغان بىقوۋۇل كىشىلىرىمىزمۇ خېلى بار.

چۈمكەشچىلىك (سېھىرگەرلىك) بەزىبىر ئالدامچى، ئىرىكتاپ «كارامەتكار» ھەزرەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ «تەقدىرى» گە ئوقۇپ «ئۆل» سىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل ھەرىكەتلىك غەپلىتى. «چۈمكەشچىگە سەۋەب قىلدۇرۇپ پەرزەنت كۆردۇق»، «چۈمكەشچىگە سەۋەب قىلدۇرۇپ بالا - قازادىن قۇتۇلدۇق»، «سەۋەب قىلدۇرۇپ دۈشمىنىمىزنىڭ ئەدىپىنى بەردۇق»، «سەۋەب قىلدۇرۇپ بۇ ئالەمنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتۇلدۇق»، «سەۋەب قىلدۇرۇپ ئاخىرەتلىكىمىزنى تاپتۇق» دەيدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ تۇرغىنىمىز تۇرغان.

يېقىنلىرىمدىن $x$ $x$ خېنىم 19 يېشىدا پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان قىزى $x$ $x$ خاننىڭ تەقدىرى قىسمىتىدىن زارلىنىپ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئۇلار (بۇرۇن قۇدىلىققا ماڭغانلارنى دېمەكچى) بىز بىلەن قۇدىلىشىشنى قاملاشتۇرالمىغانلىقتىن، ‹چۈمكەشچى› باقشىغا چۈمكەش قىلدۇرۇپ، قىزىمنىڭ ئىككى قولىنى تۇتماس، ئىككى پۇتىنى باسماس قىلىۋەتتى، چىرايىنى يوقاتتى. ئاڭلىساق، قىزىمنىڭ چېچىدىن 40 تال، قول - پۇتىنىڭ تىرنىقىدىن 10 تال يىغىپ، ئۇنى ئاغرىپ ئۆلگەن بىر ئېشەكنىڭ ئۆپكىسىگە چاپلاپ، ئۆپكىگە ئايەت ئوقۇلغان يىڭنىدىن 40 تالنى 40 يەرگە سانجىپ، ئۈچ كۈن توختىماي ئوقۇتۇپ، قۇملۇقتىن 40 گەز يەر كولىتىپ كۆمۈپ بەنت قىلىۋەتكەنمىش. . . قىزىمنى ئۇلار ئاشۇنداق كاردىن چىقىرىۋەتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ 23 ياشلىق ئوغلىنى شۇنداق قىلىۋېتىشكە ‹چۈمكەشچى› ئىزدەپ يۈرۈيمەن. . . ».

ئىرىكچىلىكى، تاشقى قىياپەت سالاھىيىتى زامانلاشقان بىلەن روھىي دۇنياسى تېخى زامانلاشمىغان بۇ «ئوقۇمۇشلۇق» يېقىنىمنىڭ يۇقىرىقى گەپ، قىلىقلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. بىز خەققە بىرسىمىزنىڭ خاپىلىقى يەنە بىرسىمىزدىن كېلىۋېرەمدىغاندۇ؟ ماڭا كەلگەن دەرد ساڭىمۇ كەلسىكەن، دەپ تىلىشىۋېرەمدىغاندۇق؟ قاچانغىچە خۇراپىي ئەپسانىلەرگە ئىشىنىۋېرىمىز؟ تەقدىرىمىزنى «سېھىرگەر»، «پالچى»، «دۇئا» كەش، «كارامەتكار» . . . لەرگە باغلاپ تۇرىدىغان قارا «ئەقىل» دىن قاچان قۇتۇلارمىز؟ بىر كىملەرنىڭ دېگەنلا گەپلىرىگە ئىشىنىپ، دېگەنلىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھايۋانلاردىن نېمە پەرقى باردۇ؟

ئىشلەپ جان بېقىشقا بېلى بوشلۇق قىلىدىغان بىر قىسىم ئىرىكتاپ ئۇيغۇرلار «باقشى»، «كارامەتكار»، «رەمچى»، «دۇئا كوي» . . . بولۇشۇۋالغان، ئۇ ئالدامچى ئۇيغۇرلارنىڭ «غايىۋى كارامەت» لىرى بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىدىن گۇمان قىلىشىپ، ئارازلىشىپ، بىرىگە بىرى ئۆلۈم تىلەپ، بىرىنى بىرى قاغاپ، بىرىنى بىرى دۈشمەن تۇتۇپ. . . جاھانسازلىق قىلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار بۆلەكلىرىنىڭ بىزدە ئارىلىشىپ (داۋاملىشىپ) تۇرۇۋشى ھازىرقى زامان مىللىي ئىستىقبالىمىزنىڭ مۇگەييەن مەنىۋى جاراھەتلىرىدىن خەۋپلىك بىر يېرىڭدۇر. ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىدىغان، ھېسسىياتلار ئۈستىدە ئىلمىي پاراسەت غالىب تۇرغان، پەننىيلەشكەن، زامانىۋى ئەقىل - ئىدراكقا يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مەنىۋىيىتى ئۈچۈن بۇ خىل جاراھەتلىك يېرىڭلاردىن چوقۇم قۇتۇلۇش بىر چوڭ مىللىي زۆرۈرىيەت، ئەلۋەتتە.

## بىزدىكى ئېتىقادىي دىنىي خۇراپاتچىلىق

بىزدىكى باشلانغۇچ ئىسلام خۇراپاتچىلىقىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ، ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر تارىخچىسى، چۆچەكلىك قارىي قۇربانئەلى خالىد ھاجى ئوغلى ئۆزىنىڭ «كىتابىل تارىخى جەرىدىد» (جەدىدچىلىك تارىخى - ئا) كىتابىدا شەرھىيلەپ مۇنداق يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلام دۇنياسىدا يېيىلغان جاھالەت، غەپلەت بىزدە 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە يىللىرىغىچە كېڭىيىپ داۋام قىلماقتا ئىدى. مەكتەپ، مەدرىسەلەردىكى تەلىم - تەربىيە كونا ئەنئەنىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، زامان، ماكان تەلىپى بويىچە ۋۇجۇدقا كەلمىكى لازىم بولغان ئىسلاھات پەقەت ۋۇجۇدقا كەلمىگەنىدى. ئۆلىما ۋە باشقا دىنىي مۇتىۋەرلەر بۇ كونا ئەنئەنىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان مۇقەددەس مەزھەپ دەپ بىلىشەر ئىدى. ئىسلام باشلانغۇچىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ مىڭلارچە تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كۆرگىنىنىڭ تارىخلىرىنى، سەۋەبلىرىنى خاتىرىگە كەلتۈرگەنلەر بەك ئاز ئىدى. دۇنيادىكى مۇسۇلمان ۋە غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىلىمدە، سەنئەت، سانائەتتە ۋە ھەر ئىشتا قورقۇنچلۇق تېز سۈرئەتتە تەرەققىيغا يەتكەنلىكلىرىنى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلار ئىدى. بەزى كاج كىشىلەر بۇ يۇرتلاردا ئۇ خىل تەرەققىيلەر ھاجەتسىز ۋە ئىمكانسىزدەر ئىدى. ھەقىقەتەن ھەر كونىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلماقنى ئىماندىن ئايرىلماق مەناسىدا كۆرەتتى ۋە ھەر يېڭىنى نەپرەت كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۇنى ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتكە مۇخالىپ دەپ بىلەتتى، ھەم بۇنىڭ نەتىجىسىدىكى ئىلىمسىزلىك، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، بەتبەختلىك. . . زالالەتلەرنى ئەينى ئىمانى كامىللىق، تەقدىرى قىسمەت دەپ بىلىشەر ئىدى. ئۇلار زاماندا ئۆتكەن مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ قۇدرەتلىنىشى ۋەتەرەققىياتى ئىمكانسىز ئىدى. . . »

مانا بۇ تارىخ بىزدىكى باشلانغۇچ ئىسلام دىن خۇراپاتچىلىقىنىڭ مەنبەئى خاتىرىسىدۇر.

بىزنىڭ ئىسلام خۇراپاتچىلىقىمىز ئاساسەن ھازىرقى زامان ئىسلام مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا، ئىسلام ھازىرقى زامان يۈزلىنىشىگە ۋە ھەم گۈللىنىۋاتقان ئىسلام يەزىلىتىگە زىت ۋە مۇخالىپ تۇرغان قالاق «دىنىي قىلىق» لىرىمىز بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىق تۇرمۇشى سۇ ۋە سانائەت بۇيۇملىرىغا يۈزلىنىپ بولغان بۈگۈنكى زاماندا بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز يەنىلا توپا، داڭگال «تازىلىقى» نى تاشلىماي، بەلكى ئۇنى

كەلگۈسىگە ئادەت ۋەسىيىتى قالدۇرۇپ ئۆتۈشۈۋاتىدۇ. مەن ئۇنداق ئادەت ۋەسىيەتچىلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولدۇم. بەزىلىرى ماڭا «دىنىي ئادەت» لەردىن ۋەز ئېيتىپ: «ئىنسان ئۈچۈن تۇپراقتىن بۆلەك پاكىز نەرسە يوق... چوڭ - كىچىك تەرەت تۇپراقتىن بۆلەك نەرسە بىلەن تازىلانسا تازا بولمايدۇ. قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەرەت تازىلىقىغا ئىشلىتىش مۇسۇلمانلارغا جايىز بولمايدۇ»، «خوتۇن - قىزلار يۈزىنى ياپماي يۈرسە يامان بولىدۇ»، «خوتۇن - قىزلار بەدىنىنى غەيرىي كىشىلەرگە كۆرسەتسە يامان بولىدۇ...» دېگەندەك «يامان» بولۇشلاردىن ھېسابسىزلا سۆزلەپ كەتتى. بۇنداق «ئەمرىمەرۇپ» قىلىدىغان ئەنئەنچىلەر، مېنىڭچە، ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بۇ خىل «يامان» بولىدۇلارنىڭ خېرىدارى بار. دۇنيادىكى بارلىق ئىسلام شەھەرلىرىدە ھەتتاكى ئىسلامنىڭ مەركىزى مەككە مۇكەررەمدىمۇ تازىلىق - پاكىزلىق پۈتۈنلەي سۇغا مەركەزلەشكەن. بۈگۈنكى چاغلاردىمۇ جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە ھەتتاكى دۇنيادىكى شەھەرلەرگە تەرەت چالمىلىرىنى بىللە ئېلىپ يولغا چىقىدىغان تەقۋادار ئۇيغۇر ئاخۇنۇملار، ئۇيغۇر ساقاللارنى ئەنە شۇ خىل ئەمرىمەرۇپلارنىڭ جامائەتلىرىدىن دېيىشكە توغرا كېلىدۇ - دە.

چوڭ تەرەتتە چالما-داڭگال سۈرتۈپ «تازىلىنىش»، كىچىك تەرەتتە توپا دومىلاپ «تازىلىنىش» ھەم تەرەت پۇشۇرۇشنى بەرانە ئۇچۇقچىلىقتا قولىنى چات ئارىلىقىدىن چىقارماي توپىلىق... چاڭگاللاپ ئۇياقتىن - بۇياققا لاغايلاپ مېڭىپ يۈرۈپ، ئەل كۆزىدە تاماملاشنى ئادەت قىلغان بەزىبىر نامازخان ئۇيغۇر قېرىلىرى ئەلدىن نومۇس ھېس قىلىشمامدىكىنە؟ نومۇسى يوق ئادەمدە مىللىي ئىستىقبال بولامدۇ؟

ئۆتكەن يىل مەن داۋالىنىپ ياتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە مېنىڭ ھېسسىياتىمغا قاتتىق تەسىر قىلدى:

ئۈرۈمچىگە 2000 كىلومېتىر يىراق - چەت تاغ رايونلىرىدىن ئىككى مويسىپىت كىشىنى ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بۇ دوختۇرخانىغا داۋالىتىشقا ئەكەلگەن ۋە دوختۇرخانا كېسەلخانىسىغىمۇ ئالغۇزغان. ئەمما بۇ ئىككى كىشى: «بۇ يەردە سۇغا ھاجەت قىلىدىكەنمىز. سۇغا ھاجەت قىلسا يامان بولاتتى»، «بۇ يەردە تەرەت ئالىدىغان يەر يوقكەن»... پالانى - پوكۇنى دېيىشىپ كېسەلخانىدا يېتىشقا قىزىقمىغان. ئۇلاردىن بىرسى كېسەلخانىغا ئېلىنغان كۈنى كەچتە تەرەتخانىغا بېرىپ كېلەي دەپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ، تەرەتخانا ئىزدەپ كوچىغا چىقىپ قالغان - دە، تەرەتخانىنىمۇ تاپالماي، چىققان يېرىنىمۇ بىلەلمەي بىر كېچە تالادا قالغان. ئەتىسى يەنە ئەمتىرەپ دوختۇرخانا ئەتراپىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن. 14 كۈن تالا چۆرگىلەپ يۈرگەن. ئۇنىڭ دوختۇرغا ئەكەلگەن ئوغلى بىلەن قىزى ئۇنى ئىزدەپ قارا قۇرۇمغا بىر قېتىم بېرىپ كەلگەن. گېزىت - رادىئودا 2000 يۈەنلىك ئېلان بەرگەن. ئاقىۋەت ئىزدەش چىقىمى 11 مىڭ يۈەندىن ئاشقاندا ئۇ كىشى پويىز ئىستانسىسىدا ماشىنىغا سوقۇلۇپ يارىلانغان يېرىدىن ھۆكۈمەت بەرگەن ئېلان بىلەن ھالىلىرى ئۇنى تېپىۋالغان. يەنە بىر كېسەل «تەرەتخانىسى» يوق بۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ يۇرتىغا كەتكەن. «سۇغا تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ» دىن پەيدا بولغان بۇ خىل ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە باشقا كۈلكىلىك قىلىقلارمۇ بار تېخى. «خوتۇن - قىزلارنىڭ بەدىنىنى غەيرىي كىشىلەرگە كۆرسەتسە يامان بولىدۇ» دېگەن «دىنىي گەپ» تىن قورقۇپ، بەزى كادالڭ خوتۇنلارنىڭ بەزىبىر دوختۇرخانىلار (ئاساسەن شەخسلەر ئاچقان دوختۇرخانىلار) دا ئىشتان - كۆڭلەك ئۈستىدىن يىڭنە سانجىتىۋاتقان، كىيىم - كېچەك سالماي دوختۇرغا تەكشۈرتىۋاتقان، يۈزىنى يۆگەپ تۇرۇپ دوختۇرغا كۆرۈنىۋاتقان، كۆڭلەكنىڭ يېڭى ئۈستىدىن تومۇر تۇتقۇزۇۋاتقان ھالەتلىرىنى كۆرسىڭىز نېمە دەيسىز؟ تېخى «دوختۇرخانىدا تۇغسا يامان بولىدۇ»، «دورا ھارام»، «خەنزۇنىڭ قولىدىن دورا يېسە دوزىخى بولىدۇ»... دېگەندەك «ئەمرىمەرۇپ» نىڭ تەسىرى بىلەن دوختۇرغا كۆرۈنۈشتىن قېچىپ بىۋاقىت ئۆلۈپ قېلىۋاتقان، كاردىن چىقىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇچرىتىقىنىڭىزدا ئېچىنماي تۇرالامسىز؟

بىزدە «ئۈچ تالاق» خاپىلىقىمۇ بار تېخى. مەن يېقىندا «تالاق» خاپىلىقىغا قالغان بىر زىيالىي يىگىتنىڭ بىر پارچە پىغانلىق ئىلتىجا خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «... تۇرمۇشىمىزدا ئۆتۈلگەن بەزىبىر ئۇششاق - چۈششەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئايالىم بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىمنى باسالماي خۇدۇمنى يوقىتىپ ئۇنى ‹ئۈچ تالاق› دەپ تاشلاپتىمەن. لېكىن ئەر - خوتۇن ئىككىمىزدە ئاجرىشىش خىيالى زادىلا يوق. ئەمدىلا تۆت ئايلىق بولغان بىر پەرزەنتىمىزنى تىرىك يېتىم قىلىش بىزنىڭ ۋىجدانىمىزنى مەڭگۈ ئازابلايدۇ. مەن بىردەملىك ئاچچىقىمنى باسالماي دەپ تاشلىغان بۇ ‹ئۈچ تالاق› نى قانداق قىلغاندا تۈزەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىزدىكى بەزىبىر دىنىي زاتلاردىن سوراپ كۆردۈم. ئۇلار: ‹ئاياللىرى ھېچ بولمىغاندا بىر كۈنلۈك بولسىمۇ، باشقا بىر ئەرگە نىكاھلىق بولمىسا شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ...› دېيىشتى. يالۋۇرۇپ يەنە كەلسەم بۇ ‹پەتىۋا› دەپ گەپنى تۈگىتىشتى. ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشقا مېنىڭ ھەم ئايالىمنىڭ ۋىجدانىمىز چىدىمىدى ھەم چىدىمايدۇ. بالىمىزغا تېخىمۇ چىدىمايمىز. ئاللا ئىگەم: ‹بەندىلىرىم ماڭا شېرىك كەلتۈرمىسىلا ھەر قانداق گۇناھىدىن كېچىمەن...› دەپ ۋەھيى قىلىپتىكەن. ھەر كۈنى 40 رەكەت ناماز ئوقۇپ، 40 كۈن توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ ‹ئۈچ تالاق› دېگەن سۆزنى دەپ تاشلىغان گۇناھىمنى يۇيۇپ، نىكاھ يېڭىلاپ ئايالىم بىلەن ئۆيىمنى تۇتسام بولارمۇ ياكى بۇ خىل ‹ئۈچ تالاق› نى ھەل قىلىشنىڭ باشقا يولىنىمۇ تاپقىلى بولامدۇ؟ مەسلىھەتلىرىنى كۈتىمەن...»

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دە بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرىدە قوللىنىلغان جازالارنى يەنى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، قاراقچىنىڭ پۇتىنى قىرقىش، خائىننىڭ كۆزىنى ئويۇش، چېقىمچىنىڭ تىلىنى كېسىش، قاتىلنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ھارامدىن قول ئۈزمىگەنلەرنى ئاتقا سۆرىتىپ چۆللەرگە قويۇپ بېرىش، زىنايى ھارامدىن

قول ئۈزمىگەنلەرنى يۈزىگە قارا سۈرتۈپ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايە قىلىپ ئەلدىن قوغلىۋېتىش، ئەرگە قەست قىلغان، ئەر ھەققىگە قەستەن خىيانەت ۋە خۇسۇمەتتە بولغان تۇۋسى يوق خوتۇنلارنى «تالاق» قىلىۋېتىش (زورلاپ قويۇپ بېرىش، قايتا يولاتماسلىق)، ئەخلاقسىزلىققا ئادەتلەنگەن، ئەل - خالايىق ئارىسىدا يۈزى ئوچۇق يۈرگەن، غەيرىي قىلىقلاردا بولغان خوتۇنلارنى دەررىلەپ ئۇرۇش... تەدبىرلىرىنى - بۇنىڭدىن 400 يىللار بۇرۇنقى قاراڭغۇ دۇنيا ئىسلام جازالىرىنى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانچىلىق تۇرمۇشىمىزغا كۆزنەك «ئەنئەنە» قىلىپ ئارىلاشتۇرۇۋېلىش زادى ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە توغرا كېلىدىغان ئىشمۇ؟ 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى يەنى ئىجتىمائىيات، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، سەنئەت... نى ئۆزىگە مەنبە قىلغان گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ئىسلاھ قىلىۋېتىلگەن، ھەر خىل ئىجتىمائىي قانۇنلارغا سىغدۇۋېتىلگەن ياكى ئارخىپ قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن كونا «دىنىي ئىدىيە»، «دىنىي پەتىۋا» لارنىڭ دەردىنى ئۇيغۇرلار ئاز تارتمىدۇق. مىللىي ئاڭ، مىللىي ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت، مىللىي مىراس... لىرىمىزنى بوغىدىغان، چەكلەيدىغان «پەتىۋا» - ئۇقۇملارنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق. دەردمەن جەمئىيەتتە بولۇپ تۇرىدىغان بىر دەملىك غەزەپ ئەسەبىيلىكىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەرنىڭ جۈملىدىن «تالاق»، «ئۈچ تالاق» سۆزلىرىنىڭ كاشىلىسى بىلەن ۋەيران بولغان ئائىلە، ئانا - بالىلار سەرسانچىلىقىنى ئاز تارتمىدۇق. «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» (خالىساڭ ھەيدىۋەت، خالىساڭ ئەكېلىۋال) دېگەن ياۋايى قاراشنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق. ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام تۈزۈمى (قازى، ئەلەم... لىك تۈزۈمى) دە جارى قىلدۇرۇلغان «شەرىئەت» (ئىسلام قانۇنى)، «مەھكىمە شەرئىيە» (دىنىي سوت) ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇتلەق كۆپ ئىسلام ئەللىرىدە ئىجتىمائىي قانۇن - تۈزۈملەر سىستېمىسىغا سىغدۇرۇۋېتىلگەن، ئىسلام دۇنياسى بۇرۇنقى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىشتىن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىشقا ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى دۇنيادا «شەرىئەت»، «مەھكىمە شەرئىيە»... ئىجراچىلىرىنى يەنە بىزدە تىرىلدۈرەمدۇق؟

ئازادلىقتىن كېيىن بىزدە «شەرىئەت»، «مەھكىمە شەرئىيە»، «پەتىۋا» ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ۋە كىشىلەرمۇ بولمىدى. ھەرىكەتلىرىمىز زامانىمىز قانۇنلىرى بىلەن ئىزىغا چۈشۈپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا «شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان... ئۈچ تالاق» نى يەنى ھازىرقى دۇنيادا - تەرەققىي قىلغان ئىسلام ئەللىرىدە يوق، ھازىرقى ھېچقانداق ئىسلام كىتابلىرىدا يوق، زامانغا يۈزلەنگەن مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىدە يوق، پەقەت بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئارىسىدىلا راۋاجەت ئۇقۇمى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ «ئۈچ تالاق» نى ھازىرقى زامان قانۇن - تۈزۈملىرى ۋە ئەقلىي - ئىلمىي مەۋقەلىرىمىز بىلەنلا ھەل قىلماي مۇمكىن بولمايدۇ. سۆز خاتالىقىنى يەنىلا سۆز بىلەن تۈزەتمەي بولمايدۇ. «پەتىۋا» قىلىدىغان قۇدرەتلىك «دىن ئىگىسى» مۇ يوق ھەم بولمايدۇ. ھازىرقى ئىسلام ھەدىسلىرىدىمۇ، مەسىلەن «253 ھەدىس» تە: «كىمكى پەتىۋا بەرسە ئىلىمسىزلىق بىلەن جەننەت بار تەرەپنى تاپالمايدۇ، ئۇل كىشى...» دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ بىز مىللىي بارلىقنى، مىللىي ۋىجدان، مىللىي غۇرۇرنى، ھازىرقى زامان دىنىي مەۋقەيىمىزنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان، ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ھەر قانداق «پەتىۋا» چىلارغا، ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىمىز. ھەر قانداق «دىنچى»، «پەتىۋاچى» لارنىڭ خەلقىمىزنىڭ مۇھەببەت - نەپرەت جەھەتتىكى غايىۋى بىرلىكىنى، ئېتىقاد بىرلىكىنى بۇزۇۋېتىدىغان، پارچىلىۋېتىدىغان، خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدىغان قىلىقلىرىنى قەتئىي رەت قىلىمىز. بۇ، بىزنىڭ ئىسلام خوراپاتچىلىقىغا قارشى تۇتقان مەۋقەيىمىز.

## بىزدىكى ھاراقكەشلىك

بۈگۈنكى كۈندە بارچە تۈزۈملەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، ۋىجدانسىزلىقنى، تۇرمۇشتىكى ئۆچمەس داغلارنى قانچىلىك ئىچىلگەن ھاراقنىڭ مۆلچەرى بىلەن ئۆلچەيسەن؟

ۋ. ماياكوۋسكىي

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى كۆزىتىشىمچە، ھازىر شەھەر - بازارلار تۇرمۇشىدىكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ھاراق قويۇلمايدىغان توي - تۆكۈننى ئۇچرىتىش تەس. «سۈننەت توي»، «ئات توي»، «تۇغۇلغان كۈن تويى»... ھەتتا «روزا ھېيت»، «قۇربان ھېيت» لارمۇ ھاراقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولۇپ كەتكەن. ھەر خىل مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىدىمۇ، مۇناسىۋەتچىلىك ئولتۇرۇشلىرىدىمۇ، سالام - سەھەت بۇيۇملىرى ئارىسىدىمۇ، مۇھەببەتلىك كۈتۈش - كۈتۈۋېلىش سورۇنلىرىدىمۇ، ئۆزئارا مۇڭدىشىشلاردىمۇ ھاراق «سورۇن مېغىزى»، «يۈزلۈك بۇيۇم» بولۇپ تۇرغىنى تۇرغان. دېمەك، ھاراق ھازىر بەزىلەرنىڭ «مەدەنىيەتلىك ئولتۇرۇشى» نىڭ «جېنى» ۋە قىممىتى بولۇپ قالغان.

مەن 1994 - يىلى 9 -، 10 - ئايلاردا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بەزى كىچىك مەھەللىلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئون نەچچە نىكاھ تويى (زىيالىيلار توي - تۆكۈنى) غا داخىل بولدۇم. بۇ تويلارنىڭ ھەممىسىدە داستىخانلارغا ھاراق قويۇلغان. بەزىلىرىدە بولسا ئەتىۋارلىق قىممەت ھاراقلار توي شۆھرىتىنىڭ تاجىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە كۆزنەك قىلىنغان. ئىچمەيدىغان جامائەتكە سورۇن تۈزۈلمىگەن ياكى ئادەتتىكىچە داستىخان راسلانغان. مەلۇم بىر ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغۇل تويى داستىخىنىغا يىگىت ۋە يىگىتنىڭ دوستلىرى تەرىپىدىن راسلانغان ھاراق 14 يەشىككە ئۇلاشقان (بىر يەشىكتە 24 بوتۇلكىدىن ھاراق بار). ھاراققا ئامراق ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن بۇ تويدا مەست، چالا مەست ۋە مەستخۇش بولۇپ قايتقانلىرى تويغا كەلگەن يىگىت مېھمانلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغان. تۆت قېتىم مەستلەر جېدەل چىققان، يەتتە كىشى دوختۇرخانىغا، تۆت كىشى ساقچى ئورۇنلىرىغا كىرگەن.

دەرۋەقە، بىز خەقتە ھاراق ئىچىدىغان، ئىچكەندىمۇ جىق ئىچىدىغان، دائىم ئىچىدىغان، ئىچىپ «نوچىلىق» قىلمىسا ھېساب بولمايدىغان كارامەت قىلىقلار رەسمىي ئادەت شەكلىدە جەمئىيەتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. دېمەك، ھاراققا يۈزلىنىش ھازىرقى زامان مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ

بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن. بۇ، بىزنىڭ ھالاكەتلىك خەۋپىمىز، ئەلۋەتتە.

بىزدىكى قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق. . . قاتارلىق ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىنى بىزنىڭ «ھاراققا ئامراق» كىشىلىرىمىز پەيدا قىلىشىۋاتىدۇ.

بىزدىكى نەسلى - نەسەب بەتبەختچىلىكى يەنى نەسلى سۈپەتسىزلىك، ئەۋلاد بەختسىزلىكى، خەۋپلىك كېسەللىكلەر . . . ئەنە شۇ «ھاراققا ئامراق» كىشىلىرىمىزدىن ئاپىرىدە بولۇۋاتىدۇ. 1994 - يىلى كۈزدە بىر نەچچىمىز بىرلىشىپ «A» شەھىرىنىڭ «B» كوچىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلەر ئارىسىدا ھاراقكەشلىكنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ باردۇق: مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كوچىدا 1992 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە تۇغۇلغان 19 ئۇيغۇر بالا ئىچىدە «ھاراققا ئامراق» لاردىن تۇغۇلغان بالىلاردىن تەن قۇرۇلۇشى نورمالسىز تۇغۇلغىنى ئۈچ، تەن قۇرۇلۇشى ئوتتۇراھال نورمالسىز تۇغۇلغىنى ئىككى، سېزىمى ئاجىز - گۇمۇش تۇغۇلغىنى ئىككى بولۇپ، بۇ كوچىدىكى سۈپەتسىز، چاتاق تۇغۇلغان بالىلارنىڭ 89% نى تەشكىل قىلغان. بۇ كوچىدىكى 283 نەپەر ئۇيغۇر ئاھالىسى (94 ئائىلە) ئىچىدىكى 81 نەپەر ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كىشىلەردىن 1992 -، 1993 - يىللىرى ھاراق ئىچىپ گۇناھ قىلىپ قانۇن تورىغا چۈشكىنى ئۈچ، ھاراق ئىچىپ ساقچى ئورۇنلىرىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان كەسپىي مەست لوكچەك تۆت، ھاراق چاتىقى بىلەن خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ «سالتاڭ سولتەك» بولۇپ قالغىنى ئۈچ، ھاراقكەشلىكتە يوقاپ كەتكىنى ئىككى، ھاراق ئىچىپ ئۆلگەنلەر تۆت، ھاراقكەشلىكتە ئاغرىپ ساقايماي جان تالىشىپ يۈرگەن ناكار ناتىسلەر تۆت، تاپقىنىغىلا ھاراق ئىچىپ ئىش - ئوقەت قىلماي ئائىلىلەرگە يۈك بولۇپ يۈرگەن «شوپاڭ كۈچۈك» لىرى تۆت بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ نىسبىتى بۇ كوچىدىكى 81 نەپەر نەۋقىران ئەرنىڭ 24 نىنى تەشكىل قىلغان. بۇ كوچىنىمۇ بەزىلەر «شوپاڭ كوچىسى» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

ھاراقكەشلىك كىشىلىرىمىزنى ئەمگەكتىن، نەسلى ئىستىقبالىدىن، مىللىي سۈپەتتىن، مىللىي غايە ۋە مىللىي نومۇستىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

- ھاراققا ئامراق كىشىلەردە، - دەپ يازىدۇ مەشھۇر ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى مەرھۇم باي ئاخۇن ئۆزىنىڭ «ھاراق ۋە كېسەللىك» دېگەن ماقالىسىدە: «. . . ھاراققا بېرىلگەنلەردە ئاق بەزگەك، زابوي، دەلدۈشلۈك، ئاشقازان، نېرۋا، خاپىغان. . . كېسەللىرى پەيدا بولىدۇ. ھاراقكەشلىك ئادەمنى ئەخلاق ۋە روھىي جەھەتتىنمۇ بەك قالاقلاشتۇرۇپ تاشلايدۇ. . . نېرۋىنى بۇزۇپ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. . . »

دەرۋەقە شۇنداق. ھاراق ئىچىۋالغان ئادەمنىڭ كىيىپى تولىلاپ، سەت قىلىقلىرى كۆپىيىپ، ھەرىكەتلىرى تېزلىشىدۇ. ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئېيتقىلى بولمايدىغان سۆزلەرنىمۇ دەۋېرىدۇ. تۇيغۇسىنى باشقۇرالمايدۇ. سېزىمى خىرەلىشىپ بىر يەردە تۇرغۇسى، گەپتىن توختىغۇسى كەلمەيدۇ. ھوشسىز يىقىلىپ قالىدۇ. كۆرگەنلەر ئۇنى «مەست ئۇخلاپ قاپتۇ» دېيىشىدۇ - دە، قېشىغا بېرىشتىن قاچىدۇ، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش، تىببىي ياردەم بولمىسا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

ئەپسۇس! بىزدە ھازىر ھاراق يېتىپ بارمىغان بولۇڭ - پۇچقاق، ھاراق كىرمىگەن مەكتەپ، ھاراق كىرمىگەن ئىدارە، جەمئىيەت، زاۋۇت، كان - كارخانا، ھاراق بارمىغان كەنت - مەھەللە، كوچا - قورۇ. . . قالدىمۇ؟ ھاراقنىڭ تەسىرىگە، زىيىنىغا يولۇقمىغان ئۆيلەرچۇ؟ دەرۋەقە، بىزدە ھاراق ئىچىش كېڭىيىۋاتىدۇ، ھاراقكەشلىك تىزگىنسىزلىشىۋاتىدۇ، ھاراق بىلەن كاردىن چىقىش، نابۇت بولۇش - بىزدە بىر يۈزلىنىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. نومۇستىن ھالقىغان، مىللىي تەقدىرىمىزنى ۋەيران قىلىدىغان بۇ خىل «يۇمشاق» قىلمىشلارغا قاچانغىچە سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرارمىز؟

پېشقەدەم مائارىپچى، ۋەقەشۇناس، يەكەنلىك ئوبۇلقاسىم ئىبراھىم «بىزدىكى ھاراقپەزلىك» دېگەن قولىيازمىسىدا مۇنداق يازغانىدى: «بىز 50 - يىللاردىن بۇرۇن كوچا - بازارلىرىمىزدا ھاراق كۆرمەيتتۇق. ھاراق ئىچىدىغان بىر خەقلەرنىمۇ ئۇچرىتالمايتتۇق. ھازىر بۇ تەرەپلەردە ھاراق ئەركىن سودا مېلىغا ئايلاندى. ھاراق بارمىغان يېزا - قىشلاق، كەنت - مەھەللە، كوچا - گۇزەر قالمىدى. چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېزا - سەھرالارغا خىزمەتكە بۆلۈنگەنلەر كۆتۈرۈپ كېلىدىغان ‹پەننىي تۇرمۇش›، بۇيۇملىرى ئارىسىدا ھاراقمۇ يوق ئەمەس. يېزا - قىشلاق مەكتەپلىرىدە ھاراق تەسىرىنى جەمئىيەتكە يېيىش كۆزنىكى بولۇپ بېرىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. بىر قىسىم يېزا - كەنت زىيالىيلىرى ھاراق بىلەن «كۆڭۈل ئېچىش» نى جەمئىيەت ‹مەدەنىيىتى› قىلىپ كېڭەيتىشىۋاتىدۇ. . . »

بىر مىللەتنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ زور بىر قىسمى ھاراقكەش بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇ مىللەت ئاساسىي جەھەتتىن ئىقتىدارسىز، ئۆزىنى ئۆزى ئوڭشاش، ساقلاش قۇدرىتى يوق مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھاراقكەشلىككە قارشى مىللەت ھەرىكىتى، خەلق ھەرىكىتى، يۇرت ھەرىكىتى، مەھەللە - كوچا ھەرىكىتى، ئائىلە ۋە ئادەملەر ھەرىكىتى قوزغاش بىزگە تەخىرسىز زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

## بىزدىكى نەشىكەشلىك

بەزىبىر غەيرىي دوستلار: «نەشە چېكىش، نەشە چىقىرىش، نەشە تىجارىتى قىلىش، نەشىدىن قاچماسلىق - بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا كەسپى، ئاتا خۇلقى. . . » دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ تۆھمەت ياكى ئاشۇرۇۋېتىلگەن سۆزمۇ ئەمەس. بۇ «ئاتا كەسپى»، «ئاتا خۇلقى» نىڭ مىلادى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن قەشقەرىيىدە بىر مەزگىل ھۆكۈم يۈرگۈزگەن خائىن ئاپاق خوجا گۇرۇھىنىڭ «دىنىي يولى» - «ئىشقىيە» چىلىك يەنى نەشىكەشلىك، بەڭگىلىشىش يولى. . . نىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى بىلەن باشلانغانلىقى راست.

«. . . ‹ئىشقىيە› مەزھىپىنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى: ‹ئاشىق› لىشىش يەنى ‹ھەششەشىن› (نەشىخورلۇق)

يولىغا كىرىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن «ئىبادەت، ئادا بولماس...». «ئىشقىيەچىلەر توپلانغان جايدا پەككە - يېگانە قانغۇدەك چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا» غا «ئاشىق» لىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ...»

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ خىل «دىنىي» يولى بىلەن شۇ زامان ئەجدادلىرىمىزدىن خاس قەشقەرىيە (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ) زېمىنىدىلا 300 مىڭدىن ئارتۇقراقى «ئاشىق» لىشىپ كەتكەن تارىخ - دەل بىزنىڭ تارىخىمىزدۇر. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان ئۇزاق يىللار مابەينىدە نەشىكەشلىك داۋام قىلغان، بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭغا قانۇنىي، دىنىي ۋە ئاممىۋى چەك قويۇلمىغان، بۇ زامانلار نەشە دىنىي ساھەگە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت... ساھەسىگە «مىللىي قىلىق» سۈپىتىدە ئۇسۇپ كىرگەن، يۇرت، مەھەللە، كوچا، ئۆيلەرگىچە سىڭىپ كىرگەن، نەشە پۇراپ تۇرغان ئۇيغۇر جەمئىيەت تارىخىدۇر.

ئالدىنقىلاردىن بىزگە دەرھال قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر مۇنچە مىراسى خاپىلىقلارنىڭ قالغانلىقىنى ئېچىنىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز - دە. ۋابانى سېزىش، تونۇش سەۋىيىسى يوق، «خۇدا» غىلا قويۇپ ئۆتكەن «ئاشىق» بابالىرىمىزنىڭ روھى مۇشۇ زاماندىكى «ئاشىق» نەۋرىلىرىنى نېمىشقا خاراب قىلىدىغاندۇ؟

ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك ۋابا - نەشىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا شۇنى تەكىتلەشكە بولىدۇكى:

1. ھەممە زامان ۋە تۈزۈملەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، ۋىجدانسىزلىقنى، نىجىسلىقنى، تۇرمۇشتىكى ئۆچمەس داغلارنى بەڭگىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 2. ئۆمرىۋى ئاغرىقچانلار، تۇغما مېيىپلار، جىسمانىي سۈپەتسىزلەر، گومۇش، سارالڭ - لەقۋا، تەرسا، دۈت، جېدەلخور، ئەخمەق، پوچىلار... ئومۇمەن كەسىپىي بەڭگە ئاتا - ئانىلاردىن تۇغۇلىدۇ. 3. نەشىكەشلەر ئىنسانلار ئالىمىدە ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق (ئەل ھۆرمىتىدىن، خەلق ياكى مىللەت غۇرۇرىدىن، ۋەتەن، مىللەت، خەلق، نەسىل - نەسەپ، ۋىجدان، مۇسۇلمانچىلىق... سېزىمى) تىن ئايرىلغان، ئەلگە ئىللەت، زېمىنگە يۈك، قەدرى كۆل - تۇپراق كىشىلەردۇر. 4. نەشىكەش ئۆرلىسە جېدەلخور، پەسلىسە قەلەندەر بولۇپ ئۆتىدۇ. ئىش - ئەمگەككە يارامسىز ھەم كۆڭۈلسىز، ئەل - يۇرتىغا، قەۋم - جامائىتىگە ۋاپاسىز بولۇپ، قەلەندەرچىلىك، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، ھەتتا قاتىللىق... ئۇلار تەبىئىتىگە يات ئەمەس. 5. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى راستلىق ۋە توغرىلىقتىن يىراق، گۇۋاھ - شاھىدلىقتا، نەسىھەت، مەسلىھەت - ئارايىشقا ناباب ۋە بىھاجەت قەدرى ئۇسال...دۇر.

دېمەك، نەشىكەشلىك تۈگىمىگەن جەمئىيەتتە بەرجەس، قابىل، ئاڭلىق، سۈپەتلىك ئادەملەر تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەدەنىيەت، ئىلىم - پەننىڭ، سەھىيە - سالامەتلىكنىڭ تەرەققىياتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەخت، جىسمانىي ئازادلىق، ھەقىقىي ئىستىقبالنىڭ بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەپسۇسكى، بۇ پاجىئەلىك ئىللەتنى خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھېلىھەم تېخى تاشلىۋېتەلمىدى. «ئاتا كەسپى، ئاتا خۇلقى» نى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلار ھازىرمۇ خېلى بار. 1993 -، 1994 - يىللىرى يېزىلغان بەزىبىر كۆزىتىش ماتېرىياللىرىدىن بىلىشىمىزچە، «S» شەھىرىنىڭ «A» يېزا مەلۇم كەنتىدىكى ھەم شۇ كەنت ئەتراپىغا جايلاشقان شەھەرلىك كۆمۈر كان رايونى تەۋەلىكىدىكى 97 ئۆيلۈك (تەخمىنەن 600 نەپچە جان) يەرلىك ئۇيغۇر ئارىسىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلاردىن 37 كىشى نەشە چېكىشكە ئادەتلەنگەن ۋە چەككەن. بۇ سان مۇشۇ جايلاردىكى ئىش - ئوقەتكە يارايدىغان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەر ئۇيغۇرلارنىڭ 41% نى تەشكىل قىلغان. «بەڭگى بوۋاي» لاردىن ئۆچى بۇ يەرنى نەشە بىلەن تەمىنلەشنى داۋاملاشتۇرغان. يېقىندا بۇلاردىن نەشە سودىسى بىلەن قولغا چۈشكەن «T ئاشىق» بۇ يەردە ۋە ئۈرۈمچى لىيۇداۋاندا قاتراپ يۈرۈپ نەشە سودىسى قىلغان كۈنلىرىنى ئەسلەپ ماڭا مۇنداق دېدى: «... مەن «S» شەھەرلىك كۆمۈركاندا ۋە ئۈرۈمچى لىيۇداۋاندا ھەر ئايدا 130 دىن 150 كىچە كىشىگە نەشە ساتاتتىم. كۈنىگە 500 - 600 يۈەنلىك سودا بولاتتى... نەشىنى يەكەن، مەكىت، شايار ناھىيىلىرىدىن نانلارنىڭ ئىچىگە، دۇتارنىڭ قارنىغا، چايداننىڭ تېگىگە ۋە قوغۇن، تاۋۇز، قاپاق... لارنىڭ ئىچىگە تىقىپ توشۇيتتۇم. يەتتە يىل شۇنداق قىلدىم...».

بىز 1994 - يىلى كۈزدە كەلپىن، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا كۆزىتىش زىيارىتى ئېلىپ باردۇق. بىزنى مەلۇم بىر كەنتتە مەشرەپكە چاقىرىپ كۈتۈۋالغان سەككىز يىگىتتىن ئالتىسىنىڭ نەشە چېكىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. يەكەننىڭ كونا غەدىگەرلىك بازىرىدىكى چايخانىلارنىڭ بىرىدىكى «O ئاخۇن ئۇستام» نىڭ خىزمەتكارى «M» بۇ يەردىكى نەشىكەش بەڭگىلەرنىڭ قىلىقلىرىدىن زارلاپ بىزگە مۇنداق دېدى: «دۇكىنىمىزغا ھەر كۈنى 100 دىن جىقراق خېرىدار كىرىدۇ. بۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نەشە تارتىدىغانلار. ئۇلار بىكار تەلەپ، ئورۇن بوشاتمايدۇ. پۇل بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. جېدەل چىقىرىشىپ ئارام بەرمەيدۇ...»

يېقىنقى ناھىيىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن بىلىشىمىزچە، نەشىكەش يوق كەنت، كوچا، مەھەللە، مەكتەپ، زاۋۇت - كارخانا، ئىدارە - جەمئىيەت... لەرنى ئۇچرىتىش تەسرەككەن. بەزىبىر يېزا - كەنتلەردە نەشە كەندىرى تېرىشمۇ يوشۇرۇن باش كۆتۈرۈپ كەتكەن. «... ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش، ئاغۇ، سۇنتاغ، ئازاق يېزىلىرىدا بىر قىسىم دېھقانلار ھويلىدىكى يەرلىرىنىڭ چۆرىلىرىگە كەندىر تېرىغان... ھۆكۈمەت سېزىپ قېلىپ ئۇلارغا تېرىغان كەندىرلىرىنى يۇلۇپ تاشلاش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بارغان. قارشىلىق

• ھاجى نۇرھاجى: «تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1982 - يىل 5 - سان.

كۆرسەتكەنلەرنىڭ كەندىرلىرى يولۇپ تاشلانغان. شەھەر بويىچە بونداق يولۇۋېتىلگەن كەندىر 178 مىڭ 409 تۈپتىن ئاشقان. يولۇۋېتىشكە قارشى چىققانلاردىن 10 كىشى قولغا ئېلىنىپ، قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن («شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1994 - يىل 1 - ئۆكتەبىر سانىدىن).

ئىشەنچلىك خەۋەرلەردىن بىلىشىمىزچە، گۇمىلىق نەشىكەش ئەخمەت قاۋۇز 1994 - يىلى سېتىپ پۇل تېپىشقا تەييارلىغان 45 جىڭ نەشىسى بىلەن ھۆكۈمەت قولىغا چۈشۈپ 15 يىل كېسىلگەن. ئىلى ۋىلايىتىدىكى ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، «1993 - يىل يىل ئاخىرىسىغىچە ۋىلايەت بويىچە زەھەرلىك چېكىملىك (نەشە، خروئىن) چېكىدىغانلارنىڭ سانى 10 مىڭغا يەتكەن. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىن يەنى يەككە تىجارەتچىلەر، ئىشسىزلار، ھەتتا پارتىيىلىك كادىرلار، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېشى 18 دىن 30 ياشقىچە ئىكەن...» («ئاسىياكىندىكى» گېزىتى 1994- يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىدىن). ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ 1994 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قولغا چۈشۈرۈپ يوقاتقان نەشىسى 1398 جىڭغا يەتكەن.

دېمەك، نەشە كەندىرى تېرىش، نەشە ئىشلەش، سېتىش، تارقىتىش، چېكىش، چەككۈزۈش... لەر يەنىلا بىزدە مەۋجۇت. خۇددى «بورۇنقى خاتىرىلىرىم» دە تەكىتلەنگەندەك: «بۇ يۇرتنىڭ 610 جانلىق بىر كەنتىدىكى قورامىغا يەتكەن 91 نەپەر ئەر كىشىنىڭ 47 سى چىلىم چېكىدۇ. قېرى - چۆرىلەرنىڭ تولىسى دەم كۆتۈ، ئاغرىقچان. بۇ يىل تۇغۇلغان 11 بالىنىڭ بىرسىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى چاتاق، ئۈچىنىڭ نىسبەتەن چاتاقراق، بەشىنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس - گۇمۇش، قالغانلىرىنىڭمۇ بىر نېمىسى بىر نېمە. راۋۇرۇسلىرى جىق ئەمەس. كەنتتە يۈز بەرگەن ئەسكىلىكلەرنىڭ تولىسىنى بەڭگىلەر قىلغان. 43 ئۆيلۈك بۇ كەنتتە باي يوق...»* دېيىلگىنىدەك كەنت، كوچا، مەھەللىلەر بىزدە يوق ئەمەس.

مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي بۇرچىمىز بويىچە مىللەتنىڭ مىللەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم چارىلىرىدىن بىرى بولغان زەھەرلىك چېكىملىك ئاپىتىنى چەكلەش، تۈگىتىش... كە كۈچ چىقىرىش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋىجدان بۇرچى ئەمەسمۇ؟

## بىزدىكى «ئاق» چېكىشلەر

«ئاق چېكىش» - بىزدە پەيدا بولغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى نائەس ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىمىزغا سۆرەپ كىرگەن يېڭى ئاتالغۇسى.

«ئاق» چېكىش يەنى زەھەرلىك چېكىملىك (خروئىن، ئەپيۇن)... چېكىش ئالەم - جاھان پۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان (1980 - يىللاردىن كېيىن) بىزگە سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن بىر خىل پاجىئەلىك ئىللەت.

ئۇنىڭ دەسلەپتە ئۈرۈمچىگە كىرىشى ۋە كېڭىيىپ كېتىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىمىن مۇنداق دېگەنىدى: «... يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۈرۈمچى رايونىدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش، چېكىش بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى... زەھەرلىك چېكىملىككە ۋاستىلىك ھەم بىۋاستە ئالاقىدار بولغان جىنايەتچىلەر ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنىلا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ... بىر قىسىم مەھەللە، كوچىلاردا جىددىي كېڭىيىۋاتىدۇ. بەزى كوچا، مەھەللىلەر ئاپەت مەھەللىلىرى بولۇپ كەتتى...»** «... ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايقالغان خروئىن چەككۈچىلەر 22 مىڭ 852 گە يەتكەن. بۇ ئاز سان ئەمەس، ئەلۋەتتە. خروئىن چېكىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولۇپ، 14 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان قىزلار 12% نى ئىگىلەيدۇ...»، «... 1993 - يىلى يىل ئاخىرىسىغىچە ئىلى ۋىلايىتىدە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان كىشىلەر 10 مىڭغا يەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى 18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ياشلار ئىكەن...»***

ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، 1993 - يىلى خاس غۇلجا شەھىرىدىلا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى بايقىغان خروئىن چەككۈچىلەر 3500 دىن ئېشىپ كەتكەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىك چېكىملىك دېلوسىدىن 100 ى پاش قىلىنغان. زەھەرلىك چېكىملىك سېتىپ تۇتۇلغان جىنايەتچىدىن 141 گە، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ تۇتۇلغان گۇناھكاردىن 400 نەچچىسىگە چارە كۆرۈلگەن. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 10 دىن ئاشقانلىقى بىلىنگەن. زەھەرلىك چېكىملىك تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان ئىقتىسادمۇ 5 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1994 - يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى تارتىۋېلىپ يوقاتقان خروئىن 8520 گرامغا، ئەپيۇن 5029 گرامغا، نەشە 699 كىلوگرامغا يەتكەن. 1994 - يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا 200 نەچچە خروئىن سودىگىرى 4300 گرام خروئىن بىلەن قولغا چۈشكەن.

دېمەك، «ئاق» چېكىش ھازىر پۈتۈن يۇرتىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىغا يامراۋاتىدۇ، ئەۋلادلىرىمىز ئارىسىغا كېڭىيىۋاتىدۇ. بۇ، بىزگە نىسبەتەن ئالغاندا، يېڭى پەيدا بولغان ئەڭ خەۋپلىك ئاپەت، يېڭى تۈگىشىش - نەسىل قۇرۇتۇش ئىسكەنجىسىدۇر.

1. خەلقئارا تىببىي ئالىملارنىڭ ئىسپاتلاشلىرىدىن بىلىشىمىزچە، زەھەرلىك چېكىملىك (ئاساسەن خروئىن، ئەپيۇن ۋە شۇ تىپتىكى خۇمار بۇيۇملىرى) - مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى، قان بۇزۇلۇش كېسەللىكى، جىنسىي

* «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 5 -، 6 - سانى (قوشما سان) غا بېسىلغان «تارىختىكى مىجەز نۇقسانلىرىمىز» غا قاراڭ. ** «شىنجاڭ گېزىتى» 1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىدىن. *** «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانىدىن.

ئاجىزلىق، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، ئۆپكە ياللۇغى، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك ئۆپكە راكى، جىددىي خاراكتېرلىك ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغى، جاھىل خاراكتېرلىك قەۋزىيەت، يۈرەك، گەدىنى... كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىنتايىن خەۋپلىك ئەجەل سىرتمىقىدۇر.

«ئاق» چېكىشكە تۇتۇنغانلارنىڭ خۇمارلىق ھالەتلىرىنى تەتقىق قىلغان تېببىي بۇرادەرلىرىمىزدىن بىرى ماڭا مۇنداق دېدى: «... خروئىن بىر نەچچە قېتىم چەكسىلا خۇمار پەيدا قىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى چېكىش توختىتىلسا، تۆت سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئادەمدە تەشۋىشلىنىش، قورقۇش، بىئارام بولۇش ئالامەتلىرى ھەم چېكىملىككە ئېرىشىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. يېنىك خۇمار بولغانلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئەسنەش، كۆزى ياشاڭغۇراش، بۇرنىدىن سۇيۇقلۇق ئېقىش، چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش، ئىشتەي تۇتۇلۇش؛ ئېغىر خۇمار بولغانلاردا سوغۇق تەرلەش، ئۇخلىيالماسلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئالامەتلەر داۋاملىق كۈچىيىپ 36 - 48 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئادەمدە چۈشكۈنلىشىش، ماغدۇرسىزلىنىش، پۇت - قولى تارتىشىپ قېلىش، قورسىقى ئاغرىپ ئىچى سۈرۈش، ئۇستىخان ۋە ئۈگىلەر سىرقىراپ ئاغرىش، قۇسۇش، قىزىش، كۆز قارىچۇقى يوغىناپ كېتىش... ئاخىر ئۆلۈش ئاقىۋىتىگە قالىدۇ. داۋاملىق چېكىشكە ماغدۇرى يەتكەنلەرنىڭ ئۆمرى 38 ياش ئەتراپىغا قىسقىرايدۇ.

2. زەھەرلىك چېكىملىك - جەمئىيەتكە، كىشىلەرگە ئىنتايىن ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئە ۋە ئىنتايىن ئېغىر يوقىتىشلارنى ئېلىپ كېلىدۇ: پۇل تېپىش - «ئاق» چەككۈچىلەر چىقالمايدىغان چەمبىرەك. «ئاق» چەككۈچىلەر ۋاقىت تاللاپ ئولتۇرماي پۇل تاپقان ھامان «ئاق» سېتىۋېلىپ چېكىدۇ ياكى ئوكۇل قىلىپ ئۇرىدۇ، ئاندىن ھوشسىز ئۇخلايدۇ. ئويغىنىپ يەنە پۇل تاپىدۇ، يەنە چېكىدۇ. يەنە پۇل تاپىدۇ، يەنە چېكىدۇ. بۇ خىل دەۋر قىلىش ئۇلار ئۆلگۈچە داۋام قىلىدۇ. پۇل تېپىش - ئالداپ - يالۋۇرۇپ تېپىش، ئوغرىلاپ، كۆز بوياپ تېپىش، بۇلاپ - تالاپ تېپىش ... لار بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. دەرۋەقە، «ئاق» چېكىشكە تۇتۇنغانلار پۇل تېپىش يولىدا ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ، ئىپپەت - نومۇسىنى ساتىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ھەر قانداق پاجىئەدىن، ھەر قانداق ۋىجدان، ئىنسانچىلىقتىن چەتنەيدۇ. ھازىر بىزدە روي بېرىۋاتقان بەزى ئائىلىۋى پاجىئەلەر، مەسىلەن، «ئاق» تۇتۇننىڭ دەستىدە ۋەيران بولۇپ تۇرغان ئائىلە - ئاتا - ئانىلار، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان - ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلار؛ بىر - بىرىگە قارانىيەتلىك قىلىشىدىغان قېرىنداشلار، ئۆچەكىشىپ قالغان ئاتا - بالىلار، ئاجرىشىپ كەتكەن ۋە كېتىۋاتقان ئەر - خوتۇنلار، ۋەيران بولغان ماددىي - مەنىۋى غەنىيمەتلەر... ئەنە شۇ «ئاق» چەككۈچىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىشىۋاتقان پاجىئەلەردۇر.

بىزنىڭ بىر دوستىمىز ئوغلى «ئاق» چېكىشكە كىرىشكەندىن بۇيانقى تارتقان كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «... 23 ياشلىق ئوغلۇم «ئاق» چەككەندىن بېرى ئاۋۋال ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ پۇللۇق زېبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى، ئائىلىنىڭ قىممەتلىك جابدۇقلىرىنى ئوغرىلاپ سېتىپ بولدى. ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى. ئۆتۈپ تېشىپ، بىزنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ، تۇغقانلىرىمىزنىڭ، ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ ۋەجىلىرىنىمۇ ئوغرىلاپ سېتىپ چېكىۋەتتى... ئۈچ يىل ئاران بەرداشلىق بېرەلىدۇق. ئاخىر تاپىدىغان يېرىنى - 15 يىللىق تۈرمىنى تاپتى، خۇدا ئۇرسۇن ئۇنداق بالىنى...»

قاتتىق ئېچىنىپ تەكىتلەيمىزكى: «ئاق» چېكىملىك مۇشۇ زاماندا بىزگە يېڭىدىن يېڭى ھالاكەت: بىۋاقىت ئەجەل، ئاغرىق - سىلاق، ئىقتىسادىي سورۇلۇش، ئىجتىمائىي ھالاكەت - تۈگىشىش... تەقدىرنى ئەكەلدى، ئەكىلىۋاتىدۇ.

نېمىشقا شۇنداق؟ سەۋەبى نېمە؟ قانداق قىلىمىز؟

تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا (ئىچكى جەھەتتىن ئالغاندا)، سەۋەب يەنىلا ئۆزىمىزدە.

1. يۇرتىمىزنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىشىكلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، جاھان بېيىشقا يۈزلەنگەن، كىشىلىرىمىز پۇل تېپىشقا يۈزلىنىپ كەتكەن يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆزلىرىنى «ئىت بول، ئېشەك بول، پۇل تاپ» قا ئاتىۋەتكەن بەزىبىر ناتەس ئۇيغۇرلار پەقەت پۇلنىلا دەپ خروئىن سودىسىنى بىزگە سىرتتىن سۆرەپ كىرىشتى. 1994 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇتۇلۇپ جازالانغان قارا يۈز جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارىدىن بىلىشىمىزچە، خروئىن سودىسى بىز خەقنىڭ ئىچكى سودىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، خروئىن سودىگىرى ئايشەمخان موللائەمەت 1992 - يىلى 8 - ئايدا گۇاڭجۇدا باشقىلاردىن 60 گرام خروئىننى گرامىنى 105 يۈەندىن سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ خروئىن سودىگىرى ئەنۋەر ئوبۇلغا گرامىنى 180 يۈەندىن ساتقان. تۇرسۇن سىدىق گۇاڭجۇدا باشقىلاردىن 85 گرام خروئىننى گرامىنى 120 يۈەندىن سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ ئەنۋەر ئوبۇلغا گرامىنى 170 يۈەندىن ساتقان، ئەنۋەر ئوبۇل ئۇنى باشقىلارغا گرامىنى 200 يۈەندىن سېتىپ تەمىنلىگەن.

1994 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك دېلوسىدا تۇتۇلۇپ قولغا چۈشكەن 306 گۇناھكاردىن 200 نەچچىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، 1995 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدە زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش جىنايىتى بىلەن پاش بولغان 64 كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭلا بىز خەق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. دېمەك، بىر قىسىم قارا قورساق ئۇيغۇرلار خروئىن، ئەپيۇن، نەشە... سودىسىنى بىر بۆلۈم كىشىلىرىمىز، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز ئارىسىدا توختىماي داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

2. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش ۋە ئۇنى يوقىتىش بويىچە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كۈچەپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا بۇ پاجىئەگە نىسبەتەن جىددىي زەربە بېرىش ئادىتى يېتىلمىگەن. جامائەت پىكرى تېخى يۇقىرى ئەمەس.

زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى قىلغۇچىلارنى، ئىلىپ چەككۈچىلەرنى كىشىلەر تېخى ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل. . . قاتارىدا تەلتۆكۈس زەربە ئوبيېكتى قىلىپ كېتىشەلمەيۋاتىدۇ. «نېمە كارىم»، «خەقلەرنىڭ ئىشى»، «ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى» . . . دېگەندەك مەسئۇلىيەتسىزلىك قاراشلىرى بىلەن چېكەرمەن، ساتارمەنلەرگە پۇرسەت بوشلۇقى يارىتىپ بېرىشىۋاتىدۇ. كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار باللىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشىنى دەل ۋاقتىدا كۆزەتمەيدۇ. سېزىلىپ قالغانلارنى جەمئىيەتتىن يوشۇرىدۇ. باللىرى زەھەرلىك چېكىملىك بەڭگىسى بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ خۇمارى تۇتۇپ بولالمىغاندا ئىچ ئاغرىتىشىپ «بىر تال چېكىۋالسۇن» دېيىشىدۇ، ھەتتا يىغلاپ يۈرۈپ باللىرىغا چېكىملىك تېپىشىپ بېرىشىدۇ.

. . بەزىلەر چېكەرمەن بولۇپ كەتكەن باللىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشىدىن، جەمئىيەتنىڭ نەپرىتىدىن قاچۇرۇۋېتىدۇ. پۇل تېپىش قىلمىشلىرى (ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق، ھەتتا قاتىللىق جىنايەتلىرى) نى يوشۇرىدۇ، ئاقلايدۇ. گۇناھنى باللىرىدىن كۆرمەي كىشىلەردىن كۆرىدۇ. تۇتۇلغان باللىرىنى «ئارقا ئىشىك» لەردىن چىقىرىۋېلىش كويىدا ھەممىنى قىلىشىدۇ.

. . قىسقىسى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى ئىستىقبال جىنايەتچىلىرىگە ئىسسىق چاپان يېپىش غەرەزلىرىدە بولۇشۇۋاتىدۇ. بۇنى بىزدىكى بىر خىل «ئىچ ئاغرىتىش ئاپىتى»، «كېسەلنى ئېغىرلىتىش چارىسى» دېمەي تۇرالمايمىز.

نەپرەتكە ئۇچرىمىغان قىلىق يوقالمايدۇ. ئىسلامدا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى قىلىپ ئۆلگەن، قانۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمان كىشىلەر جەسەتلىرىنىڭ مەسچىتلەرگە كىرىشىگە، نامىزىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىگە، دۇئا - تالاۋەت ئوقۇلۇشىغا يەنى «مۇسۇلمان» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىغا بولمايدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. دۆلەت قانۇنى ئۇنداق جىنايەتچىلەرگە رەھىمسىزلىكنى ئىپادىلەپ تۇرغان شارائىتتا بىزمۇ خەلق كۈچى، جەمئىيەت، جامائەت كۈچى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىگە، چەككۈچىلەرگە نېمە ئۈچۈن قاتتىق قوللۇق قىلمايمىز؟

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇدىر مۇھەررىرى، ھازىر پېنسىيىدە.

# بىزدىكى ئەبگارلىق

## ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانى

مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.
بېيىدۇ مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى،
چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ.

— تېيىپجان ئېلىيوپ

مەن ئاۋام ئۇيغۇرلارنى بۇ ئالەمدىكى ئەڭ ئاقكۆڭۈل، ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ ساددا خەلق دېسە بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئەمىسە، يات ئادەمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدىغان، كىرمىسە رەنجىيدىغان، كىرسە خۇشلۇقىدىن پايپېتەك بولۇپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىغان؛ ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە سېلىپ، قولىغا سۇ بېرىپ، ئالدىغا دەرھال داستىخان كەلتۈرىدىغان؛ ئاز يېسە خاپا بولىدىغان، قانچە جىق يېسە شۇنچە خۇشال بولۇپ، ئوتتۇز ئىككى چىشىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ كۈلۈپ كېتىدىغان خەلق يەنە نەدە بار؟!

يەنە بەش يىلدىن كېيىن ئىنسانىيەت تارىخى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويىدۇ. شۇ تاپتا، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر سەپلىرىنى قايتىدىن تۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئورنى توغرىسىدا جىددىي، ئەمما ئەمەلىي چەن سوقماقتا. ئۇنداقتا، قەدىمكى زاماندا «ئۇرۇشقا ئۇستا، جەڭگە ماھىر» دەپ شەرىپى بار، ھازىرقى زاماندا بولسا «مېھماندوست»، «ناخشىغا ئۇستا، ئۇسسۇلغا ماھىر» دەپ تەرىپى بار ئۇيغۇرلارچۇ؟

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان 46 يىل، خۇسۇسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 40 يىلنىڭ مابەينىدە، پارتىيىمىزنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىغا تۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ ھەر قايسى قۇرۇلۇش سەپلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆز تەرەققىياتىنى نامايان قىلىپ كەلدى. مەملىكىتىمىز ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويغان 17 يىلدىن بۇيان، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە، ئالايلۇق، تىبابەت ساھەسىدە پروفېسسور، دوكتور خالمۇرات غوپۇردەك (شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى ئىنستىتۇتىدا)، جۇغراپىيە ساھەسىدە دوكتور تاشپولات تېيىپتەك (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)، فىزىكا ساھەسىدە دوكتور ئاشتى (博士后) كۇرەش ئىبراھىمدەك (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا)، فىلولوگىيە پەنلىرى ساھەسىدە بولسا، ئالتايشۇناس دوكتور لىتىپ توختىدەك (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا) ياش ئالىملار بۇسۇپ چىقىپ، ھېچ بولمىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلەر دېگەندەك ئۇنداق «كاللىسى ئاددىي مىللەت» ئەمەسلىكىنى مېغىزلىق ئىسپاتلىدى. بۇ - ئاساسلىق تەرەپ. قايسىبىر ئۇيغۇر ئەگەر ئۆز مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئاساسلىق تەرەپلەرنى، ئىجابىي تەرەپلەرنى، تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش ئامىللىرىنى كۆرمەي، ھەدېسىلا: «بىز خەقنىڭ بۇ نېمىمىزمۇ بولمايدۇ، ئۇ نېمىمىزمۇ پالانى مىللەتكە يەتمەيدۇ، بىز تۈگەشتۇق» دەپ قاقشاش ۋە قېيداش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇنى كۆڭلىدە مەزكۇر ئۆزى چوقۇنىدىغان مىللەتنىڭ سېپىگە قوشۇۋەتكەن ياخشى. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە، كەم دېگەندىمۇ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئافاق خوجا ۋە خوجىلار زامانىسىدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىپ،

روھىيىتىمىزگە ئۆزلىشىپ قالغان بەزەن ئەجەللىك نۇقسانلارمۇ بار. بۇ نۇقسانلارنى ئىخچاملاپ «ئومۇمىي ساپا جەھەتتىكى نىسبەتەن تۆۋەنلىك» دەپ ئاتىساق بولار. مېنىڭچە، ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ئومۇمىي ساپا جەھەتتىن نىسبەتەن تۆۋەنلىك - كەمچىلىكنى ئوچۇق - يورۇق ھالدىكى مىللەتنى سۆيۈش پائالىيىتى بىلەن ئۇيغۇر روھىنى ئويغىتىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر روھى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئومۇمىي روھىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر روھىنىڭ ئويغىنىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئويغانغان روھىنى ئۇلغايتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ، خالاس. ئەمدى، ئۇيغۇر روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن، «ئۇيغۇرلار قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت» دەپ باشلىنىدىغان ھەمدۇسانا ۋە قەسىدىلەرنى ئوقۇش كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى يەنە كەمچىلىكلەرنى، نۇقسانلارنى «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇرچە سەممىيەت ئۆلچىمى ئاساسىدا، يۈز - خاتىرە قىلماستىن ئېچىپ كۆرسىتىش كېرەك.

دۇرۇس، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى نۇقسان - ئەيىب دېگەن ھەرگىزمۇ چىرايلىق نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يېتەرسىزلىك ۋە كەمچىلىكلەرنى ئېچىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىشمۇ ھېچبىر كۆڭۈللۈك ئىشلار جۈملىسىگە كىرمەيدۇ. ياش ۋاقتىمدا يازغان «كور خېرىدار» ناملىق ھېكايەمدە ئوچۇقتىن ئوچۇق «دادام»نى ئەيىبلەپ تاشلاپ، قېرىنداشلىرىمنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالغانىدىم. بۇ نۆۋەت، مىللىتىمنىڭ كەمچىلىكلىرى ھەققىدە يېزىپ، نېمە قىسمەتكە قالارمەن؟

خۇدا، بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىش. بىراق، مەن سەممىيەتلىك ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يۈكسەك پەزىلەت، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاتا - بوۋىلارنىڭ: «نىيەت ئەلا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە چىنپۈتىمەن. شۇ ۋەجىدىن، سەئىي - ئىجتىھات قىلىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

* * *

يۈزدە توقسان يەتتە پىرسەنت ساپ ئۇيغۇر ياشايدىغان قەدىمىي دىيار خوتەنگە بارسام، خېلى بىر قىسىم زىيالىيلار: «مەن ئۇيغۇر كادىر» دېمەي، «مەن مىللىي كادىر» دەيدىكەن. ئەزىزانە قەشقەردە يوغان ۋىۋىسكىدا چىرايلىق قىلىپ «ئۇيغۇر شىپاخانىسى» دەپ يېزىقلىق تۇرسىمۇ، ئاز بولمىغان قەشقەرلىكلەر ئۆزىنىڭ بۇ دوختۇرخانىسىنى «مىللىي شىپاخانا» دەپ ئاتايدىكەن. ئۈرۈمچىگە كەلسەم، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇزاكىرىلىرىدە مۈگدەپ ئولتۇرىدىغان بەزىبىر «ۋاڭ تۇڭيى» (قوشۇلىمەن) كادىرلار ئولتۇرۇشلاردا ھەيۋەتنى تورۇسنى ئېچىۋەتكۈدەك چوڭ گەپلەر بىلەن غەيۋەت - شىكايەتنى زاكۇسكا قىلىپ، ھاراق ئىچىپلا يۈرىدىكەن، قورساقلار بىرسى بىرسىدىن يوغان، باشلار ئېغىر، قاپاقتەك ساڭگىلىغان.

مەن بىز خەقنىڭ ئىچىدىكى بىلدۈرگەنلىرى بىلمەس، گەپنى ئېغىزىغا سېلىپ بەرسىمۇ دېيەلمەس، قولىدىكى تەييار نېنىنىمۇ جايلاپ يېيەلمەس، ئۆزىنىڭ ئىسمى بولغان «ئۇيغۇر» دېگەن گەپمۇ ئېغىزىغا ئەپ كەلمەس بولۇپ كېتىۋاتقان بىر قىسىملارنى «بىزدىكى ئەبگارلار» دەپ ئاتىدىم.

ئەبگارلىق - روھىيەتتىكى بىر خىل كېسەللىك. ئېچىپ ئېيتقاندا، ئۇ، سېپى ئۆزىدىن بولغان روھىي مەجرۇھلۇق. ئۇنىڭ خەتىرى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ خەتىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئەيدىز كېسەللىكى ئىنساننى جىسمانىي جەھەتتىن خاراپلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ، ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ئەبگارلىق ئادەمنى روھىي جەھەتتىن مىسكىنلەشتۈرۈپ خانىۋەيران قىلىپ، ئاقىۋەتتە تىرىك ئىنساننى ئۆلۈك جانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، ئەبگارلىققا نىسبەتەن خۇددى ئەيدىز كېسىلىگە مۇئامىلە قىلغاندەك، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە بار ئىمكان بىلەن جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئۇنۇملۈك داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك!

خوش، ئەبگارلىق بىر خىل مەنىۋى كېسەللىك ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بايقالغان بەلگىلىرىدىن، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن ھازىرچە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى بولغانلىرىمىز تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## ئەقىدىسىزلىك

ھەر كىم بىلىدۇكى، ئىنسان - تەن (بەدەن) بىلەن روھ (جان) دىن تۈزۈلگەن مەخلۇق. روھ بولمىغان بەدەن بەجايىكى بىر قۇرۇق جاھازدۇر. ئەمدى ئەقىدە بولسا، ئىنسان روھىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىنسان ئېڭىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەقىدىسىز روھ ئەمەلىيەتتە چاھارپاي روھىدۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئەقىدىلىك ئىنسانلا يۈكسەك ئالىي - پەزىلىتى ئارقىلىق مەخلۇقاتلار سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەقىقىي ئىنسان سانىلىدۇ.

ئەقىدە يەككىلىك دۇنياسىنىڭ ھاسىلى ئەمەس، بەلكى ئومۇملۇق ئالىمىنىڭ مۇبارەك مەھسۇلاتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەقىدە ھېچقانداق بىر شەخسكە تەئەللۇق خۇسۇسىي مۈلۈك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئومۇمغا، كوللېكتىپقا ئورتاق بولغان مەنىۋى قۇۋۋەت مەنبەسى. ئۇنى كۈندۈزدىكى پارلاق قۇياشقا، كېچىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشاتسا بولىدۇكى، ئەقىدىلىك ئىنسانلارنىڭ قەلبى ئاشۇ قۇياش ۋە ئاشۇ ئاينىڭ سېخى نۇرى بىلەن ھەمىشە يورۇق تۇرىدۇ. ئەقىدىنى پەقەت كۆڭۈل كۆزى بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان خاسىيەتلىك رىشتە دېسە بولىدۇكى، ئەقىدىلىك مىللەتنىڭ قەلبى ئاشۇ خاسىيەتلىك رىشتە شاراپىتىدىن بىر - بىرىگە ھەر دائىم چىڭ باغلانغان بولىدۇ.

ئەقىدە - سەن، مەن، ئۇ، يەنى بىزدىكى ئۆزئارا بىر - بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىزنى، بىر - بىرىمىزگە چىنپۈتۈشىمىزنى، بىر - بىرىمىزنى ئۆزئارا قوللىشىشىمىزنى مىزان يادروسى قىلىدۇ. ئۇ - سەن، مەن، ئۇ، يەنى بىزنىڭ ئورتاق ئىستەك، ئورتاق غايىمىزنى كۆرەش نىشانىسى ۋە مەقسەت مەنزىلى قىلىدۇ. ئەگەر سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ، مەن قوپۇپ سەندىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ گۇمانلانسام، بىز ئۈچىمىزنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە تەئەللۇق ئىشتا، ئۈچىمىز ئىشنى ئۈچ تەرەپكە تارتساق، تەبىئىيكى، مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ئەجەللىك يېرى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە سەن - بىزگە تەئەللۇق مەنپەئەت باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، سەن - بىز بولساق، ھەقلىق

نىسمۇنىمىزدىن مەھرۇم ئاشۇرىۋۈك پېتى قېلىۋېرىمىز.

ئەڭ مۇھىمى، ئەقىدە ئىنسانىيەت مۇئەييەن توپىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇنىڭ ئەھلى ئۈچۈن بىر خىل يۈكسەك ئەقىدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى ئەرەب مىللىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ۋە ئومۇمىي مەنپەئىتى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. ماركسىزم بولسا، پرولېتارلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئۇل قىلىپ بەرپا بولغان. دەرۋەقە، كېيىنچە مىللەت ئايرىمىسى خىلمۇ خىل بولغان قەۋملەر ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بەزىلىرى قىلىچتىن قورقۇپ، يەنە بەزىلىرى بولسا، ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئەرەبلەرگە ئەقىدىداش مۇسۇلمانلار (ئىسلامغا ئەقىدە قىلغۇچى) دىن بولغان. ئۇيغۇرلارمۇ شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

بىراق، ئەبگارلىق ئىللىتى ۋۇجۇدىنى چىرمالپكەتكەن بىزدىكى زامان مەككارلىرىدا ئەقىدە بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ «ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن» دېگەنلىرى يالغان. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ «ناماز ئوقۇش كونىلىق بولىدۇ» دېگەن زامانلاردا، باشلامچىلىق بىلەن مەھەللىسىدىكى مەسچىتلەرنى تاقاپ، ئۇنى ئەسكى - تۈسكىلەرنى قويىدىغان ئامبار قىلغانلىقى، ھەتتا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» نى باشلاپ «ئاللانىڭ ئۆيى» نى چاقتۇرغانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش پاكىت. ئۇلارنىڭ: «مەن ماركسىزمچى، كوممۇنىستمەن» دېگەنلىرىمۇ كاززاپلىق. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ياش ۋاقتىدا كادىر بولۇپ، ناماز ئوقۇغان ئۇيغۇرنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ، نامازغا ئەزان ئېيتقان مۇسۇلماننىڭ قولىقىغا مۇشتلاپ قەغەز قالپاق كەيدۈرۈپ «كونىلىقنى تىرىلدۈرگۈچى»، «جىن - شەيتان» دەپ سازايى قىلدۇرغانلىقى؛ ھاياتىي كۈچى بار ئۆمرىنى ئاۋام خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەمدىلىكتە بىر يۇمۇلىنىپلا تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، مەسچىت جامائىتىنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋالغانلىقى؛ ساقاللىرىنى قويۇۋېتىپ، قوللىرىدىن تەسۋىنى چۈشۈرمەي: «سۇبھانئاللا» دېيىشىپ يۈرگەن ساختىپەزلىكى، ئۆز زامانىسىدا ئاۋامنىڭ يىلىكىدە سۈ ئىچىپ يۈرۈپ توپلىغان پۇل بىلەن مەككە - مەدىنىنى تاۋاپ قىلىپ، «ھاجى ھەرەم» بولۇۋېلىۋاتقانلىقى شاھىت. ئۇلارنىڭ: «مەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كادىرمەن» دېگىنى - ئالدامچىلىق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆز خەلقى ئۈچۈن يورۇيدىغان ئەقىدە چىرىغىدىن مەھرۇم. ئۇيغۇرلار، قەلبى ئەقىدە چىرىغىدىن مەھرۇم ئادەمنى «كۆڭلى قارا ئادەم» دەيدۇكى، قارا كۆڭۈل - قارابىس، دىلى كور، ۋىجدان - ۋۇجۇدى ئۆلگەن بۇنداق مۇناپىقلارنىڭ روھىيىتىدە زۇلمەتكە غەرق بولغان يېگانە «مەن» دىن ئۆزگە ھېچنېمە بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۈنى ئەمەتنى قانداق پۇتلاش، سەمەتنى قانداق يوقىتىشنىڭ كويىدا، يەنى قانداق قىلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا - ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ كويىدىلا ئۆتىدۇ. مانا بۇ - 21 - ئەسىرگە كىرىش ئىشىكىدە تۇرغان بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بولۇۋاتقان ئەھۋال.

دەرىغا، پاكىتلىق ساۋاق شۇكى، ئەقىدىسىز ئەلدە گۇمانخورلۇق، ساتقىنلىق قايناپ كېتىدۇ. ئەقىدىسىز ئەلنىڭ شانلىق تارىخىمۇ، پارلاق ئىستىقبالىمۇ بولمايدۇ.

كېلەچەكشۇناس ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، 21 - ئەسىر پەن - تېخنىكا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، دېموكراتىيە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەتمۇ ئەۋجىگە چىققان ئەسىر بولىدۇ. 21 - ئەسىردە كىمنىڭ پەن - تېخنىكىسى ئۈستۈن، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولسا، شۇ كۈچلۈك بولىدۇ. كىم ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىلغار ئەقىدىگە ئىگە بولسا، شۇ مۆھتەرەم، شۇ ئېتىبارلىق بولىدۇ.

سەنمۇ ئادەم ئاتامنىڭ ئەۋلادى، سەنمۇ ھاۋا ئانامنىڭ يۈرەك باغرى، ھالبۇكى، سەنمۇ ئۆزۈڭنى قەدىرلە، ئۆزۈڭنى سۆي، ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىل. بىلگىنكى، ھەر قانداق مەۋجۇدات مۇئەييەن قىممەت بىلەن قەدىرلىك. ئىنسانمۇ شۇنىڭغا تالىق، سېنىڭ قىممىتىڭ بولسا، قەدىرلىك يارسەن. ئەگەر قىممىتىڭ بولمىسا، قەدىرسىز خارسەن. قەدىرسىزلىك، خارلىق ساڭا ۋە ماڭا ھەرگىز خاس ئەمەس! شۇنداق ئىكەن، قەددىڭنى كۆتۈر، ئەتراپىڭغا قاراپ باق، قەلبىڭگە سەنمۇ ئەقىدە چىرىغىنى ياق! مانا بۇ - نۇسرەت قەدىمىنىڭ ئېپتىداسى، غالىب ۋە مەنىلىك ھاياتنىڭ بىسمىللاسى.

دوپپاڭنى ئالدىڭغا ئېقويۇپ تۇرۇپ ئويدان ئويلان، ئەبگار!

1995 - يىل، 23 - يانۋار

# ئىناقسىزلىق ۋە ئىپتىدائىي مەھەللىۋازلىق

ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكىم خەلق غەمىدىن يوقتۇر غەمى.

- ئەلشىر نەۋائىي

ئۇيغۇر پسىخولوگىيىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىۋاتقان بەزى ئالىملار: «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنچە ياۋاش ۋە مۇنچە ساددا بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەمىشە قوي گۆشى يەيدىغان ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىماقتا. مېنىڭچە، بۇ خىل قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، يەر شارىدا ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى سۇ، ھاۋا ۋە كۈن نۇرى قاتارلىق تەبىئىي مۇھىت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. تەبىئىي مۇھىتى ۋە جۇغراپىيىلىك ماكانلاشقان ئورنى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، تاغلىقلاردا تاغ پسىخىكىسى، چۆل - باياۋانلاردا ياشايدىغانلاردا چۆل پسىخىكىسى، دەريا - دېڭىز بويلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەرنى ماكان قىلغانلاردا بولسا، شۇ كونكرېت مۇھىت شەكىللەندۈرگەن خاس پسىخىكا بولىدۇ. ئەمدى، كۈندە ئۈچ ۋاق ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەردىكى پەرقلەرمۇ ئىنساننىڭ پسىخىكىسىدا مۇئەييەن ئىزلارنى قالدۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام شەرىئىتى ئىجازەت بەرگەن ئاچاق تۇياق جانۋار كالىنىڭ گۆشىنىمۇ: «تەبىئىتى سوغۇق، ئادەمگە سوغۇق كېلىدۇ» دەپ يەكلەپ تۇزۇك يېمەيدىغان، يىل ئون ئىككى ئاي ئاساسەن قوي گۆشى

بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان بىز خەققە قوي مىجەزىنىڭ سىڭىپ كىلىشىمۇ ئاپايامىقى كەپ. بىراق، خۇدا بىلىدۇكى، ئاشۇ جانىۋار قوينىڭ ئەڭ مۇبارەك خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدىغان ئۆملۈك، ئىناقلىق خىسلىتىنىڭ بىزگە مۇتلەق سىڭمىگەنلىكى ئىنساننىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. ئالايلۇق، تۆت چوشقىنى باققىلى ئېلىپ چىقسا، ئېغىلدىن چىقىپلا تۆتى تۆت تەرەپكە پېقىراپ كېتىدۇ. بىراق، ئوتتۇز قوينى بىر كىچىك بالا دەلنەزى باقالايدۇ. چۈنكى، قوي دېگەن بىر - بىرىگە ئەگىشىدۇ؛ توپ ئوتلايدۇ. ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، نىسبەتەن چېچىلىپ ئوتلاۋاتقان قويلار ئەگەر بۆرىنىڭ ۋەھىمىسىنى سەزسە، دەرھال «دۇررىدە» كېلىپ، بىر جايغا مەھكەم توپلىشىپ بېشىغا كەلگەننى تەڭ كۆرىدۇ. بىراق، بىزدە ئۆملۈك، ئىناقلىق ھۆجەيرىسى كەم ياكى تەرەققىي قىلمىغاچقىمىكىن، ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىقىمىزدىن، كېيىمىز بىر يەردىن چىقىشتىن، تىنىقىمىز تىنىقىمىزغا كېلىشتىن، قىسقىسى، بىر - بىرىمىزگە قولۇشۇشتىن سۆز ئېچىش بەسى مۇشكۈل!

تارىخ كىتابلىرىدا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇچقانىدەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، گاھى ئاتنىڭ قورسىقىغا شۇڭغۇپ تۇرۇپ ئوقيانى ئالدى تەرەپتىكى نىشانغا قانداق دەل تەگكۈزسە، بېلىنى «شاپپىدە» كەينىگە بۇراپ ئۇق ئۈزۈپ، ئارقا تەرەپتىكى دۈشمەننىمۇ تىك موللاق چۈشۈرىدىغان جەڭگىۋار مىللەت ئىدى، دەپ تەرىپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆم - ئىناقلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق بىر يارقىن رىۋايەت ئەلمىساقتىن بۇيان ئېغىزدىن - ئېغىزغا، كىتابتىن - كىتابقا كۆچۈپ، داستان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ: «ئۇيغۇرنىڭ مەئناسى بارچەغە مەئلۇم ياپۇشقۇچى مەئناسىندەدۇر. مەسىلەن، ئايتەلەر سۈت ئۇيۇدى دېپ. سۈيۇق ھالدە بىرسى بىرسىندەن ئايرىلەئېدى، قاتىق بولغاندان سوڭ بىرى بىرىنە ياپۇشدى ۋە دەخى ئايتەلەركى ئىمامغە ئۇيۇدى. ئىمام ئوتۇرسا ئوتۇرار، تۇرسا تۇراردۇر، بەس، ياپۇشقانى بولماي مى؟ ئانلار كەلىپ ئوغۇزخاننىڭ ئېتەكىنى قوللارى ئىلەن مۇھكەم ياپۇشقاچ، خان ئانلارغە ئۇيغۇر دېدى، ياپۇشقۇچى دېگەن سۆزدۇر.» («ئۇيغۇر»نىڭ مەنىسى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، «يېپىشقۇچى» دېگەن بولىدۇ. مەسىلەن، سۈت ئۇيۇدى، دېگەنگە ئوخشاش. سۇيۇق ھالدا بىرسى بىرسىگە ھىملەشمەي تۇرغان نەرسە، قاتقاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە يېپىشىدۇ. يەنە تېخى «ئىمامغا ئۇيۇدى» دېگەن گەپمۇ بار. ئىمام ئولتۇرسا، ئولتۇرىدۇ، تۇرسا، تۇرىدۇ. بەس، مانا بۇ يېپىشقىنى بولماي نېمە؟ ئۇلار كېلىپ، ئوغۇزخاننىڭ ئېتىكىگە قوللىرى بىلەن مەھكەم يېپىشقاچ، خان ئۇلارنى «ئۇيغۇر» دېگەن. بۇ «يېپىشقۇچى» دېگەن سۆزدۇر.) [قاراڭ: ئەبۇلغازى بەھادىرخان يازغان «شەجەرەئى تۈرك» (تۈركىي خەلقلەر شەجەرىسى) 11 - بەت، قازان ئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى1891-يىل نەشرى.] دېمەككى، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە ئۆم - ئىناق بولغاچ، «بىر - بىرىگە يېپىشىپ ئۇيۇيدىغان»، «ئۇيۇشقاق خەلق» مەنىسىدە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆم - ئىناقلىق ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك پەزىلىتى ۋە يۈكسەك خىسلىتى ئىدى. ئۇزاق قەدىمكى ئۇيغۇرلار پەقەت ئۆم - ئىناق ۋە ئۇيۇشقاق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇنداق جەڭگىۋار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، بۈيۈك قاراخانىيلار زامانىسىدىكىدەك شانلىق مەدەنىيەت دەۋرىنى بەرپا قىلالىغان.

ۋەھالەنكى، كېيىنكى چاغلاردا خېلى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارغا ئۆز يۇرتلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەكلىماكاندىكى قۇمنىڭ چېچىلاڭغۇلۇق خۇسۇسىيىتى سىڭىپ قالدىمۇ قانداق، ئۇلار ئۆملۈك - ئىناقلىق ئەنگۈشتىرىنى يوقىتىپ قويدى. نەتىجىدە، تەدرىجىي ئەبگارلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى ئۆزئارا ئۆم - ئىناقلىقتا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بىر - بىرىنى قوللىشىش بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزئارا ھەسەتخورلۇق قىلىش، بىر - بىرىنىڭ كۆتىنى كولاش، بىر - بىرىنى ھۆل خىشقا دەسسىتىش، كادىرى پۇقراسىنى ئالداش، شەھەرلىكلىرى يېزا - سەھرالىقلىرىنى گوللاش، مەست بولغاندا ھال ئوقۇپ دەردلىشىش، يېشىلگەندە بىر - بىرىنى داۋاملىق قەستلىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى.

يەككە - يەككە ئىناقسىزلىقنى ئاز دەپ، توپلىشىپ ئىناقسىزلىق قىلىشنىڭ مودا بولۇپ قېلىۋاتقىنىغا ئەپسۇھەنناس! ئالايلۇق، يۇرتۋازلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەرەققىي قىلىپ تازا قىيامىغا يەتكەن بىر مەرەز ئىللەت. ئۇنى «ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا قوللىشىش» دەپ پەدەزلەۋاتقان ئەبگارلارغا لەنەت!

سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، يۇرتۋازلىق ھازىرقى زامان مىللەتلىرى تېخى رەسمىي مىللەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن چاغلاردىكى ئىپتىدائىي مەھەللىۋازلىقنىڭ قالدۇقى، ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىق ۋە قاشاقلىق ھارۋىسىنىڭ ئەبجەق جابدۇقى. ئىپتىدائىي مەھەللىۋازلىقنى دۇنيا مىللەتلىرى ئۆز ئىگىدىن چىقىرىپ تاشلىۋەتكىلى نەۋاق، بىز ئۇيغۇرلار ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇۋاتىمىز تېخى باشتىن - ئاياغ. 20 ـ 30 يىلنىڭ ئالدىدا «شىماللىق» ۋە «جەنۇبلۇق» دەپ ئىككىگىلا ئايرىش بار ئىدى. ھازىر جەنۇبلۇقلار يەنە ئاقسۇلۇق، قەشقەرلىق ۋە خوتەنلىك دەپ ئايرىلىدىغان، قەشقەرلىقلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن قاغىلىقلىق، پوسكاملىق ۋە يېڭىسارلىق دەپ تۈرلىنىدىغان بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئايرىش بۇرۇن ئاۋام ئارىسىدا كۆپرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا باھانە كۆرسىتىپ: «پۇقرالىرىمىزنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى تۆۋەن» دەيتتۇق. ھازىر بولسا، بۇ بىر قىسىم كادىرلارنىڭ، خۇسۇسەن نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ دەۋران سۈرۈش ۋاستىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمدى، بۇنىڭغا نېمىدەپ باھانە كۆرسىتەرمىزكىن؟ بولدى، باھانە كۆرسەتمەيلى، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېچىپلا دەيلى - بۇ دەل قىسمەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز روھىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئەبگازلىشىپ - رەزىللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى!

زىيالىيلار قوشۇنى ئىچىدىكى مەھەللىۋازلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدۇ، قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ھېكايەت: مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن بىر بۆلۈمىگە يۇقىرىدىن بەش شتات بېرىلگەن بولۇپ، ھايت - ھۇيت دەپ بولغۇچە، بۆلۈم باشلىقى ئۆزى يۇرتداش بولغان ئۈچ ئادەمنى ئېلىپ مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان. نەتىجىدە،

ئاممىنىڭ بۇنىڭغا پىكرى چىققان، باشلىقنىڭمۇ سەل خۇيى ئۆتقان. شۇڭا، بەشىنچى شتات ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، شۇ بۆلۈم خىزمىتىگە تازا باپ كېلىدىغان، بىراق بۆلۈم باشلىقى بىلەن يۇرتداش بولمىغان بىر ياشنى بەرگەن. ئۆز كەسپىگە ماس خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشال بۇ ياش بۆلۈمگە ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىپ، خىزمەتلەرنى شۇنچە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىسىمۇ، بۆلۈم باشلىقى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئۇنى سىبىق گەپلەر بىلەن ئەيىبلەپ خاپا قىلغان. بۇنى ئاز دەپ، ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا بۆلۈمنىڭ بولۇڭىدىكى تۈكۈرۈك قاچىسىنىڭ لېۋىگە قوندۇرۇپ ساپسېرىق خەپرۈك تۈكۈرۈپ، ھېلىقى غەيرىي يۇرتداش ياش بالىنى: «تۈكۈرۈك قاچىسىنى يۇيۇپ كىر» دەپ بۇيرۇغان. ياش بالا ئۈن - تىنسىز ئۇنى يۇيۇپ كىرگەن. يەنە بەش - ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، بۆلۈم باشلىقى ئۇ ئىپلاس قىلىقنى يەنە تەكرارلىغان. غەيرىي يۇرتداش ئۇيغۇر ئاشۇنداق خارلانسا، يۇرتداشلار بىر تەرەپتە «خىر - خىر» كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۆلۈم باشلىقى مەزكۇر غەيرىي يۇرتداش بالىنى دوكلات يېزىپ باشقا بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. كېيىن، باشقىلار ئۇ بۆلۈم باشلىقىدىن بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، جانابىي بۆلۈم باشلىقى ھېچبىر خىجىل بولماستىن: «نېمىشقىدۇر، مېنىڭ كۆزۈمگە باشقا يۇرتلۇقلار زادىلا سىغمايدىكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە ھېكايەت: مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان بىر ئۈرۈمچىلىك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىككى يىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىنى مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ ئاپتورى ۋە ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەن بىر ماۋزۇنى سۇنغان. ئۇستازى ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ ماۋزۇ ھەققىدە يازىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «خەقلەر مەھمۇد قەشقەرى، مەھمۇد قەشقەرى، دېسە، قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ. مەن ئۇ ئادەمنى قەشقەرلىق ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۈرۈمچىلىكمىكىن دەپ ئويلايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دەرۋەقە، يۇرتداشلار بىر يەرگە كەلسە، ھېلىقى تونۇش تار كوچىنىڭ دوقمۇشى ۋە ھېلىقى دوڭغاق سۆگەتنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى ھەققىدە مەھەللىۋى تەلەپپۇز بىلەن بىردەم - يېرىمدەم كاسىلدىشىۋالسا، ئادەم خېلى يۇخادىن چىقىپ قالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇرتداشلارنىڭ ئۆز ئارا ئىزدىشىشى ۋە بىرگە ئولتۇرۇپ - قوپۇش قىلىشىنى ئاداققى ئەيىبلىك ئىش دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، يۇرتداشلار ئارىسىدىكى يېقىنچىلىقنى سىياسىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خىزمەت مەيدانىدا ھېچقانداق بىر ئىقتىدار ئۆلچىمى يوق مەھەللىۋى مەزھەپ بولۇپ ئۇيۇشۇۋالسا، ئۇ ئاقىۋەتتە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەت تۈگۈنى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، يۇرتۋازلىق - ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي گەۋدىسىگە چىققان بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمە. ھالبۇكى، ئۇنى پەقەت ئۆز ۋاقتىدا كېسىپ تاشلىغاندىلا ئاندىن جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خوش، ئەبگارلىق ئىللىتىگە ئەسىر بولغان خېلى كۆپ قىسىم جامائىتىمىز زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزئارا ئىناقلىشالمايدۇ؟ نېمىشقا بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بۇ قىسىم قېرىنداشلىرىمىز تونۇش جەھەتتە ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر مابەينىدە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن تەۋەرۈك ئالىي - ئورتاق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭىغا ئۇزۇل - كېسىل خىيانەت قىلغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا ئىچكى ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇ دەرىجىدە ناچار بولۇشى ئۇلاردا ئورتاق مەنپەئەت ئېڭى ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئىدىيىسىنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتىدۇ.

روناق تېپىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بېرىۋاتقان پاكىتلىق ساۋاق شۇكى، مەيلى قانداق قەۋم، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ مەنمۇ گۈللىنەي، تەرەققىي قىلىپ باشقا ئەللەر قاتارىدا يۈكسەك مەدەنىي ھايات باياشاتلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرەي دەيدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز ئېڭىدا ئۆز قەۋمى، ئۆز مىللىتىنىڭ جامائىتى ئۈچۈنلا تەئەللۇق بولغان ئورتاق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە قارىشىنى ئەبەدىيلىك قىلىپ تۇرغۇزۇشى لازىم. ھېكايەت: گېرمانىيىدە ئەخلەت تۆكىدىغان جاي ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بىنالاردىن خېلىلا يىراقتا بولىدىكەن. ئاھالىلەر ئۆز ئۆيلىرىدىن چىقىدىغان كۈندىلىك ئەخلەتنى ئاشۇ خېلى يىراق جايدىكى ئەخلەتخانىغا ئۆزلىرى ئاپىرىپ قويىدىكەن. كىشىگە تەئەججۈپ بولىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئەخلەتنى قارا قويۇق پوملاپلا تاشلاپ قويماستىن، ئۆزلىرى ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، مەسىلەن، سەي - كۆكتات ئېشىندىلىرى ۋە مېۋە - چېۋە شۆپەكلىرىنى ئايرىم، قەغەزلەرنى ئايرىم، ئالىيومىن - قەلەي بوتۇلكىلارنى ئايرىم ۋە ئەينەك بوتۇلكىلارنى ئايرىم قىلىپ، خاس خالتىغا چىرايلىق قاچىلاپ، ئاندىن ئاپىرىپ قويىدىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن زىيارەتچى ئۇلاردىن: «ئەخلەتخانىلارنىڭ يېنىدا ھەممىنى پوملاپلا تاشلىسىڭلار، دەپ تۇتۇۋالىدىغان ساقچىڭلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ھالبۇكى، مۇنچىۋالا زىللىق قىلىپ نېمە قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار تولىمۇ تەبىئىي قىياپەتتە: «بۇ ئەخلەتلەر ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىغا بارغاندا، ھامىنى تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر بىز تۈرلەرگە ئايرىپ بەرسەك، ھۆكۈمەتنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان سەرپىيات ۋە ئاجرىتىدىغان خىراجىتىنى تېجەپ قالىمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز ئۈچۈن پايدا. ئەڭ مۇھىمى، ئاشۇ پايدا، ئاشۇ مەنپەئەتتە بىزنىڭمۇ تېگىشلىك نېسىۋىمىز بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە ھېكايەت: ياۋروپادا ئىشلەمچى بولۇپ يۈرگەن تۈركلەر يىلدا بىر قېتىم تۈركىيىگە قايتىپ، ھۆكۈمەتكە شەخسىي تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇشى لازىم ئىكەن. ھەۋەس قىلىشقا تېگىشلىك ئالى شۇكى، ئۇلاردىن ھېچكىم بۇ باجدىن قېچىپ چەت ئەللىك بولۇۋالمايدىكەن. ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مۆھلەتنىڭ دەل ئۆزىدە كېلىشلىك باجنى ئاشۇرۇپ تاپشۇرسا تاپشۇرىدىكەنكى، ھەرگىزمۇ كەم تاپشۇرمايدىكەن، باج

ئوغرىلىمايدىكەن، ھۆكۈمەتنى ئالدىمايدىكەن. نېمىشقا؟ ھۆكۈمەتنى ئالدىساق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ئالدىغان، ئۆزىمىزنىڭ ئېشىمىزغا ئۆزىمىز توپا سالغان بولىمىز، دېگەن تونۇش ئۇلارنىڭ كاللىسىدا خۇددى ئوچۇق ئاسماندىكى كۈندەكلا روشەن ئىكەن. مانا بۇ - ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەبىئىي ئىنكاسى!

دۇرۇس، سەن قانۇن جەھەتتە مۇستەقىل بىر ئىنسانسەن. شۇڭا، قانداق ياشاش سەندىكى دەخلى - تەرۇزسىز ھوقۇق. بىراق، سېنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ شەنىنى بۇلغاشقا مۇتلەق ھەققىڭ يوق. چۈنكى سەن ئالدى بىلەن بىر ئۇيغۇرسەن، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى نوپۇس دەپتىرىدە 7 مىليون 214 مىڭ 438 سانلىنىۋاتقان (1990 - يىلىدىكى سان) ئۇيغۇرنىڭ بىر نەپىرىسەن. دېمەككى، سەن ئۇنداق يەككە - يېگانە، يېتىم - يېسىر بىر ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى، «ئۇيغۇر» ئاتلىق بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر ھۈجەيرىسىسەن. ھالبۇكى، سەن ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مەۋجۇت. ئۇيغۇر گەۋدىسى نابۇت بولسا، سەنمۇ بولىسەن نابۇت. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر گەۋدىسى كۈچلۈك بولسا، سەنمۇ كۈچلۈك، ئۇيغۇر گەۋدىسى ئاجىز بولسا، سەنمۇ ئاجىز روۋۇك. بۇ يەردىكى كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقنى بەلگىلەيدىغان نەرسە، پۈتكۈل ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى ۋە جان تومۇرى بولغان ئورتاق مەنپەئەت، ئەلۋەتتە!

سەندە ئورتاق مەنپەئەت ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن ئوتلىغان ئېشەكتەك ئۆزۈڭنىڭ گېلى ۋە ئۆزۈڭنىڭ ئەملىنىڭ كويىدىلا سوكۇلداپ يۈرىدىغان بىچارە ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيسەن؛ ئورتاق مەنپەئەت ئېڭى بولغاندىلا ئاندىن شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچەلەيدىغان، ئۆز نەپسىڭنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقا قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن ئۆز كۈچۈڭنى ۋە زېھنىڭنى بېغىشلىيالايدىغان بولىسەن. سەندە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا ئاندىن ئەمەتنىڭ ئەملى سەندىن يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان، سەمەتنىڭ سېيرى سېنىڭكىدىن ئوشۇق موزايلىسىمۇ خۇيۇڭ تۇتۇپ قالماي خۇشال يۈرەلەيدىغان بولىسەن. ئەڭ مۇھىمى، سەندە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن مەيلى گۇاڭجۇ، مەيلى شاڭخەي ۋە مەيلى ئىستانبول ياكى بېرلىندا بولساڭمۇ، يۈرىكىڭ سېلىپ كەتمەي: «مەن ئۇيغۇر مەن» دېيەلەيدىغان، ئۆز ۋەتىنىڭ، ئۆز خەلقىڭنىڭ غېمىنى ئۆز غېمىڭ بىلىپ يېيەلەيدىغان بولىسەن.

يەكۈن شۇكى، ئورتاق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭى يوق ئەلدە، ئۈملۈك، ئىناقلىق بولمايدۇ. ئۈملۈك، ئىناقلىق يوق يەردە بىچارىلىكتىن باشقا نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ.

چېچىلاڭغۇلۇق - قولاشماسلىق ساڭا باقىۋەندىمۇ، ئويلان، ئەبگار!

**1995 - يىل، 16 - فېۋرال**

## ساتقىنلىق ۋە مۇناپىقلىق

يولۇڭنى تۈزەتكىن، خۇي - پەيلىڭ تۈزەت،
يول ئىككى جاھاندا تۆردە ئولتۇرا.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 6641 - بېيىت)

ساتقىنلىق - ئەبگارلىقنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى روناق تاپقۇزمايۋاتقان ئەڭ ئەجەللىك ئىللەتلەرنىڭ بىرى. ھېكايەت: ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، غۇرۇرى. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى ئۆزى بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان، ئۆزى بىلەن بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسان روزى موللىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىنغان. شۇ يىلى ئۇ تېخى ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن بىر ياش ئەزىمەت ئىدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۇيغۇر، روزى موللىمۇ ئۇيغۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق زادى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر روزى موللا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چېقىشتۇرۇپ، ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ؟ بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە روھ جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقتا. يەنى بۇ ئىككىيلەن گەرچە دىنداش ۋە مىللەتداش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھ بىر - بىرسىنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتكۈل خەلقىم، پۈتكۈل مىللىتىمنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى مېنىڭ مەنپەئەتىم، مىللىتىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پىدادۇر جېنىم دەيدىغان مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىگىسى ئىدى؛ روزى موللا بولسا، مېنىڭ كېلىم - مېنىڭ بارلىقىم، ھاكىم كېلىمغا نان بەرسىلا ئۆز مىللىتىمنىڭ، ئۆز خەلقىمنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى بەش پۇلغا سېتىۋەتسەممۇ شۈركەنمەس تېنىم، دەيدىغان ساتقىنلىق روھىنىڭ بەندىسى ئىدى.

سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەر قانداق ئىرق، ھەر قانداق دىن ۋە ھەر قانداق بىر مىللەتكە تەۋە ئادەم ئۈچۈن، ئەمەلىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، ئۆز خەلقىگە كۆيۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاشنى تۈپ مەزمۇن قىلىدىغان مىللەتپەرۋەرلىك ئەزەلدىن ئەبەدكە گۇناھ ھېسابلانمايدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مىللەتپەرۋەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى ۋە تەۋرەنمەس ئاساسى. ئۆز مىللىتىنى سۆيمىگەن ئادەم تەبىئىي ھالدىلا ئۆزىنىڭ يۇرتىنىمۇ سۆيمەيدۇ. ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى چىندىن سۆيۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاداققى نىشان قىلىنغان مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى مىللەتلەرگە خاس تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ قەلبىدە باراۋەرلىك ۋە خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇقى بىلەن جارى قىلدۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيىتى بار، ئەلۋەتتە. ئەگەر بۇ چۈشەنچە توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا مىللىي ساتقىنلىق ۋە مىللىي مۇناپىقلىق تىنتاڭ تومۇرىغا تەگكۈزۈپ ئەيىبلىنىشى ۋە خەلقى ئالەم ئالدىدا لەنەتلىنىشى، ئادىمىي ئەخلاق بابىدىن ۋە ئىنسانىي پەزىلەت مەيدانىدىن ئەبەدىيلىككە قوغلاپ چىقىرىلىشى لازىم.

ئېچىنىش ۋە ئاچچىق ئەلەم بىلەن ئېيتقاندا،

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان ئىچكى تارىخىدا، هامان زور - زورپاجىئەلەر بىلەن نەتىجىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تراگېدىيە بار، ئۇ بولسىمۇ، مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مىللىي ساتقىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت. 1920 -، 1930 -، 1940 - يىللاردىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدە پاجىئەلىك قەتلى قىلىنىپ كەتكەن تەرەققىيپەرۋەر بۈيۈك ئالىم، مەشهۇر ۋەتەنپەرۋەر زات ئابدۇقادىر داموللا بىننىي ئابدۇۋارىس قەشقەرى، مەشهۇر مائارىپچى، شائىر، كومپوزىتور مۇهەممەتئېلى توختاجى (تەۋفىق) ئەپەندى ۋە كۈرەشچان يىللارنىڭ باتۇر كۈيچىسى، ئوت يۈرەك شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاشۇ خىل مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مىللىي ساتقىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ پاجىئەلىك قۇربانلىرىدۇر. ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئېچىنىشلىق قەتلى قىلىنىش تەقدىرىدىن يەكۈنلەپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە، روزى موللىلارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ قانلىق نەتىجىسى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئارىدىن ئاتمىش ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روهىغا ۋارىسلىق قىلغانلارمۇ، ساتقىن روزى موللىنىڭ ئىپلاس جەندىسىگە مىراسخورلۇق قىلغانلارمۇ بار. هازىرقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىچىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپمۇ ياكى روزى موللىنىڭ ئەۋلادى كۆپمۇ؟ ئەتراپىڭلارغا بىر قاراپ بېقىڭلار، ۋىجدانىڭلاردىن بىر سوراپ بېقىڭلار!

بىز «ئۇ مىللەتمۇ بولمايدۇ، بۇ مىللەتمۇ يارىمايدۇ. دۇنيادا ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەيدىغان تار مىللەتچىلىككە ئىنتايىن ئۆچمىز. بىز مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى كۆز قارىچۇقىمىزدىن بەكرەك ئەزىزلەيمىز ۋە ئاسرايمىز. چۈنكى، بۇ يۇمىلاق يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ هەر قانداق ئىشلىرىنى پەقەت يۇمىلاق شىرە ئەتراپىغا جەم بولۇپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ ئولتۇرۇپ، هەممە تەرەپلەرنى ئوخشاش كۆزدە تۇتقان هالدا ئەستايىدىل سۆزلىشىش، پىكىرلىشىش ۋە سىردىشىش ئارقىلىقلا هەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز «مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاق - ئىناق بولۇش» دېگەن ئەسلىدىن توغرا ۋە هەقلىق شوئارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە بۇرمىلاپ «ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى پۈتۈنلەي قۇربان قىلىش، ئۆز خەلقىنىڭ هەقلىق نېسىۋىسىنىمۇ قالدۇرماي سېتىۋېتىش» قىلىپ چۈشىنىۋاتقان ۋە چۈشەندۈرۈۋاتقان ئەبگارلارغا لەنەت ئوقۇيمىز.

سەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت مەركىزىي تۈۋرۈك قىلىنغان ئەلدىكى بىر ئۇيغۇر كادىرسەن. ئەڭ ئەقەللىي ساۋات شۇكى، سەن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان زېمىندىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ، ئۆز نۆۋىتىدە، شىنجاڭدىكى ئاهالىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلىسەن. چۈنكى، ئەگەر سەن ئىسسىق قانلار بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىر ئۇيغۇر بولمىغان بولساڭ، ساڭا ئۇ هوقۇق، ئۇ ئورۇندۇق مۇتلەق يوق ئىدى. شۇڭا، سەن هەر خىل مەجلىسلەردە، تۈرلۈك قانۇنىي سورۇنلاردا هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىشىڭ، نۆۋىتىدە ئۆز خەلقىڭنىڭ يىغىسى ئۈچۈن يىغلىشىڭ، ئۆز مىللىتىڭنىڭ كۈلكىسى ئۈچۈن كۈلۈشۈڭ كېرەك. ئەگەر سېنىڭ پىكرىڭ، سېنىڭ بايانىڭ ئەمەلىيەتكە ئويغۇن، راست بولىدىغانلا بولسا، يىغىن رىياسىتى، قانۇن - تۈزۈم مەمۇرىيىتى سېنىڭ پىكرىڭنى قوبۇل قىلىدۇكى، پەقەت شۇ چاغدىلا سەن هەقىقىي ئۇيغۇر كادىرى بولغان بولىسەن. ئەكسىچە، سەن: «مەن ئۇيغۇر كادىرىمەن، هالبۇكى، ئۇيغۇر ئۈچۈن گەپ قىلسام، شەخسىيەتچىلىك قىلغان، مىللەتچىلىك قىلغان بولىمەن، ئۇ هالدا يولداشلارنىڭ ماڭا پىكرى چىقىپ قالىدۇ» دەپ هەقىقەتكە چاپان ياپساڭ، ئۆز خەلقىڭنىڭ تۇرمۇشىدىكى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك دەرد - ئەهۋالنى راستى بىلەن دوكلات قىلمىساڭ، ئۇنى ئاز دەپ، يۇقىرى رەهبەرلىكنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش تەمەسىدە پاكىت ئويدۇرۇپ يالغان گەپ قىلساڭ، بۇ هالدا سەن ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئىتىنى ساتقان ئەبگار كادىر بولغان بولىسەن، خالاس.

بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە مەلۇم ساندىكى ساتقىنلارنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەجەبلىنەرلىكى ۋە خەۋپلىنەرلىكى، ساتقىنلىق ئىللىتىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۈچۈن جاهاندارچىلىق ۋاستىسى بولۇپ قېلىشىدۇر. ساتقىنلىق بىر مەرەز ئىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەهەتتىكى تۈرلىنىش ۋە يامراش سەۋەبلىرىگىمۇ ئىگە.

نەپسانىيەتچىلىك - ساتقىنلىق تۈرەلمىسىنى پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆستۈرىدىغان پارنىك. «كۆڭلى تىلەركى دەهرە بار پۇلنى ئالسا ئول، بولسا ئاڭا نەسىب بۇ ئالەمدە بارچە هەرام» (كۆڭلى بۇ زاماندىكى هەممە پۇلنى مەنلا ئالسام، هەتتا بۇ ئالەمدىكى بارلىق هارام نەرسىلەرمۇ ماڭا نېسىپ بولسا، دەپ تىلەيدۇ) مانا بۇ - 18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى ئەمىر هۆسەيىن سەبۇرى قەلىمى سىزغان نەپسانىيەتچىنىڭ ئوبرازى. نەپسانىيەتچى ئادەمنىڭ ئولتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى ئۆز نەپسى، مەنپەئىتى، تويماس گېلىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تونۇشىدا، يا هالال - هارام ئېڭى، يا هەق - ناهەق قارىشى مەۋجۇد بولمايدۇ. ئۇنىڭغا پۇل بەرسىلا، گېلىغا هەلەپنىڭ ئورنىدا بىر يېگۈلۈك بەرسىلا ئاشۇ پۇل بەرگۈچى ۋە ئۇنى باققۇچى ئۈچۈن ئېشەككە ئوخشاش ئىشلەۋېرىدۇ. مۇنداق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇل ئۈچۈن، هارام تاماق گال ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىز مەنپەئىتىنى سېتىۋېتىش يېڭىغا قونۇپ قالغان توپىنى قېقىۋەتكەنچىلىكمۇ بىلىنمەيدىغان ئىش. هالبۇكى، قەيەردە نەپسانىيەتچى كۆپ، شۇ يەردە ساتقىن كۆپ؛ قەيەردە ساتقىن كۆپ، شۇ يەردە بۇرۇختۇملۇق، ئاه ئۇرۇش ۋە روهىي ۋەيرانلىق كۆپ.

بىپەرۋالىق بىلەن رەزىللىكتە سۈكۈت قىلىش - ساتقىنلىقنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرىدىغان روهلاندۇرۇش دورىسىدۇر. ساتقىنلىق - مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت بۇ رەزىللىككە سۈكۈت قىلىنغانىكەن نەتىجىدە ئادەملەردە

مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسى تولىدۇ. ئارىمىزدىكى ئادەم ئالىمنى پاكى زالىم، قەھرىمانىنى پاكى خائىن، ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ. مۇھەببەتنىمۇ، نەپرەتنىمۇ ئوخشاشلا بىر قەبرىستانلىققا كۆمۈۋېرىدۇ. بەك ئاچچىقى كېلىپ كەتسە، «خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر. ئىلاھىم»، «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» (قىساسنى ئاللا ئېلىپ بېرىدۇ) دەپ قارغاپ قويۇپ، يەنىلا ئىچىگە تىنىپ يولىغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ. لەنىتى ساتقىن تېگىشلىك جازاسىنى يېمىگەنلىكى، ھەتتا مۇۋاپىق سورۇندا، ھەقلىق تۈردىكى ئەيىبلەشكىمۇ ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، خورىكى ئۆسۈپ، سېتىش تىجارىتىنى داۋاملىق قىلىۋېرىدۇ.

كۆتۈرمىچىلىك - ساتقىنلىقنى خېرىدار بىلەن تەمىنلەيدىغان بازار. ئىلىمدارنى پەگاھدا قويۇپ، ئەمەلدارنى ئۆزىنىڭ قورسىقىدىكى ئۆمىچىغا قارىماي ھامان تۆرنىڭ كاللىسىغا مىندۈرۈپ قويۇش، ئىلىمداردىن ئەيمەنمەي، ئەمەلداردىن قورقۇش، ئۇ ئەمەلنىڭ نېمە بەدىلىگە كەلگەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئەمەلدار بولسىلا چوقۇنۇش، ئەمەلدار بولسىلا چاپىنىنى كۆتۈرۈش - بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خېلى زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يامان ئىللەت. ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەيلەر ئۆز زامانىسىدا، شىنجاڭ خەلقىگە نىسبەتەن نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن؛ ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان قانخور بەگ - خوجىلار ئۆچۈن مىللىي ساتقىنلىققا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن؛ كىم زالىم ھۆكۈمەتكە قولچوماق بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ساتسا، شۇنىڭغا ئەمەل بەرگەن؛ كىم خەلقنى نادانلىق، قاششاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك يولىغا بەكرەك باشلىيالىسا، شۇنىڭغا ئىمتىياز بەرگەن. ئەلەملىك يېرى شۇكى، ئاشۇ 30 - يىللاردا، بىچارە نادان خەلق «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەندىن كېيىن ئەمدى پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دەۋەتكەنىكەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەي جانابلىرى پەيغەمبەر بولغان بولاتتى» دېگەن ساتقىن - مۇناپىقنىمۇ قولىدا ئەمەل ۋە ئىمتىياز بولغانلىقى ئۈچۈنلا كاتتا دىنىي ئۆلىما بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىخلاس نامىزىنى ئوقۇپ يۈرۈۋەرگەن. يامانغا يانتاياق بولۇپ، ئاۋام خەلقنى قىيناپ جېنىنى جاڭگالدا قويۇۋاتقان بەگ، قازى، موللىلارنىڭ ئالدىدىمۇ، داۋانچىنىڭ دەرەخلىرىدەك تەكشى ئېگىلىپ تۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەن.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى زاماننى خەلقىمىز بەجايىكى يېڭى ئىرا بىلىپ، ئادەتتە «ئازادلىقتىن كېيىن» دەپ ئاتايدۇ. «ئازاد زامان» ناخشىسىنى ھەممە ئادەم روھلىنىپ ئېيتىشنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئازاد زاماننىڭ خەلقىدە زامانغا خاس بولغان ئازاد ئاڭ، ئازاد ئىدىيە ۋە ئازاد تونۇش بولۇشى، ئۇلار ساتقىنلىق ئۈچۈن دومباق چېلىپ بېرىدىغان نەپسانىيەتچىلىك، رەزىللىككە سۈكۈت قىلماسلىقى، كۆتۈرمىچىلىك ئىللەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا قەتئىي پالتا چېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىق مەنپەئىتىنى ئۆزلىرى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن تازىمەزىن (ئابدۇقادىر داموللا بىننىنى ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ قاتىلى)، ھېكىم نۇر (لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قاتىلى)، روزى موللىلارنى ۋىجدان سوتىنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە ئەبەدىي مىخلىۋەتكىلى؛ ئابدۇخالىق

ئۇيغۇرلارغا خەلق، مىللەت ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك باتۇرلۇق كۆرسىتىشى ئۈچۈن مەردلىك مەيدانى ھازىرلاپ بەرگىلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ «ياش غۇنچە گۈلىنىمۇ راسا ئېچىلدۇرغىلى» بولىدۇ.

مۇناپىق - ئۇيغۇر تىلىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئۆزلەشمە سۆز بولۇپ، بۇ «ئېغىزىدا دېگىنى بىلەن ئەمەلىيىتىدە قىلغىنى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئادەم» دېگەن بولىدۇ. مۇناپىقلىق ساتقىنلىقنىڭ ھامىيسى. ساتقىنلىق ھامان مۇناپىقلىق ئارقىلىق پەردازلىنىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياۋۇز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ھېكايەت: 1910 - يىللاردىكى قومۇل! دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئۇنىڭ دىن قېرىندىشى - خويزۇ مۇسۇلمان لى شۇفۇ قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز - مېنىڭ ئامانلىقىم» دەپ قەسەم قىلىپ، ئالداپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

سەن نارەسىدە قىز ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇلغا ئاتا - ئانىسەن. ھالبۇكى، ئېغىزىڭدا: «بالىلارنى ئەدەبلىك، غايىلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئاتا - ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى» دېگەن تۇرۇقلۇق، ئەمەلىيەتتە بالىلارنى ئەستايىدىل ياخشى تەربىيىلىمەي، ئوبدان يېتەكلىمەي، ئاقىۋەتتە بۇرچۇڭنى ئادا قىلالمىغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن ئۇلارنى جىنايەت سادىر قىلىدىغان جەمئىيەت داشقاللىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، بۇ ئەمەلىيىتىڭ بىلەن سەن مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

سەن ئاناڭنىڭ ئاق سۈتىنى، داداڭنىڭ يۇمشاق نېنىنى يەپ چوڭ بولغان بىر بالىسەن. ھالبۇكى، سەن «ئاتا - ئانىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇش پەرزەنت ئۈچۈن پەرز» دەپ نەچچە رەت ئېيتقان تۇرۇقلۇق، ئەمەلدە خىرۇئىن تۈتۈنىگە ئەسىر بولۇپ، ئازغۇنلۇق - گۇمراھلىق كوچىسىدا، جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ يۈرسەڭ، بۇ قىلمىشىڭ بىلەن سەن بەرھەقكى مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

سەن بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىسەن. ھالبۇكى، خىزمەتكە كىرگەن چاغدا: «دەرسلەرنى ئەستايىدىل تەييارلاپ بالىلارغا ياخشى بىلىم بېرىمەن. گەپ - سۆزدە، يۈرۈش - تۇرۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە، ئەدەب - ئەخلاقتا، مەدەنىي تۇرمۇشتا ساۋاقداشلارغا ئۆرنەك بولىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن تۇرۇقلۇق، ئەمەلىيەتتە سەن شاگىرتلىرىڭنىڭ كۆزىچىلا ھەم ئىچىپ، ھەم چېكىپ، بەزىدە تېخى تۈرلۈك ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەڭ، بۇ ھال بىلەن سەن تەھقىق مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

سەن بىر خەلق كادىرىسەن. ھالبۇكى، «خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىش»نى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەي، ئەمەلىيىتىڭدە خەلقنىڭ ئاھ - دادىغا يەتمىسەڭ، ئاممىنىڭ ئادەتتىكى ھاجىتى ئۈچۈنمۇ سوۋغا - سالامسىز ئالدىغا چىققىلى ئۇنىمىساڭ، ئەمەلنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ شەخسىي مۇرادىڭ، خۇسۇسىي مەنپەئىتىڭ ئۈچۈنلا كەتمەن چاپساڭ، بۇ ھالىتىڭ بىلەن سەن سۆزسىز بىر مۇناپىق كادىرسەن. بىلگىنىكى، خەلق ئۆزلىرىگە سادىق كادىرغا ئاشنا، مىللەت ئۆزىگە ئىخلاسمەن كادىرغا تەشنا. ئەكسىچە، خەلق مۇناپىق كادىردىن بىزار، كىمدە كىم بولسۇن، مۇناپىقلىقى ئۈچۈن خەلق ئالدىدا

هامان تارتقاي ئىزا!

جۇڭگودا ئەللىك ئالتە مىللەت بار. ئەللىك ئالتە مىللەت بەجايىكى ئەللىك ئالتە تال گۈل. بىز بىلىمىز، ئۇيغۇر - جۇڭخۇا گۈلزارىدىكى بىر سەرخىل گۈل؛ ئۇيغۇر - جاھان مەدەنىيەتگۈلىستانىدىكى بىر خۇش ناۋا بۇلبۇل. ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ گۈلنىڭ سولىشىپ قېلىشىنى، قۇرۇپ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بۇنىسى روشەن. بىراق، شۇنى ئېنىق تونۇش كېرەككى، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ سەرخىل گۈلنىڭ مەڭگۈ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشىنى، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ خۇش ناۋا بۇلبۇلنىڭ ئەبەدىلئەبەد خەندان ئۇرۇپ سايرىشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلار ئاخىرقى ھېسابتا، دەل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزى! شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدار يوز يېرىنى ئېچىشى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئومۇمىي كۈچلىنىش دولقۇنىغا پائال ماسلىشىشى - بۇ دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى!

پەقەت مۇشۇ تەلەپنى چىقىش قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئىللەت يىغىرىنى ئېچىپ ئۆزۈڭگە كۆرسەتتىم. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مېنىمۇ ساتامسەن، مېنىمۇ چاقامسەن، ئويلان، ئەبگار!

1995 - يىلى 21 - مارت، بېيجىن

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوتسېنت

# ئۆكۈنۈشلۈك خىياللار

## ئوسمان قاۋۇل

خۇدا جان بىلەن تەڭ قىلىپ ئىنساننى،
ئېلىشتا يۈكلەركەن تاغدەك ئارماننى.

دەرىخا، 1995 - يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ يوقىتىش يىلى بولدى. مۇشۇ ئەسىردىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1995.2.27 - 1933) بىلەن ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر (1995.10.5 - 1923) ۋاپات قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىككى مۇستەھكەم تۈۋرۈكى غۇلاپ چۈشكەندەك بولدى. جۈملىدىن مېنىڭ قەدىردان ئاتامۇ بۇ يىل ئالەمدىن ئۆتتى. بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن بۇ ئېغىر ماتەملەر ماڭا يۇقىرىقىدەك مىسرالارنى بەخش ئەتكەندى. مەن جۇدالىق ۋە مۇسىبەت ئىچىدە، مىللىتىمىزدە كۈنسايىن ئازلاپ، ساناقلىقلا قېلىۋاتقان تەۋەررۈك كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆمۈر بويى رىيازەت چېكىپ، ئېرىنچە تېگىشلىك ئىززەت - ئىكرامغا، قىلغان ئەجىر - ئەمگىكىگە مۇناسىپ باھا، نام - ئاتاققا ئېرىشەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى، يۇقىرىقى ئىككى ئالىمدەك، ئەقلى بار ئۇيغۇرلارنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئارمىنىنى قىلىپ، قەدرىگە يەتكەندەك بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاپ قالدىم. ھەئە، كەتكەنلەر بىزگە تاغدەك ئارمانلارنى يۈكلىدى.

نادامەتكە چىدىماي يۈرەك - باغرىم تىلىندى،
سەلدەك ئاققان يېشىمغا تاغلار بېشى سىلىندى.

* * *

ئەقىل كۆزى بىلەن قارىساق، بىزدىمۇ قالتىس ئۇلۇغ كىشىلەر - مەشھۇر ئەدىب - سەنئەتكارلار، مائارىپچىلار، پەن ئالىملىرى - مىللەتنىڭ ھەقىقىي ئىلىم ساھىبلىرى - ۋاقتىدا قەدىرلەشكە تېگىشلىك گۆھەر ئادەملەر ئاز ئەمەس. گەپ، بەزى ساھەلەردە ئىش بۇزارلار ئىش بېشىغا چىقىۋالغان، «تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىلغان» سەۋەبلىك ئۇلارنى ئىش قىلغىلى قويماسلىق، مىڭ تەستە بىرەر ئىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، خىزمىتىگە لايىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرمەسلىك، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تازا ئۇرغۇپ تۇرغان چېغىدا ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماسلىقتا - «سۇ ئەكەلگەنلەر خار، كوزا چاققانلار ئەزىز» بولغانلىقىدا، مۇھىمى، ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇماسلىقىمىز، نادانلىق، كۆرەلمەسلىكنىڭ قارا بۇلۇتى كۆزىمىزنى، ئەقلىمىزنى توسۇۋالغانلىقىدا ئىكەن.

ئالايلۇق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە چىقىدىغان مەتبۇئاتلاردىن بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزغا ئۆرۈپ تونۇشتۇرۇلغان بەزى قېرىنداش ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ تۆھپىلىرىنى بىزدىكى بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ تۆھپىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئۇلاردىن جىق كۆپ - نادىر ئىلمىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىراق ئۇلارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيىنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى قىينالمايلا ھېس قىلالايمىز: ئۇلاردىكى ئالىم، بىزدە بولسا ئاران قوشاقچى. چۈنكى بىزدە ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەنلەرنى چۈشۈرۈش ئىدىيىسى بەكمۇ كۈچلۈك. يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ: «بىزدىن نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغانلار چىقامدۇ؟» دەپ سورالغان سوئالغا: «چىقمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ئادەملەر بۇنداق مۇكاپاتقا ئېرىشكىلى قويمايدۇ!» دەپ بەرگەن جاۋابى بەرھەق. بىزدە ھېلىغۇ نوبېل مۇكاپاتى ئىكەن، ھەر يىلى بىر نۆۋەت تارقىتىلىۋاتقان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان جەڭگى - جېدەل، تالاش - تارتىشلار بولماي قالمايدۇ. چۈنكى تەھرىر بۆلۈملەردە، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىدە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن توقۇلغان مەزھەپچىلىك، يۇرتۋازلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، ئابرويپەرەسلىك تورلىرى بار. بۇ تورنى بىر نەچچە تورلۇك تەدبىر بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ. بىزدە مىللەتكە شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئىشلار بولسا، گەنە شۇنداق ئەبگار ھالەتتە، ئورۇق ئۆكۈزنىڭ مېڭىشىدا ئالغا سىلجىيدۇ، ھەرگىز تولپارلارچە بەس - بەستە چېپىش ھالىتى يوق. نەشكەشلىك، خروئىن چېكىش؛ ئىسراپخورلۇقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ توي قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش - مىللەتنى خاراپلاشتۇرۇشتا بولسا بىز دۇنياغا ئەۋرىشكە بولالايمىز. روھىي زەئىپ مىللەتنىڭ كەلگۈسى خۇنۈك بولىدۇ. بۇ، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ۋە شۇ ئېتىراپ

قىلىش ئارقىسىدا نۇرغۇن ئەللەر ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەپسۇس، بىز تېخى ئۆزىمىزنى تونۇشتىن تولىمۇ يىراقتا.

تېلېۋىزورنى ئاچىدىغان بولساق، خېلى ياخشى بىر ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسىنىڭمۇ تەكرار - تەكرار، 15 - 20 قېتىملاپ كۆرسىتىلىپ تاماشىبىنلارنى بىزار قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بىزدە ھە دېسىلا تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە «شادلىق» ۋە بايراملار «كۈلكە» لىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەسلىك خاھىشى ئېغىر. ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەشۋىقات بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ «شادلىق»، «كۈلكە» لەر شۇ ساھەلەرنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تەكرار - تەكرار، سائەت - سائەتلەپ تېلېۋىزوردا كۆرسىتىۋېرىش، تاماشىبىنلارنىڭ مەجبۇرەن كۆرۈۋېرىشى ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزىيە خىزمەتچىلىرىگىمۇ، تاماشىبىنلارغىمۇ ئېغىر ئازاب. شۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆمۈر بويى ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ نادامەتتە كەتكەن يىتۈك ئالىم، پەيلاسوپ، ئەدىب، ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ جاپالىق ئۆمۈر مۇساپىسىنى؛ 70 نەچچە يىللىق ئۆمرىنى مىللەت ئۈچۈن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆتكۈزگەن مەشھۇر ئالىم، تەۋەررۈك ئەسەرلىرى بىلەن ئۆمۈر ئابىدىسىنى تىكلىگەن بۈيۈك قەلەم ساھىبى، مۆھتەرەم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ زور تۆھپىلىرىنى؛ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلۇغ بۇۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، تىلچىلىقنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققان، خەلقئارا ئىلىم مۇنبىرىدە دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ياش ئالىم، تىلشۇناس، جاپاكەش زات قۇددۇس ھاپىزنىڭ تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى تونۇشتۇرساق؛ نيۇ - يورك، موسكۋا، لوندون، توكيو... لاردا جاپالىق تىل ئۆتكىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، تەھسىل قىلغان ئىلىملىرى بويىچە دوكتورلۇق تاجىنى كىيگەن ياش ئالىملىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن مەنىلىك كېچە - كۈندۈزلىرىنى تونۇشتۇرساق، ياشلارغا، ئىلىم - پەن ھەۋەسمەنلىرىگە، مىللەت سۆيەر ئوغلانلارغا ئاز - تولا پايدىسى تەگمەسمىدى؟ ئەقەللىسى، يەسلى تەربىيىسىگە دائىر بىرەر مەخسۇس پروگرامما تەسىس قىلىپ، ياش بوغۇنلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىللىق قىلىپ ئۆستۈرۈشكە كۈچ چىقارساق يامان كېتەرمىدى؟! دۇنيا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى يېڭىلىقلارنىڭ بىزگە پايدىلىق دەپ قارالغان تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرساقچۇ؟!

ھازىر بىزدە «مەشھۇر» لۇقنىڭ دەرىجىسى بەكمۇ تۆۋەنلەپ، چاكىنىلىشىپ كەتكىلى تۇردى. بىرەر ناخشا ئېيتىپ قويۇپ «مەشھۇر ناخشا چولپىنى» بولۇۋالىدىغان، قېتىش - قوراش بىرەر ئاھاڭ ئىشلەپلا «تالانتلىق كومپوزىتور»، «ئاتاقلىق ئىجادىيەتچى» دېگەن نام بىلەن ئۆزىنى بازارغا سالىدىغان، ئون - ستن سودىگەرلىرى ئارقىلىق بىرەر قاپلىق ئۇنتالغۇ لېنتىسى نەشر قىلدۇرۇش بىلەنلا ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، جاھانغا پاتمايدىغان چاكىنىلىقلار يامراپ كەتتى. ھالبۇكى، بىر ئۆمۈر كېچە - كۈندۈز مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ، يۈرەك قانلىرى بىلەن ئەسەر يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھارۋىسىنى ئىچ ئات بولۇپ سۆرەۋاتقان ساھىبقەلەملىرىمىز - ئەل قەلبىدىكى خەلقپەرۋەر شائىر - يازغۇچىلىرىمىز، ئۆمۈرۋايەت جاپالىق تەتقىقات ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەللىرى پادەك ئېگىلىپ، كۆزلىرى خىرەلەشكەن ئالىم - پروفېسسورلىرىمىز، توم - توم لۇغەت، دەرسلىكلەر، قورال كىتاب، قامۇسلارنى تۈزگەن، تەھرىرلىگەن مۆھەررىرلەر، لۇغەتشۇناسلار، تەزكىرىشۇناسلىرىمىز، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى ۋە مەشھۇر ئەسەرلەرنى خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز، ئەرەب، پارس، تۈرك، ياپون... تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىپ، خەلققە تونۇشتۇرغان يىرىك ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز، خەتتاتلىقنىڭ ئاجايىپ نادىر ئۈلگىلىرىنى ياراتقان خەتتاتلىرىمىز، سەنئەتتىكى ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن كارامەت ئېسىل مۆجىزىۋى رەسىملەرنى سىزىپ، ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان رەسساملىرىمىزغا تېخى بۇنداق شان - شەرەپلەر نېسىپ بولغىنى يوق. بىزنىڭ ئەسلى ئىككى - ئۈچ سائەتلەپ تېلېۋىزوردا تەشۋىق قىلغۇدەك ئادەملىرىمىز - «مەشھۇر» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان، دۇنيادا يۈزىمىزنى يورۇق، تىلىمىزنى ئۇزۇن قىلىدىغان تەۋەررۈكلىرىمىز ئاشۇلار ئىدى ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەنە شۇلارنى قانچە ماختىساق، پەخىرلەنسەك، دۇنياغا «ئىپتىخارىمىز»، «پەخرىمىز» دەپ جاكارلىساق ئەرزىيتتى. بىزدە ئۆمۈرۋايەت ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، بىزنى چوڭ سۆزلەتكەن «قۇتادغۇبىلىك» تەك دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە شاھانە كىتابنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىش داۋامىدا پەرىشتىلىك ماقامىغا يەتكەن، شۇ ئەسەرنى بىز ياشلارغا بىلدۈرۈش يولىدا ئاجايىپ شۆھرەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن ئۆز ھاياتىنى نۇرلاندۇرغان كاتتا ئالىم، مەرھۇم ئەھمەد زىيائىدەك ئۇلۇغلىرىمىزدىن يەنە نەچچىسى بار؟ ئەپسۇسكى، بىزدە مىللەتنىڭ ئاشۇنداق ئىپتىخار سىمىرلىرى، شۆھرەتلىك ئاتىلىرىدىن ھەقىقىي پەخىرلىنىدىغان، ئۇلاردىن ئۆرنەك ئالىدىغان، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى ئېتىراپ قىلىپ، ناچار ئىللەتلىرىدىن ئۈزۈلۈش ھېس قىلىدىغان ئادەملەر بەكمۇ ئاز. ئەمما ۋاقتىنى شامالغا سورۇپ، ئاپتاپ يېگەن كېلەدەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قىممەتلىك ھاياتىنى زايا قىلىدىغانلار، ھەدېسىلا غەيۋەت - شىكايەت بىلەن جان باقىدىغانلار، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالسا پەرۋايىغا ئالمىغان سارائىدەك بىغەم يۈرگەنلەر بەكمۇ كۆپ. بىز «بولۇپمۇ غەيۋەت خاراكتېرلىك پاراڭ بولسا بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلاپ كېتىمىز» (ئەختەم ئۆمەر). ئەمما ياخشىلىق، ساۋابلىق، مىللەتكە، بالىلارغا، يۇرتقا پايدىلىق گەپ بولسا بېشىمىز ئاغرىيدۇ. يۇرتنى كۆللەندۈرۈپ خەققە ئوخشاش باياشات ياشاش ھەققىدە پايدىلىق گەپ قىلغۇچىنىڭ مال - كالىسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەرقىماي بىلەن زىيان سالىمىزكى، ھەرگىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ سالمىقىنى ئويلاپ كۆرمەيمىز. بۇ بىزدىكى كۆرەلمەسلىك، نادانلىق، رەزىللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، بىزدىن دۇنيا شېئىرىيەت سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم ئۆز ئاۋازى (ئۇيغۇر ئاۋازى) بىلەن شېئىر ئوقۇغان ئۇستاز شائىر، مەرھۇم تېيىپجان

ئېلىمىزنى ھازىرغىچە تىللاپ يۈرۈۋاتىمىز، شۇنچىلىك مول ۋە جەۋھەرلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن بىزگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا، يىپەك يولى مەدەنىيىتى، مىللەتشۇناسلىققا دائىر كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى قاغاپ يۈرۈۋاتىمىز، نىزامىددىن ھۈسەيىندەك ئىمانى ئەركەك قەلەم ساھىبى بىلەن ئاجايىپ جۇشقۇن تالانتى ئارقىلىق ئەدەبىيات مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن ئېتىقادلىق، خەلقپەرۋەر ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنى مىللەتنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋەتتى، دەپ غاجاپ يۈرگىنىمىز، ھەقىقىي تالانتى بىلەن ئەدەبىيات مەيدانىدا بەرجەس تۇرۇۋاتقان،راست سۆزلۈك ئوبزورچى سىدىقھاجى روزىنى ئاغزىمىزغا كەلگەنچە ئەيىبلەپ يۈرگىنىمىز، يېقىن، پەلسەپىۋى شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارى ئابدۇقادىر جالالىددىننى ئەشەددىي ئىنكارچى، دەپ داۋراڭ سالغىنىمىز. . . بۇنىڭ ئوبدان مىسالى. يەنە مۇبارەك نام ـ شەرىپى ماڭا نامەلۇم بولغان نۇرغۇن تەبىئىي پەن ئەھلىلىرىمۇ ئاشۇنداق تۆھمەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ يۈرگەنلىكىگە گەپ كەتمىسە كېرەك. ھەي. . . ئېيتىپ كەلسەك بىزدە بۇنداق مىساللار بەك تولا. ئەمدى ئاشۇلارنى قەدىرلەپ مىللەتنىڭ خاس مەدەنىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەكمۇ ياكى ئۆلمىگەن ئانىسىغا ھازا ئاچىدىغان يىغلاڭغۇ ناخشىلارنىڭ ئورۇندىغۇچىلىرىنى، ئۆزبېك، تۈرك، ھىندىلاردىن ئاھاڭ ئوغرىلاپ ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ ئايدا ئېيتسا كېلەر ئايدا ئادەمنىڭ ئېسىدە قالمايدىغان غىلجىڭ ناخشىلارنىڭ ئىجراچىلىرىنى «مەشھۇر»، «تەۋەررۇك»، «ئەڭگۈشتەر» بىلىپ يۈرۈۋەرمەك دۇرۇسمۇ؟ ئاشۇنداق چاكىنا مەھسۇلاتلارنى دۇنيا سەھنىسىگە كۆتۈرۈپ چىققىلى، بىزدە مۇشۇنداق مەدەنىيەت ئۆلگىلىرى بار، دەپ يۈزنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولامدۇ؟ زادى بىزدە يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئالغۇدەك كىشىلەر قايسى، ئادەتتىكىچە مۇئامىلىگە لايىقلىرى قايسى؟ ئالەمدىن ئۆتكەن بۈيۈك تالانتلارنىڭ ـ ئالىم، ئەدىب، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ـ مىللەت ئىپتىخارلىرىنىڭ ئىزىنى باسقانلاردىن ھازىر قانچىلىك چىقتى؟ چىققانلار ئاشۇ مەرھۇملارنىڭ روھى سۆيۈنگۈدەك ئىشلارنى قىلالىدىمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق ئۇلۇغلارنى ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياستۇق، نامىنى دەستەك قىلىپ ياتقۇلۇقمۇ؟ !

* * *

كونىلاردىكى «بىر تىنىقتا كېلىدىكەنمىز، بىر تىنىقتا كېتىدىكەنمىز» دېگەن ئاجايىپ ھېكمەت ئەمدى راستىنلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ. ئىككى مەشھۇر ئالىمىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىز ئۇيغۇر ھەقىقەتەن بىر قاناتسىز قۇشقا، تەگرىنىڭ شەپقەت بۇلۇتىدىن مەھرۇم قالغان قاقاس ھويلىغا، مۇھاپىزەتچىسى يوق قولۇنغا ئوخشاپ قالغاندەك بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇلار قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن جىق ئىشلارنىڭ بىزگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار كۆڭلىگە پۈككەن ئارمانلارنىڭ سوغا تەشنا گۈلزارلىقتەك بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشتۇق. ئەگەر مىللەتنىڭ ھايات ئاتىلىرىنىمۇ ۋاقتىدا ئەتىۋارلاپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئۇلارنى مىللەت، دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرمىساق پۈتكۈل مىللىتىمىز ئەزالىرىنىڭ مەڭگۈلۈك نادامەتتە قالمىقى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى كەلمىش ئوخشايدۇ؟ !

---

ئاپتور: «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نىڭ مۇھەררىرى

# چۆللىشىۋاتقان مەنىۋىيەت بوستانىمىز ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

مۇھەممەد سالىھ مەترىزى

## بىزگە نېمە كېرەك؟

ـ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئۇستازىم ئابدۇرەئوف پولاتقا خەت

ئۇستاز:

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللار ئۈستىدە سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقچى ئىدىم. شۇڭا، يېقىندا، ئۈرۈمچىدىكى بىر سورۇندا ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى يېزىپ ئەۋەتتىم، كۆرۈپ باققايسىز.

بۇ سورۇندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر نەچچە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا كۆرسىتىلگەن «يەلى - يەلى»، «شادىمان قىزلار»، «گەرەب قىزى» قاتارلىق بىر نەچچە ئۇسسۇل ۋە يېقىندىن نەشر قىلىنغان بىر بۆلۈك ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ئۈستىدە كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. چۈنكى بۇ ئۇسسۇل ۋە لېنتىلار ئېكران سىرتىدىكى تاماشىبىنلار ۋە ئاڭلىغۇچى ئاممىنىڭ ھەر خىل ئىنكاس ـ پىكىرلىرىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى.

تېلېۋىزور ئېكرانىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئورۇندالغان تۈركچە ئۇسسۇل «يەلى - يەلى»، «شادىمان قىزلار»، ئەرەبلەرنىڭ ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بەزى يېرىم يالىڭاچ، تېتىقسىز ئۇسسۇللىرى كۆرسىتىلىۋىدى، شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمەنكى، شەھەرلەردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتىلار ھەم ئانىلار ھەيران قېلىشتى، تەئەججۈپلەندى؛ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقان ئاتا ـ ئانىلار ياقىلىرىنى چىشلەشتى. . . ياشلار ئۆز سورۇنلىرىدا شۇ ئۇسسۇللارنى ئوينىغۇچىلار ئۈستىدە ھەر خىل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى؛ چاقچاقلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. . . دېمەك، بىز ئۇنى قوبۇل قىلالمىدۇق، خەلقىمىز قوبۇل قىلالمىدى، ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۇنى قوبۇل قىلالمىدى.

ئەپسۇسكى، بىز ئۇنى تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىمىزغا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرسەتتۇق. ئەجەبا، بىزدە ئۇنىڭدىن ئۆزگە يېقىملىق ۋە لەرزان ئۇسسۇللىرىمىز ـ بىباھاسەنئەت جەۋھەرلىرىمىز يوقمىدى؟ ئەجەبا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېلېۋىزور ئېكرانلىرىمىزنى قاپلاپ كەتكەن چەت ئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ

تەرجىمە فىلىملىرىدىكى ئېيتىقسىز ۋە ئويانسىز كۆرۈنۈشلەر ئازمىدى؟ ئەجەبا، بىزنىڭ خەلقىمىز ئاشۇنداق ئۇسسۇللارنى كۆرۈشكە شۇ قەدەر تەشنامىدى؟

قەدىردان ئۇستاز: سىز ئۇيغۇر تىلىنى مۇكەممەل ئەتلىق قىلىنىۋاتقان ۋە بۇ جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي پسىخىكىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىۋاتقان زىيالىي. سىز بېيجىڭدا تەشكىللەنگەن مەلۇم بىر ئۇمەكنىڭ ئەرەب تىلى تەرجىمانلىقى ۋەزىپىسى بىلەن ئىراق ۋە ئىرانغا زىيارەتكە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزگە چاغاتاي تىلىدىن دەرس بەردىڭىز. شۇ ۋاقىتتا دەرس ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئەرەب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىزدىن ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ: «ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن باشقا مىللەتلەرنىڭ بىزدىن ئىلغار تەرەپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، باشقا مىللەتلەرنىڭ بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزغا ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى زورمۇزور قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇر بولغىنىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىشىمىز كېرەك» دېگەنىدىڭىز. شۇ ۋاقىتتىكى سۆزىڭىز ھامان قۇلاق تۈۋۈمدە جارائلاپ تۇرۇپتۇ. بىز، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزنىڭ تېخىمۇ زور ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە نەزەر سالساق، بىلىمسىزلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە قىتىغۇرلۇقلارنى ئاسانلا بايقىغىلى بولىدۇ. مىللىي سەنئەت ساھەمىزنى ئالساق، بۇنىڭ تېخىمۇ روشەن دەلىل - ئىسپاتلىرىنى مائىدامدا بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ. سىز بىلىسىز، ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ جىمى ياخشى - يامان ۋە مۆتىدىل پسىخىكىسىنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر كوچا. بۈگۈنكى بۇ كوچىنىڭ بويلىرىغا توپلانغان ئۈن - سىن دۇكانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تام، ئاسما رامكىلارغا قارىسىڭىز، بۇ كوچىنى جاھاننىڭ سەنئەت بۇلىقى ۋە چولپانلارنىڭ جايىمكىن، دەپ قالىسىز. ئەپسۇسكى، بۇ كوچىدىكى بىر - بىرىدىن دەبدەبىلىك، بىر - بىرىدىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن تارتىلغان ۋە نەقىشلىنىپ ئىشلەنگەن سۈرەتلەر، خىلمۇ خىل بەدىئىي ئېلانلار ۋە پوكەيلەرگە تىزىپ قويۇلغان، سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدىغان ئۈن - سىن لېنتىلىرى بىزنىڭ ھازىرقى سەنئەت مۇھىتىمىزنىڭ شالغۇتلىشىشقا، پۇچەكلىشىشكە ۋە قالايمىقانلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەلۇم بىر ئۈن - سىن لېنتىسى دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ خەتلىك، ھەيۋەتلىك مۇنداق بىر ئېلانغا كۆزۈم چۈشتى: «ئاتاقلىق مودېرنىزمچى ناخشىچى. . .» مانا بىزدىكى بىلىمسىزلىك! مودېرنىزم زادى قانداق نېمە؟ «مودېرنىزم» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى نەدە؟ ۋادەرىغ! 90 - يىللارغا كەلگەندە بىزنىڭ سەنئىتىمىز تەرەققىي قىلىپ، تېخى ئاتالمىش «مودېرنىزمچى ئۇيغۇر ناخشىچى» لىرىمىزمۇ مەيدانغا كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟! ئۆزىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان ناخشىچىلىرىمىزنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى، يېقىندىن ئۈنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلدۇرغان بىر نەچچە ناخشىچىدىن ۋە ئۇلارنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەك بىر نەچچە ناخشىسىدىن ئۆزگە مۇتلەق كۆپچىلىكى ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ناخشا ئېيتالايدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى نەشر قىلىنغانلىقىدىن ماختىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

بىزدە ھازىر ئۈنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىپ تارقىتىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. نەشر قىلىنغان بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ سانىنى بەلكىم ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سۈپەتسىزلىكى، ناخشا تېكىستلىرىدىكى مۇجمەللىك، قالايمىقانلىق، ھەقىقىي ناخشا تېكىستىگە خاس تېكىستلەرنىڭ تولىمۇ ئاز بولۇشى، ئۇزۇن تارىخىي يىللاردىن بېرى ئېيتىلىپ، خەلققە ياد بولۇپ كەتكەن گۈزەل ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلدۇرغان ۋە ناخشا ئېيتقانلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلىپ، ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى، ھېچبىر مەنىسى، شېئىرىي تىل پۇرىقى يوق، لوگىكىغىمۇ چۈشمەيدىغان سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ ناخشا تېكىستى ئورنىغا دەسسىتىلگەنلىكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. شېئىر دېگەن نېمە، ناخشا تېكىستى دېگەن نېمە، بۇ ئاددىي ئۇقۇمنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن ساۋاتسىز، ئاتالمىش «ناخشىچى» لىرىمىز ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرمەي تۇرۇپ، ئۆزى خالىغان غەلىتە ئاھاڭلارغا توۋلاۋاتىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە، خەلق ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان مۇزىكىلار، ناخشىلار، ئۇسسۇللار، خەلق ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن ناخشىچى، مۇزىكانت، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە سىنئالغۇ فىلىملىرى نەشر قىلىنمايۋاتىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇلار دەل بىزنىڭ سەنئەت ساھەمىزدىكى شۆھرەتپەرەسلىك، بىلىمسىزلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە قۇرۇق دەبدەبىنى بىلدۈرىدۇ، خالاس.

دۇرۇس، دەۋر ئۆزگەردى، كىشىلىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدىمۇ زور يۈكسىلىش بولدى. زامانىۋى مەدەنىيەت ئېكى خەلقىمىز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىباھا جەۋھەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆچىيىشكە باشلىدى. بۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. لېكىن، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان رېئاللىق ئاخىر شۇنداق بولىدۇكى، چەكتىن ئاشقان بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى روھىيىتىمىزنى ھالاك قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

ئائىلىلەرگە قاراپ باقايلى، كەچلىرى چەت ئەللەرنىڭ بەزى تەرجىمە فىلىملىرى باشلانغان ھامان نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تېلېۋىزور بار ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ ياكى باشقا

قاناللارنى ئېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى كۆرۈشكە بىر تېلېۋىزور، باللارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن بىر تېلېۋىزور سېتىۋېلىپ كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

مەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا شۇنداق ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم: بەزى جايلاردا بىر نەچچە ئائىلە بىرلىشىپ پۇل يىغىش قىلىپ بىر تېلېۋىزور سېتىۋالىدىكەن، ئاندىن بۇ تېلېۋىزورنى يازلىقى ھويلا - قورۇسى، قىشلىقى قىشلىق ئۆيى چوڭراق بولغان بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە قويۇپ، ھەر ئاخشىمى بۇ بىر نەچچە ئائىلە بىرلىشىپ چوڭلار، كىچىكلەر، باللار بىرگە شۇ تېلېۋىزورنى كۆرۈشىدىكەن. يەنە بەزى جايلاردا تېلېۋىزور سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتكەن بايراق بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەن قولۇم - قوشنىلار كەچلىرى كىرىشىپ، شۇ بىر تېلېۋىزورنى ئورتاق كۆرىدىكەن. بۇ يەردە ئاتا - ئانىلارمۇ، ياشلارمۇ، ئوقۇغۇچى باللارمۇ ھەتتا مەكتەپكە كىرىش يېشىغا توشمىغان باللارمۇ بولىدىكەن. ھاللىق تۇرمۇش بۇياقتا تۇرسۇن تېخى قورسىقى تويغۇدەك تائامغا ئىگە بولالمىغان نۇرغۇن دېھقان - چارۋىچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى ئەنە شۇنداق فىلىم كۆرۈنۈشلىرىدىن، ئەنە شۇنداق تېتىقسىز ئۇسسۇللاردىن قاندۇرسۇنمۇ؟ بۇ بىچارە دېھقان - چارۋىچىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان، روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ خۇمارىنى يېشىدىغان ئويۇن - كونسېرتلارنى سوۋغا قىلماق يامان كېتەمدۇ؟

مەن «يەلى - يەلى» ئۇسسۇلىنى تېلېۋىزوردىن تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، شۇ قەدەر بەك ئازابلىنىپ كەتتىم. ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئۇسسۇللارنى ئاشكارا سورۇنلاردا ئويناپ چىقىشى كاللامدىن زادىلا ئۆتمىدى. چۈنكى، ئۈرۈمچىنىڭ ھەر خىل كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن بولغان بىر قىسىم يېرىم يالىڭاچ رەققاسلار قىزىتىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا رەققاسنىڭ كۆكسىگە پۇل قىستۇرۇپ قويۇش ئادەتكە ئايلىنىپ بولدى. بۇ پۈتۈنلەي پۇلنىڭ كۈچى، خالاس. ئۆز - ئۆزۈمنى يا مەن شۇ قەدەر مۇتەئەسسىپمۇ، دەپ ئەيىبلەپمۇ باقتىم، لېكىن بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پايتەختتىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئاز بولسىمۇ خەۋەردار بولغان مەندەك بىر ياشنىڭ كاللىسىدىن ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆتمىگىنىنى زادى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

بەلكىم، «يەلى - يەلى» ۋە «شادىمان قىزلار» ئۇسسۇلىنى ئاشكارا سورۇندا ئوينىغان ئۇسسۇلچىلار ۋە شۇ ئۇسسۇللارنى تېلېۋىزور ئېكرانىدا تاماشىبىنلارغا سوۋغا قىلىشنى ئويلىغان رېژىسسورلار بۇ ئۇسسۇللارغا باشقىچە نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلارنى ئەيىبلەپ كەتكىلى بولماس. بىراق، ئۇلار نۆۋەتتىكى بىزنىڭ ھەممە ئۇيغۇرلىرىمىز ئاشۇ خىلدىكى ئۇسسۇللارنى ئاشكارا سورۇنلاردا قوبۇل قىلالامدۇ - يوق، بۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرمىغان.

قەدىردان ئۇستاز: بىزدىكى ئېتىقادسىزلىق، بىلىمسىزلىك ۋە دورامچىلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى بولغان، ئايرىملىقنى تەشكىل قىلىدىغان ھازىرقى شالغۇت سەنئىتىمىز بىزنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئايرىملىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن، بۇ خىل ئايرىملىقنىڭ داۋاملىق ئەدەپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمىز. چۈنكى بىز ئۆز دەۋرىمىز بارلىققا كەلتۈرگەن ھەر قانداق سەنئەت مەھسۇلاتلىرىغا كېلەچەك ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىمىز، ئۇنىڭ باللارغا - كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرىگە بولغان سەلبىي تەسىرىنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

قەدىردان ئۇستاز: شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، خەلقىمىز بىر ئىزدا توختاپ قالسا بولمايدۇ. جاھان سەنئىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، ئۆرنەك ئېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىشى كېرەك. لېكىن، چەت ئەللەرنىڭ، باشقىلارنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى بىچارە ۋە بىلىمسىز ھالىتىمىزگە نىسبەتەن يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان سەنئەت شاكاللىرىنى سەنئەت مۇنبىرىمىزگە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارا - قويۇقلا سۆرەپ ئەكىرىشكە بولمايدۇ.

تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر ئىچىدە ھەر خىل ياش ۋە ھەر خىل بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە كىشىلەر بار، ئەلۋەتتە. «يەلى - يەلى» ۋە «شادىمان قىزلار» تۈركۈمىدىكى بىر قىسىم ئۇسسۇللار سەنئەت قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ تاماشىبىنلار ئۈچۈن پەقەت بىر سەنئەت مەھسۇلاتى، خالاس. لېكىن بىز پۈتكۈل مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاشۇ ئۇسسۇللارنى تېلېۋىزوردا پۈتكۈل شىنجاڭغا تارقىتىشنىڭ زادى قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئويلاپ كۆرسەك بولىدۇ.

سەنئەتكارلارغا نىسبەتەن ئاساسىي قاتلاملارغا، تۆۋەنگە چۈشۈش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بىراق ھازىر خىراجەتنىڭ كەملىكى قاتارلىق بىر قاتار ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ھاللاردا رېپېتىتسىيە زاللىرىدا، كۇلۇب - سەھنىلەردە ۋە تېلېۋىزورلاردا ماھارەت كۆرسىتىشكە ئىنتىلىۋاتىدۇ. ئۇلار شەھەرلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۈرۈمچىنىڭ رېستوران، تانسىخانا، كېچىلىك بەزمىخانا قاتارلىق يۇقىرى ئىستېماللىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا خۇدىنى يوقىتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاشۇ سورۇنلارغا كىرسە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. پۇلدار بايلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، «جاننىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈش» ئورنى بولغان بۇ سورۇنلارنى ئۆزلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى، دەپ بىلىدۇ. خەلقنىڭ نېمىنى ئويلايدىغىنى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ، تۆۋەن ئىش ھەققىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىشچىلارنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ، قورسىقى تېخى تويغۇدەك تائامغا، بەدىنى ئىللىغۇدەك كىيىمگە ئىگە بولالمىغان نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ نېمىنى ياقتۇرىدىغىنى، نېمىگە ئىنتىزار ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئازراق نام - ئاتاققا، شۆھرەتكە داخىل بولغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى جاھاندا بىر ساناپ، گېدىيىۋالىدۇ. ئۆزلىرىنى ئاشۇ خەلق ۋە ھۆكۈمەت تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ، ھۆرمىتىنى قىلىپ مۇنبەرگە ئېلىپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ. نېمە ئۈچۈن خەلق پاشا

ئىشان، راھىيە مۇھەممەت، ئابلىز شاكىر، خەلچەم سىدىق، مەريەم ناسىر، ئوسمان ئەمەت، رەيھان ئابلىز، كۇرەش رەجەپ، رىسالەت ھاپىز، پاتەم قۇربان، تۇرنىسا سالاھىددىن، ئايشەم قېيىيۇم، سالامەت مەخسۇت، دىلنار ئابدۇللا، سۇلايمان روزى، سودىيە مەخسۇت، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم. . . قاتارلىق بىر تۈركۈم سەرخىل سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا تەشنا، ئۇلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ ۋە كۆرىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئاتۇش ئۇسسۇلى، قەشقەر، ئىلى، كۇچا سەنەملىرى، تۇرپاننىڭ «نازىركوم» ئۇسسۇلىدەك ئېسىل ئۇسسۇللىرىمىز دەۋرلەردىن بېرى شۆھرىتى تۆۋەنلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ؟ ھەتتا چەت ئەللەردىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر ۋە ھەر ساھە زاتلار بىزنىڭ 12 مۇقامىمىز ۋە مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل - مۇزىكىلىرىمىزغا زوقلىنىپ، بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ؟

قەدىرلىك ئۇستاز: ئېسىڭىزدىدۇ، 1987 - يىلى بولسا كېرەك، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى چەت ئەلگە ئويۇن قويۇشقا مېڭىش ئالدىدا بېيجىڭ «مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى» دا «چەببىيات» مۇقامىنى ئورۇنداپ بەردى. مەكتەپتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار تەكلىپ بويىچە ئويۇن كۆرۈشكە باردۇق. شۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ: زالغا تاماشىبىنلار لىق تولغان بولۇپ، مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، بېيجىڭدە خىزمەت قىلىۋاتقان، تەتقىقات ۋە بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى، زىيالىيلىرى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىغا قىزىقىدىغان ۋە ئۇنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر ۋە چەت ئەللىكلەر زالغا يىغىلغانىدى. مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئىككى ياپونىيىلىك، سول يېنىمدا ساۋاقداشلىرىم بار ئىدى. ئۇسسۇل ۋە ناخشا - مۇزىكا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئورۇندالغان «چەببىيات» مۇقامى پۈتكۈل زالنى لەرزىگە سالدى. چاۋاكلار توختىماي ياڭراۋەردى. بىز خۇشاللىقىمىزدىن ھاياجىنىمىزنى باسالماي يىغلاپ كەتتۇق. ھېلىقى ئىككى ياپونىيىلىكمۇ خۇشاللىقىدىن يىغلىدى. مەن ئۆمرۈمدە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ يىغلىمىغانىدىم. بىراق ئاشۇ مەيداندا يىغلىدىم. ئويۇندىن تارقىغاندىن كېيىن بىلدىمكى، شۇ مەيداندىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ۋە ساۋاقداشلىرىمىز خۇشاللىنىپ ھاياجىنىنى باسالماي يىغلاپ كېتىپتۇ. بىز ئۆزىمىزدە ئەنە شۇنداق لاتاپەتلىك، لەرزان، سۆيۈملۈك ئۇسسۇللارنىڭ، ئەنە شۇنداق يېقىملىق، ئۆزگىچە، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ناخشا - مۇزىكا - مىللىي سەنئەت دۇردانىلىرىنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلىنىپ، شادلىنىپ يىغلىدۇق. «چەببىيات» مۇقامىنى ئورۇنداشتا ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ كىيگەن يارىشىملىق مىللىيچە ئۇسسۇل كىيىملىرى، ئۇلار ئوينىغان ئاجايىپ نەپىس ۋە لەرزان ئۇسسۇللار، سازەندىلىرىمىزنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان جەزبىدار مۇزىكىلىرى، ناخشىچىلىرىمىزنىڭ دىلنى مەپتۇن ئېلىگۈچى دىلبەر ناخشىلىرى ئادەمنى مەست قىلاتتى. مەن ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىز كۆرگەن شۇ ئاخشامقى مۇقام چەت ئەللەردىمۇ زور تەسىر قوزغاپتۇ. ئەمدى ھازىرچۇ؟

ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مىللىيەتلىكىگە دېگەندەك ئېتىبار بەرمەيۋاتىمىز. ھە دېسە چەت ئەللەرنىڭ سەنئىتىنى ئورۇنداشقا ۋە ئۇنىڭ شەكلىنى مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ شەكلىگە سىڭدۇرۇشكە ئورۇنۇۋاتىمىز. ياشلارنى، بالىلارنى مىللىي سەنئەت دۇردانىلىرىمىزنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۇنى بېيىتىشقا، كېڭەيتىشكە ئىلھاملاندۇرمايۋاتىمىز، يېتەكلىمەيۋاتىمىز. ھەتتا ئەڭ ئەقەللىسى، كۆپ قىسىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللىي ئۇسسۇل دەرسلىرىنى تەسىس قىلىشقا ۋە بۇ دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئۆتۈشكە سەل قاراۋاتىمىز. بەزى ياشلىرىمىز پەقەت دىسكو بىلەن تانسىنىلا بىلىدىغان، مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇللاردىن ساۋاتسىز قېلىۋاتقان ئەھۋاللارنى كۆرۈۋاتىمىز. نەتىجىدە، ھەر خىل توي، مۇراسىم، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ غەربچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان، مىللىي ئۇسسۇلنى بىر ياققا تاشلاپ قويىدىغان بىر خىل يامان ھادىسە باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ.

بىز راستىنلا ئۆزىمىزنى تونۇيالمايۋاتىمىز. ئەستايىدىل ئويلانمايۋاتىمىز. دەرۋەقە، بىزدىمۇ ھەر خىل ئۇسلۇب ۋە شەكىلدىكى ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ بولغىنى ياخشى. ئۇ بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بەدىئىي تەربىيىلىنىش ۋە زوقلىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى، نۆۋەتتە بىز - ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان «يەلى - يەلى» ۋە «شادىمان قىزلار» تۈركۈمىدىكى بىر بۆلۈك ئۇسسۇللارنىڭ تېلېۋىزورلاردا قايتا - قايتا كۆرسىتىلىشى، سانى بار، ساپاسى يوق نۇرغۇن ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ بەس - بەستە نەشر قىلىنىۋېرىشى، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ خەلقتىن بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت - نامرات ناھىيە، يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاۋام خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنگە، ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ ئويۇن قويغىلى بارمايۋاتقانلىقى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

قەدىردان ئۇستاز: مەن ئاددىي بىر تاماشىبىن سۈپىتىدە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتىم. بۇ قاراشلىرىمدا بىر تەرەپلىمىلىك بولسا تەنقىد بېرەرسىز. سىزنىڭچە، بىز ئۇلارغا - ئەنە شۇنداق ئۇسسۇللارنى ئاشكارا سورۇنلاردا ئويناپ چىققۇچىلارغا ۋە بىر قىسىم ئۇسسۇل رېژىسسورلىرىغا، چاپ - چاپ بىلەن سۈپىتى تۆۋەن ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇۋاتقان ناخشىچىلارغا ئۇلارنىڭ رېپېتىتسىيە زالى ۋە ئېسىل تىياتىرخانىلاردىن چىقىپ، ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر يېزىلىرىنى، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىپ بېقىش، ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىك تەرەپلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، تاماشىبىنلار بىلەن سىردىشىپ

كۆرۈش، رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستىدىكى مەستخۇشلۇقتىن، تانسىخانا، رېستورانلاردىن رېئاللىققا يۈزلىنىش تەكلىپىنى بەرسەك، مۇۋاپىق بولارمۇ، قانداق، جاۋابىڭىزغا ئىنتىزارمەن.

## بىزدە پۇل يوقمۇ ياكى...

بىز ئائىلىلەردە ياخشى كىتابلارنى ئېسىل تەۋەررۈك - بايلىق قاتارىدا يىغىپ ساقلاش ۋە توپلاشنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ئىلىم سۆيەر ھەر بىر ئائىلىدە بولۇشقا تېگىشلىك مەخسۇس ئائىلە كىتابخانىلىرى يوقلۇققا قاراپ يۈزلەندى. كىتابنى قىممەت باھالىق بۇيۇم قاتارىدا كۆرۈپ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە سوۋغا قىلىش ئازىيىپ كەتتى. بالىلارنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قۇتلۇق خاتىرە كۈنلىرىنى كىتاب بىلەن تەبرىكلەش ۋە بالىلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ياخشى كىتابلارنى ساقلاش، توپلاش ۋە كىتاب سوۋغا قىلىش ياسالمىلىقنىڭ ئالامىتى، دەپ قارالدى. بۇ، زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

بىز يېڭى توپلاشقان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئائىلىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلساق، كۆزىمىزگە تۇنجى بولۇپ چېلىقىدىغىنى قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆي تېمىغا رامكىلاپ ئېسىپ قويۇلغان رەڭلىك سۈرىتى، ئوتقاشتەك گىلەملەر، قىممەت باھالىق زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، قاچا - قۇچىلار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى... دىن ئىبارەت. بۇ، بۈگۈنكى زاماندىكى مۇتلەق كۆپ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئورتاق كۆرۈنۈش. ئائىلىلەردە ئۆيگە كىتاب تىزىش ناھايىتى ئاز ساندىكى ئىلىم ئەھلىلىرىمىز، ياشلىرىمىز ۋە زامان جەھەتتە بىزدىن ئايرىلغان چوڭلىرىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاندەك، بارا - بارا يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ، بۇنى ئويلاش ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ.

مەن كۆرگەن بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلاردا كىتابنى بايلىق ئورنىدا كۆرۈپ ساقلايدىغان، يىغىپ توپلايدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇلار پەرزەنتلىرىگە كىتابنى مىراس قىلىپ قالدۇرىدىكەن. بىر قىسىم كىتابلار نەچچە ئەۋلاد ئادەمنىڭ قولىدا ساقلىنىدىكەن. ئەينى زاماندىكى بىر قىسىم ئۆلىما - ئالىملارنىڭ تۇرالغۇسىدا مەخسۇس كىتاب ئۆيى - كىتابخانا سېلىنغان بولۇپ، ھەر خىل كىتاب، ھۆججەت، يازمىلارنى ساقلايدىكەن. ھازىرچۇ؟ ھازىر بىزدە كىتاب ساقلاش تۇرماق، قەدىمدىن تارتىپ كەسىپ بولۇپ كەلگەن كىتابپۇرۇشلۇق تىجارىتىمۇ يوقىلاي دەپ قالدى. ھۆكۈمەت كىتابخانىلىرىدىن باشقا، خۇسۇسىي كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوقالدى. بار دېيىلگەندە، ساناقلىقلا بىر نەچچە خۇسۇسىي كىتابخانىلاردىن باشقا ھەممىسى پەقەت دىنىي كىتابلار، قولىيازما، ناماز، مۇسۇلماندارچىلىق ئەدەب - ئەخلاق قائىدىلىرى يېزىلغان كىتابچىلارنى ساتىدىغان ئۇششاق كىتاب تىجارەتچىلىرى بار. قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ مېھرى كۆز ئالدىدىكى پۇلغا يۆتكەلگەن ئوخشايدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ تاكى پۈتتۈرگەنگە قەدەر مەكتەپ كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ باقمايدىغان، دەرسلىكتىن ئۆزگە بىرەر پارچە كىتابنى سېتىۋالمايدىغان، ھەتتا بىرەر پارچە كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقمايدىغان ستودېنتلىرىمىز قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياتاق تاملىرى، كارىۋات باشلىرى جاھاندىكى خىلمۇ خىل چولپانلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن «بېزەلگەن»، چامادانلىرى مودا كىيىملەر، گىرىم بۇيۇملىرى، رەڭدار ئاتكرىتكا، مۇھەببەت خەتلىرى بىلەن تولغان، بىلىيارت تاختىسى ئۇلارنىڭ «ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنى»غا ئايلىنىپ قالغان. مانا مۇشۇنداق ھالەتتە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ستودېنتلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، مانا مۇشۇنداق ھالەتتە جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياش خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ساپاسى قانچىلىك بولماقچىدى؟ يېقىندا، مەن بىر مويسىپىت كىشىدىن مۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلىدىم: «بىزنىڭ بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ ئەقلىنى ئىچىملىك، چېكىملىك نابۇت قىلىۋاتىدۇ، بىر قىسىملىرىنىڭ ئەقلىنى پۇل، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ ئەقلىنى ئويۇن». بۇ سۆزدە قانچىلىك مەنە بارلىقىنى ئويلاپ كۆرسەك بولىدۇ.

بىزنىڭ نۇرغۇن بالىلىرىمىز، يەنى بىزنىڭ ئەتىكى نۇرلۇق ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق بىلەن ئائىلە ئويۇنچۇقلىرىنىڭ مەستانىلىرىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تۈگىمەس توي - مەشرەپ، بەزمىلەردە كۈلۈپ، ئويناپ يۈرسە، بۇ سۆيۈملۈك يۇلتۇزلىرىمىزنىڭ قەلبىنى كىم نۇرلاندۇرىدۇ؟ كىتابتىن ئىبارەت بۇ بايلىقنىڭ كۈرسى ئاتا - ئانىلىرىمىز ئالدىدا چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بالىلىرىمىزنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىشى قانچىلىك بولماقچىدى؟

ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان ئائىلىدىكى مەرىپەت مۇھىتى بىزدە كۈنسايىن سۇسلىشىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قىستاڭچىلىقى سەۋەبىدىن ئائىلىلەردە مەخسۇس «ئائىلە كۈتۈپخانىسى» قۇرۇش ئىمكانىيىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئوقۇيدىغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ كۆپلۈكى، ئىش ھەققى ۋە تۇرمۇش خىراجىتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، خىزمەت ۋاقتى ۋە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ جىددىيلىكى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار ئائىلىلەردە كىتاب ئوقۇش، كىتاب ساقلاش ۋە كىتاب توپلاشقا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ دېسەكمۇ، لېكىن، بۇلار ئائىلىلەردە مەرىپەت مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە راستىنلا دەخلى قىلالارمۇ؟

ئەجەبا، نۇرغۇن ياشلىرىمىزنىڭ ھەشەمەتلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا كۈندە دېگۈدەك يەپ - ئىچىپ، ئويناشقا ۋاقتى، پۇلى بارىيۇ، كىتاب ئوقۇشقا ۋاقتى، ياخشى كىتابلارنى ئائىلە بايلىقى سۈپىتىدە سېتىۋېلىشقا پۇلى يوقمۇ؟! ئەجەبا، بالىلارغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەسمۇ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىدىنمۇ ياخشى رول ئوينايدىغان كىتابلاردىن سېتىۋېلىپ، بالىلارنى ئويۇنچۇقمۇ ئويناش، مۇھىمى كىتاب ئوقۇشقا جەلپ

قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەسمۇ؟ ئەجەبا، ھەشەمەتچىلىكنى قوغلىشىپ ئۆيلەرنى ئېسىل جابدۇقلار بىلەن تولدۇرۇشقا ئورۇن بارىيۇ، ياخشى كىتابلاردىن سېتىۋېلىپ، ساقلاشقا بىرەر كىتاب جازىسى ياسىتىشقا پۇل يوقمۇ؟ كىتاب جازىسى قويۇشقا ئەڭ تار ئۆينىڭمۇ بىرەر بۇرجىكى چىقماسمۇ؟

بىزنىڭ غەيۋەت - شىكايەت بىلەن ئۆتكۈزۋاتقان مەنىسىز كۈنلىرىمىزنى بېيىتىشنىڭ، قورۇق، ئاچ، كەمبەغەل روھىيىتىمىزنى ئاستا - ئاستا تولدۇرۇشنىڭ، قىتىغۇر، شۆھرەتپەرەس مىجەز - ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئامالى ۋە ئەڭ شىپالىق دورىسى كۆپرەك كىتاب ئوقۇش ۋە ئائىلىلەردە كىتاب ساقلاشمۇ - قانداق؟ ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى

# رېستوراندا تۇغۇلغان خىيال

**ئىبراھىم ئەھەت**

بەش يىلنىڭ ئالدىدا تۈزۈكرەك پاكىز ئاشخانىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ئۈرۈمچىدە يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بېرى «رېستوران» نامىدا ئاتىلىۋاتقان زامانىۋى ئاشخانىلار خېلى غولداپ، ھەر خىل توي - تۆكۈن، مۇراسىم، ئولتۇرۇش دېگەندەكلەر ئۆي ۋە زاللاردىن كۆچۈپ، بۇ يەرلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمەك مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغۇ ئوبدان ئەھۋال. بۇرۇن ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ۋە تاماقلىرى تىلغا ئېلىنسا، بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ تۈر ھەم سۈپەت جەھەتتە ھەر قانداق مىللەتتىن قېلىشمايدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ھالدا دۆڭكۆۋرۈكتىكى گەمە ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ يېيىلىدىغان لەڭمەن بىلەن «ئىتتىپاق» كىنو - تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپنى ئەسكە ئېلىپ، «بۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى مۇشۇنچىلىك» دەپ قارايتتى. ھازىر يېمەك - ئىچمەك، ئويۇن - تاماشا بىر گەۋدە قىلىنغان زامانىۋى سورۇنلار بارلىققا كېلىپ، بىزمۇ بۇرۇنقىدەك بويۇن قىسىپ قالمايدىغان بولدۇق.

بىر نەچچە دوستۇمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مانمۇ مۇنداق سورۇنلارغا بىر نەچچە قېتىم بېرىشقا توغرا كەلدى. سورۇندارچىلىق جەريانىدىكى: ئەرلەر ئاياللىرىنى ئالداپ سۆيدۈك پۇراپ يۈرگەن، ئاياللىرى ئەرلىرىدىن يوشۇرۇن يەنە قايسىدۇر بىر سورۇندا پىرقىراۋاتقان، تۈرلۈك بۇزۇقچىلىق، ئەپسانە چاقچاق، غەيۋەت - شىكايەت، قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان رومكا سوقۇشتۇرۇشلار، قەلبىنى چۈشەندۈرۈشلەر، ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىقلارغا چىداپ تۇرالمىدىم. بۇنداق دېسەم بەزىلەر: «تازا بىر ئاداشكەن، ئەمدى چىشلەپ تارتىمىغان رېستورانلىرىمىز قاپتۇمۇ؟ يېسەك ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا يېدۇق، پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ يە، باشقىلارمۇ يەۋاتامدۇ» دېيىشى تۇرغانلا گەپ. توغرا، باشقىلار بۇنداق سورۇنلاردا مەلۇم بىر ئەھمىيەتلىك ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ ياكى بىرەر سودا ئۈستىدە كېلىشىدۇ. ئۆزىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇنداق ئىش ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇل ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق. ئەمما بىزنىڭ ئۆلپەتداش ئاغىنىلەر يەپ - ئىچىش ئارقىلىق نېمىنى ھەل قىلدى؟ مېنىڭچە، بىزنىڭ بۇ ئاغىنىلەر ھاجەتخانىنى تولدۇرۇشتىن باشقا، ئەمەلىي ھەل قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق. بىر ھېسابتا بۇنىمۇ بولغىنى. بىزدە «ئورۇق ئۆينىڭ پوقى يوغان» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان ئادەم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىدۇ. ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىدە بىردىن ئېشەك - ھارۋا بار. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەۋەرۈكىنىڭ تارىخىنى ئاتا - بوۋىمىز ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىشكە باشلىغان دەۋرلەرگىچە باغلاش مۇمكىن. دېمەك ئېشەك بىلەن ھارۋا نەچچە مىڭ يىلغىچە بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان خانلىق - سۇلالىلەر ئالماشتى؛ تېرىسىگە سىغماي كەتكەن ئىمپېراتورلارنى يەر يۇتتى. تاغ ئورنىدا ئوكيان، بوستانلىقلار ئورنىدا قۇملۇقلار پەيدا بولدى. دېمەك، ھەممە نەرسىدە ئۆزگىرىش بولدىيۇ، بۇ ئېشەك بىلەن ھارۋىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەگەر ئۆزگىرىش بولدى دېيىلسە، ئېشەك نەچچە مىڭ قېتىم يەڭگۈشلەنگەندۇ! مۇشۇنىڭغا قاراپ، بىز ئۇيغۇرلار قولىمىز قىسقا، نامرات ئىكەنمىز، باشقىلاردەك ئىقتىسادىي قۇدرىتىمىز يوق ئىكەن، دەپ قارايتتىم. 80 پىرسەنت ئاھالىسى فېئودال دېھقان بولغان بىر مىللەتتە بۇ قارىشىم ئانچە خاتا ئەمەس ئىدى. كېيىنچە ھەشەمەتلىك رېستورانلارغا تولا بېرىپ، بۇ يەردىكى مەردلىك، سېخىيلىقلارنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئادەملەرمۇ بايكەن، پۇلى بار ئىكەن، مەن ئويلىغاندەك ئانچە نامرات ئەمەسكەن، دېگەن قاراشقا كېلىپ قالدىم. بەلكىم بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ نۇرغۇن يوشۇرۇن بايلار باردۇ.

پۇل تېپىش - ياخشى ئىش. پۇلغا يۈز - ئابروي، ھوقۇق، راھەت - پاراغەت سېتىۋالغىلى بولىدۇ. پۇلغا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەركىنلىكمۇ سېتىۋېلىش مۇمكىن. ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىرلەشكەن پۇل ئۆز نۆۋىتىدە قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. ئامېرىكا ئارمىيىسى غالىبە قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىدە ياپونىيە زېمىنىدا تىنچلىق ساقلاشقا مەسئۇل بولدى. ئارمىيىدىن مەھرۇم بولۇش ماھىيەتتە ياپونىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ مەڭگۈ ياپونىيىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

سىياسىي ئورنى بولمىغان مىللەتنىڭ باشقىلارنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىشى ئەقەللىي ساۋات. ئەمما ياپونىيىلىكلەر 50 يىللىق تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ئىقتىسادىي قۇدرەت ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىكى جاراھەتكە تەسەللى بەردى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئۇرۇش يىللىرىدىكى ھەيۋىسى (ھەربىي، سىياسىي جەھەتتىكى) دىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا ئارمىيىسى: «بىز ياپونىيىنى بېسىپ ياتتۇق» دەپ پو ئاتقىنى بىلەن، ياپونىيە ئىقتىسادى ئامېرىكىنىڭ ھەر بىر پۇقراسىنىڭ كانىيىدىن بوغماقتا. ئەمەلىيەتتە ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بەرگەن زەربىسى ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قالدۇرغان جاراھەت، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە بەرگەن ھەربىي زەربىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. مانا بۇ، ھەقىقىي سىياسىي مەنادىكى پۇلدۇر.

بىز پۇل تاپتۇق. ئەمما تاپقان پۇل ئۆز ئورنىنى ھاجەتخانىدا كۆردى. شۇڭا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى پۇل پەسكەش، مەينەت، رەزىل بىر نەرسىگە ئايلاندى. پۇلغا ھاراق ئالدۇق، ھاراق جىگەرنى زەئىپلەشتۈردى. جىگەر باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا غۇرۇر دېمەكلىك ئىدى. جىگىرى زەئىپ ئادەمنى يەنە چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ.

بىز پۇل تاپتۇق. پۇل تاپقاندا ئەقلىمىزنى ئىت يەپ كەتتى. ئالدىنقى يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاپەت بولدى. بىز قېرىنداشلىرىمىزغا ئىچىمىز ئاغرىپ، قاراپ تۇرغىمىز كەلمەي ئەسكى چاپان، ياماق ئىشتان، يىتىلىق يوتقانلارنى ئىئانە قىلىپ، ئۇلارغا بەخت تىلىدۇق. ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى يەتكۈزمەكچى بولدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ھەم خەلقىمىزنى پەسلەشتۈرگەنلىك ئىدى. كونا كىيىم دېگەننى كىمگە بېرىمىز؟ ئۇ ئەسلى قەلەندەرگە خاس ئىدى.

ھەر قېتىم رېستورانغا بارسام چوكا تەگمەي يىغىۋېتىلىدىغان تاماقلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. يېزىمىزدىكى نامرات باللار، قىشتا يېلىڭ كىيىم بىلەن كۆكىرىپ كەتكەن مەسۇملەر، قاقتەك گۆشنى تىل تېتىقى ئورنىدا قىيما قىلىپ ئاش ئەتكەن قازانغا بويىنىنى سوزۇپ قاراۋاتقان بۇدرۇق باللار، يوقسۇزلۇق دەردىدىن ئاچچىق موخوركىنى كۆچەپ تارتىپ، قىشنىڭ ئاپتىپىدا ئەسكى تام تۈۋىگە مۆكچەيگەن سانسىزلىغان ئاتىلار يادىمغا كېلىدۇ؛ ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بالدۇر قېرىپ كەتكەن، ئوچاق تۈۋىدە جىگدىنىڭ ھۆل ئوتۇنىنى پۈۋلەپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىۋاتقان ئانىلار يادىمغا كېلىدۇ. بۇلار ئەسلى بايلىق ياراتقۇچىلار ئىدى، ئەمما «كەتمەن چاپقان جىگدە يەپ، ئۇگدا ياتقان گىردە يېمەكتە».

بىز بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بايلارنىڭ پۇلىنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز. بىزنىڭ خەلقىمىز سەدىقىگە موھتاج ئەمەس. ئەمما بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ ھەر بىر ۋاق تاماقنى ئەھمىيىتى - مەنىسى بىلەن يېيىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. «يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا ياشاش ھايۋانلارنىڭ ئارزۇسى» ئەمەسمۇ.

* * *

«يەپ - ئىچىش مەدەنىيىتى» ياش قىز - چوكانلار ئارىسىدا مودىغا ئايلانغان ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئۇ بىزدىن يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسىنى تەلەپ قىلماقتا. چۆنتەكتىكى پۇل بىلەن ھېسابلاشماي، «ئېشەك - ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك ھېچكىم ھېچكىمدىن كېيىن قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، ھەر خىل چايلارنى ئىجاد قىلدى. ئاللىقانداق «قىز چېيى»، «ساۋاقداشلار چېيى»، «قاتار چاي»، «ھامىلدارلىق چېيى»، «ئۇرۇغ-تۇغقانلار چېيى»، «يۇرتداشلار چېيى»، «دەنيۇەن (كۋارتال) چېيى»، «ئەمەل چېيى»، «ئۇنۋان چېيى»، «تۇغۇلغان كۈن چېيى»، «ئاياللار ئولتۇرۇشى» ... دېگەنلەر بەك ئەدەپ كەتتى. «پالانى ‹ئاققۇ رېستورانى›، دا تۇغۇلغان كۈننى قىپتۇ» دېسە، «بىز ئۇ مايمۇنەكتىن قالاتتۇقمۇ؟ بىز ‹ئاقساراي رېستورانى›، دا قىز چېيى قىلىمىز» دەپ داۋراڭ سېلىشلار دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، نورغۇنلار ئابروي تالىشىپ رېستورانغا بېرىش رېكورتى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بۇ خىل رېكورت ھەۋىسىدە بىر قىسىم قىز - چوكانلار بىرەرسى رېستورانغا باشلايمەن، دېسە مىللەت - ئىرق ئايرىماي، رېستورانغا بارغانغا خوش بولۇپ، سوكۇلداشنى ئۆگەندى. بۇ سوكۇلداشلار نورغۇنلىغان ھاقارەتلىك سۆز - چۆچەكلەرگە سەۋەب بولماقتا.

x x مېھمانخانىسىدا ئامانلىق خىزمىتى ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باردىم. 2 - قەۋەتتىكى دىسكو زالىدا بىر قانچە ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىدە بىر خىل ھاياسىزلىق، غىلجىڭلىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە بىر قانچە چەت ئەللىك بولۇپ، بۇ قىزلار ھەدەپ ئۇلارغا چاپلىشىۋېلىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. قارىغاندا، ئاز - تولا ئۆز «كەسپى» گە دائىر ئېنگلىز تىلى بىلسە كېرەك. *Im uyghur* (مەن ئۇيغۇر دېمەكچى) دەپ بىر نېمىلەرنى دېدى. شۇ گەپنى ئاڭلىدىمۇ، ئەرۋاھىم ئۇچۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. دوستۇم بىر خىل چۈشىنىكسىز ئىپادە بىلەن ماڭا قاراپ:

— نېمە كارىڭ، يا ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭ بولمىسا، بۇ يەردە بۇنداق ئىشلار دېگەن جىق. x x دىن كەلگەن نورغۇن سودىگەرلەر بار، ئۇيغۇر بالىلىرىغا پۇل بېرىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ ئوينايدۇ. بۇ قىزلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر ئوبدان خىزمىتى، ئائىلىسى بار. بىزمۇ دەسلەپ ئاچچىقىمىز كەلگەن، كېيىن كۆنۈپ قالدۇق، — دېدى ئويلىماستىن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: مېنىڭ ئۇ قىزغا ئەمەس، دوستۇمنىڭ گېپىگە ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ ئېشەك بىلەن ئوينامدۇ، ئىت بىلەنمۇ، بۇ ماڭا بەربىر، ئەمما ئوينىسىمۇ «بىزنىڭ ئاياللار مۇشۇنداق مەرد، كىم پۇل بەرسە ياق دېمەيمىز» دېگەندەك داۋراڭ سالماي «مەن ئۇيغۇر» دېمەي بىر ئىش قىلسا بولماسمىدى دەيمەن. دوستۇمنىڭ: «بىز كۆنۈپ قالدۇق» دېگىنىمۇ توغرا. جەمئىيەت خۇددى قۇم

قەفەزگە ئوخشاش بىزنىڭ غورۇر - مۇدۇرىمىزنى تۈزلەپ، بىزنى بورۇن كۆنمىگەن نورغۇنلىغان ئىشلارغا كۆندۈرمەكتە. بۇ خىل كۆنۈش بارا - بارا ئادەتكە ئايلىنىپ، بىزنى نورغۇنلىغان گۈزەل ئەرسىلەردىن، مۇھىمى غورۇرىمىزدىن مەھرۇم قىلماقتا. ئات - كالا، ئېشەكلەرمۇ بورۇن ياۋايى ھايۋانلار ئىدى، چەكسىز باياۋاندا قىنىغا پاتماي چېپىپ يۈرەتتى، كېيىن ئادەملەر ئۇلارنىڭ بېشىنى نوختىلاپ، بورنىنى تېشىپ قولغا ئۆگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياۋايىلار بارا - بارا يۇۋاشلاپ، ئۆي ھايۋانلىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىچارىلەر يۈك ئېغىر كېلىپ تارتالمىغاندا پۇشۇلداپ قويىدۇ، بەلكىم بورۇنقى گۈزەل ئەسلىمىلەر يادىدىن كەچكەندۇ. ئەمما ئۇ، قولغا ئۆگىنىلگەنىكەن، ئۇنىڭغا بۇ يۈكنى تارتماي ئامال يوق!

ئاياللار - ئەسلى ئەڭ ئۇلۇغ ئىدى. ئۇ بالا تۇغالىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئانا بولالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىدى. ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ئويغاتقان. ئانا - ئۇ بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بۇلاق. ئانا - ئۇ قەھرىمان تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ، جەڭچى يارىتىدىغان قوماندان... ئىدى.

ئاياللار شۇڭا ئۇلۇغ ئىدى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ پاك - غۇبارسىز قەلبىگە چاڭ قوندى. ئاياللىرىمىزدىكى ئېسىل ئىرقتىكىلەرگە خاس سالاپەت، تەن قۇرۇلۇش بۈگۈنكى كۈندە ئادىمىي ھايۋانلارنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرغان ئويۇنچۇققا ئايلاندى.

پاك بولمىغان ۋۇجۇتتىن تۆرەلگەن روھ، ئەلۋەتتە پاك بولمايدۇ. بۇ خىل پاسكىنا تەن تۇغقان پاسكىنا، ئارىلاشما تەركىبلەرگە باي، كەلگۈسىنى ياراتقۇچى بولغان مەسۇمە ئۇيغۇر سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەپ ئاۋارە. ئانىنىڭ ياشلىقىغا ئېلىپ قىلغان شوخلۇقى بالىغا مەڭگۈلۈك ھاقارەت تامغىسىنى باسىدۇ. روھى باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان بۇ بالىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر خورلىنىش دەۋرى باشلىنىدۇ.

1995 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ خادىمى

# نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈش

## - ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەھۋانىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى تۇنجى قېتىملىق تۇيۇقسىز تەكشۈرۈشتىن خاتىرە

قەدىردان قەييۇم

كەچ، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت ئوندىن ئاشقان چاغ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «ئايال پادىشاھ» بەزمىخانىسى ئالاھىدە جانلىنىپ، سىرلىق تۈسكە كىرگەنىدى. غۇۋا چىراغ نۇرى ئىچىدە «يالىڭاچ ئۇسسۇل» ئويناۋاتقان قىزلار، ئەتىر ۋە ھاراقنىڭ ھىدلىرى، تۇمان پۈركۈگۈچتىن چىقىۋاتقان ئاق تۇمانغا قوشۇلۇپ كەتكەن تاماكا ئىسلىرى، ياڭراتقۇلاردىن تارىلىۋاتقان ئەسەبىي ناخشا - مۇزىكىلار، ۋارقىراش - جارقىراش، ئىسقىرتىشلار، بۇلۇڭ - بۇلۇڭلاردىن چىقىۋاتقان پۇشتەك ئاۋازلىرى... رىياسەتچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان شەھۋانىي سۆزلەر، قىلىنىۋاتقان بەدقىلىق ھەرىكەتلەر... زال ئىچىنى ئاجايىپ بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

- ھازىر شېنجېندىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باۋلىڭيۈەن خېنىم سىلەرگە ماھارەت كۆرسىتىدۇ، - سائەت ئوندىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە رىياسەتچى يېڭى نومۇرنى ئېلان قىلدى.

چېچىنى سېرىق رەڭدە بويىۋالغان، 23 - 24 ياشلار چامىسىدىكى يېرىم يالىڭاچ بىر قىز مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

- تاماشىبىنلار ياخشىمۇ سىلەر، سىلەرگە قايسى خىلدىكى ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي، قىزىل ناخشا ئېيتىپ بېرەيمۇ ياكى يېشىل ناخشىمۇ؟ سېرىق ناخشا بولسا قانداق؟

- سېرىق... سېرىق ناخشا!... - تۆشمۇ تۆشتىن قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى.

باۋخېنىم ناخشىسىنى باشلىدى. ۋارقىراش، ئىسقىرتىش، پۇشتەك ئاۋازلىرى پۈتۈن زالنى بىر ئالدى. ئۇ، ئادەمنىڭ ئەسەبىيلىرىنى غىدىقلايدىغان ناخشا تېكىستى ۋە بەدقىلىقلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنى بىردەمدىلا ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇ، ناخشا ئېيتىۋېتىپ كرىسلودا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

- مۇشۇ سورۇندا ئايالىڭىز بارمۇ؟

- يوق، - ئەر جاۋاب بەردى.

- مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

- ياخشى كۆرىمەن.

- قەيىرىمنى ياخشى كۆرىسىز؟ بەدىنىمنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىمۇ، ئاستىنقى قىسمىنىمۇ؟ - باۋ خېنىم غىلجىڭلاپ تۇرۇپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى. ئەر جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. باۋ جېنىم ئۇنىڭ پۈتىنى كرىسلونىڭ يان يۆلەنچۈكىگە ئېلىپ، يوتىسىنى ئەرگە كۆرسەتتى.

- بۇ يەرگە سۆيۈپ قويسىڭىز قانداق؟

قىزىرىپ كەتكەن ئەر خىجىلچىلىقتا بېشىنى بۇرىۋالدى.

- مۇشۇنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟... ئۇنىڭ لىنگتاسىملىقىدىن خوتۇنى يامانلاپ كەتكەن گەپ، - باۋ

خېنىم ئەرگە ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ ئالىيىپ قويدى.

— ھە. . . ماۋۇ ئاكام ھەقىقەي ئەركەكتەك تۇرىدۇ، — بۇ قېتىم باۋ خېنىمنىڭ كۆزى بۆلۈك تەرەپتە ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق بىر ئەرگە چۈشكەنىدى.

— سىز ئېيتىپ بېقىڭ، بەدىنىمنىڭ قايسى قىسمىنى ياخشى كۆرىسىز؟ . . . كۆكسۈم قانداقراقكەن؟ مېنى قۇچاقلاشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟ . . .

ۋارقىراش - جارقىراش، ئىسقىرتىش، زالنىڭ ھەر قايسى بۆلۈكلىرىگە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇلازىم خېنىملار چېلىۋاتقان پوشتەكلەرنىڭ ئاۋازلىرى، قالايمىقان ئۆرۈلۈۋاتقان چاۋاكلار. . . سورۇننىڭ «كەيپىياتى» نى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى.

— بۇ كىشى كومپارتىيە ئەزاسى ئوخشايدۇ؟ — بۇ ئەردىنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك «جاۋاب» قا ئېرىشەلمىگەن باۋ خېنىم مىكروفوندا شۇنداق دېگىنىچە زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قايتىپ كەلدى.

— قېنى قايسىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئەركەك ھېسابلايسىلەر؟ كىم چىقىپ مېنىڭ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋېتەلەيدۇ؟ . . . مېنىڭ يالىڭاچ بەدىنىمنى كۆرۈشنى خالايدىغانلار يوقمۇ؟ . . .

— باۋ خېنىم مىكروفوندا توختىماي سۆزلىمەكتە، بەدەنلىرىنىڭ ئۇيەر، بۇ يەرلىرىنى ئېچىپ تاماشىبىنلارغا كۆرسەتمەكتە. . . نەق مەيداندىكى 300 دىن ئارتۇق تاماشىبىننىڭ بەزىلىرى باۋ خېنىمنىڭ شەھۋانىي سۆزلىرى ۋە بەدقىلىقلىرىنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىماقتا، بەزىلىرى ئىسقىرتماقتا، ۋارقىراشماقتا، بەزىلىرى پەمەنت قىلماي ئولتۇرماقتا، يەنە بەزىلىرى تەتۈر قارىۋالماقتا، پوشتەكلەر چېلىنماقتا. . . ئەمما، بۇ سورۇندىكىلەر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن باشچىلىقىدىكى مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى مەدەنىيەت، قوغداش باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرىدىن تەشكىللەنگەن «كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى سېرىق، شەھۋانىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش بويىچە سەككىز كىشىلىك گۇرۇپپا» نىڭ مۇشۇ مەيداندا بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

* * *

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچ، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت دەل توققۇز بولغاندا بىز - ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن، مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ تۆت نەپەر خادىمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىن كەلگەن ئىككى خادىم ۋە مەن پىلان بويىچە ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتۇق. مۇھەممەت زۇنۇن قىسقىچە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق.

— بۈگۈنكى تەكشۈرۈشىمىزنىڭ مەقسىتى، — دەپ سۆز باشلىدى يېنىمدا ئولتۇرغان مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زۇنۇن باقى ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن، — تانسىخانا، بەزمىخانا، رېستورانلاردىكى سېرىق، شەھۋانىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، بۇ ئورۇنلاردا ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئۆتىمەي ماھارەت كۆرسىتىۋاتقانلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى پائالىيەتلەرنى «مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تەرتىپكە سېلىپ، شەھۋانىي، پەسكەش، چاكىنا مۇلازىملىق پائالىيەتلىرىنى چەكلەشتىن ئىبارەت.

— يېقىندا «غەربىي ئاسىيا» بەزمىخانىسىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردۇق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ بىر دەم تورۇۋالغاندىن كېيىن، — ئۆتكەن يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «شىبنلۇك» چاقىرغۇ ئىستانسىسى تورىغا كىرگەن يېزىقلىق چاقىرغۇلاردا «غەربىي ئاسىيا، بەزمىخانىسىدا سىنگاپوردىن كەلگەن ناخشا چولپىنى ماھارەت كۆرسىتىدۇ» دەپ ئېلان بېرىلىپتۇ. چەت ئەلدىن كەلگەن ھەر قانداق شەخس ۋە ئۆمەك ئويۇن قويۇشتىن بۇرۇن مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىمىزغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك ئىدى، بىز ئىنكاسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن بىر ئاز گۇمانلىنىپ، شۇ كۈنى كەچتە «بوغدا مېھمانخانىسى» نىڭ «غەربىي ئاسىيا» بەزمىخانىسىغا باردۇق. ئېنىقلاپ كۆرسەك، ئاتالمىش «سىنگاپوردىن كەلگەن ناخشا چولپىنى» چەت ئەللىك بولماستىن، بەلكى سىچۈەندىن كەلگەن تاۋلى ئىسىملىك ناخشىچى ئايال ئىكەن. . .

— يېتىپ كەلدۇق، — شوپۇرنىڭ ئاۋازى پارىڭىمىزنى بۆلۈۋەتتى. ماشىنا غەربىي قورۇلۇش كوچىسىدىكى رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان «شىنلەي» تانسىخانىسى ئالدىدا توختىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ پەلەمپەي بويلاپ يەر ئاستى زالىغا كىردۇق. پەلەمپەيدىن چۈشكەندىكى زال دەم ئېلىش زالى بولۇپ، شەرق تەرەپتە تانسا زالى، غەرب تەرەپتە كارا OK زالى بار ئىكەن. دەم ئېلىش زالىدا 20 دىن ئارتۇق «ھەمراھ بولغۇچى خېنىم» زالغا كىرىپ - چىقىۋاتقانلارغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. بىز تانسا زالىغا كىرىپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى خاسخانىغا ئورۇنلاشتۇق. تۆۋەندە بىر ئەر ناخشىچى گۈزەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، 30، 40 چە ئەر - ئايال تانسا ئويناۋاتاتتى. بىز ئالاھەزەل يېرىم سائەت كۆزەتكەن بولساقمۇ، بۇ يەردە غەيرىي ئەھۋال سەزمىدۇق، «ھەمراھ بولغۇچى خېنىم» لارمۇ ھەمراھ بولۇشنى تەلەپ قىلىپ خاسخانىغا كىرمىدى. بىز بۇ تانسىخانىدىكى ھەممە پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئايرىلىپ، باشقا گۇمانلىق تانسىخانىلارنى تەكشۈرۈش قارارىغا كەلدۇق. «شىنلەي» تانسىخانىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا مەن تانسىخانىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى دېي دېرىكتورىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تانسىخانىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بىز دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، نورمال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدۇق. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تانسىخانىغا كىرىشىنى چەكلىدۇق. بىزدە «ئۈچتە ھەمراھ بولغۇچى خېنىم» لار يوق. . .

— يوق دېمەمسىزغۇ؟ دەم ئېلىش زالىدا ئولتۇرغان قىزلارنىڭ بىر قاراشتىلا «ھەمراھ بولغۇچى خېنىم» ئىكەنلىكى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟ — دېۋىدىم، دەي دىرېكتور:

— ئۇلارنى بىز تەكلىپ قىلمىغان، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا تانسىخانىغا پۇل تۆلەپ كىرىدۇ. پۇل تۆلەپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار تانسىخانىدا ئولتۇرامدۇ ياكى دەم ئېلىش زالىدا ئولتۇرامدۇ، بۇنىڭغا بىز چەك قويالمايمىز. ئەمما، بىز بۇ خېنىملارنىڭ خاسخانىلارغا كىرىپ ھەمراھ ئىزدىشىنى چەكلەيمىز، — دېدى.

مەن دەي دىرېكتور بىلەن خوشلىشىپ، ماشىنىغا چىقتىم.

— «ئايال پادىشاھ» بەزمىخانىسىغا بارايلى، — مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خادىمى دولقۇن شوپۇرنىڭ «قەيەرگە بارىمىز» دېگەن كۆز ئىشارىتىگە جاۋاب قايتۇردى. ماشىنا قوزغالدى. دولقۇن ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئىنكاسقا ئاساسەن «ئايال پادىشاھ» بەزمىخانىسىغا يېرىپ، بەزىبىر شەھۋانىي ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن.

— تۈنۈگۈن سائەت ئوندىن ئاشقاندا، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — مەن «ئايال پادىشاھ» بەزمىخانىسىغا كىرسەم بىر سېرىق چاچلىق قىز ناخشا ئېيتىۋاتقانىكەن، ئۇ ناخشا ئارىلىقىدا «كىم چىقىپ مېنىڭ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋېتەلەيدۇ» دېگەن سۆزنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. بىر چاغدا غەرق مەس ئىككى ئەر چىقىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سالدۇرۇۋەتتى، سېرىق چاچلىق قىز بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئاندىن تۇغما ھالەتتە ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

بىز غەربىي ساي يولىدىكى «ئايال پادىشاھ» بەزمىخانىسىغا كىرىدىغان چاغدا ئامانلىق قوغداش خادىمى دولقۇن كۆتۈرۈۋالغان سومكىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سومكىدا ئەمەلىي ئەھۋالنى سۈرەتكە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان تېلېكامېرا بار ئىدى.

— تېلېكامېرانى نېمە قىلىسىلەر؟

— بۈگۈن دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، — دېدى دولقۇن مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — شۇڭا سۈرەتكە ئالايلى، دەپ ئېلىۋالغان.

دولقۇن يالغانچىلىقنى خېلى قاملاشتۇردى. بىز بەزمىخانىغا كىرىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى خاسخانىغا ئورۇنلاشتۇق.

— ھازىر شېنجېندىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باۋلىڭيۈەن خېنىم سىلەرگە ماھارەت كۆرسىتىدۇ، — رىياسەتچى يېڭى نومۇرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ھەممىمىز تۆۋەنگە قارىدۇق. چېچىنى سېرىق رەڭدە بوياۋالغان 23 ـ 24 ياشلار چامىسىدىكى يېرىم يالىڭاچ بىر قىز مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى...

* * *

بىز دەم ئېلىش زالىغا چىققاندا مۇھەممەت زۇنۇن ئامانلىق ساقلاش خادىمىغا دەپ بەزمىخانىنىڭ دېرېكتورىنى چاقىرتىپ كەلدى. يۈەن فامىلىلىك بۇ دىرېكتور بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، «ھازىر ھەممە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى مۇشۇنداق» دەپ «گۇناھى»نى تەن ئالمىدى. شۇ يەردىلا «ئايال پادىشاھ» بەزمىخانىسىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، دىرېكتورغا تىجارىتىنى توختىتىپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈش بۇيرۇلدى. كەينىدىنلا باۋلىڭيۈەن خېنىم چاقىرىپ كېلىندى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولالمىغان باۋ خېنىم ئالدىمىزغا لىپىلداپ ۋە كۈلۈمسىرەپ كەلگەنىدى، ئۇ، سالاھىيىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن بىر ئاز جىددىيلەشكەندەك بولدى ـ دە، «تېلېفون بېرىپ كېلەي» دەپ چىقىپ كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن كىيىملىرىنى كىيىپ كەلدى.

مەن مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى مەدەنىيەت، قوغداش باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى باۋ خېنىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مۇزاكىرىلىشىۋاتقاندا باۋخېنىمنى زىيارەت قىلدىم.


— سىز ئاممىۋى سورۇنلاردا شەھۋانىي ماھارەت كۆرسىتىشتىن خىجىللىق ھېس قىلمامسىز؟ — سورىدىم مەن.

— ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تانسىخانىلاردا داۋاملىق مۇشۇنداق ماھارەت كۆرسىتىمەن، — باۋ خېنىم قىلچە تەپتارتماستىن شۇنداق جاۋاب بەردى. ئۇ ئەسلى خېفېي شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى بولۇپ، شەھەر ئاتلاپ ھەر قايسى تانسىخانىلاردا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا ئۈچ يىل بولۇپتۇ.

باۋ خېنىمنىڭ ئويۇن قويۇش سالاھىيەتنامىسى ۋە ئويۇن قويۇش گۇۋاھنامىسى مۇسادىرە قىلىندى. ئۇنىڭغا 3000 يۈەن جەرىمانە قويۇلۇپ، بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈش بۇيرۇلغاندا ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. باۋ خېنىمنىڭ بايىقى «كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى» دىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. (M1)

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى

بۇ سان 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشرگە يوللاندى، 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M3)


قىز
نازۇك جىلۋە چاچقان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز،
كىرپىكىنى ئوق ئېتىپ،
قىيا كۆزدە باققان قىز،
ئۇقتۇرماستىن سىرىنى،
تاشلاپ كۆزنىڭ قىرىنى،
ئۇيالدۇرۇپ سەرۋىنى،



ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر (سولدا) بىلەن مەشھۇر ئالىم، ئەدىب ئەھمەد زىيائى (1989ـ 1913)
«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمى يەشمىسىنى ئىشلىمەكتە


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1996 ـ يىل 1ـ، 2ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮编：830002　电话：2823622
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى 2823622
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1073／I
本刊代号：58—22　定价：6元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65 —1073 / I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6 يۈەن



ئىپارخان (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان